نىزامۇل مۇلك

تۈرك سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى يازغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر
پارس، ئەرەب، تۈرك، ئىنگلىز، فرانسۇز، رۇس، ئۆزبېك ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغان

# مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى

## (سىياسەتنامە)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتابتا:

قەدىمكى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، كەچۈرمىشلىرى، ئادەم تاللاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ھەمدە مەشھۇر ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى قاتارلىقلار بايان قىلىندۇ.

ISBN 7-228-07973-6
9 787228 079735 >

ISBN 7-228-07973-6
(民文)定价：22.00元

www.uyghurkitap.com


مەزكۇر كىتاب ئىتالىيىلىك ماكياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن داڭلىق ئەسەرىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ.
ـ سەئىد فەييياز مەھمۇد (پاكىستان)

نىزامۇل مۇلك

تۈرك سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى يازغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر
پارس، ئەرەب، تۈرك، ئىنگلىز، فرانسۇز، رۇس، ئۆزبېك ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغان.

# مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى

## (سىياسەتنامە)

دوستۇم تۇرغۇنباي ئۇيغۇر تۈرك ئوغلى
2007 . 06 . 3 . كۈنى
م. رسيد

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

治国策/(古波斯)尼扎姆·莫尔克编著:.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.5
ISBN 7-228-07973-6

Ⅰ.治…　Ⅱ.①莫…　②尼…　Ⅲ.中东—中世纪史—史料—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.K370.6
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 030035 号

责任编辑:哈德尔·哈吾孜
责任校对:帕热达·艾力
封面设计:艾克拜尔·沙力

**治国策**(维吾尔文)

尼扎姆·莫尔克　编著
库尔班·图兰　译
阿布来提·艾米尔　整理

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码:830001)
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
新疆新华书店发行
850×1168 毫米　1/32 开本 14 印张 2 插页
2003 年 5 月第 1 版　　2003 年 6 月第 1 次印刷

---

ISBN7-228-07973-6/K.370.6　定价:22.00 元

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


تەرجىماندىن .......... 1

ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز .......... 11

مۇقەددىمە .......... 1

**بىرىنچى باب بەخت-سائادەت قۇياشىنىڭ چۆرگى-
لىشى ۋە پەرۋەردىگارغا مەدھىيە** .......... 5

**ئىككىنچى باب ئاللاھىنىڭ پادىشاھلارغا قىلغان
ئىلتىپاتىنىڭ بايانى** .......... 11

**ئۈچىنچى باب ناھەقچىلىكنى تۈگىتىپ، ئادالەتنى
يولغاقويۇشنىڭ بايانى** .......... 14

ئادىل ئەمىر ۋە سەففارىيلار خاندانلىقى ھەققىدە بايان... 15

**تۆتىنچى باب باجگىرلار، ۋەزىرلەرنىڭ خىزمىتى-
نى دائىم نازارەت قىلىشنىڭ بايانى** .......... 29

بەھرام گۆر ۋە راست رەۋشەن ھەققىدە بايان .......... 31

**بەشىنچى باب زېمىندارلار ۋە دېھقانلارغا قىلىن-
دىغان مۇئامىلىنىڭ بايانى** .......... 45

نۇشىرۋان ئادىل ھەققىدە بايان .......... 46

**ئالتىنچى باب قازىلار، ئىماملار ۋە مىرشەپلەر
خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ بايانى** .......... 61

ئەلى نۇشتېكىننىڭ كەيپچىلىكى ھەققىدە بايان .......... 67

غەزنە ناۋايلىرى ھەققىدە بايان .......... 69

**يەتتىنچى باب باجگىر، قازى، ساقچىلار بېگى
ۋە قەلئە بەگلىرىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدىكى
مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئىتائەت
تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇشنىڭ بايانى** .......... 70

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھەييارلىقى ھەققىدە بايان……… 72

تۇرك ئەمىر بىلەن خەلىفە مۇئتەسىم ھەققىدە بايان…74

**سەككىزىنچى باب دىن ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سۇرۇشتۇرۇش ۋە تەھقىقلەشنىڭ بايانى** … 91

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ۋە زور قەھەتچىلىك ھەققىدە بايان………………………… 95

**توققۇزىنچى باب ئىقتا خوجىلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەمىناتنىڭ بايانى**…………… 97

**ئونىنچى باب مەلۇماتچىلار ۋە خەۋەرچىلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ مەملىكەت سەلتەنىتىدىكى مۇھىملىقىنىڭ بايانى**………………… 98

كۆچ بالۇچ قاراقچىلىرى ھەققىدە بايان …………… 99

**ئون بىرىنچى باب ئوردا چۇشۇرگەن شەۋكەتلىك پەرمان ۋە يارلىقلارنى ئۇلۇغلاشنىڭ بايانى**…113

سۇلتان مەھمۇد ۋە پەرمانغا بويۇنتاۋلىق قىلغان باجگىر ھەققىدە بايان ……………… 113

پادىشاھ پەرۋىز ۋە بەھرام چۇبىن ھەققىدە بايان … 114

**ئون ئىككىنچى باب زور ۋەقەلەرنى سوراشتا ئوردىدىن غۇلام چىقارتىشنىڭ بايانى**…… 117

**ئون ئۈچىنچى باب ئايغاقچىلار ۋە ئۇلار ئارقىلىق مەملىكەتكە ۋە ئەل - يۇرتقا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ بايانى**……………… 118

ئەزدۇددەۋلە ۋە نائىنساپ قازى ھەققىدە بايان …… 118

سۇلتان مەھمۇد ۋە نائىنساپ قازى ھەققىدە بايان •…132

**ئون تۆتىنچى باب شاتۇر ۋە ئورپاقلارنى ياللاشنىڭ بايانى** ……………… 139

**ئون بەشىنچى باب كەيپچىلىكتە ۋە بىدارلىقتا پەرمان چۇشۇرۇشتىكى ئېھتىياتچانلىقنىڭ**

بايانى ........................................ 140
ئون ئالتىنچى باب شاھ جەمەتىنىڭ غوجىدارى
ۋە بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنىڭ بايانى... 141
ئون يەتتىنچى باب پادىشاھنىڭ يارەنلىرى، ھەـ
قەمسايىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىدـ
قىنىڭ بايانى ................................ 142
ئون سەككىزىنچى باب ئىلىمدە كامىل ۋە تەجـ
رىبىلىك زاتلاردىن تەلىم ئالماقنىڭ بايانى... 146
ئون توققۇزىنچى باب خاس قورۇقچىلار، ئۇلارـ
نىڭ قورال-ياراغلىرى ۋە ئۇلارنى ئىدارە
قىلىشنىڭ بايانى ............................ 149
يىگىرمىنچى باب گۆھەر ـ ياقۇتلاردىن كۆز قوـ
يۇلغان شاھانە ياراغلارنىڭ بايانى ......... 151
يىگىرمە بىرىنچى باب ئەلچىلەر ۋە ئۇلارغا
قىلىدىغان مۇئامىلىنىڭ بايانى ............ 152
يىگىرمە ئىككىنچى باب راباتلاردا ئوزۇق ۋە يەمـ
لەرنى كۆپلەپ زاپاس ساقلاشنىڭ بايانى...... 160
يىگىرمە ئۈچىنچى باب لەشكىري تەمىناتىنى
تەھقىقلەشنىڭ بايانى ........................ 161
يىگىرمە تۆتىنچى باب كۆپ خىل قەۋمدىن قوـ
شۇن تۈزۈشنىڭ بايانى ...................... 163
يىگىرمە بەشىنچى باب ئوردىدا تۇرغاق تۇتۇشـ
نىڭ بايانى ...................................... 165
يىگىرمە ئالتىنچى باب تۈركمەنلەرنى ئوردا قوـ
رۇقچىلىقىغا تەيىن قىلىشنىڭ بايانى...... 166
يىگىرمە يەتتىنچى باب چاكارلارنى ئەمگەككە
سېلىشنىڭ بايانى ............................ 167
ئوردا قورۇقچىلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ بايانى ......... 168

ئالپ تېكىن ۋە سۇبۇق تېكىن ھەققىدە بايان ...... 171

يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قوبۇلنىڭ بايانى ........................... 191

يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئاش - زىياپەتلەردىكى تەرتىپ - يوسۇنلارنىڭ بايانى............. 193

ئوتتۇزىنچى باب چاكارلار ۋە مەھرەملەرنىڭ تېگىشلىك ئورۇنلىرىنىڭ بايانى ........... 196

ئوتتۇز بىرىنچى باب نۆكەرلەر، مەھرەملەر ۋە ياساۋۇل باشلىرىنىڭ ئىلتىماس - تەلەپلىرىنىڭ بايانى ............................. 197

ئوتتۇز ئىككىنچى باب سوقۇش ۋە يۈرۈش قىلىشقا لازىمەتلىكلەرنى جابدۇشنىڭ بايانى...... 198

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كاتتىلارنى جازالاشنىڭ بايانى ................ 199

ئوتتۇز تۆتىنچى باب ياتاق، تۇرغاق ۋە قاراۋۇلنىڭ بايانى ..................................... 203

ئوتتۇز بەشىنچى باب زىياپەت شىرەسىدىكى نازۇ - نېمەتلەرنى راستلاشنىڭ بايانى ...... 204

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە فىرئەۋن ھەققىدە بايان...... 205

ئوتتۇز ئالتىنچى باب مەھرەم ۋە چاكارنىڭ تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەشنىڭ بايانى ........... 209

ئوتتۇز يەتتىنچى باب تېرىقچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا سىلىق چېچىشتا ئېھتىيات قىلماقنىڭ بايانى ....................................... 212

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب چالا ئىش قىلىشنىڭ پادىشاھقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنىڭ بايانى ...................................... 213

ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ياساۋۇل بېشى ۋە جازا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**قوراللىرىنىڭ بايانى** ........................ 216
خەلىفە مەئمۇن ۋە ئىككى ياساۋۇل بېشى ھەققىدە
بايان ........................................ 217
**قىرىقىنچى باب ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا مېھ-**
**رىبانلىق قىلىش ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئوڭ-**
**شاشنىڭ بايانى** ........................... 224
ھارۇن رەشىد ھەققىدە بايان ..................... 226
خەلىفە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە نامرات مەزلۇم ھەق-
قىدە بايان .................................... 231
مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە يېتىكەن قوي ھەققىدە بايان... 234
ھاجى مەرۋەزى ۋە قوتۇر ئىت ھەققىدە بايان ...... 235
ئاتاق ھەققىدە بايان .............................. 239
سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ۋە ئۇنىڭ ئاتاق نامى ھەققى-
دە بايان ...................................... 240
**قىرىق بىرىنچى باب ئىككى خىزمەتنى بىر كىشى-**
**گە بەرمەسلىك، خىزمەتنى خىزمەتسىز كى-**
**شىگە بېرىش ۋە ئۆزنى پېقىر قويماسلىق،**
**خىزمەتنى ئىمانى دۇرۇس كىشىگە تۇتقۇ-**
**زۇش، ئېتىقادسىزلارنى ئىشلەتمەسلىك،**
**شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق**
**ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بايانى** ...... 255
فەخرۇددەۋلە ھەققىدە بايان ....................... 268
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە يەھۇدىي باجگىر ھەققىدە
بايان ........................................ 274
سۇلايمان ئىبنى ئابدۇل مەلىك ۋە بەرمەكى ھەققىدە
بايان ........................................ 278
**قىرىق ئىككىنچى باب ئاياللار، ھەرەم قەسرى**
**ۋە قوماندان مەرتىۋىلىرىنىڭ بايانى** ...... 288

ساۋدەبا ۋە سىياۋۇش ھەققىدە بايان ................ 289
يۈسۈپ بىلەن كىرسۇف ھەققىدە بايان ............ 294
رەئىيەت ھەققىدە بايان ............................ 299
**قىرىق ئۈچىنچى باب دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىرى بول-**
**غان ئېتىقادسىزلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققى-**
**دىكى بايانلار** ................................ 301
**قىرىق تۆتىنچى باب مەزدەك ئىسيانى، ئۇنىڭ ئە-**
**قىدىسى، نۇشرىۋان ئادىلنىڭ ئۇنى ۋە ئۇ-**
**نىڭمۇخلىسلىرىنى قانداق تارمار قىلغان-**
**لىقىقاتارلىقلارنىڭ بايانى** ................ 304
**قىرىق بەشىنچى باب نىشاپۇردا سىنباد مەجۇسى-**
**يىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ رەي-**
**دە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىسيان قىلغانلى-**
**قىنىڭ بايانى** ................................ 330
**قىرىق ئالتىنچى باب قەرمەتىيلەرنىڭ باش كۆ-**
**تۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ بىدئەت ئەھكاملىرى-**
**نىڭ بايانى** .................................. 333
باتىنىيلارنىڭ خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە پەيدا بولۇ-
شىنىڭ بايانى .................................. 339
باتىنىيلارنىڭ ھىرات ۋە گۇر ۋىلايەتلىرىدە پەيدا بولۇ-
شى ھەمدە بەربات بولۇشى ھەققىدە بايان ...... 350
باتىنىيلارنىڭ خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە قايتا زاھىر
بولۇشىنىڭ بايانى .............................. 353
مۇھەممەد بەرقەئىيىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى ۋە زەڭ-
گىلەر قوشۇنىنىڭ خۇزىستان، بەسرەدىكى باتى-
نىيلارنىقوللىغانلىقى ھەققىدە بايان .......... 361
ئەبۇ سەئىد جەننابى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ تاھىرنىڭ
بەھرەين بىلەن ئەھسادىكى ئىسيانى ھەمدە ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ مەككە شەھرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدە
بايان ........................................ 362
**قىرىق يەتتىنچى باب خورەزمىي مەسلىكىنىڭ ئىس-
پاھاندا باش كۆتۈرۈشى ھەققىدە بايان** ... 369
بابەكىيلەرنىڭ ئەزەربەيجاندىكى ئىسيانى ھەققىدە
بايان ........................................ 370
خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ ئۈچ قېتىملىق نۇسرىتى ھەققىدە
بايان ........................................ 376
**قىرىق سەككىزىنچى باب بايلىق، ئۇنى ساقلاش
ۋە ئىدارە قىلىشنىڭ بايانى** ........................ 379
**قىرىق توققۇزىنچى باب دەۋاگەرلەرنى بىر ياقلىق
قىلىش، ئەرزگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋە ئۇنى
ئىجراغا قويۇشنىڭ بايانى** ........................ 382
مەسئۇد ئىبنى مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ قەرزى ھەققىدە
بايان ........................................ 383
**ئەللىكىنچى باب بارچە ئۆلكىلەرنىڭ باج ھېسابا-
تىنى ساقلاش ۋە ئۇنى بىر ياقلىق قىلىش-
نىڭ بايانى** ........................................ 386
خاتىمە ........................................ 388
سەرمۇنشىنىڭ ئىزاھى ........................................ 389
قوشۇمچە I : مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەب
جەدۋىلى ........................................ 390
قوشۇمچە II : ئەلەۋىيلەر نەسەب جەدۋىلى ........ 391
قوشۇمچە III : مەشھۇر ئىسلام سۇلالىرى يىلنامىسى ... 392
1. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى I ........................ 392
2. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى II ........................ 393
3. ئابباسىيلار سۇلالىسى ........................ 394
4. تاھىرىيلار سۇلالىسى ........................ 397

5 . سامانىيلار سۇلالىسى ........................... 397
6 . فاتىمىيلەر سۇلالىسى ........................... 398
7 . غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى ........................... 399
8 . سەلجۇقىيلار سۇلالىسى ........................... 400
9 . ئارتۇقىيلار سۇلالىسى ........................... 402
10 . ئاتابەگلەر سۇلالىسى ........................... 404
11 . ئەييۇبىيلار سۇلالىسى........................... 406
12 . مەملۇكىيلار سۇلالىسى ........................... 409
13 . ئوسمانىيلار سۇلتانلىقى........................... 412

www.uyghurkitap.com
Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# تەرجىماندىن

نىزامۇل مۇلك — ئۇلۇغ سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھۇسەيىن، لەقىمى نىزامۇل مۇلك. ئۇ مىلادىيە 1018 - يىلى بەيھەقىيە ئۆلكىسى (ھازىرقى سەبزىۋار) دىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 29 يىللىق ۋەزىرلىك قىلىش جەريانىدا ھۆكۈمدارلىق قىلىش ئۇسۇلىغا دائىر مەزكۇر ئەسەر — «سىياسەتنامە» (يەنە بىر نامى «سيار الملك») (مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى) نى يېزىپ سەلجۇقىيلار سۇلتانلىرىنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا سۇنغانىدى.

سەلجۇقىيلار — كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى، X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇلار ماۋەرائۇننەھرگە كۆچۈشكە باشلىدى. سەلجۇق تۈركلىرى باتۇر ۋە ئۇرۇشقا ماھىر بولغاچقا، خۇراسان رايونىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

سەلجۇقىيلارنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كەڭ كەتكەن رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ تۈرلۈك رەقىبلىرىنى تارمار قىلالىشى ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى ۋە جاسارەتلىك، ئۇرۇشقا ماھىر نۆكەرلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى. سەلجۇقىيلار سەردارلىرى ئەزەلدىن لەشكىري ھوقۇققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردا لەشكىري زور ھوقۇقنى ھېچقاچان يات قەۋمدىكىلەرگە تۇتقۇزۇپ باققان ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە

لەشكىرىي ھوقۇق دائىم ئىغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن ۋە پىداكار-لىق روھىغا باي تۈركلەرگە تاپشۇرۇلۇپ كېلىنگەنىدى. ھالبۇكى، ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ قولغا ئالغان جاھاننى قانداق ئىدارە قىلىش سەلجۇقىيلارغا نىسبەتەن مۈشكۈل بىر مەسىلە ئىدى. شۇڭا ۋەزىرلىكتىن تارتىپ تۆۋەندىكى مەمۇرىي ھوقۇقلارغىچە بىر دەك پارسلارغا تاپشۇرۇلدى. چۈنكى شۇلارلا مەمۇرىي ئىشلار-نى چۈشىنەتتى.

نىزامۇل مۇلك بەلختىكى بىر ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا بار-غاندا مەزكۇر ھۆكۈمدار ئۇنى سەلجۇقىيلاردىن ئالپ ئارسلانغا تونۇشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئالپ ئارسلان تاغىسى توغرول بەگ-نىڭ ھاۋالىسى بويىچە دادىسى چاغرى بەگكە ۋاكالىتەن خوراسانغا مەمۇرىي ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. توغرول بەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھلىق تەخت ئالپ ئارسلاننىڭ ئىنىسى سۇلايمانغا قالدى. بۇ خەۋەر خوراسانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالپ ئارسلان ئىنىسىغا ئىتائەت قىلىشنى خالىماي نىزامۇل مۇلكنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى توغرول بەگنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلدى.

ئالپ ئارسلاننىڭ پادىشاھ بولۇشىغا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى نارازى ئىدى. ئاقىۋەت ۋەزىر نىزامۇل مۇلكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالپ ئارسلان ئۆزىنىڭ ئىككى تاغىسى، يەنى رەي شەھىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان شىھابۇددەۋلە ۋە ھىرات ۋالىيسى ياقۇب بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرىدا ئالپ ئارسلان غالىب كېلىپ ئۇلارنى تىز پۈكتۈردى.

نىزامۇل مۇلكنىڭ ياردەملىشىشى ئاستىدا ئالپ ئارسلان ماۋەرائۇننەھر رايونى ۋە خۇراساننىڭ ۋەزىيىتىنى ئىزىغا چۈشۈر-گەندىن كېيىن ئەرمىنىيە ۋە شەرقىي رىم زېمىنىغا ئۇرۇش قوزغىدى. نىزامۇل مۇلكنىڭ ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى دانالىقىدىن 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا سەلجۇقىيلار سۇلالىسى-

نىڭ زېمىنى ھازىرقى ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، ماۋەرا-ئۇننەھر (قازاقىستاننىڭ جەنۇبى، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىس-تان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان)، جەنۇبىي كاۋكاز (گىرو-زىيە، ئەرمىنىيە، ئەزەربەيجان)، داغىستان، ئاناتولىيە (تۈر-كىيە)، ئىراق، سۈرىيە، پەلەستىن، لىۋان، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى تاقىم ئاراللار، ئىئوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئومان، بەھرەين، قاتار، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى.

ئالپ ئارسلان 1063 - يىلى دېكابىر ئوتتۇرىلىرىدا سۈي-قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغلى مەلىك شاھنى ۋەزىر نىزامۇل مۇلككە ھاۋالە قىلدى. مەلىك شاھ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئاتىسىغا ئوخشاشلا تاغىلىرىنىڭ قار-شىلىقىغا ۋە ئىتائەتتىن باش تارتىشىغا دۇچ كەلگەن مەلىك شاھ نىزامۇل مۇلكنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ تىزلاندۇردى ۋە شاھلىق تەختىنى مۇستەھكەملىدى.

نىزامۇل مۇلك ئۆمرىدە ئاساسلىق قىلىپ ئالپ ئارسلان ۋە مەلىك شاھقا خىزمەت قىلدى. ۋەزىرلىكنى ئۆتىگەن مەزگىلدە غەربتە ئاناتاكىيە (تۈركىيە) دىن شەرقتە قەشقەرىيىگىچە (بۇ چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسى سەلجۇقىيلار سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇپ قالغانىدى.) بولغان كەڭ سەلجۇقىيلار زېمىنىدا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن ۋەقەلەرنى ئىدىتلىق بىر ياقلىق قىلدى. خەلىپىلىككە قارىتا قوللىنىلغان سىياسەتلەرنىمۇ نىزامۇل مۇلك تۈزۈپ چىق-قان بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك خادىملىرى خەلىپە ئوردىسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. 1092- يىلى نىزا-مۇل مۇلك ئىسپاھاندىن باغدادقا كېتىۋاتقاندا كىرمان تەۋەسىدە جەندە كىيگەن بىر ياش سوپى ئۇنىڭ پېشىنى كۆزگە سۈرتۈۋې-لىش باھانىسىدە ئۇنىڭغا خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈردى.

نىزامۇل مۇلك مەشهۇر ئەسىرى «سىياسەتنامە» نى پارس تىلىدا يېزىپ چىقتى. (كېيىن ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، فرانسوزچە، رۇسچە، تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.) ئۇ بۇ ئەسەرنى سۇلتاننىڭ ئارزۇسى بويىچە 1092ـ يىلى قەستكە ئۇچراشىنىڭ ئالدىدا تاماملىغان بولسىمۇ 22 يىلدىن كېيىن ئاندىن ئېلان قىلىنغان. ئەسەردە ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى، ئىقتىساد، ئەدلىيە ۋە دىن قاتارلىقلارغا بولغان كۆز قاراشلىرى ۋە سۇلتانغا بېرىلگەن تەكلىپلەر توپلانغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئەسەردە دۆلەت كىرىمىنى قانداق باشقۇرۇش شەرھلىنىدۇ: «ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باج، كىرىم ھېساباتى ياخشى ۋە مۇكەممەل ساقلىنىشى كېرەك. بۇ ھېسابات ئارقىلىق كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىدىن ۋاقىپلانغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ چىقىمنى ئۇنۇملۇك نازارەت قىلغىلى بولىدۇ؛ قىسقارتىشقا تېگىشلىك ھەر قانداق تۈرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قىسقارتىۋېتىش كېرەك. ناۋادا بىرەيلەن كىرىم ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا سۆز قىلىشنى ئىستىسە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆرۈڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقىنى ئورۇنلۇق بولسا ئۇ ئىنئام ئالسۇن. شۇڭا ھەشەمەت ۋە ئىسراپخورلۇق كۆرۈلسە مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئىدىتلاپ چىققىلى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ھېچكىممۇ يوشۇرمايدۇ».

سىياسىي جەھەتتە نىزامۇل مۇلك كۈچىنىڭ بارىچە سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ھېچبىر دانا ھۆكۈمدار ۋە دانىشمەن ۋەزىر ئىككى خىزمەتنى بىر ئادەمگە يۈكلىگەن ئەمەس، بىر خىزمەتنى ئىككى ئادەمگە ئۆلەشتۈرگەنمۇ ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بىر ياقلىق قىلغان ۋاقەلەر ھەر زامان پاساھەتلىك بولۇپ كەلگەن. ئىككى ۋەزىپىنى بىر ئادەم ئارتتۇرغاندا، ھامان بىرى جايىدا ئورۇنلانماي قالىدۇ ۋە كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىشى شۇلارنىڭ بىرىگە تولىمۇ باب كەلسە ۋە ئۇنى ئىجتىھات
بىلەن تاماملاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولسا يەنە بىر تۈر تاشلىنىپ
قالىدۇ ۋە خېمىغا يېنىپ كېتىدۇ؛ ناۋادا ئۇ بىرىنى بەجاندىللىق
بىلەن ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىگە تۇتۇش قىلسا
ئالدىنقى خىزمەت زىيانغا ئۇچرايدۇ ۋە مەغلۇپ بولىدۇ......
ئۇنىڭدىن سىرت ئىككى ئادەم بىر ۋەزىپىنى ئۆتىگەندە بىرى
مەسئۇلىيەت ۋەزىپىنى يەنە بىرىگە ئىتتىرىپ قويۇپ خىزمەتنىڭ
مەڭگۇ تاماملىنالماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ......»

مۇئەللىپىنىڭ قارىشىچە، مەملىكەت ئىچىدە سۇلتانىنىڭ مۇت-
لەق نوپۇزى قوغدىلىشى، باشقىلارنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشى
مەنئى قىلىنىشى كېرەك. ئەسەردە مۇنداق بىر بۆلۈك بايان بار:
«ئاڭلىشىمچە سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەمىرى - خوجىدار ئالتۇن
تاش خارەزىمگە شاھ (شاھ - يەرلىك ئەمەلدار) بولۇپ تەيىنلى-
نىپ خارەزىمگە ئەۋەتىلىپتۇ. شۇ زاماندا خارەزىمدىن يىغىلىدى-
غان باج تەخمىنەن 60 مىڭ دىنار، ئالتۇن تاشنىڭ خادىملىرىغا
تارقىتىلىدىغان مائاش ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئىكەن. ئالتۇن
تاش خارەزىمگە كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، ۋەزىر باج پۇلىنى
ئەپكېلىشكە ئۆز ئادىمىنى خارەزىمگە ئەۋەتىپتۇ. ئالتۇن تاش
ۋەزىرگە يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ خارەزىمنىڭ باج خىراجىتى
بولغان يىغىلغۇسى 60 مىڭ دىنارنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ما-
ئاش ھېسابىدا زوراغا مەھكىمىنىڭ ئاجرىتىپ بېرىدىغان خىراجى-
تى ئورنىدا بىۋاستە ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ».
ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىر شەمس ھەززەتلىرى ئۇنىڭ يۇقىرىقى
مەزمۇندىكى مەكتۇبىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال جاۋاب مەك-
تۇب يوللىغان: «مەغپىرەت قىلغۇچى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ نا-
مىدىن ئېيتىمەنكى ئالتۇن تاش ھەرقانچە قىلسىمۇ يەنىلا سۇلتان
مەھمۇد ئەمەس. يىغىۋالغان دىنارلىرىڭىزنى سۇلتانىنىڭ خەزىنى-
سىگە ئۆتكۈزۈپ، ساپلىقى ۋە ئېغىرلىقى بويىچە خەزىنىگە تاشلاڭ

ھەمدە ھۆججەت ئېلىڭ. ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ۋە خادىملىرىڭىزنىڭ مائاشى ھەققىدە ئىلتىماس يېزىڭ. شۇنداق بولغاندا سىز بۇست ياكى سىستان تەۋەسىدىن ئېلىنىۋالىدىغان خىراجىتىڭىزنىڭ ھۆججىتىگە ئېرىشىسىز. ئاندىن پۇلنى ئېلىۋېلىپ خارەزىمگە ئاپىرىڭ. شۇنداق بولغاندا خوجا بىلەن خادىم ئوتتۇرىسىدىكى، يەنى سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئالتۇن تاش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قوغدىلىدۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ رولى ۋە قوشۇننىڭ مەسئۇلىيىتى تولىمۇ پەرقلىق. خارەزىمشاھ قۇرۇق گەپنى قىلماسلىقنى ئۆگىنىۋالسۇن. ئۇنىڭ تەلىپىگە كەلسەك، بىر بولسا ئۇ سۇلتاننى پىسەنتىگە ئالمىدى، بىر بولسا ۋەزىر شەمسۇل مۇلكنى قابىلىيەتسىز، نادان، تومپاي چاغلىدى. بىز خارەزىمشاھنىڭ ھەققانىي ئاۋازىغا ۋە ئۇنىڭ ساغلام دانالىقىغا ئىقتىدا قىلىشىۋاتقىنىمىز يوق. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ھەيرانۇ ھەس بولماي قالمايدۇ. ئۇ بۇ خاتالىقنى بويىنىغا ئېلىشى كېرەك. قول خوجىسى بىلەن ھوقۇقنى بۆلۈشۈپ بەھرىلىنىشنى ئويلىسا شۈبھىسىزكى زور خەتەرلىك كېلىپ چىقىدۇ».

ئەدلىيە مەسىلىلىرى توغرىسىدا نىزامۇل مۇلك توپ - توپ دەۋاگەرلەر ھەمىشە سوتقا كېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلەپ ئىلتىجالىرىغا جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار كەتمەي تۇرۇۋالىدۇ. ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ياكى ئەلچى - سەيياھلار ئاستانىگە كېلىپ بۇ چۇقان - سۈرەننى كۆرگىنىدە بۇ سوتتا ئادالەت يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە ئىشىكنى تاقىۋېتىش لازىم؛ بارلىق تەلەپلەر (مەيلى ئۇ شەھەردىن كەلسۇن ياكى قىشلاقتىن كەلسۇن) دەۋاگەرلەرنىڭ ئىسمىنى ۋە كەلگەن يېرىنى خاتىرىلىۋېلىپ سوتقا بەش ئادەمنى كىرگۈزۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىپ ھۆكۈمنى قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كېتىشسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىھۇدە

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ۋە ئاخىرى چىقماس غوۋغادىن خالاس بولغى-
لى بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ يەنە سۇلتان مەھمۇدنىڭ شەخسىيەت-
سىز، ئادالەتپەرۋەر بولۇشىنى، ئەل ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىشتا
قانۇننى مىزان قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا، چىن (ئىل-
گىرى جۇڭگو پارىسچە «چىن» دېيىلەتتى)، قىتان دۆلىتى،
مىسىر، ئەدەن سودىگەرلىرى خەزىنىگە يول ئېلىپ دۇنيانىڭ
سەرخىل ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشكەنىكەن.

ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى توغرىسىدا نىزامۇل مۇلك مۇنداق
يازىدۇ: «پادىشاھ ياۋ بىلەن شۇنداق ئۇرۇشلارنى قىلىشى كېرەك-
كى، ياۋ بىلەن سۈلھىلىشىشكە ئورۇن قالدۇرۇپ قويسۇن؛ پادى-
شاھ شۇنداق سۈلھى كېلىشىمنى ئىمزالىشى كېرەككى، ئۇرۇش
قىلىشقا ئورۇن قالدۇرۇپ قويالىسۇن. رەقىبلەرگە قارىتا يىرتى-
ۋەتكىلى بولىدىغان كېلىشىملەرنى ئىمزالىسۇن؛ يىرتىۋەتكەندىن
كېيىن يەنە تولۇقلىۋالغىلى بولىدىغان كېلىشىمنى تۈزسۇن».
نىزامۇل مۇلكنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
نىڭ قايتا گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئىتالىيىلىك ماكياۋىل راۋاجلان-
دۇرغان دېيىشكە بولىدۇ. ماكياۋىل «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»
دا مۇنداق يازىدۇ: «دانا ھۆكۈمدار ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۆز مەنپە-
ئەتىگە زىيانلىق بولۇپ قالغاندا، ۋەدىگە ئەمەل قىلىشنىڭ سەۋەب-
لىرى مەۋجۇتلۇقتىن قالغاندا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقى كېرەك.
ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى پەرىشتىلەردەك بولسىدى، ئۇ ھالدا بۇ
سەپسەتە ئاقمىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئادەملەر رەزىل كېلىدۇ.
ئۇلار ساڭا قارىتا ۋەدىسىدە تۇرمىغانىكەن، سېنىڭمۇ ئۇلارغا
قارىتا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مەجبۇرىيىتىڭ بولمايدۇ. پادىشاھنىڭ
ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقىغا مۇۋاپىق باھانە تېپىلماي قالمايدۇ.
بۇنىڭغا سان ـ ساناقسىز مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ
مىساللار نەچچىلىگەن كېلىشىم ۋە ۋەدىلەرنىڭ ھۆكۈمدارلارنىڭ
ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئىناۋەتسىز بولۇپ كەتكى-

نىنى كۆرستىپ بېرەلەيدۇ».

نىزامۇل مۇلك پادىشاھلارنىڭ ئۆلىمالارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى ئۇمىد قىلىدۇ. ئۇ قازىلارنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «دىنىي ئۆلىمالار نەسىھەت ۋە ئەقىل كۆرسىتىشكە ھەر قاچان تەييار. مەرھۇم ئاتىلىرى نۇھ ھەر كۈنى دىنىي ئۇستازلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ كۆرمەي تۇرۇپ يەڭگىللەرچە بىر ئىش قىلمايتتى. ئاقىۋەت ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ جاي- جايىدا بىر ياقلىق قىلالىغانىدى. ئۆزلىرى ئۆلىمالار بىلەن كەمدىن - كەم مۇلاقەتتە بولىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن مەرھۇم ئاتىلىرى بىر چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنى دائىم توقۇناق قىلىۋېتىپ بارىدىلا».

پادىشاھنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا ئەسەردە مۇنداق تەكلىپ بېرىلىدۇ: «پادىشاھ بولغۇچى ھەر بىر ئىشتا ئادىل بولۇشى لازىم. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دانا ھۆكۈمدارلار بەلگىلىگەن تەلىم - تەرغىباتلارغا ۋە ئادەتلەرگە رىئايە قىلمىقى جائىز. يامانلىققا يول قويىدىغان قانۇننى تۈزمەسلىكى، مۇشرىكلارغا ھەمدەم بولماسلىقى لازىم. پادىشاھنىڭ تۇرلۇك قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، باج تۆلىگۈچىلەرنى بىر ياقلىق قىلىش، كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى ئىگىلەش، باج يىغىشقا كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتى بار. شۇنداقلا دۆلەتنى قوغداش ۋە ياۋنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار».

پادىشاھنىڭ خىسلىتى توغرىسىدا نىزامۇل مۇلك مۇنداق يازىدۇ: «پادىشاھ ئۈنچىۋالا بېخىل بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا كىشىلەر ئۇنى خەزىنە ساقلىغۇچى مالاي ۋە پايدا قوغلاشقۇچى ئەرزىمەس ئادەم دەپ ھاقارەت قىلىدۇ. يەنە بىر ياقتىن پادىشاھ زىيادە ئىسراپخور بولماسلىقى كېرەك، بولمىسا كىشىلەر ئۇنى بەتخەج بايۋەتچە دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. پادىشاھ ئۆز قىمم-

www.uyghurkitap.com

تىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا ھەممەتكە سازاۋەر بولغۇچى ھەر بىر
خادىمىنىڭ دەرىجىسىگە دىققەت قىلىش لازىم. بىرەيلەنگە 10 دىنار
مەرھەمەت قىلىش مۇۋاپىق بولسا، پادىشاھ ئۇنىڭغا 100 دىنار
بەرمەسلىكى كېرەك. 100 دىنار بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئادەم-
گە 1000 دىنار بېرىشكە بولمايدۇ. بولمىسا تۆرىلەرنىڭ غۇرۇرىغا
زىيان يېتىپ، كىشىلەر پادىشاھنى ئادەمنىڭ قىممىتىنى ۋە ئە-
مەل - مەنسەپنى زادىلا بىلمەيدىكەن دېيىشىدۇ. شۇنداقلا پۇقرا-
لارنىڭ قابىلىيىتىگە ۋە خىزمىتىگە قارىتا ۋاپاغا جاپا قىلغان
بولىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر سەۋەبسىزلا خاپىلىقتا پېتىپ ئۆز
ئىشلىرىدا ھۇرۇنلىشىدۇ ۋە يالقاۋلىق[1] قىلىدۇ»، «پادىشاھ
مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىكى كېرەك، دائىملا
ھەييار قىياپەتتە يۈرمەسلىكى كېرەك. دائىم سۈرلۈك بولۇۋالىد-
مۇ بولمايدۇ. ناۋادا ئۇ تاسادىپىي ئىچكۈلۈك بىلەن مەشغۇ بولۇپ
قالسا، سەدىقە — پىتىر، تەھەججۇد، رامىزان ۋە باشقا خەير-
ئېھسان قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھىغا
تەۋبە قىلسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئىككى دۇنيالىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

نىزامۇل مۈلكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا پىرسىيە ۋە بابىلون را-
يونلىرى بىر مەھەل گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. ئىسلام
مەدەنىيىتى جەھەتتە ئۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. X
ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام مەدرىسلىرى گۈللىنىشكە
باشلىغان بولۇپ، نىزامۇل مۈلك زامانىسىدا ئەڭ جانلانغانىدى.
ئۇ دىنى مائارىپنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كېڭەيتتى. مىلادىيە
1065~1067 - يىللىرى نىشاپۇر، باغدادتا ئۆز نامى قويۇلغان
مەكتەپ «مەدرىسەئى نىزامىيە»نى قۇردى. مەدرىسەئى نىزامىيە
تالىپلارنى تولۇق تۇرمۇش مەئىشىتىدىن بەھرىمەن قىلاتتى. نى-
زامۇل مۈلك ھەرقايسى مەدرىسلەرگە مۇدەررىسلەرنى ئەۋەتىپ،

---

① بىكار تەلەپ

مۇۋاپىق ئۆلىمالارنى مەدرىسىلەرگە ساۋاق بەرگۈچى قىلىپ تەيىنلەشنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي بۇرچى دەپ قارىغانىدى. ئۇ يەنە ئىلمىي ئىزدىنىشلەرگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. باغدادتىكى مەدرىسەئى نىزامىيە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئۆلىمالارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولۇپ، نامى مەشھۇر شەيخ ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد غەززالىمۇ مۇشۇ مەدررىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن ئىدى. نىزامۇل مۇلكنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ئىسلامىيەتنىڭ بۇ بۈيۈك ئالىمى دەسلەپ نىشاپۇردا، كېيىن باغدادتىكى مەدرىسەئى نىزامىيەدە ئۆز ئەسىرىنى تاماملىدى.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، نىزامۇل مۇلك كۆچمەن قەۋم قۇرۇپ چىققان سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە غايەت زور تۆھپە قوشقانىدى. ئۇنىڭ قەلىمىدە پۈتكەن «سىياسەتنامە» ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەدلىيە، دىن، مەدەنىيەت ۋە ئاڭ فورماتسىيىسى ھەققىدىكى ئەھۋالاتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ XI ئەسىرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئارتۇقلۇق قىلمايدىغان ئەسلى مەنبە ھېسابلىنىدۇ. «سىياسەتنامە» ئەسلى پارسچە يېزىلغان بولۇپ، كېيىن خۇبېرت دارك ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. خەنزۇچە تەرجىمىسى 1978 - يىلىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىشلەندى. بۇنىڭدا شۇشۇيا «مۇقەددىمە» ۋە 1 ~ 39 بابلىرىنى، لەن چى 40 ~ 50 بابلىرىنى ۋە پۈتكۈل ئىزاھلارنى تەرجىمە قىلدى. ئاخىرىدا پۈتۈن ئورىگىنالنى لەن چى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

لەن چى، 2000 - يىلى، ئاپرىل. گۈيجۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

ئەنگلىيە ئوقۇرمەنلىرىگە تەقدىم قىلىنغان مەزكۇر ئەسەر ئەڭ زور قىممەتكە ئىگە پىرسىيە ۋەسىقىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنى تۇسلۇق ھوسەيىن ئىبنى ئەلى يازغان بولۇپ، بۇ كىشى ئۆز زامانىسىدا ھۆرمەتلىنىپ نىزامۇل مۇلك دەپ ئاتالغانىدى.

ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋرىدىكى ھاياتى ھەممىگە تونۇشلۇق. ئۇنىڭ ئاتىسى بەيھەقىيەدىكى يەرلىك كىشىلەردىن ئىدى، ئۇ تۇسقا كېلىپ باجگىر سالاھىيىتىدە غەزنەۋىلەر خاندانلىقىغا خىزمەت قىلغان.

ھىجرىيە 431 ـ يىلى، مىلادىيە 1040 ـ يىللىرى سۇلتان مەسئۇدنىڭ مەغلۇبىيىتى تۈپەيلىدىن خۇراسان سەلجۇقىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە ھوسەيىنىنىڭ ئاتىسى ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ غەزنىگە كەلدى. ھوسەيىن غەزنەۋىلەر ھۆكۈمىتىدە بىر مەھەل خىزمەت قىلغان. ئەمما بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇ بۇ جايدىن ئايرىلىپ خوراساندىكى سەلجۇقىيلارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. بۇ ۋاقىتتا سەلجۇقىيلارنىڭ ئاغا ـ ئىنى داھىيلىرى توغرول بەگ بىلەن چاغرى بەگ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بۆلۇشۇۋالغانىدى: توغرول بەگ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق مەركىزى باغدادتا تەسىس قىلىنغانىدى؛ چاغرى بەگ شەرقىي قىسمىنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق مەركىزى مەرۋىدە ئىدى. ھىجرىيە 452ـ يىلى، مىلادىيە 1062 ـ يىلى چاغرى بەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، توغرول بەگ ئالىي ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. چاغرى بەگنىڭ ئوغۇللىرى

بولسا، ئاتىسىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالدى. ئالپ ئارسلان ئاتىسىنىڭ ئورنىباسارى سۈپىتىدە شەرقىي خوراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا نىزامۇل مۇلكىنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالغانىدى. كېيىنلىكتىمۇ ئالپ ئارسلان ئۇنى ئۆزىگە كۈچلۈك ياردەمچى قىلىپ ئىشلەتتى.

ئالپ ئارسلان (مىلادىيە 1063 ~ 1073 يىللىرى، ھىجرىيە 455 ~ 465 يىللىرى) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەلىك شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە سەلجۇقىيلار سەلتەنەتتە يۈكسەك پەللىگە يەتتى. نىزامۇل مۇلكمۇ ۋەزىرلىك ھاياتىنىڭ چوققىسىغا چىقتى. مەلىك شاھ تەختكە چىققاندا ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولغاچقا زور دەرىجىدە ئۆز ۋەزىرى نىزامۇل مۇلككە تاياندى. ئۇ نىزامۇل مۇلك ۋە باشقا بىر قانچە ۋەزىرىگە دۆلەت باشقۇرۇش سەنئىتىگە دائىر تەدبىرلەرنى يېزىپ چىقىشقا يارلىق چۈشۈرگەنىدى. بۇ بىر قانچە ۋەزىرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يازغان - يازمىغانلىقى نامەلۇم، ئەمما زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگىنى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بۈيۈك پارس سىياسىئونىنىڭ تەۋەررۈك يالدامىسىدۇر.

## ئەسەر نامى توغرىسىدا

چارس. سېكىف پارسچە نۇسخىسى (1891 - يىلى) ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسى (1893 - يىلى) نى نەشر قىلدۇرغاندىن باشلاپ، بۇ ئەسەر ياۋروپادا ئومۇمىيۈزلۈك «سىياسەتنامە» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. شۇڭا ھازىرقى تەرجىمىمىزدە «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسەر نامىنى ساقلاپ قالدۇق. ئەمما بارلىق ئەسلى قوليازما تېكىستىدە ئەسەر نامى بىرەك «سيار الملك» (ھۆكۈمدارلىق يولى) دېيىلگەن بولۇپ ئىران ۋە پارس ئەدەبىياتىدا نەقىل

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈلگەن بىر قانچە ئەسەردە ئىزچىل مۇشۇ نام قوللىنىلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پايدىلىنىش ۋەسىقىلىرىدىن «تارىخىي تەبەرى»[1] نىڭ بايانلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك، «نەسىھەتۇل مۇلۈك»[2] (70 ـ 71 ـ بەتلەر) ناملىق ئەسىرىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇڭا پارسچە يېزىلغان «نەسىھەتۇل مۇلۈك» تىمۇ ئاي ـ مۇلۇك شەكلىدە ئىسىم قويۇلغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كەلگەن غەززالى ئۇنى تەقلىد قىلغان، غەززالىدىن كېيىن بولسا تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى تەقلىد قىلغانىدى.

## ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى

نىزامۇل مۇلكنىڭ ئۆز دەۋرى ھەققىدىكى يازغانلىرى كۆپىنچە ئالپ ئارسلان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچى بۆلۈمدىكى مەلىك شاھ زامانىسىدىكى ئىشلار تىلغا ئېلىنغان يېگانە مەزمۇن 33 ـ بابنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى بولۇپ «بىز سەمەرقەند ۋە ئۆزكەندگە بارغىنىمىزدا» دېگەن بۆلەكلەردە بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇئەللىپنىڭ بۇ جايدا كۆرسەتكىنى تارىختىكى مىلادىيە 481 ~ 472- يىللىرى، ھىجرىيە 1088 ~ 1089 ـ يىللاردىكى ئاشۇ ئۇرۇش

---

① ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر يازغان. ئۇ كىشى تارىخشۇناس، تەپسىرشۇناس فىقھەشۇناس بولۇپ شافىئىي ئىقمىدىن. ئۇ كىشى ئۆزىگە خاس يول تۇتقان. تەبەرىستاننىڭ ئامىل شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، باغدادقا ماكانلىشىپ مىلادىيە 923 ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. «جامىئۇل بەيانى فى تەفسىرىلقۇرئان (تەبەرىنىڭ تەپسىرى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.)»، «تارىيخۇل ئۇمەمى ۋەلمۇلۇكى (تارىخىي تەبەرى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.)»، «ئىختىلافۇل فۇقەھائى (دىنى ئالىملارنىڭ مۇنازىرىسى)»، «ئادابىۇل قۇزاتــى (قــازىلارنىــڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى)»، «تەھزىيبۇلئاسارى (ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

② ئەبۇھامىد مۇھەممەد غەززالى يازغان. ئۇ كىشى خۇراساننىڭ تۇس شەھىرىدىن. «ھۇججەتۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغان. ئەبۇل مەئالى جۇۋەينىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، باغدادتىكى نىزامىيە مەدرىسىدە ئوقۇغان. دەمەشق، قاھىرە، مەككە قاتارلىق جايلارغا بارغان. كېيىن نىسابۇرغا قايتىپ كەلگەن. مىلادىيە 1111 ـ يىلى تۇس شەھىرىدە ۋاپات بولغان. «تەھافۇتۇل فەلاسىفە (پەلسەپەچىلەرنىڭ ھالاكىتى)»، «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن (دىنى بىلىملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش)»، «ئەلمۇنقىزۇمىنەززەلالى (ئازغۇنلۇقتىن قۇتقازغۇچى)»، «ئەلئىقتىسادۇفىل ئىئتىقادى (ئېتىقادتا نورمال بولۇش)»، «ئەلئەسمائۇل ھۇسنا (ياخشى ئىسىملار)»، «مەقاسىدۇل فەلاسىفە (پەلسەپىنىڭ نىشانى)»، «ئەلۋەلەدىيە (سەبىلەر)»، «نەسىھەتۇل مۇلۇكى (ھۆكۈمدارلارغا نەسىھەت)» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

بولسا، ئۇ هالدا بىر بولسا بىرىنچى بۆلۈم مىلادىيە 1088 ـ يىللىرى، ھىجرىيە 481 ـ يىلىدىن كېيىن يېزىلغان بولىدۇ، بىر بولسا سەرمۇنىشى تىلغا ئالغاندەك تۈزىتىلگەندە قوشۇلغان بولىدۇ. بىرىنچى بۆلۈم ھەققىدە بىز پەقەت ئۇنى مىلادىيە 1086 ـ يىللىرى ھىجرىيە 479 ـ يىلى ۋە مىلادىيە 1091 ـ يىللىرى، ھىجرىيە 484 ـ يىلى ئارىلىقىدا يېزىلغان بۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز كېيىن ئەمەس دېيەلەيمىز.

ھالبۇكى، مىلادىيە 1091 ـ يىللىرى، ھىجرىيە 484 ـ يىلى ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ يېزىلغانلىقى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. ئەمەلىيەتتە مىلادىيە 1090 ـ يىللىرى، ھىجرىيە 483 ـ يىلى ئىككى ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇشۇ ئىككى ۋەقە ئۇنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشقا تۈرتكە بولغانىدى. بۇنىڭ بىرى ئۇ سۇلتان مەلىك شاھ بىلەن تاكاللىشىپ قالدى. بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولمىغاندىمۇ (راھەتۇس سۇدۇرى ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن مۇلكىنىڭ چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ) ھېچبولمىغاندا ئەتىۋارلىنىشتىن قېلىشىغا يېتىپ ئاشاتتى. بۇمۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا غەمكىن تۈسىنىڭ قويۇقلۇقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. يەنە بىر ۋەقە بولسا، شۇ يىلى ھەسەن ئىبنى سەبباھنىڭ مىسىردىن قايتىپ كېلىشى ئىدى. ئۇ ئەلەمۇت قەلئەسىنى ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ پىرسىدىكى پائالىيىتىنى باشلىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن يات كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشنى تەرغىب قىلغانلىقى، بولۇپمۇ ئىسمائىلىيە پىرقىسىغا قارشى تۇرۇشىغا سەۋەب بولدى.

نىزامۇل مۇلك ۋە سۇلتان مەلىك شاھ مىلادىيە1092 ـ يىللىرى، ھىجرىيە 485 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۆلەت بىركە يانۇچى بىلەن مۇھەممەدنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى سەۋەبىدىن مالىمانغا پېتىپ قالدى. شۇڭا ھېلىقى سەرمۇنشىنىڭ ئېيتقانلىرىغا تولۇق ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز، دېمىسىمۇ ئۇ زات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ توپىلاڭ تىنجىتىلماي تۇرۇپ بۇ ئەسەرنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. مۇھەممەد مىلادىيە 1105- يىللىرى، ھىجىرىيە 498 - يىلى مۇنازىرىسىز ھالدا سۇلتان بولغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. روشەنكى، ھېلىقى سەرمۇنىشى ئىزاھاتتا تىلغا ئالغان سۇلتان دەل مۇھەممەد-تۇر. شۇڭا «سىياسەتنامە»نى مىلادىيە 498 ~ 505- يىللىرى، ھىجرىيە 1112 ~ 1105 - يىللىرى ئارىلىقىدا كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان دېيەلەيمىز.

## ئەسەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى

مەزكۇر ئەسەرنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

تەكلىپلەر: 1-، 2 -بابتىكى مۇقەددىمە ۋە پادىشاھنىڭ ئىمانى ھەققىدىكى تەبلىغنى، 44 ~ 47 بابلاردىكى ئالاقىدار تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالدى بابلار بىردەك پادىشاھنىڭ قابىلىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىگە دائىر ئەمەلىي كۆر-سەتمە بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال 43 - بابتا تونۇشتۇرۇ-لىدۇ. بۇ خىلدىكى تەكلىپ خاراكتېرلىك ماتېرىياللار ئىجادىيە-لىككە تولىمۇ باي بولۇپ، پەۋقۇلئاددە مەزگىللەردە پەۋقۇلئاددە ھۆكۈمرانلارغا قارىتا يېزىلغان. ئۇ ھېلىقى كونىچە ئۇسلۇبتىكى «پەندىنامە» لەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پەندىنامىلەر چوڭقۇر بەدىئىي ئىستىدات ئاساسىدا يېزىلىدىغانلىقى بىلەن ھەممىزگە تونۇشلۇق.

ئۈزۈندە، رىۋايەت ۋە ھېكمەتلەر: بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللار غايەت زور بىر كىمە گەۋدىنى ھاسىل قىلىدىغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرگە ئائىت رىۋايەتلەر ھەمدە مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ ھېك-مەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان.

ھېكايىلەر: ھېكايىلەر كۆپ خىل قىسقا ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، كۆپىنچە سەھىپىسى 1 ~ 2 بەت ئەتراپىدا بولىدۇ. مەزمۇن جەھەتتە بولسا، تارىختىكى بەزى ھۆكۈمرانلار ۋە ۋەزىرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، نىزامۇل مۇلككە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ھېكايىلەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئاتا قىلىدىغان ئەخلاق تەربىيىسىدە ئىدى. خۇددى مۇقەددىمىدە ئېيتىلغاندەك بۇ ھېكايىلەر يەنە بەلگىلىك دەرىجىدە ئوقۇرمەنلەرگە بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزۈلگەن قاتمال تارىخىي قىسسىلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ.

قىسسىلەر: قىسسىلەر ئادەتتە ئون - يىگىرمە بەتلەرگىچە بولۇپ ھەر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان. مىسال ئۈچۈن مەزكۇر ئەسەردىكى مۇنۇ قىسسىلەرگە قاراپ باقايلى:

ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ۋە سەففارىلار خاندانلىقى — 3 - باب، 12 ~ 4 بۆلەك.

بەھرام گۆر ۋە راست - رەۋشىن — 4 - باب، 5 ~ 24 بۆلەك.

نۇشىرۋان ئادىل — 5 - باب، 2 ~ 15 بۆلۈك.

تۈرك ئەمىرى ۋە ئەل مۇئتەسىم — 7 - باب، 9 ~ 23 بۆلۈك.

كۇچ بالۇچ قاراقچىلىرى — 10 - باب، 2 ~ 16 بۆلۈك.

ئەزدۇددەۋلە ۋە ئادالەتسىز قازى — 13 - باب، 2 ~ 14 بۆلۈك.

سۇلتان مەھمۇد ۋە ئادالەتسىز قازى — 1 - باب 15 ~ 19 بۆلەك.

ئالپ تېكىن ۋە سۇبۇق تېكىن — 27 - باب، 5 ~ 21 بۆلۈك.

سۇلتان مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ نام - ئاتىقى — 40 - باب،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

21 ~ 31 بۆلۈك.

فەخرۇددەۋلە — 41 ـ باب، 21 ~ 26 بۆلۈك.

بەرمەكىي 41 ـ باب، 34 ~ 41 بۆلۈك.

مەزدەك ئىسيانى 44 ـ باب، 1 ~ 26 بۆلۈك.

ناسىر ئىبنى ئەھمەد ۋە قەرمەتىيلار ـ 46 باب، 8 ~ 17 بۆلۈك.

ئۆز زامانىسى بىلەن ئالاقىدار ھېكايىلەر: بۇ خىلدىكى ھېكايىدىن جەمئىي بەشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالىپ ئارسلاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار:

1. 10 ـ باب، 18 ـ بۆلۈك، سۇلتان ئالىپ ئارسلان بىلەن ئەبۇل فازىل ئوتتۇرىسىدىكى ئاخباراتچى خادىم ھەققىدىكى سۆھبەت.

2. 21 ـ باب، 3 ~ 5 بۆلۈك. بۇنىڭدا مۇئەللىپ بىرىنچى شەخس تىلىدىن سەمەرقەند ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

3. 33 ـ باب، 2 ـ بۆلۈك، بۇنىڭدا سۇلتان مەلىك شاھنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماستىن سەمەرقەند ۋە ئۆزكەندكە ئاتلانغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

4. 38 ـ باب، 2 ـ بۆلۈك. بۇنىڭدا ئابدۇرەھمان خالنىڭ ئالىپ ئارسلاننى مەلۇم مەشھۇر زات (ئابدۇللاھ ئەنسارى) قا ئىشىنىشكە تىرىشقانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە سۆزلىنىدۇ.

5. 41 ـ باب. 3 ~ 17 بۆلۈك. بۇنىڭدا ئالىپ ئارسلان ئەردەمنىڭ شىئە مەزھىبىدىكى بىرەيلەننى ئۆزىگە مىرزا قىلىپ ياللىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ نارازى بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

تارىخىي تەسۋىرلەر: بۇ خىلدىكى تەسۋىرلەر «سىياسەتنامە» نىڭ 45 ~ 47 بابلىرىدا ھەمىشە دىگۇدەك ئۇچرايدىغان بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ ئارقىلىق جاھانغا ئىبرەت قىلىش، زامانغا رەددىيە بېرىش، ئۆتمۈشتە ئىسلامغا قارشى چىققان توپىلاڭچىلار ۋە ھاكى-

ـمىيەتكە بويۇنتاۋلىق قىلغان ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا باھا بېرىشنى كۆزلىگەن.

بىز باشقا بىر تۈرگە تىزىپ چىققان ناسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ ھېكايىسىنى ھېساب قىلمىغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي باياندلار بولۇپ، قىلچىمۇ يالغان ئارىلىشىپ قالمىغان. قارىغاندا ئۇلار ئازدۇر ـ كۆپتۇر سالماقتا نىزامۇل مۇلك كېرەك قىلغان خام ماتېرىياللاردىن بىۋاستە كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇلار:

1. «تارىخىي ئىسپاھان».

2. «تارىخىي تەبەرى». 47 ـ باب 13 ـ بۆلۈكتە تىلغا ئېلىنىدۇ.

3. «تارىخىي خەلىفەئى بەنى ئابباس» 47 ـ باب 13 ـ بۆلۈكتە تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئەس سۇرا يازغان «كىتابۇل ئەۋراق» بولۇشى مۇمكىن.

4. مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا رازى يازغان «مەقبەرەتۇل ئەنبىيا». 46 ـ بابنىڭ 2 ـ بۆلۈكىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

باھا ۋە مۇھاكىمە: ھېكايىلەرنىڭ ئۆزۈنى ياكى قىسقىسى بولسۇن بىردەك مۇستەھكەم بىرلىك بولۇپ، ھېكايە تېكىستىدە ئۇلارغا باھا بېرىشكە يول يوق (ناۋادا ئۇلار مەلۇم كىشىگە خاس نۇتۇق بولمىغاندا)، پەقەتلا ھېكايە ياكى شۇ سەھىپىنىڭ تۈگەنچىسىدە ئۆچ ـ تۆت قۇرلا قىلىپ ئالدىنقى بەتلەردىكى مەزمۇنغا ئاددىيغىنا باھا بېرىپ قويۇلغان.

نەزەرىيەلەر: پادىشاھلارنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئارماغان (ھەدىيە) قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىگە ئوخشاش نىزامۇل مۇلكمۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىككى بابىدا ۋە ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ بېشىدا ساسانىيلار زامانىسىدىن تارتىپ تارقىلىپ كېلىۋاتقان پارسلارنىڭ پادىشاھلىق تەخت ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى نەزەرىيىلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە پادىشاھ بولغۇچىنى ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com

قويۇپ تاللاپ چىققان. ئاللاھ پادىشاھلارغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئادالەت نۇرىنى سەپكەن. پادىشاھ بولغۇچى ئەسلىدىن يۇرگۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان قائىدە بەلگىلىمىلەرنى يېڭىلىغاندا ئاللاھ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە. ئەمەلىيەتتە بىرىنچى بابتا بايان قىلىنغىنى مۇقەددەس ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلىنىپ زۇلمەتلىك ۋە پادىشاھى بولمىغان دەۋر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

بىرىنچى بۆلۈكنىڭ ئاخىرىدىكى بابلاردا پۇتۇنلەي ھۆكۈمرانلار توغرىسىدا سۆز بولىدۇ. دۆلەتنى ئۇنۇملۇك ۋە تىنچ ئىدارە قىلىش، يەنە كېلىپ ئاۋام رازى بولغۇدەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاۋام سۇلتانىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا نېمىلەرنى قىلىپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ: لەشكىرىي قوشۇن شۇبھىسىز كى ھاكىمىيەتنىڭ جېنى، شۇڭا يۇكسەك دەرىجىدە ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇرۇش زۆرۈر. دۆلەت مەمۇرىلىرى، بولۇپمۇ قانۇنىي تەرتىپكە چېتىشلىق قازى، تەپتىش ۋە پاش قىلغۇچىلارنىڭ كەڭ ھوقۇق ـ نوپۇزى ۋە يۇكسەك ئابرۇيى ـ ئىناۋىتى بولۇشى كېرەك؛ ئەمما بۇ مەمۇرىي خادىملار ئاۋامغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشى، زۇلۇم قىلماسلىقلىرى لازىم. ئۇنداق بولمىسا ئاۋام رازى بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى ئېتىقادنى ساقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىم، ئەمما شىئە مەزھىبىدىكىلەرنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا يۇكسەك ھۆرمەت بىلدۇرۇلۇشى كېرەك. مۇئەللىپ يەنە ھېچقانداق ئادەمگە سادىق ياكى ئىشەنچلىك دەپ ئىشىنىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ۋەزىپىلەرنىڭ تامام ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن مۇرەككەپ بىر ئاخبارات ئورگىنى بەرپا قىلىپ ھەر قايسىسى چوڭ ـ كىچىك مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مەخپىي ئاخبارات توپلاش كېرەك-

لىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پادىشاھ بولغۇچى ئۆز
يارەنلىرى بىلەن ھەر قاچان بىللە بولۇشى كېرەكلىكى، غايەت
زور ئائىلىنىڭ ساھىبى بولۇش لازىملىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا باي-
زەردارلار تەق بولۇشى، پادىشاھ ئوردىسى قول - دېدەكلەرگە لىق
تولغان بولۇشى، ئۇنىڭ سېخىيلىقى ۋە مەردلىكى ۋايىغا يەتكەن
بولۇشى كېرەكلىكى سۆزلىنىدۇ. مۇئەللىپ يەنە سەلجۇقىيلار-
نىڭ قائىدە - مۇراسىملارغا ۋە خارجى يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلمى-
غانلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭچە پادىشاھ يازما ياكى ئاغزاكى يار-
لىقلارنى بەك كۆپ چۇشۇرمەسلىكى لازىم. ئۇ، شۇندىلا پادىشاھ
كۇندىلىك مەمۇريي ئىشلارغا ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئى-
تىگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن دانالارچە ساقلىنىپ قالالايدۇ. پادى-
شاھنىڭ بىردىنبىر ئاشكارا خىزمىتى سۆز قىلىش ۋە ئەرز -
شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ خاتالارنى تۈزىتىش ئىدى. مۇئەللىپنىڭ
قارىشىچە مەملىكەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ
كېتىشى ناتايىن، ئەمما خاتالىقلار ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس. گەر-
چە سۇلتانغا قارىتا تەنقىدلەر مەۋجۇت بولسىمۇ بۇ تەنقىدلەر ناھا-
يىتى سىپايىلىك بىلەن ئېيتىلغان تەكلىپلەر ئىدى.

ئىككىنچى بۆلەكتە بايان قىلىنغان ئىشلار ئالدىنقىسىدىن
پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا زامانىنىڭ زۇلمىتى، شۇملۇقىنىڭ جىمىلا
جايغا يامراپ كەتكىنى، كاجلىق ۋە تەتۈرلۈكنىڭ كۆپلۈكى،
كىشىلەرنىڭ ھەر قاچان ئاپەت ۋە قازادىن ۋايىم يەپ يۈرگەنلىكى
سۆزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە 40 - بابنىڭ بېشىدىكى بىر قانچە
بۆلەكتە مۇئەللىپ بارلىق جىنايى قىلمىشلارغا تەپسىلىي چۈشەنچە
بېرىدۇ، ئەمما چىۋەرلىك بىلەن نىقابلىنىپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل
ھۆكۈملىرىنى قىياسەن ئېيتىلغان سۆز شەكلىدە بايان قىلىدۇ؛
زۇلمەتلىك ئەمەلىيەت ۋە خاتا ئۇسۇللار مەملىكەتنىڭ بىخەتەرلى-
كىگە تەھدىت سالماقتا، تۆرىلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلىماقتا،

قارا بودۇنلار[1]نىڭ ئورنى ئۆسمەكتە، پىشقان كاسىپلار چىۋىن قورۇپ ئولتۇرماقتا ۋە ئىشسىز قالماقتا. لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتماقتا، خوتۇنلار دۆلەت ئىشىغا ئارىلىشىپ ياقىلار ئىتەك بولماقتا. سۇلتانغا قارىتىلغان تەنقىدى پىكىرلەر 40 ـ بابنىڭ 18 ـ بۆلىكىدە، 41 ـ بابنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 43 ـ بۆلىكىدە، 42 ـ بابنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە بەكلا ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، 41 ـ بابنىڭ 18~20 بۆلىكىدە بولسا، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ رەقىبى تەيھەل مۇلككە تىل تەگكۈزىدۇ. ئۇ مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئۇنۋانلىرىنىڭ خاتا يولغا قويۇلۇشى ھەققىدە 40 ـ بابنىڭ 1 ـ بۆلىكى ۋە 19~34 بۆلەكلىرىدە بۇنى ناھايىتى ئەرزىمەس ھادىسە سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. ئىسمائىلىيە پىرقىسى تەلىماتىنىڭ تارقىلىشى ئۇنى ئەندىشىگە مۇپتىلا قىلغان بولۇپ، ئەندىشىسىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولغان ئامىل ھەسەن ئىبنى سەبباھنىڭ (ھىجرىيە 483 ـ يىلى، مىلادىيە 1090 ـ يىلى) مىسىردىن ئىرانغا قايتىپ كېلىپ دەيلەمىيلەر خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق ۋائىزى بولۇپ تەيىنلىنىشى، ئۇنىڭ ئەلەمۇت قەلئەسى (ھەششاشى ـ نەشىكەشلەر) ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ سەلجۇقىيلارغا قارشى توپىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە يوشۇرۇن قەستلەش ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئىدى. 43~47 بابلاردا ئاساس قىلىپ دىنسىزلارغا قىلىنغان بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. بۇ مەزمۇنلارنى بىشى ۋە ئاخىرى پۈتۈن ئەسەر بويىچە ھەممىدىن بەكرەك ئازابقا تولغان بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسمائىلىيلەر ۋە قەرمەتىيلەر (ئۇ زامانلاردا يات دىنغا ئەگىشىپ كەتكەنلەر قەرمەتىيلەر دېيىلەتتى) نىڭ ئىسيانلىرى تۆپەيلىدىن نىزامۇل مۇلك ناھايىتى ئۇزۇن بىر باب (46ـ باب) نى يازىدۇ. 46 ـ بابتىكى مەزدەك

---

[1] خەلق

ۋە 45 ـ بابتىكى كەيقۇباد يۇقىرىدا ئېيتىلغان يات دىن مۇرتلىـ
ـرى ئىدى، ئارقىدىنلا ئۇ بابەكىيلەر ۋە خۇرەمىيلەر توغرىسىدا
توختىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ بابتا (48～50 باب) مۇئەلـ
ـلىپ ئەسلىمە شەكلىدە 1 ـ بابتىكى ئۇسلۇبتا دۆلەت ئىشلىرىغا
دائىر بەزى ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى
بۆلەكتە ئۇ پاسىبانى بىلەن ۋەدالىششىپ ئۇنىڭغا تۇرلۇك ئىشلارنى
بىر ياقلىق قىلغاندا مۆتىدىل يول تۇتۇشنى ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

## بسم الله الرحمن الرحيم

ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن (باشلايمەن). بارلىق ھەمدۇ - سانا ئاللاھقا خاستۇر (ئۇ ھەممىگە قادىردۇر)، ئۇ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. بەندىلىرىگە رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا سىر ئەمەستۇر، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا، مۆئمىنلەرگە بەخت ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبىرىمىز[1] گە، ئائىلىسىگە ۋە مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرى ياغقاي!

ئەمدى، تۇسلۇق ھۇسەيىنىنىڭ سۆزىنى تىڭشاڭلار: ھىجرىيە 479 - يىلى، مىلادىيە 1086 - يىلى ئىككى دۇنيانىڭ خىزمەتكارى، مۆئمىنلەرنىڭ يولباشچىسى (ئاللاھ ئۇنىڭ دۆلىتىنى زىيادە قىلغاي، دۈشمەنلىرىنى خارۇ - زار قىلغاي) ئەبۇل فەزىل مەلىكشاھ ئىبنى مۇھەممەد خادىملىرىغا ئۇشبۇ مۇقەددەس يارلىقىنى تارقاتتى ۋە ھەربىر خادىمغا مەملىكەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈش، «زامانىمىزدىكى ئوردا مەجلىسىدە، ئوردا - سارايلاردا، قوبۇلخانىلاردا سەۋەنلىك يۈز بەرگۈسى ھالقىلارنىڭ بار - يوقلۇقى، بىز دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەن ياكى ئەستە تۇتۇش زۆرۈر بولۇپ قالغان ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ تۇتقان يوللىرىدىن بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا توغرا كەلمەيدىغانلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى، پادىشاھلار ۋە خان ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ قانۇن - يوسۇنلىرىنىڭ

قانداق بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئەقىل يۇرگۈزۈشىنى بۇيـ
ـرىدى» . بۇ قانۇن ـ يوسۇنلارغا سەلجۇقىيلار سۇلتانلىرى ئىزـ
چىل رىئايە قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بىز ئۇنى مۇۋاپىق تۇزىتىشىدـ
ـمىز، كېيىنكى شەرىئەت ئىشلىرى مۇشۇ بەلگىلىمىلەر بويىچە
يۇرگۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. يەنە: «قانداق خەير ـ ئېھسان
تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەكلىكى، ئاللاھ بۇيرۇغان مەجبۇردـ
ـيەتلەرنى توغرا ئىجرا قىلالىغان ـ قىلالمىغانلىقىمىزنى، شۇ
ئارقىلىق سەۋەنلىكلەرنى قايتا سادىر قىلماسلىقتا ئىبرەت ئېلىشـ
ـنى، ئاللاھ بىزگە چەكسىز مەرھەمەت ئاتا قىلىپ دۇنيانىڭ
پادىشاھلىقىنى بىزگە تۇتقۇزغانلىقى ۋە دۇشمەنلىرىمىزنى تىزلاندـ
ـدۇرغانلىقى ئۇچۇن مەملىكەتنىڭ كېيىنكى تارىخىدا زىيان ـ
زەخمەت، مالىمانچىلىق، ئىسيان كەبى قىلمىشلارنىڭ يۇز بەرـ
ـمەسلىكى» توغرىسىدا كۆڭۈل تۇلپارىمىزنى تەپەككۇر ئاسمىنىدا
جەۋلان قىلدۇرۇپ دىللارنى روشەن قىلىشىمىزنى ئەمىر قىلدى.
ئۇشبۇ سەۋەبتىن كەمىنە ناتىۋان، ئاللاھنىڭ مۆئمىنى ئۆزىنىڭ
ھېس قىلغانلىرى، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، ھەرقايسى ئۆلىما ـ
شەيخلەردىن ئۆگەنگەنلىرىنى توپلاپ يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇلارنى
50 بابقا تەقسىملىدىم. ھەرقايسى بابلاردا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ
تەبلىغ ـ نەسىھەتلىرىدىن مۇۋاپىق ئۇزۇندىلەر كەلتۇردۇم. زاتى
مۇبارەكلەرنىڭ شەۋكەتلىك قىسسەلىرىدىن نۇرلار بەردىم. شۇـ
ـنىڭ بىلەن ئەسەر قىممەت ۋە گۇزەللىكتە پايانىغا يېتىپ كۆزدىن
كەچۇرگۇچىلەرگە بال ـ ھەسەل تېتىغۇدەك بولدى. بۇ
كىتابتا نۇرغۇن غەنىيمەتلىك پايدىلار بار. جانابلىرى ئۇنى نەزەرـ
ـلەردىن ئۆتكۇزۇپ ئەينەن ئىجرا قىلسىلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زور
ساۋابقا ساھىب بولىدىلا. كەمىنىلىرى ئوردا كۇتۇپخانىسى (ئاللاـ
ھ ئۇنىڭ ئاۋاتلىقىغا مەدەت بەرگەي) ئۇچۇن بۇ ئەسەرنى يېزىپ
خالىس ئارماغان (ھەدىيە) قىلىشنى لايىق تاپتىم. ئاللاھ خالىسا
ئەسىرىم ئالقىشقا سازاۋەر بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق بىر پادىشاھ مەزكۇر ئەسەرنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۇنى ئوقۇمىغانلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. بولۇپمۇ زامانىمىز ھۆكۈمرانلىرى تېخىمۇ شۇنداق قىلمىقى جائىز. چۈنكى پادىشاھلار بۇ ئەسەرنى قانچە كۆپ كۆزدىن كەچۈرسە شۇنچە كۆپ مەنپەئەت ئالىدۇ، شەرىئەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشتا شۇنچە دانا بولىدۇ، يارەنلەرنى ۋە دۈشمەنلەرنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن تېخىمۇ روشەن كۆرەلەيدىغان بولىدۇ، پەزىلەت ۋە شاپائەت ئۇلارغا قۇچاق ئاچىدۇ؛ ئوردا، قوبۇلخانا، ساراي ۋە لەشكىري سىياسەتلەر؛ باج، سودا ـ سېتىق، ئەرز ـ دەۋا قاتارلىقلارغا تېخىمۇ كامىل بولىدۇ، پادىشاھلىقتىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلەرنىڭ خاھى چوڭى، خاھى كىچىكى بولسۇن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەخپىي قالمايدۇ. (ئاللاھ خالىسا، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقىلا خاس)

**ئىزاھات:**

① مۇھەممەد ئالەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زات مىلادىيە 571 ـ يىلى تۇغۇلغان. مۇھىم ۋەقەلەر: مىلادىيە 610 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا ۋەھىينىڭ نازىل بولۇشى؛ مىلادىيە 621 ـ يىلى ئىسرا ۋە مىئراج، نامازنىڭ پەرز بولۇشى؛ مىلادىيە 622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان (ھىجرىيە يىلنامىسى مۇشۇ كۈندىن باشلانغان)؛ مىلادىيە 624 ـ يىلى (ھىجرىيە 2 ـ يىلى) بىرىنچى قېتىملىق بەدرى جېڭى، قىبلىنىڭ يۆتكىلىشى، رامىزاننىڭ پەرز بولۇشى، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى، چوڭ بەدرى جېڭى، تۇنجى ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى؛ مىلادىيە 625 ـ يىلى (ھىجرىيە 3 ـ يىلى) ئۇھۇد جېڭى؛ مىلادىيە 627 ـ يىلى (ھىجرىيە 5 ـ يىلى) خەندەك جېڭى، ھەجنىڭ پەرز بولۇشى؛ مىلادىيە 627 ـ يىلى (ھىجرىيە 6 ـ يىلى) ھۇدەيبىيە جېڭى، رىزۋان بەيئىتى، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى؛ مىلادىيە 628 ـ يىلى

(ھىجرىيە 7 ـ يىلى) خەيبەر جېڭى؛ مىلادىيە 630 ـ يىلى (ھىجرىيە 8 ـ يىلى) مەككە شەھىرىنىڭ فەتھى قىلىنىشى، ھۆنەين جېڭى، تائىف جېڭى؛ مىلادىيە 632 ـ يىلى (ھىجرىيە 10 ـ يىلى زۇلھەجە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى) خوشلىشىش ھەججى قاتارلىقلار. مىلادىيە 632 ـ يىلى (ھىجرىيە 11ـيىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 13ـكۈنى)، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۈشەنبىدە ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## بەخت ـ سائادەت قۇياشىنىڭ چۆرگىلىشى ۋە پەرۋەردىگارغا مەدھىيە

ھەرقاچان، ھەر زامان رەببىمىز (ئۇنىڭغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن) بىر قەۋمدىن بىر كىشىنى خىللاپ، ئۇنىڭغا پادىشاھلىق شاپائىتىنى تەسەددۇق قىلىدۇ ھەمدە دۇنيا مەئىشتى ۋە بەندىلەر-نىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇ خادىمغا بۇزۇقچىلىقنى تۈگىتىش، مالىمانچىلىقنى تىنجىتىش ۋە تالاش ـ تارتىشقا ئادىل ھۆكۈم قىلىشنى كۆڭلىگە سالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا شۇنداق ئەمىر قىلىدۇكى، رەئىيەتنىڭ نەزىرىدە ئۇ گۈزەل پەزىلەتنىڭ ۋە ئابرۇي ـ ئىناۋەتنىڭ ساھىبى بولالى-شى، ئۇنىڭ ئادالەت تۇغى ئاستىدا رەئىيەت[1]خاتىرجەم ياشاپ بۇ پادىشاھنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىشىغا دۇئا-لار قىلىش لازىمدۇر.

ھەر زامان (ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!) ئىنسانىيەتكە خارابلىق كەلتۈرگۈچى ياكى ئۇلارنى قان ـ ياشلىق شىكايەتكە ئۇندىگۈچى قانۇن ـ يوسۇنلار بارلىققا كېلىپ، ئاللاھنىڭ زېمى-نىدىكى ھۆكۈمدارلىرىغا ئاھانەت كەلتۈرگۈسى قىلمىشلار ئەۋج ئالغاندا ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت ئوقۇغان. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىشقا بۇيرۇغان (پەرۋەر-دىگارىم، بىزنى بۇنداق شۇم تەقدىردىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغاي-

---

① رەئىيەت ـ پۇقرا.

سەن، بۇ ئاپەتلەرنى بېشىمىزدىن يىراق قىلغايسەن! ) . شۇبھە-
سىزكى، ئاللاھنىڭ جازاسى بۇ كىشىلەرگە لايىق بولىدۇ، ئاللاھ
ئۇلارنىڭ بويسۇنۇشنى تەرك ئەتكەنلىكلىرى ھېسابىغا ئۇلارنى ئۆز
رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولۇشتىن تەرك ئېتىدۇ. پادىشاھلىق ئۇلا-
رنىڭ ئارىسىدا قاڭقىپ يۈرىدۇ، ئىسيان شەمشىرى قىنىدىن
سۇغۇرۇلسا قانلار يەر يۈزىنى بويايدۇ. زورلۇق قىلغۇچىلار،
گۇناھكار بەندىلەر مالىمانچىلىق ۋە قان دېڭىزىدا تىپىرلاپ ھالاك
بولغۇچە، دۇنيا ئۆزىنىڭ پاك ۋە راھەتبەخشلىكىگە قايتقۇچە خا-
لىغىنىنى قىلىدۇ. بۇ پاسىق بەندىلەر گۇناھ قىلىۋاتقان مەزگىلدە
ساپ دىل كىشىلەرمۇ مالىمانىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشى مۇم-
كىن. بۇ بەجايىكى سامانلىقتا ئوت كەتسە قۇرۇق نەرسىلەرنىڭ
ۋە ھۆل ئوتۇنلارنىڭ ھەممىسى تامام كۆيۈپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ.
بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھۆل ئوتۇن قۇرۇق ئوتۇنغا يېقىن تۇرۇپ
قالغانلىقىدۇر.

ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، بىر كىشى بايلىق ۋە قۇدرەتلىك
ھوقۇقنى تەلەپ قىلغاندا ئاللاھ ھەربىر ئىنساننىڭ ئەملى ۋە
سەۋەبىگە قارىتا بەخت - سائادەت، تالانت - ئىستىدات ئاتا
قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ تالانت - ئىستىداتنى ئىشلىتىپ ۋە ئۆز ئارتۇق-
چىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆز قەۋمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.
شۇنداقلا ئۆز ئېتائىتىدىكى مەرتىۋىلىك خادىملارغا ئۆز ئىلتىپاتى-
نى ئايماي ئۇنىڭ ئوزى بىلەن ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇۋاپىقلاشتۇ-
رىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئارىسىدىن ۋەزىر ۋە مەمۇ-
رىي ئەمەلدارلارنى ئىلغاپ چىقىپ ئۇلارغا تېگىشلىك ئورۇن ۋە
ئەمىنات بېرىدۇ، شۇنداقلا ئاشۇلارغا تايىنىپ تۇرۇپ شەرىئەت
ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ
ۋەزىر - بۇيرۇقدارلىرى ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت قىلىپ سادا-
قەتتە بولسا پادىشاھ بولغۇچى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى مۇشكۇ-
لاتقا مۇپتىلا قىلماسلىقى جائىز. ئۇلار ئۇنىڭ ئادالەت بايرىقى

ئاستىدا ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن. ناۋادا
ۋەزىر - بۇيرۇقدارلىن بىرەرى نامۇۋاپىق سەۋەنلىكلەر ياكى ئىس-
يان قىلمىشى سادىر قىلىپ قويسا ۋە بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنى
ئىستىسە ئۇنى ئەسلى ئورنىدا قالدۇرۇپ نەسىھەت قىلىش
ياكى جازالاش ئارقىلىق بىغەملىك ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويۇش
لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋەرسە
ئۇنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىش ۋە ئورنىغا باشقا بىر مۇۋاپىق
كىشىنى قويۇش كېرەك. پادىشاھنىڭ خادىملىرى شاپائەتنى ئۇن-
تۇسا، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتىپ - ئاشقۇدەك
كىرىمگە شۈكۈر قىلمىسا، ئەسلى - ۋەسلى، بايلىق ۋە جاۋا-
ھىرلاردىن نېرى بولالمىسا ئۇنداقلار مۇقەررەر ئىسيان قىلىدۇ.
بۇ ۋاقىتتا پاسىبان بولغۇچى ئۇلارغا ناشايان قىلىقلارنى توختى-
تىش توغرىسىدا تەنبىھ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ
ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ تېگىشلىك جازا بېرىشى كېرەك.
پاسىبان بولغۇچى بۇ ئىشلارنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇلارنى
كەچۈرۈشى ۋە خاتالاشقان ۋەزىرلەرنى ئەپۇ قىلىشى دۇرۇس.
ئارقىدىن، پادىشاھ بولغۇچى سائادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان
ئىشلار، مەسىلەن، ئەۋرەز يوللىرىنى ياساش، ئېرىق - ئۆستەڭ
قېزىش، كۆۋرۈك - يول ياساش، ئېگىز ئىمارەتلەر ۋە مەنىشەت-
لىك تۇرالغۇلارنى سېلىش، قەلئە - قورغان ياساش، يېڭى يۇرت-
لارنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولمىقى، غول
يوللار بويىدا ساراي - دەڭلەرنى قۇرۇش، بىلىم مەستانىلىرى-
گە مەدرىسلەر سېلىپ بېرىش كېرەك. شۇندىلا ئۇنىڭ نامى
ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ. ئاخىرەت دۇنياسىدىمۇ ئۆز قىلمىشىنىڭ يې-
تەرلىك مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغى-
دۇ.

ئاللاھنىڭ كالام - شەرىپلىرىدە زامان مۇنداق بولۇشى كې-
رەك دېيىلىدۇ، يەنى مەزكۇر زامان ئارقىلىق ئۆتكەنكى زامانىنى

تەھقىقلىگىلى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بىر ئۆلچەم بولۇشى كې-
رەككى، مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ئىلگىرىكى خان ـ پادىشاھلار-
نىڭ قىلمىشىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولسۇن. شۇڭا پەرۋەردىگارىم
ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلارغا ئۇلار بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى
ھېچبىر ئىنسان نائىل بولۇپ باقمىغان بەخت ـ سائادەتنى ئاتا
قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ «مەلىكۇل جەھان» نى يەنى پادىشاھلار-
نىڭ پادىشاھى بولغانلار ئارىسىدىن ئىككى ئېسىل نەسەبنى بارلىق-
قا كەلتۈردى. بۇ ئىككى نەسەب خانلارنىڭ ۋە كاتتىلارنىڭ يۆشۈ-
كىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەجدادىنى ئەفراسىيابقىچە[1] سۈرۈشكە بولىدۇ.
پەرۋەردىگارىمىز ئۇنى (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىنى) سەلتەنەتكە
ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇنىڭدىن
ئاۋۋالقى خان ـ پادىشاھلارغا بەرگەن ئەمەس. پەرۋەردىگارىمىز
ئۇلارغا بىر پادىشاھتا بولۇشقا تېگىشلىك بارچە سۈپەت ـ سۇمباتلىق چىراي، ئىللىق مىجەز، دۇرۇسلۇق، كەسكىنلىك، باتۇر-
لۇق، قىيامىغا يەتكەن چەۋەندازلىق، مول ئىلىم، تۇرلۇك
قورال ـ ياراغلاردىن ۋە خىلمۇخىل ئىلىم ـ ئېرپان بىلىملىرى-
دىن پايدىلىنىپ ئۆز پۇقرالىرىغا ھىممەت ـ شاپائەت ئاتا قىلىش،
ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ لەۋزىدە تۇرۇش، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت
قىلىش، ۋىتىر ۋە تەھەججۇد كېچىدە ئوقۇلىدىغان نەفلەناماز)
نامازلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش،
شەرىئەتنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، تەقۋادارلارنى قەدىرلەش، ئۆلى-
مالارغا ھەمدەمدە بولۇش، قەرەللىك خەير ـ ئېھسان قىلىپ
تۇرۇش، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ياردەم بېرىش، خادىملىرىغا ۋە
قۇل دېدەكلىرىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە
ئۇچرىغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلغان. ئۇ
پەقەت يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىزان بويىچە سەلتەنەت يۈرگۈز-

---

[1] بۇ كىشى تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قاغانى ئەمەس. تۈركچە نامى ئالپ ئەر تۇڭا. مىلادىدىن 625 ـ يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىلا پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ئېسىل خىسلىتىگە ۋە قىلمىش ـ ئەت-
مىشلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ۋە زېمىنىنى تېگىشلىك دەرد-
جىدە زىيادە قىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيانى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا تاپشۇرى-
دۇ. پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭغا ئولپان تاپشۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇلار
ئۇنىڭدىن ئىلتىپات تەلەپ قىلسا يامانلىق كەلمەيدۇ.

ئەلھال، خەلقلەر زامانىسىدا خەلقلەرنىڭ دۆلىتى زىيادىلى-
شىپ كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ مەملىكىتىدە مالىمان، ئىسيان
ئۈزۈلمىدى. ھالبۇكى، بەختىيار زامانىمىزدا (رەببىمىزگە يۈز-
مىڭ قەترە شۈكۈر) ھېچبىر دۇنيادا سۇلتانلىرىمىزغا ۋە خوجى-
مىزغا يامانلىق قىلىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگۈچى بولمىدى. بى-
رەر كىم بېشىنىڭ كېتىشىگە قارىماي پادىشاھلىرىمىزغا ھۆرمەت-
سىزلىك قىلىپ باقمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۆلىتىنى تاكى
قىيامەت كۈنىگىچە ئامان قىلغاي! ئاللاھ ئۇنىڭ دۆلىتىنى يامان
كۆزلەردىن ساقلىغاي! ئۇنىڭ دۆلىتىنى كامىللىقتا بەر قارار
قىلغاي! شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئادالەتلىك، نوپۇزلۇق
پادىشاھلىقنىڭ راھىتىنى كۆرگەي! بارچە ئەل چىن دىلىدىن
«مەلىكۇل جەھان» غا بەخت ـ سائادەت تىلىگەي!

بۇ شەۋكەتلىك ئەل بەخت ـ سائادەتكە تولغاندۇر. ئۇنىڭ
بۈيۈكلۈكىگە يارىشا يېتەرلىك دەرىجىدىكى دانالىق ۋە شەۋكەتلىك
قانۇن ـ يوسۇنلار ھەرقاچان ھەمراھدۇر. «مەلىكۇل جەھان» نىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتى بەجايىكى يۈز مىڭلىغان شاملارنى ياندۇرغۇچى
ئوتقا ئوخشايتتى. بۇ ئوتنىڭ تەپتىدىن دۇنيا گۈزەل ئىستىقبالى-
نى كۆرۈپ شۇنىڭغا تەلپۈندى ۋە زۇلمەتتىن مېڭىپ چىقتى.
«مەلىكۇل جەھان» ھېچقانداق ئەقىلدارغا مۇھتاج ئەمەس، ئەمما
ئۇ ئېھتىياتكار ۋە ھوشيار ئىدى. ۋەزىرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلى-
نى ئۆلچەپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ بەزىدە ئەرزىمەس قول ـ دېدەكلەر-
گە بىر پادىشاھ ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بەزى ئېسىل
پەزىلەتلەرنى خاتىرىلەپ قويۇشقا ئەمىر قىلاتتى. شۇنداقلا ئىلگى-

رىكى پادىشاھلار ئەمەل قىلغان، ئەمما ھازىرقى پادىشاھلارنىڭ ئەمەل قىلىشىدىن قەپقالغان ھەربىر مىزاننى خاتىرىلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى مەيلى ياخشى ئىش بولسۇن، ياكى يامان ئىش بولسۇن ئەپقالماستىن ھېلىقى قۇل ـ دېدەككە بايان قىلاتتى. ئۇ قۇل ـ دېدەك بولسا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق ئەستە تۇتۇۋېلىپ تامام خاتىرىلەپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## ئاللاھنىڭ پادىشاھلارغا قىلغان ئىلتىپاتىنىڭ بايانى

پادىشاھلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىقى جائىز. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەرگە تالىق (لايىق) بولۇپ ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ. ئەلنىڭ دۇئاسىنى ئالغان مەملىكەت كۈنسېرى راۋاج تاپىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئەلنىڭ پادىشاھىمۇ كۈچ - قۇدرەتتە تەڭداشسىز بولۇپ، ئاسايىشلىقتا چۈمىدۇ. بۇنداق پادىشاھ بۇ دۇنيادا ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت تاپىدۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ يۈزى يورۇق بولۇپ باياشاتلىقتا ئۆتىدۇ.

ئەلقىسسە: يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي) ئالەمدىن ئۆتكەندە كىشىلەر ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن) نىڭ قەبرىسى يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇنى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ يېنىغا يەرلىككە قويماقچى بولۇپ تۇرغاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇنى بۇ يەرگە قويماڭلار، ئۇنىڭ جايى بۇ ئەمەس. چۈنكى مەھشەرگاھتا ئۇ ئۆزى ئۆتكەن پادىشاھلىق ۋەزىپىسىدىن ھېساب بېرىشى كېرەك». يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئىشلار راستتىنلا شۇنداق بولسا قالغان پادىشاھلارنىڭ ئورنىنىڭ قانداق بولۇشى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

پەيغەمبىرىمىز (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دىن بىزگە يېتىپ كەلگەن بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، قىيامەت كۈنى

سۇر چىلىنغاندا ئۆز ھاياتىدا ھوقۇق ئىگىلەپ باققان ۋە بەندىلەرگە يولباشچى بولغان ھاكىملار قوللىرى باغلاقلىق ھالدا ھازىر بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ ئادىل ھۆكۈمدار بولغان بولسا شۇ ئادىللىقىنىڭ ساۋابىدىن قوللىرى باغلاقتىن بوشىنىپ كېتەرمىش ھەمدە جەننەتۇل فىردەۋسكە ئاپىرىلارمىش؛ ئەگەر زۇلۇم ۋە جەبىر قىلغان كىشى بولسا شۇ ئادالەتسىز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخقا تاشلىنارمىش. شۇنداقلا ئىككى قولى كېسەلىنەرمىش.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: سۇر چېلىنغان كۈنى پۈتۈن مەۋجۇداتلار قىيامەتنىڭ سوئال - سورىقىدىن ئۆتىدۇ، ئەدناسى مال باققان مالچى ئۆزىنىڭ مېلىنى بېقىش ئىشىدىن ھېساب بېرىدۇ.

ئېيتىلىشىچە: ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئاتىسى ئاخىرەت سەپىرىگە مېڭىش ھارپىسىدا ئابدۇللا ئۇنىڭدىن سورىغانىكەن: «ئەي ئاتا، قاچان ۋە قەيەردە سىز بىلەن قايتا دىدارلىشىمىز؟» ئاتىسى: «ئاخىرەتتە» دەپتۇ. ئابدۇللا يەنە دەپتۇ: «سىز بىلەن راستىنلا بالدۇرراق دىدارلاشقۇم بار». ئۆمەر ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېگەنىكەن: «بۈگۈن كېچە، ئەتە ئاخشام ياكى ئۆگۈنلۈككە ئاخشىمى چۈشىڭىزدە مېنى كۆرىسىز». ئەمما ئارىدىن 12 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەرھۇمنىڭ روھى بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ چۈشىدە زاھىر بولماپتۇ. ھالا بىر كۈنى ئابدۇللا تاسادىپىي چۈشىدە ئاتىسىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا دەپتۇ: «ئەي ئاتا، سىز ئاشۇ ئۈچ ئاخشامنىڭ بىرىدە چۈشۈمدە كۆرۈنىدىغان بولغانتىڭىز، ئەمما ئۇنداق بولمىدىغۇ؟» ئاتىسى دەپتۇ: «ئەي پەرزەنتىم، پەقەتلا چولام تەگمىدى. باغداد سىرتىدىكى بىر كۆۋرۈك بۇزۇلغانىكەن، بەگلەردىن بىرەرىمۇ ئۇنى ئوڭشاپ قويماي دېمەپتۇ. بىر كۈنى بىر قوينىڭ پۇتى ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ يىرىقىغا كىرىپ قېلىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. مەن ھازىرغىچە شۇ ئىش بىلەن بولۇۋاتىمەن...»

دەرۋەقە «مەلىكۇل جەھان» نىڭ روشەن دىللىرىدىن مەخپىي قالمىغايكى، ئاشۇ ئۇلۇغ كۈندە ئۆزات ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلـ-
غان پۇقرالىرىنىڭ سوئال - سورىقىغا جاۋاب بېرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ پۈتۈن ئەيىبىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويسا ئۇ ئەلنىڭ
ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا پادىشاھ بولغۇچى بۇ مۇ-
ھىم ۋەقەلەرنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلماسلىقى، پەرۋەردىگارنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشتىن ھېيىقىشى لازىم. ئەڭ ياخشىسى
ۋەزىرلەر ئاشكارا ياكى مەخپىي رەۋىشتە پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پادىشاھ ۋەزىرلەرنى
ھىمايە قىلىشى، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلماسلىقى، ئۇلارغا پادىشاھلىقنىڭ رىيازىتىنى يەتكۈزمەسلىكى لازىم. شۇنداق قىلا-
لىسىلا پادىشاھنىڭ ھىممىتى تېگىشلىك مېۋە بېرىدۇ، ئەل - يۇرت ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى-
دۇر.

# ئۈچىنچى باب

## ناھەقچىلىكنى تۈگىتىپ، ئادالەتنى يولغا قويۇشنىڭ بايانى

پادىشاھ بولغۇچىغا شۇ نەرسە مۇتلەق زۆرۈركى، ئۇ ھەپتىدە ئىككى قېتىم سارايغا كېلىپ سالامنى قوبۇل قىلىشى، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ زۇلۇم قىلغۇچىدىن قىدىيە (تۆلەم) ئېلىشى، ئادالەتكە رىياسەتچى بولۇپ ۋەزىرلەرنىڭ ئاخباراتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىشى لازىم. ئەگەر بەزى مەلۇماتلار مۇھىم ئىكەنلىكى بىلەن دىققەتنى تارتسا ئۇنىمۇ پادىشاھقا سۇنۇشى، پادىشاھ ھەربىر مەلۇماتقا ھۆكۈم چىقىرىشى زۆرۈر. بۇ مەلۇمات پۈتۈن ئەلگە تارقالغاندا، «مەلىكۇل جەھان» ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم ئوردا كۆرۈنۈشى قىلىشتا مەلۇمات يازغۇچى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى ئوردا ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندا جازاغا تارتىلىشتىن قورقۇپ بارلىق زۇلۇم قىلغۇچىلار ئادالەتنى ياقلىماسلىققا بېشى ئونلۇق قىلالمايدۇ، پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىشمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

قەدىمكى نامىلەردىن ۋاقىپ بولۇشۇمچە، كۆپلىگەن پارس پادىشاھلىرى ھەمىشە ئات ئۈستىگە بىر پەشتاق ياسىتىپ شۇ پەشتاققا چىقاركەن. شۇندىلا ئۇ ئەرز - دەۋا ئۇچۇن كەلگەنلەرنى توسالغۇسىز كۆرۈپ ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولالايدىكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، پادىشاھ بولغۇچى ئىشىكى، قۇلۇپلىرى، سەيناسى بار ۋە قېلىن پەردىسى بار ئۆيلەردە تۇرسا خۇشا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەتچىلەر ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلار پۇقرالارنى قوغلاپ پادىشاھقا يې-
قىن كەلتۈرمەيدىكەن.

ئاڭلىشىمچە، مەلۇم بىر ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ قۇلىقى ئېغىر ئىكەن. شۇڭا ئۇ بەگ - تۆرىلەرنىڭ ۋە ئىلماچىلارنىڭ ئەرز - شىكايەتچىلەرنىڭ دادلىرىنى ئەينەن يەتكۈزمەسلىكىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىكەن. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قېلىپ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولمىغان يارلىق چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا تونۇۋېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بارلىق شىكايەتچىلەرنىڭ قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىشىنى، بۇلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ قىزىل لىباس كىيمەسلىكىنى بۇيرۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا پىل ئۈستىدىكى پەشتاقتا چىقىپ قىزىل كىيىم كىيگەنلەرنى سەپ بولۇپ تىزىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئۇ بىر خالىي جايغا بېرىپ شىكايەتچىلەرنى بىر - بىرلەپ ئالدىغا چاقىرتىپتۇ، شىكايەتچىلەر توۋلاپ تۇرۇپ ئەرز - دادىنى بايان قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇلارغا ئادالەتنى كۆرسىتىپتۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق غەمخورلۇققا نائىل بولغاچقا قەبرە سورىقىدا جاۋاب بەرگەندە نادانلاردىن ھېسابلانماسمىش.

## ئادىل ئەمىر ۋە سەففارىيلار خاندانلىقى① ھەققىدە بايان

سامانىيلار ئەۋلادىدىن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ئىسمىلىك

① بۇ ياقۇب ئىبنى لەيس سەففارى خوراساندا تاھىرىيلەر دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن قۇرغان دۆلەت. 868 - يىلدىن 902 - يىلغىچە دەۋر سۈرگەن. ياقۇب باغدادقا ھۇجۇم قىلغاندا خەلىفە مۇئتەمىد ئۆز ئىنىسى مۇۋەففىقنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ 876 - يىلى دىر ئاقۇل دېگەن جايدا ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. 879 - يىلى ياقۇبنىڭ ئورنىدا ئىنىسى ئەمرلەيس ھوقۇق تۇتقان. ئۇ خەلىفە مۇئتەمىد ۋە مۇئتەزىدلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانى ئەسىر ئېلىپ مۇئتەزىدغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خانلىق يوقالغان.

بىر پادىشاھ ئۆتكەنىدى. ئۇ پادىشاھ شۇنچىلىك ئادىل ئىدىكى، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە پەزىلەتتە تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇ ئاللاھقا ناھايىتى تەقۋادارلىق بىلەن ئىبادەت قىلاتتى، غېرىب - غۇرۋالارغا قولى ئوچۇق ئىدى. بۇلار پەقەت ئۇنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنىڭ تامچىسى بولالايتتى، خالاس. ئۇنىڭ ئوردىسى بۇخارادا بولۇپ خۇراسان، ئىراق ۋە ماۋەرا ئۇننەھر ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ شۇلارغا قارام ئىدى.

ياقۇب ئىبنى لەيس شىستان شەھىرى (زەرەنج شەھرى) دە ئىسيان قىلىپ پۈتكۈل شىستاتنى ئىگىلىدى ۋە خوراسانغا ھۇجۇم قىلىپ قولىغا كىرگۈزدى. ئاندىن خوراساندىن يولغا چىقىپ ئىراققا باردى ۋە پۈتۈن ئىراقنى پەتھى قىلدى. ئۇ ئىمامىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ يوشۇرۇن ھالدا ئىسمائىلىيە پىرقىسىگە ساداقەت بىلدۈرۈپ قەسەم بەردى ۋە باغداد خەلىپىسىگە قارشى چىقىشقا نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇراسان ۋە ئىراق ئەمىرلىرىنى كىشىكە چاقىرىپ باغدادقا يۈرۈش قىلىپ خەلىپىنى قەتلە قىلىپ ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنى يەر يۈزىدىن يوقاتماقچى بولدى.

خەلىپىگە ياقۇبنىڭ ئۇدۇل باغدادقا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغاندا خەلىپە ياقۇب تەرەپكە يالۋاچ (ئەلچى) ماڭدۇرۇپ مۇنۇ سۆزنى يەتكۈزدى: «باغدادتا تۇرۇشقا سىزنىڭ ھېچ ھەققىڭىز يوق. ئەڭ ياخشىسى ئىراق ۋە خوراساننى باشقۇرۇڭ، ئۇ جايلاردا توپىلاڭ ۋە خاندانلىقىمىزغا قارشى پىتنە پەيدا بولمىسۇن. تېز قايتىڭ». ياقۇب بۇ پەرمانغا تەۋرەپمۇ قويماي: «ئارزۇيۇم باغداد ئوردىسىغا بېرىپ ساداقەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆز مەجبۇرىيىمنى ئادا قىلىش، مۇشۇنى قىلمىغۇچە ئىزىمدىن يانمايمەن» دېدى. خەلىپە ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە ئەلچى ماڭدۇرغان بولسىمۇ ياقۇب بىر خىللا جاۋابنى تەكرارلىدى ۋە باغدادقا قوشۇن تارتتى. خەلىپە ياقۇبتىن ئەنسىرەپ ۋەزىر - ئۆلىمالارنى يىغدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ياقۇبنىڭ ساداقەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى دىللارغا روشەن بولدى. ئۇ ھازىر ئاسىيلارچە مۇشۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇنى چىللىمىساقمۇ ئۇ يەنىلا مۇشۇ ياققا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قايتىشنى يارلىق قىلساقمۇ يەنىلا كېلىۋاتىدۇ. ھاسىل كالام، ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. پەممچە ئۇ باتىنىيلارغا قول بەرگەندەك قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن ئەسلى ھالىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دەرھال ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. ئەمدى بۇنىڭ ئىلاجىنى قانداق قىلىمىز؟»

ئاقىۋەت ئۇلار مۇنداق قارار قىلىشتى: خەلىفە باغداد شەھىرىدىن چىقىپ دالادا بارگاھ تىكىش، باغداد ئۇردىسىدىكى ۋەزىرلەر ۋە تۆرىلەر، خەلىفەنىڭ مەھرەملىرى خەلىفەنىڭ سايىسىدىن قالماسلىق، شۇنداق قىلغاندا ياقۇب كېلىپ خەلىفەنىڭ قوشۇن بىلەن ئاي دالادا قارارگاھ تىككىنىنى كۆرسە نىيىتى ئىشقا ئاشمايدۇ ۋە ئۇنىڭ «مۆئمىنلارنىڭ ھامىيسى»غا قارشى مەۋقەسى ئاشكارا بولىدۇ، نەتىجىدە بۆلۈنۈش يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ياقۇب ئىسيان قىلماقچى بولسا ئىراق ۋە خوراساننىڭ بارلىق ۋالىي، تۆرىلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئاشكارا دۈشمەنلىشىشنى ئىستىسە ئاشۇ ۋالىي ۋە بەگلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ياقۇبقا شىردەك تاشلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار شىردەك تاشلىنالماي تەرەببال بولۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالسا ئۇلار زىندانلارغا چۈشۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە بارالىغانلىكى جايلىرىغىچە كېتىپ قېلىشىدۇ. بۇ قارار «مۆئمىنلەر ھامىيسى»غا ياقتى ۋە ئىجراغا سۇنۇلدى. بۇ خەلىفە ـ مۇئتەمىد ئىدى.

ياقۇب يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خەلىفەنىڭ قارارگاھى ئۇدۇلىدا ئاتتىن چۈشۈپ بارگاھ تىكتى. ئۇنىڭ قوشۇنى خەلىفە قوشۇنى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ كەلگەن كۈنىلا خەلىفەنى نەزىرىگىمۇ ئىلىپ قويماي بىر مەھرەم ئارقىلىق «باغدادنى تاشلاپ بېرىپ خالىغان يېرىڭىزگە كېتىڭ» دېگەن سۆزنى يەتكۈزدى.

خەلىفە ئىككى ئاي مۆھلەت سورىغاندا ياقۇپ رەت قىلدى. شۇ كېچىسى تۈن قاراڭغۇسىدا خەلىفە يېقىن ئادەملىرىدىن بىرىنى ياقۇپ-نىڭ قوشۇنىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭ سانغۇنلىرىغا مۇنداق دېدى: «ئۇ ئاشكارا ئىسيان قىلىپ سىيلار بىلەن ئۇلپەتلەشتى. ئۇنىڭ خىيا-لى خەلىفىلىكنى ئۆرۈۋېتىپ دۇشمەنلىرىمىزنى تەختكە چىقىرىش ئىدى. ئەجەبا سىلەرمۇ شۇنىڭغا رازى بولامسىلەر؟» بەزى سان-غۇنلار مۇنداق دېيىشتى: «بىز ئۇنىڭ تۈزىنى يەپ كېلىۋاتىمىز. پەقەت شۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلغىنىمىزدىلا ئۆزىمىزنىڭ شان - شەۋكىتىنى جەۋلان قىلدۇرالايمىز». سانى ئانچە كۆپ بولمىغان سانغۇنلار مۇنداق دېيىشتى: «مەلكۇل جە-هان» ئېيتقان ئەھۋالدىن بىخەۋەركەنمىز. بىز ئۇنى (ياقۇپنى) ئىسيان كۆتۈرىدۇ دەپ زىنھار ئويلىماپتۇق. ناۋادا ئۇ راستتىنلا ئاشكارا ئىسيان قىلسا بىز قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز. جەڭ ناغرىسى ياڭرىغان كۈنى بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەمەس، خەلىفە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» بۇلار ئاساسەن خۇرا-سان قىسىملىرىنىڭ سۇ باشلىرى ئىدى.

خەلىفە ھەزرەتلىرى ياقۇپ سانغۇنلىرىنىڭ مۇنداق جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. ئەتىسى ئۇ بىر مەھ-رىمىنى يۈرەكلىك ھالدا ياقۇپ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «ۋاپاغا جاپا قىلىشنى لايىق كۆرگەن ۋە دۇشمەنلىرىمىز بىلەن ئەھدىلەشكەن بولسىڭىز ئوتتۇرىمىزدا پەقەت شەمشەر بىلەن قان-غىلا ئورۇن قالىدۇ. قوشۇنىڭىزنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ قالغانلىقىمدىن زادىلا ۋايىم يېمەيمەن. چۈنكى ئاللاھ (ئۇ ھەممىگە قادىر، پۈتۈن ھەمدۇ - سانا ئاللاھقىلا خاس) ھەق يولدىكىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، ئاللاھ بىز تەرەپتە تۇرىدۇ. سىزنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ قوشۇنىڭىز ئەمەلىيەتتە ماڭا تەئەل-لۇق». ئۇ يارلىق چۈشۈرۈپ قوشۇنلارنى قوراللاندۇرۇش، جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىش، لەشكىرىي كانايىنى چېلىش بۇيرۇقى بەر-

www.uyghurkitap.com

دى. ئۇنىڭ قوشۇنى ياۋ قارارگاھىغا نىشانلاپ توغرىسىغا سەپ تۈزۈپ كەڭ دالاغا يېيىلدى.

ياقۇب خەلىفەنىڭ بايانىنى ئىشىتكەندىن كېيىن «دەل كۆڭ- لۈمدىكى ئىش بولدى» دېدى. ئۇمۇ دۇمباق چېلىشقا بۇيرۇق بېرىپ پۈتۈن قوشۇنىنى ئاتلاندۇردى ۋە سەپ تۈزۈپ ياۋغا قارشى ماڭدى. خەلىفە ۋە ياقۇب ئۆز توپلىرى ئارىسىدىن چىقىپ ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا بىر ـ بىرىگە روبىرو بولدى. ئارقىدىنلا خەلىفەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۇلدۇرمامىدەك ئاۋازى بار بىرەيلەن ئالدىغا ئۆتۈپ ياۋغا خىتاب قىلدى: «ئەي مۆئمىن مۇسۇلمانلار! ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ياقۇب ئەشەددىي مۇناپىقتۇر. ئۇ ئابباسىيلارنىڭ شەۋكەتلىك سەلتەنىتىنى قارا يەرگە ئىرغى- تىپ، خەلىفىنىڭ دۇشمەنلىرىنى خەلىفىلىك تەختىگە چىقارماق- چى، سۈننىلەرنى قىرىپ تۈگەتمەكچى. كىمكى ئاللاھنىڭ پەي- غەمبىرىنىڭ ۋارىسى بولغان خەلىفىگە قارشى چىقسا ئاللاھقا قارشى چىققىنىغا باراۋەردۇر. كىمكى پەيغەمبەرگە (ئاللاھ ئۇ- نىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئاسىيلىق قىلسا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىل- غانغا باراۋەردۇر، ئۇ مۇرتەدتۇر. ئاللاھ (پۈتۈن ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر) ئۆزىنىڭ شەكتىن خالىي كىتابىدا، «ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتا- ئەت قىلىڭلار» («قۇرئان» 4 ـ سۈرە، 59 ـ ئايەت) دېگەن ئىدىغۇ! ئاراڭلاردىكى دوزاخنى ئەمەس جەننەتنى ئىستىگۈچىلەر، سەپسەتىگە ئەمەس ھەقىقەتكە ئىنتىلگۈچىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، دۈشمەنلەرگە ئەگەشمەڭلار!»

ياقۇبنىڭ قوشۇندىكىلەر بۇ خىتابنى ئاڭلاۋاتقاندا خۇراسان سانغۇنلىرى بىردەك خەلىفە قوشۇنىغا يېقىنلاشتى ۋە مۇنداق دې- يىشتى: «بىز ئۇنىڭ ئوردىغا ماڭغىنىنى خەلىفىنىڭ يارلىقى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمىز. ئەمدى بىلدۇقكى ئۇ ئىسيان- چى مۇرتەد ئىكەن. بىز سىزگە قوشۇلىمىز ۋە جانلىرىمىزنى

تەسەددۇق قىلىشقا تەييارمىز» .

خەلىفە بۇ مەدەتكار ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوشۇنغا ھۇجۇم بۇيرۇقى چۈشۈردى. ياقۇب تۈنجى جەڭدىلا يېڭىلىپ خۇزىستان تەرەپكە قاچتى. ئۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، لەشكىري تەمىنات ۋە چېدىرلىرى خەلىفە قوشۇنىغا غەنىيمەت بولدى. ئۇ (ياقۇب) خۇزىستانغا بارغاندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپكە چاپارمەن ماڭغۇزۇپ قوشۇن توپلىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ سۇ باشلىرىنى توپلاپ ئۇلارغا ئىراق، خوراسان خەزىنىلىرىدىن لەشكىري لاۋازىمەت ۋە تەمىناتقا ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

خەلىفە ياقۇبنىڭ خۇزىستاندا قارار تىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال بىر يالۋاچتىن ياقۇبقا مۇنداق مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىدى: «ھەممىمىز سىزنىڭ پاك دىل ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمىز. سىز دۈشمەنلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ تەۋەككۈلگە قىلغان خەتەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلەلمەي قالدىڭىز. ئاللاھنىڭ سىزنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆردىڭىز، ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىز ئۆز قوشۇنىڭىزنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولدىڭىز. ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى، سىلەر پەقەت غەپلەتتە قېلىۋاتىسىلەر. سىزنىڭ باتىلدىن قول ئۈزگەنلىكىڭىز، قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭىزدىن خىجالەتتە ئىكەنلىكىڭىز بىزگە ئايان. بىزنىڭچە ئىراق ۋە خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا سىزدىنمۇ بەكرەك لايىق زات تېپىلماس، بىز ھەرگىزمۇ سىزنىڭ يەلكىڭىزگە دەسسەيدىغان بىرەر خادىمنى سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئەۋەتىش خىيالىدا ئەمەسمىز. ئۆز زامانىسىدا قىلغان خىزمەتلىرىڭىز بەدىلىگە كۆپلىگەن ئىنئاملارغا ئېرىشكەنىدىڭىز. سادىق ئىشلىگەن خىزمىتىڭىز بىردەملىك سەۋەنلىكىڭىزنى تامام بېسىپ كېتىدۇ» . خەلىفە ياقۇبقا سېخىيلىق بىلەن كەڭ قول مۇئامىلىدە بولسام، ياقۇبنىڭ قىلمىشىنى ئىشقا ئاشمىغان خىيال دەپ قارىسام، شۈبھىسىزكى ياقۇب ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ، ئىراق ۋە خوراسانغا ئاتلىنىپ بۇ

ئۆلكىلەرنى ساداقەت بىلەن ئىدارە قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا مەكتۇپ ئېلىپ ماڭغان يالۋاچ تېخى سەپەردە كېتىۋاتقاندا ئارقىدىنلا نوپۇز ۋە ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ ۋە تونلارنى ماڭدۇرۇپ مالىمانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى.

ياقۇب خەلىفىنىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن باغرى زەررىچىمۇ ئېرىمىدى، قىلمىشلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلمىدى. ئۇ يوغان ياغاچ تاۋاقتا ئازراق كۆدە، پىياز ۋە بېلىق سالغۇزۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئارقىدىنلا بۇ تاۋاقنى خەلىفىنىڭ ئەلچىسىگە تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئەلچىگە مۇنداق دېدى: «بېرىپ خەلىفەگە ئېيتقىن، مەن بىر مىسكەر ئائىلىسىدە چوڭ بولۇپ مىسكەرلىكنى ئۆگەنگەنمەن. مەن تامىقىمغا نان، بېلىق، پىياز ۋە كۆدە يەيتتىم. ئىلكىمدىكى مەۋجۇت دۆلەت، خەزىنە ۋە بايلىق ئۆزۈمەنىڭ قان ـ تەرىم بەدىلىگە كەلگەن، جاسارىتىمگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاتامدىن مىراس قالغان ئەمەس. مەن خەلىفىنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋېلىپ مەدىيە (شىئەلەر تۇرۇشلۇق جاي) گە ئەۋەتىپ بەرگىنىمدە ۋە ئۇرۇق جەمەتىنى يەتمىش پۇشتىغىچە قىرىپ تۈگەتكەندە ئاندىن بولدى قىلىمەن. مەن بىر بولسا ھازىر دېگىنىمدەك قىلىشىم، بىر بولسا نان، بېلىق ۋە كۆدە يېيىشىم كېرەك. قارا، مەن ھازىر بايلىق قوۋۇقىنى ئاچتىم، قوشۇنلارنى توپلىدىم، مەن يالۋاچنى ئۆزىتىپ قويغاندىن كېيىنلا ئاتلىنىمەن». ئۇ شۇنداق دەپلا خەلىفىنىڭ ئەلچىسىنى كاللىسىدىن جۇدا قىلدى. ئارقىدىن خەلىفە ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ئەلچىلەرنى ماڭغۇزغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا نىيىتىدىن يانمىدى. ياقۇب قوشۇن توپلاپ بولغاندىن كېيىن خۇزىستاندىن باغدادقا ئاتلاندى. يول يۈرۈپ ئۈچ ئۆتەڭ بولغاندا قورساق ئاغرىقى ئۇنى يىقىتتى. ئاغرىق شۇنچىلىك كۈچەيدىكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەجەلىنىڭ يېقىنلا يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ

قېرىندىشى ئەمىر ئىبنى لەيسنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگە-
لەپ پۈتۈن خەزىنە ھېسابىنى ئۆتكۈزدى ۋە بىردەمدىلا جان تەس-
لىم قىلدى.

ئەمىر ئىراقتىكى خۇزىستانغا قايتىپ شۇ جايدا بىر مەزگىل
تۇرۇپ قالدى. كېيىن خوراسانغا بېرىپ پادىشاھلاردەك دەۋران
سۈردى ۋە ئىزچىل خەلىپەگە ساداقەتتە بولدى. ياقۇب بىلەن
ئەمىرنى سېلىشتۇرسا ھەممىلا ئىنسان ئەمىرنى ياقتۇراتتى. چۈن-
كى ئۇ ناھايىتى مەرد، سېخى، غەيۇر، دانا، پادىشاھ سۈپەت
كىشى ئىدى. ئۇنىڭ مەرھەمىتى ۋە سېخىيلىقى شۇ دەرىجىدە
ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاشخانا ئۆيىنى يۆتكەشكىلا 400 تۆگە ئىشلىتىل-
گەنىدى. قالدىسىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىپ بىلىۋېلىش مۇم-
كىن.

ھالبۇكى خەلىپە ئىزتىراپلىقتا چۆمگەنىدى. ئۇ ئەمىر-
نىڭمۇ قېرىندىشى ياقۇبنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ قېلىشىدىن ئەندىشە
قىلاتتى. چۈنكى ئەمىرمۇ ئىسيانغا ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ بىرى
ئىدى. گەرچە ئەمىردە بىرەر غەيرىي نىيەتنىڭ ئالامىتى كۆرۈل-
مىسىمۇ خەلىپە يەنىلا غەمناكلىقتىن خالىي بولالمىدى. ئۇ توخ-
تاۋسىز تۈردە بۇخارادىكى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەدكە يوشۇرۇن
ئايغاقچىلارنى ماڭدۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەمىرنى جايلىۋەتكەي-
سىز. يېڭىلمەس قوشۇنىڭىزنى باشلاپ ئۇنىڭ قولىدىكى پادىشاھ-
لىقنى تارتىۋېلىڭ. چۈنكى سىز خۇراسان ۋە ئىراقنىڭ ۋالىيسى
بولۇشقا تېخىمۇ ھەقلىقسىز. يادىڭىزدا بولسۇن: ئاتا ـ بوۋىلىرى-
ڭىزنىڭ ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان دۆلىتىنى ئاشۇلار (سەففارىي-
لارنى دېمەكچى ـ ت) تارتىۋالغان. شۇڭا سىزنىڭ ئۇنى قايتۇرۇ-
ۋېلىش ھەققىڭىز بار. ئاندىن قالسا سىزنىڭ كامىل پەزىلىتىڭىز
ئەلگە تېخىمۇ ياقىدۇ. ئاخىرىدا مېنىڭ دۇئالىرىم سىزگە نۇسرەت
ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقاندا سىزنى مەنلا ئەمەس،
رەببىمىزمۇ قوللاپ مەدەت بېرىدۇ. قوشۇنىڭىزنىڭ ۋە تەمىناتى-

ڭىزنىڭ ئازلىقىدىن قايغۇرماڭ. ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇماڭ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر («قۇرئان كەرىم» 2 ـ سۈرە، 49 ـ ئايەت)».

خەلىفىنىڭ سۆزلىرى ئىسمائىلنىڭ قېنىنى قىزىتتى ۋە ئەمىرنى يوق قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ پۈتۈن قوشۇننى توپلاپ جەيھۇن دەرياسىدىن (جەنۇبقا) ئۆتكەندىن كېيىن قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن قوشۇندىكى نۆۋكەرلەر ۋە قورال ـ ياراغنىڭ سانىنى ئېيتالاپ كۆرۈۋىدى جەمئىي بىر تۈمەن چەۋەنداز بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مىنگىنى ياغاچ ئۈزەڭگىلىك ئاتلار ئىكەن، 10 نۆۋكەرگە بىردىن قالقان، 20 نۆۋكەرگە بىردىن ساۋۇت، 50 ئادەمگە بىردىن نەيزە توغرا كېلىدىكەن، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتلىرىدا ئېگەر بولمىغاچقا ئۆزلىرىنىڭ ساۋۇتلىرىنى ئېگەر قىلغانىكەن. ئاندىن ئۇ قوشۇننى باشلاپ ئامۇل قەلئەسىدىن يولغا چىقىپ بەلخقە يېتىپ كەلدى.

ئەمىر ئىسمائىلنىڭ جەيھۇندىن ئۆتۈپ بەلخقە كەلگەنلىكىنى، مەرۋى ۋە شەھرىستان مەمۇرلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشكىنىنى، ئىسمائىلنىڭ مەزكۇر ئۆلكىنى تارتىۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەمىر نىشاپۇردا يەتتە تۈمەن ئاتلىق سەرۋازنى تەقلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىشكەن، قورال ـ ياراغلىرى خىل قوشۇن ئىدى. ئۇ بۇ قوشۇننى باشلاپ بەلخقە كەلدى ۋە ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. يارەببىم! ئەمىر بەلخ شەھرى تۈۋىدە يەر بىلەن يەكسان بولدى، ئۇنىڭ يەتتە تۈمەن قوشۇنى شۇنداق پىتىراپ قېچىپ كېتىشتىكى، بىرەر نۆۋكەرمۇ ئەسىرگە چۈشمىدى، بىرەر نۆۋكەرمۇ زەخىملەنمىدى. شۇنچىۋالا مىغ ـ مىغ نۆۋكەرلەردىن يالغۇز ئەمىرلا تىرىك ئەسىرگە چۈشتى. ئۇنى باغلاپ ئىسمائىلنىڭ ئالدىغا ئاپارغاندا ئىسمائىل ئۇنى ياساۋۇللارنىڭ رىجىمىغا تاپشۇر-

دى. بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسى دۇنيادا بىر مۆجىزەئى كارامەت بول-
دى.

شۇ كۈنى دىگەر مەزگىلىدە ئەمىرنىڭ ئات باقارلىرىدىن
بىرى قارارگاھ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەمىرنى كۆرۈپ قالدى
ۋە ناھايىتى كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئەمىر
ئۇنىڭغا «يېنىمدا بىردەم تۇرساڭچۇ، ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن
كارى بولمايۋاتىدۇ» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە: «ئادەمدە جانلا بولى-
دىكەن ئوزۇققا موھتاج بولىدۇ، بېرىپ ئاز - تولا يېگۈدەك بىر
نەرسە تېپىپ كەلگىن، ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دېدىم» دېدى. ئات
باقار بىر ئامال قىلىپ بىر مائۇند[1]گۆش تېپىپ كېلىپ نۆۋكەر-
لەردىن بىر قازان سورىۋالدى. ئاندىن ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ
يۈرۈپ ئاز - تولا قۇرۇق تېزەك تېپىپ كەلدى، ئاندىن ئۈچ تال
كېسەكنى گىرەلەشتۈرۈپ گۆشنى كاۋاپ قىلماقچى بولدى. ئۇ
گۆشنى قازانغا سېلىپ قويۇپ تۇز ئىزدەپ كېتىپ قالدى ۋە
گۇگۇم چۈشكىچىمۇ كېلەلمىدى. شۇ چاغدا يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر
ئىت قازاندىكى گۆشنى كۆرۈپ قېلىپ بويىنىنى سوزغىنىچە گۆش-
نى بىر چىشلىۋىدى قىزىق گۆش ئۇنىڭ ئاغزىنى قاتتىق كۆيدۈر-
دى. ئىت ئالمان - تالمان بېشىنى تارتىشىغا قازاننىڭ ئاسقۇ
شەكلىدىكى قۇلىقى ئىتنىڭ بوينىغا كىيىلىپ قالدى. قىزىق
شورپىنىڭ بەدىنىگە تۆكۈلگىنىگە چىدىيالمىغان ئىت غىڭشىغىنى-
چە قېچىپ كەتتى. مۇشۇلارغا جىمجىت قاراپ تۇرغان ئەمىر
نۆۋكەر ۋە ياساۋۇللارغا بۇرۇلۇپ: «ئىبرەت ئېلىڭلار، خالايىق!
ئەتىگەندىلا تېخى 400 تۆگىگە يۈك بولغۇدەك ئاشخانىسى بار بەگ
ئىدىم، كەچ بولغاندا بىر ئىت چېغىدا تامىقىمنى ئېلىپ قاچتى»
(ئارقىدىنلا ئەرەبچە مۇنداق) دېدى: «سەھەردە ئەمىر ئىدىم،
كەچقۇرۇن ئەسىر بولدۇم»، بۇمۇ دۇنيادىكى مۆجىزەئى كارامەت

[1] ھىندىلارنىڭ مىقدار بىرلىكى. تەخمىنەن 82.28 غا تەڭ.

ئىدى.

ئىسمائىل ۋە ئەمىر ھەققىدىكى ھېكايىمىزدە يۇقىرىقى ئىككى ۋەقەلىكتىنمۇ بەكرەك كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بىر ۋەقەلىك بولغانىدى. ئەمىر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ئىسمائىل بەگ ۋە تۆرىلەرگە قاراپ مۇنداق سۆز قىلدى: «ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ ئۇرۇشتا نۇسرەت بىز تەرەپكە بەر قارار تاپتى. ئاللاھتائالاغا يۈزمىڭ قېتىرلەر شۇكرانىلار بولسۇن، ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر شەيئى تەشەككۇرىمىزگە مۇناسىپ ئەمەستۇر». ئارقىدىنلا ئۇ مۇنداق دېدى: «ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ئەمىر زىمىنىگە مۇشكۇل مەجبۇرىيەت تېڭىلغان مەردانە زات ئىدى؛ ئۇنىڭ قوراللىرى خىل، لاۋازىمىتى يېتەرلىك ئىدى، شۇنداقلا دانا ۋە مولىلا تاپقاق ئىدى. ئەل ئىشىدا ھوشيار، ئەئىيانلارغا پىداكار ئىدى. قاراپ باقسام ئۇ تېخى بەردەم تۇرۇپتۇ، زەنجىر ـ كىشەنلەر ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى چۈشەپ قالالمايدىغاندەك قىلىدۇ». بەگ ـ تۆرىلەر بىردەك: «ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق، تەقسىر. ئۇنىڭغا ئۆز دانالىقىڭنى بىر كۆرسىتىپ قويغىن» دېيىشتى. ئەمما ئىسمائىل ئەمىرگە: «تەشۋىشلەنمە، خەلىفەدىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلىۋالىمەن. سېنىڭ تىنىقىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلا ئىش بولسا خالتامدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىمنى تامام ـ سەرپ ئېتىشكە رازىمەن» دەپ گەپ يەتكۈزدى.

ئەمىر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن كەلگەن ساۋچى (خەۋەرچى) غا: «مۇستەھكەم زەنجىر، كىشەنلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىم ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش كەبى روشەندۇر. پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاپ تۇرغاندا مەن نېمە دەي! ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغانلىقىمدىن باشقا ھېچقانداق ئىش خەلىفەنىڭ چېھرىگە شادلىق كۆلكىسىنى يۈگۈرتەلمەيدۇ. بېرىپ پاسىبانىڭغا ئېيتقىن، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىسىدىن بىرنى ئەۋەتسۇن، يۈرەك ـ باغرىمدىكىنى ئۇنىڭغا تۆكسەم ئۇ ئىسمائىلغا يەتكۈزەر» دېدى.

ساۋچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىسمائىل ئۆزىنىڭ بىر بۇرادىرىنى
ئەمىرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەمىر بۇ زاتقا مۇنداق دېدى: «ئىسما-
ئىلغا يەتكۈزگىن، مېنى ئەسىرلىككە مۇپتىلا قىلغىنى ئۇ ئە-
مەس، بەلكى ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى، ئىمانى، غەيرىتى ۋە رەببىد-
مىزنىڭ ماڭا قىلغان غەزىپى. ئاللاھ (ئۇ كائىناتنىڭ ئىگىسى،
پۈتۈن ھەمدۇ - سانا شۇنىڭغىلا خاس) قولۇمدىكى پادىشاھ-
لىقنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. ئۇ كامىل پەزىلەت ئىگى-
سى، ئاللاھتائالانىڭ بۇ شاراپىتى ئۇنىڭغا تېخىمۇ مۇناسىپ. مەن
ئۆزۈمنى ئاللىقاچان ئاللاھقا تاپشۇرغانمەن. ئىسمائىلنىڭ ئاماد-
لىقىدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن ۋايىم يېمەيمەن. ئۇشبۇ سائەتتە
ئىسمائىل بىر پادىشاھلىقنىڭ ساھىبى بولۇپ قالدى. ئەپسۇس،
ئۇنىڭ كېرەكلىك خەزىنىسى ۋە ئىشەنچلىك يۆلەكچىسى يوق.
مېنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆپلىگەن ئالتۇن - كۈمۈشلىرى
ۋە خەزىنىلىرى بار ئىدى. ھازىر شۇ بايلىقنىڭ تىزىملىكى مەندە.
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسمائىلغا ھەدىيە قىلاي، شۇندىلا ئۇ يۆ-
لەكچىگە ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىدۇ». ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ
تونىنىڭ قېتىدىن خەزىنىلەرنىڭ تىزىملىكىنى چىقىرىپ ھېلىقى
كىشىگە بەردى. ئۇ كىشى بۇنى ئىسمائىلنىڭ قولىغا يەتكۈزدى.

ئىسمائىل بۇ ھالدىن تەئەججۈپلىنىپ بەگ - تۆرىلەرگە يۈز-
لەندى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ ئەمىر تولىمۇ تادان نېمد-
كەن، ئۆز - ئۆزىچە بىزنىڭ دانا قوللىرىمىزدىن قېچىپ كېتە-
لەيمەن دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇنىڭ بىزنى كوھىقاپ كەبى ئاز-
گالغا باشلىماقچى بولغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» ئۇ ھېلىقى تىزىم-
لىكنى سىرداش بۇرادىرىنىڭ كۆز ئالدىدا يەرگە تاشلاپ مۇنداق
دېدى: «بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىپ بەرگىن ۋە مۇنداق دېگىن:
تادانلىق قىلىپ قېچىپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ساڭا
ئاسماندىن چۈشكەن خەزىنە قەيەردە ئىدى؟ سېنىڭ مىسكەر ئاتاڭ
ساڭا سودىگەرلىكنى ئۆگىتىپ قويغانمىدى؟ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تەلۋىلەرچە دەۋران سۈردۈك. بۇ دىنار ۋە دەرھەملەرنى سەن تامام مۆئمىنلەردىن شۇلۇۋالغانسەن. زەردارلارنىڭ ئاياللىرى يىپ ساتقان پۇللاردىن قايرىۋالغانسەن. سەيياھلارنىڭ بەلۋېغىدىن شىلىۋالغانسەن. ئاجىز ۋە غېرىبلارنىڭ نېسىۋىسىدىن تارتىۋالغانسەن. ئەتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا رەببىمىزگە روبىرو تۇرۇپ سوئال - سوراقلارغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بەرگەيسەن ۋە ئاللاھنىڭ جازاسىنىڭ تەمىنى تېتىغايسەن. سەن ھازىر بۇ ئىپلاس گۇناھلىرىڭنى ماڭا ئىتتىرىشكە ئالدىرىمىساڭمۇ بولىدۇ. بولمىسا مەھشەر كۈنى قەرز ئىگىلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى بويىنۇڭدىن ئالغاندا بۇلارنى مەن تامام ئىسمائىلغە بېرىۋەتكەن، سىلەر ئىسمائىلدىن ئېلىۋېلىڭلار، دېمەكچىمىدىڭ؟ سەن بۇ بايلىقنى ماڭا بېرىۋەتسەڭ مەن ئۇ ۋاقىتتا ئاشۇ كىشىلەرگە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ئاللاھنىڭ جازاسىغا قانداقمۇ چىدىغايمەن!» ئاللاھتىن ھېيىققانلىقى ۋە تەقۋادارلىقى تۈپەيلىدىن ئىسمائىل ئەمىر ئۆتۈنگەن تىزىملىكنى قوبۇل قىلىشنى راۋا كۆرمىدى ۋە ئۇنى ئەمىرگە قايتۇرۇۋەتتى. مال - دۇنيانىڭ چاڭلىرى ئۇنىڭ كىرپىكىگە قونۇشقا ئىلاج تاپالمىدى.

زامانىمىزنىڭ ئەمىرلىرى ئاشۇنىڭغا ئوخشامدۇ؟ ئۇلار بىر ھارام دىنار ئۈچۈن چەكلەنگەن گۇناھلىق ئىشتىن ئۇنى قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھىدايەتكە دەۋەت قىلىدىغان ئۇن ھەقىقەتنى تاشلىۋېتىشتىنمۇ ئۇيالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەيدۇ.

ھېكايىمىزدىكى ئىسمائىلنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى: قەھرىتان سوغۇقتا، شۇرغانلىق بوراندا ئېتىغا مىنىپ بۇخارادىكى مەيدانغا بېرىپ پېشىنگە ئەزان چىققۇچە كۈتەتتى. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: «ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغان بىرەرى ئوردىغا ئەرزگە كېلىپ قالار، ئېھتىمال ئۇنىڭ يانچۇقىدا سۇنۇق يارماقمۇ يوقتۇر، ئېھتىمال ئوردىغا كىرەلمەي سىرتتا تۇرىدىغاندۇ، ھاۋانىڭ

سوغۇقلۇقىنى ۋە قارنىڭ قېلىنلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئوردىدىن چىقمىسام بۇ كىشىلەر مەن بىلەن دىدارلىشالماي كۆتۈشكە سەۋر قىلالماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلسە ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىشىپ ئۇۋالچىلىقىدىن دات ئېيتىدۇ ۋە رازىمەنلىك بىلەن قايتىشىدۇ.

بۇنداق ئەزگۇ ھېكايىلەر نۇرغۇن. بۇ يەردە بىر قانچىسىنى مىسال قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. مۇشۇ ھاياجانلىق ئىشلار مەھشەر سورىقىغا جاۋاب بېرىشتە ۋە نام ـ ئەمەلىنىڭ قانداق بولۇشىدا تولىمۇ مۇھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## باجگىرلار، ۋەزىرلەرنىڭ خىزمىتىنى دائىم نازارەت قىلىشىنىڭ بايانى

باجگىرلار مەلۇم بىر تەۋەلىكنىڭ خەج ـ خىراج ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالغاندا باج تۆلىگۈچىلەرگە ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشى، يىغىشقا تېگىشلىك باجنىلا يىغىشى، باج يىغقاندا كەمتەر بولۇشى، باج سورۇكى كەلمەي تۇرۇپ قەتئىي باج يىغماسلىقى لازىم. چۈنكى باجگىرلار سورۇكتىن ئىلگىرى باج يىغسا تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا كاشىلا كۆپ كېلىدۇ. تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار (دېھقانلار) باج تۆلەش ئۈچۈن زىرائەتلەرنى يېرىم باھادا سېتىپ (بۇ چاغدا زىرائەت تېخى پىشمايدۇ) مۇشكۇلاتتا قالىدۇ ۋە ياقا ـ يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇشكۇلاتتا قېلىپ ئۆكۈز ۋە ئۇرۇقلۇق دانغا موھتاج بولسا ئۇلارغا قەرز بېرىش ۋە ئۇلارنى يەڭگىللىتىش لازىم. شۇنداقلا ئۇ تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياقا ـ يۇرتلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرمەيدۇ.

ئاڭلىشىمچە پادىشاھ قۇباد زامانىسىدا جاھاندا يەتتە يىلغا سوزۇلغان قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ بىر تېمىمۇ يامغۇر ياغماپتۇ. كەي قۇباد باجگىرلارغا يىغىلغان ئاشلىقلارنى تامام سېتىۋېتىش، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىۋېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى نامراتلار خەزىنىدىن ۋە شۇ جايلار خەزىنىسىدىن بېرىلگەن سەدىقە

ئاشلىقنىڭ شاراپىتىدىن يەتتە يىل مابەينىدە بىرەرىمۇ ئۆلمەپتۇ. بۇ تۆھپە پادىشاھنىڭ ئاۋامغا خەيرىخاھلىق قىلىشنى ئەمەلدارلار-نىڭ يادىغا سالغانلىقىغا مەنسۇپ.

شۈبھىسىزكى، كىشىلەر باجگىرلارغا ئائىت كۆپلىگەن سو-ئاللارنى سورىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغاندەك جايىدا ۋە ئادىل بولسا، ئۇ مۇشۇ تەۋەنىڭ باج ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرەلەيدۇ؛ ئۇنداق قىلالمىسا ئۇنىڭ ئورنى-غا باشقا بىرى قويۇلۇشى كېرەك. ناۋادا ئۇ دېھقانلاردىن نورمى-دىن ئوشۇق باج خىراجىتى شۈلۈۋالغان بولسا، ئارتۇق يىغىۋال-غان قىسمىنى قايتۇرسۇن. بۇنى تۆگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قول ئىلكىدە يەنە ئېشىنچا خىراجەت قالغان بولسا، تولۇق مۇسادىرە قىلىپ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشى كېرەك. ئوردا بۇ باجگىر-نىڭ ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىشى ۋە قايتا مەنسەپكە تەيىنلىمەسلىكى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا قالغانلارغا ئىبرەت قىلىپ ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشتىن توسقىلى بولىدۇ.

ۋەزىرلەرنىڭ ۋە ئەئىيانلارنىڭ ئەھۋالاتلىرىنى يوشۇرۇن نا-زارەت قىلىپ تۇرۇش زۆرۈر، چۈنكى دۆلەتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ۋەزىرلەرگە باغلىق. ۋەزىر بولغۇچى پەزىلەتلىك، قابىلى-يەتلىك ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا ماھىر بولغاندا مەملىكەت روناق تاپىدۇ. لەشكەرلەر ۋە دېھقانلار رازى بولىدۇ، ئەل - يۇرت تىنچ ۋە توق پاراۋان بولىدۇ، پادىشاھقىمۇ ئارتۇقچە غەم - ئەندىشە يېقىن يولىمايدۇ. مادامىكى، ۋەزىرلەر پەزىلەتتىن يىراق بولۇپ قالسا مەملىكەت شۈبھىسىز ئاپەتكە مۇپتىلا بولىدۇ، پادىشاھمۇ گاڭگىراش ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەممىلا جايدا مالىمان ھۆكۈم سۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بەھرام گۆر[1] ۋە راست رەۋشەن ھەققىدە بايان

رىۋايەت قىلىنىشىچە بەھرام گۆرنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ كىشىلەر ئۇنى راست رەۋشەن («ئىشتا پەزىلەتلىك» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايتتى. بەھرام گۆرمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ پۈتكۈل ئەلنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ئەمما ھېچ بىر زاتتىن راست رەۋشەننى يامانلايدىغان بىرەر سۆز ئىشىتمەدى. بەھرام گۆر بولسا، ئەلدىن خاتىرجەم كېچە ـ كېچىلەپ بەزمە ـ باراۋەتتە كەيپ سۈرۈپ، شىكار ۋە ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كەتتى. بىر كۈنى راست رەۋشەن ۋەكىل (ئوردا مەمۇرىيىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خادىم ـ ت) گە مۇنداق دېدى: «ئادالەتسىزلىكنىڭ زىيادىلىكى تۈپەيلىدىن دېھقانلار قاچاقلىشىپ ئىتائەتتىن چىققىلى تۇردى، ئەگەر ئۇلارنى جازالىمىساق بېشىمىزغا بالا بولىدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى كەيپ ـ ساپا ۋە شىكارغا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ۋەزىرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قوياي دېمەيدۇ. بېشىمىزغا بالا بولماستا دېھقانلارنى ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك. جازا شۇنداق بولسۇنكى خادا تىكلەنسە سايىسى كۆرۈنگەندەك يامانلارنى كۆزدىن يوقىتىپ، ياخشىلارنى ئېلىپ قېلىشىمىز كېرەك. مەن سىزگە كىمنى تۇتۇشنى تاپشۇرسام شۇنى زىندانغا مەھكۇم قىلىڭ». ۋەكىل تۇتۇپ كەلگەن ھەربىر كىشىدىن راست رەۋشەن بىر ئۇلۇش نەپ ئالغاندىن كېيىن ۋەكىلگە ئۇلارنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىردا مەملىكەتنىڭ پۈتۈن بايلىقى، ئەيتاۋۇر ئۆيۋاق بولامدۇ، مەھرەملەر بولامدۇ، ساھىبجامالللار بولامدۇ، ئېكىنزارلار بولامدۇ ھەممىسى شۇنىڭ بولۇپ كەتتى. دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ، تۆرىلەر تامام ياقا

---

① ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 8 ـ شاھى. مىلادىيە 420 ـ 440 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشتى، خەزىنىگە بىر يارماقمۇ كىرىم بولمىدى.

شۇ ۋەقەلەردىن بىر زامان ئۆتكەندە بىر كىشى بەھرام گۆرگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. بەھرام گۆر قوشۇنىنى پۇل - پۇچەك ۋە لاۋازىمەتكە تويۇندۇرۇپ ياۋغا قارشى سېلىش خىيالىغا كەلدى. ئۇ دۆلەت خەزىنىسىگە كىرىپ قۇپقۇرۇق ئۆيلەرنىلا كۆردى. ئۇ بەگ - تۆرىلەر ۋە بەگلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىۋىدى «ئۇلاردىن پالانى ۋە پۇستانى ياقا يۇرتلارغا كەتكىلى نەۋاخ. ئۇلار ھازىر پالانى - پوكۇنى جايلاردا تۇرۇۋاتماقتا» دېگەن جاۋابنى بېرىشتى. ئۇ: «ئۇلار نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇلار: «بىلمەيدىكەنمىز» دېدى. ۋەزىرلەردىن بىرەرىمۇ راست سۆزنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بەھرام گۆر كۈن - تۈنلەپ خىيال سۈرۈپ ئەقىل تۇلپارلىرىنى كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاپتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئايىغىغا چىقالمىدى. ئەتىسى ئۇ خاپا ھالدا تەنھا ئات چاپتۇرۇپ چۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە يول ئالدى. ئۇ ماڭغاچ بۇ ئىشنىڭ ۋەجىنى ئويلاپ قاق چۈش بولغۇچە مېڭىۋەردى ۋە بىلىپ - بىلمەيلا يەتتە فەرسەخ (24.6 كىلومېتىرغا تەڭ) يول يۈردى. كۈن بەك ئىسسىق بولغاچقا، چاڭقاپ كەتكەن بەھرام گۆر كەڭ دالاغا كۆز تىكىپ يىراق بىر جايدا تۇرۇلۇپ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. يېقىن بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر توپ قوي يەردە ياتقاچ كۆشەۋاتقانىكەن. چېدىر ئۆينىڭ يېنىدىكى دارغا بولسا، بىر ئىتنىڭ ئۆلۈكى ئېسىپ قويۇلغانىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن تەئەججۇپكە چۆمۈپ چېدىرغا قاراپ مېڭىشىغا چېدىردىن بىر بالا ئىستىقبالىغا چىقىپ ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈردى، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا غورىگىل بولسىمۇ داستىخان سالدى. ھېلىقى بالا بۇ زاتنىڭ پادىشاھ بەھرام گۆر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. بەھرام گۆر: «غىزاغا ئېغىز تېگىشتىن بۇرۇن بۇ ئىتنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېسىپ قويغانلىقىڭنى سۆزلىگىن، مۇشۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ۋەجىنى بىلگۈم بار» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بالا سۆز ئاچتى: «بۇ ئەسلىدە پادا باقىدىغان ئىتىم ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك باتۇر ئىدىكى ئون بۆرە بىلەن بىر ئۆزى تەڭ تۇرالايتتى. ئىتتىن قورقۇپ بىرەرمۇ بۆرە قوي پادىسىغا يېقىن يولىمايتتى. شۇڭا پات ـ پاتلا ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتسەم ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى يېنىپ كېلەتتىم. ئەمما ئىتىم ھەمىشە قويلارنى ئوتلىتىپ يەنە ساق ـ سالامەت ياندۇرۇپ كېلەتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قويلارنى ساناپ باقسام بىر نەچچىسى كەم چىقتى. كېيىنچە سەپسالسام ئارىلاپ ـ ئارىلاپلا قويلاردىن بىر ـ ئىككىسى يىتىپ كېتىدىغان بولدى. ئەمما بۇ چۆلگە بىرەر ئىنساننىڭ كەلگىنى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۆزۈممۇ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ يۈرىۋەردىم. قويلار ئازد-يىپ ئاخىرى شۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالدىكى، (رەت قىلغىلى بولمايدىغان) سېلىقچى بۇ يەرگە كېلىپ ئەسلى قوي سانى بويىچە سېلىق سالغاندا بار ـ يوقى قويلىرىم سېلىققا ئارانلا يەتتى. مادامىكى مەن سېلىقچىغا ئۆزۈمنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋال-دىم.

ئەسلىدە بۇ ئىت بىر قانجۇق بۆرە بىلەن دوستلىشىپ قالغا-نىكەن. ئۇلار يەنە جۈپلىشىدىكەن، ئەمما مەن بۇلاردىن زادىلا خەۋەرسىزكەنمەن. زەن سېلىپ كۆرۈشمۇ يادىمغا كەچمەپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى چاتاق چىقتى. شۇ كۈنى ئوتۇن تەرگىلى كەتكەنىدىم، قايتىشىمدا بىر دۆڭلۈكتىن يامىشىپ قارىسام قوي-لىرىم ئوتلاۋېتىپتۇ، بىر بۆرە قوي پادىسىنى چۆرگىلەپ قويلار-دىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تىكەنلىكنىڭ ئارقى-سىغا ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىمچە قاراپ تۇردۇم. ئىت قانجۇق بۆرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە قۇي-رۇق شىپاڭشىتقىلى تۇردى. بۆرە بولسا بەخىرامەن تۇرىۋەردى. بىر چاغدا ئىتىم ئۇنىڭغا ئارتىلىپ جۈپلەشتى، كېيىن بىر بۇ-

لۇڭغا بېرىپ پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. ھېلىقى بۆرە بولسا قوي
پادىسىغا ئېتىلىپ قويىدىن بىرنى تۇتتى ۋە ئىچ - قارنىنى يېرىپلا
يېيىشكە باشلىدى. ئىت بولسا، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇيقۇسى-
نى ئۇخلاۋەردى. بۆرە بىلەن ئىتنىڭ بۇ خىلدىكى سودىسىنى
كۆرگەندىن كېيىن ئىشىمدىكى نەسچىلىككە مۇشۇ ئىتنىڭ زامىن
بولغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭا ئاسىيلىق قىلغان بۇ ئىتنى تۇتۇپ
دارغا ئېسىپ ئۆلتۇردۇم.

ھېكايىنى ئاڭلىغان بەھرام گۆر تۇرۇپلا قالدى. قايتىشىدا
مۇشۇ ئىشنى ئويلىغاچ ئاخىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: «پۇق-
رالىرىم بەجايىكى مەن ئۇچۇن قوي پادىسى، ۋەزىرلىرىم بولسا
چوپاندار. شۇنىسى ئايان بولدىكى، مەملىكەت ۋە پۇقرا مالىمانغا
پېتىپ قاپتۇ، ھەممىلا ئادەم قورقۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ئەھ-
ۋاللارنى سورىغىنىمدا ئۇلار چىن سۆزلىرىنى ئېيتىشمىدى،
ھەقنى يوشۇرۇشتى. قىلمىدىغان ئىشىم پۇقرانىڭ ۋەزىرگە بولغان
باغلىنىشى ئىكەن».

ئۇ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشى زىندان-
دىكى مەھبۇسلارنىڭ رويخېتىنى كۆرۈش بولدى. ئۇ پۈتكۈل
رويخەتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن راست رەۋىشىنىڭ ئىپلاس
قولىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇنىڭ پۇقرالارنى ئېزىۋاتقانلىقىنى بىلدى
ۋە «بۇ راست رەۋىشىن ئەمەس، قاراڭغۇدىكى كاززاپكەن» دېدى.
ئارقىدىنلا ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ مۇنۇ ھېكمىتىنى يادقا ئوقۇدى:
«ئېزگۇ نام - شەرەپكە ئۆزىنى ئۇرغانلار ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىنى يوقاتتى، ئېزگۇ نام - شەرەپ بىلەن باشقىلارنى
ئالدىغانلار جانلىرىنى يوقاتتى. ئۇ يەنە: «مەن بۇ ۋەزىرنى ئەتى-
ۋارلىغانىدىم، ھوقۇقىنىڭ چوڭىنى بەرگەنىدىم. شۇڭا كىشىلەر
ئۇنىڭ كۈچىدىن ئەيمىنىپ راست گەپنى ئېيتالمىغانىكەن. ئەتە
ئۇ سارايغا سالامغا كەلگەندە ھەرقايسى بەگ - تۆرىلەرنىڭ كۆز
ئالدىدا ئۇنى راسا بىر مەسخىرە قىلىپ باغلاقتا ئالغۇزىمەن ۋە

www.uyghurkitap.com

پۇتىغا ئېغىر كىشەن سالدۇرىمەن. ئاندىن مەھبۇسلارنى ئالدىمغا چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرىمەن. شۇنداق بىر مەزمۇندىكى بىر پەرماننى جاكارلايمەن: «راست رەۋىشىنىڭ ۋەزىرلىكى ئىناۋەتسىز قىلىندى ۋە قاماققا ئېلىندى، مەڭگۈلۈككە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، كىمدە ـ كىم ئۇنىڭ قولىدا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بولسا ئەرز قىلسۇن» شۇنىدىلا ھەقىقەتنىڭ شان ـ شەۋكىتى جەۋلان بولغۇسى. ئەل ـ يۇرت بۇ پەرماننى كۆرگەندىن كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقىتى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر راست رەۋىشىنىڭ ياخشىلىقىنى، ھېچكىمنىمۇ قاقتى ـ سوقتى قىلمىغانلىقىنى ئېيتسا بىز ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايمىز، ۋەزىرلىكىنىمۇ بېرىمىز، ئەكسىچە بولسا ئۇنى قاتتىق جازاغا تارتىمىز» دېدى.

ئەتىسى بەھرام گۆر تەختتە ئولتۇرغاندا بەگلەر چەپراس بولۇپ، ۋەزىرىمۇ ئۆز ئورنىدا بەخۇدۇك ئولتۇردى. بەھرام گۆر بۇرۇلۇپ ۋەزىرگە سوئال قويدى: «جاي ـ جايلاردا كۆتۈرۈلگەن مالىمانچىلىق قانداق گەپ؟ قوشۇننىڭ لاۋازىمىتىنى ئۈكسۈتۈپ دېھقانلارنى ۋەيران قىلدىڭ؛ بىز ساڭا ئەل تىرىكچىلىك قىلسۇن، دۆلەتنىڭ پاراۋانلىقىنى ئالغا سۈرسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەندۇق؛ بىز ساڭا دېھقانلاردىن باج ۋە سېلىق يىغقاندا نورمىدىن ئاشمىسۇن، دېگەندۇق؛ بىز سېنى دۆلەت خەزىنىسىنى لىق تولدۇرۇشنى بۇيرۇغاندۇق. ئەمما بىزنىڭ كۆرگىنىمىز بوشاپ قالغان خەزىنە، لاۋازىمەتسىز قوشۇن، نامراتلاشقان دېھقانلار بولدى. سەن ئۆزۈڭچە مېنى ئىچكۈلۈك بىلەن شىكارغا دۇم چۈشتى، ئەلنى ۋە خەلقنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلىغاندۇرسەن». بەھرام گۆر دەرھال ئۇنىڭ ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بىكار قىلىپ زىندانغا تاشلىدى. پۇتىغا ئېغىر كىشەن سالغۇزدى. ئۇنىڭ جاكارچىسى قوۋۇقتا چىقىپ، شاھنىڭ پەرماننى جاكارلىدى: «ئەيبۇھەنناس! شاھ ئالىيلىرى راست رەۋىشىنى ۋەزىر-

لىكتىن قالدۇردى، ئۇنى مەڭگۈلۈككە ئىناۋەتسىز قىلدى. ئۇنىڭ ئۇۋالچىلىقىغا ئۇچرىغانلار قورقماي ئوردىغا كېلىپ ئەرز ـ دادىنى بايان قىلسۇن. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەقىقەت نۇرىنى ئادىل ـ ئادالەت سۆيى بىلەن سۇغۇرماقچى» بەھرام گۆر زىنداننى ئىشىكىنى ئاچتۇرۇپ مەھبۇسلارنى ئالدىغا چاقىرتتى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى.

بىر مەھبۇس ئېيتتى: «ناھايىتى دۆلەتمەن بىر قېرىندىشىم بار ئىدى. راست رەۋىشىن ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى سىيرىپ ـ شۇلۇۋالدى ۋە قېرىندىشىمنى قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈردى. كىشىلەر راست رەۋىشىندىن قېرىندىشىمنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ ئىبلىس، قېرىندىشىمنى ئەلنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئالاقىدە بولغان، دەپ قاردىلىدى. پادىشاھقا شىكايەت قىلماسلىقىم ئۈچۈن مېنى زىندانغا تاشلىدى»

يەنە بىرى ئېيتتى: مېنىڭ چۆپلىرى بوككىدە ئۆسكەن، رەڭگا رەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن بىر گۈلزارلىق چاھار بېغىم بار ئىدى، بۇ چاھار باغ ماڭا ئاتامدىن مىراس قالغان. راست رەۋىشىنىڭ چاھار باغلىرىدىن بىرى مېنىڭ چاھار بېغىمغا قوشنا ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ باغقا كىرىپ چاھار باغدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى ۋە سېتىۋالماقچى بولدى. ئەمما مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مېنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئاڭلىشىمچە پۇستانى زاتى مۇبارەكنىڭ قىزى بىلەن چاتىقىڭ بار ئىكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشقۇدەك گۇناھ، چاھار بېغىڭنى ئۇنتۇپ كەتكىن. بىر پارچە توختام پۈتۈپ چاھار باغنى كېرەك قىلمايدىغانلىقىڭنى ۋە باغنىڭ ماڭا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەت» . مەن بۇنداق توختامنى پۈتۈشكە ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ زىنداندا تۇرۇۋاتىمەن.

يەنە بىرەيلەن ئېغىز ئاچتى: مەن بىر تۆجار، قىلىدىغان

ئىشىم جاھان كېزىپ سودا قىلىش. مېنىڭغۇ ئانچىۋالا كۆپ مال ـ دۇنيارىم يوق. بىرەر يۇرتتا ئاز ـ تولا مال ئېلىپ ئۇنى يەنە بىر يۇرتقا ئاپىرىپ سېتىپ ئۆزگە چۇشلۇق نەپ ئېلىپ يۈرگەنىدىم. بىر قېتىم تاسادىپىي بىر تىزىق مەرۋايىت قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. مەن مۇشۇ شەھەرگە كەلگەندە بۇ مەرۋايىتلارنى سېتىۋەتمەكچى بولدۇم. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرىدىن مېنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە مەرۋايىتنى سېتىۋالماق-چى بولغانىكەن. بارسام بىر يارماقمۇ تۆلىمەي مەرۋايىتنى ئېلىد-ۋالدى. ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىزدەپ بارساممۇ يا پۇل بەرمىدى يا مەرۋايىتنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. بۇنداق ساقلاۋەرسەم ئۆزۈمگە زىيان بولىدىغان بولغاچقا بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ : «مەرۋايىتنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسىلا ئىز پۇلىنى بەرسىلە، كۆڭۈللىرىگە ياقمىغان بولسا ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىلە» دېدىم. ئەمما ئۇ ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز چىدىرىمغا قايتىپ كەلدىم. قارىسام بىر كەمدە تۆت نۆكەرنى باشلاپ بىر بەگ كىرىپ كەلدى ۋە بىز بىلەن ماڭ، ۋەزىر جانابلىرى سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى دېدى. مەن خۇشاللىقىمدىن ۋەزىر مارجاننىڭ پۇلىنى بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ شۇلار بىلەن ماڭدىم. ئۇلار مېنى زىندانغا ئاپىرىپ گۇندىپايغا تاپشۇردى ۋە پۇتۇمنى كىشەنلەپ قاماپ قويۇشقا بۇيرۇدى. مانا شۇ تەرىقىدە قاماقتا ياتقىنىمغا بىر يېرىم يىل بولدى.

يەنە بىرى سۆز ئالدى: مەن ئەسلىدە مەلۇم بىر قەلئەنىڭ بېگى بولىمەن. ئۆيۈم ھەرقاچان مېھمانلارغا، يېتىم ـ يېسىرلار-غا، ئىلىم ئۆگەنگۈچى مۇخلىسلارغا داغدام ئوچۇق ئىدى. كىشى-لەرگە ھەر قاچان خەير ـ ئېھسان قىلىپ تۇراتتىم، بۇ ماڭا ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان ئۇدۇم ئىدى. شۇڭا مىراس قالغان پۇتۇن بايلىقىم ۋە قورۇ ـ جايلىرىمنىڭ كىرىمىنى يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا سەدىقە قىلاتتىم. مېھمان بولۇپ

كەلگەن ئاق كۆڭۈل بۇرادەرلىرىمگە خەجلەيتتىم. پادىشاھنىڭ
ۋەزىرى مېنى بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلدى، دېگەن باھانە بىلەن
تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى، پۇتلىرىمغا كىشەن سالدى.
ئاخىرى ئىلاجسىزلىقتىن پۇتكۇل بايلىقىم ۋە ئېكىنزارلىقىمنى
يېرىم باراۋەر ئەرزىنىغا ۋەزىرگە ساتتىم. شۇنداق قىلىپ قاماقتا
ياتقىنىمغا ۋە قۇللۇقتا ئۇچراۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولدى. يېنىمدا
ھازىر سۇنۇق يارماقمۇ يوق.

يەنە بىرى سۆزلىدى: مەن ئەسلىدە، بىر ئاقساقالنىڭ پەر-
زەنتى ئىدىم. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى، ئاتامنىڭ بايلىقىنى ئالداپ
ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى كىشەن سۆرەپ يۈرۈپ جان تەسلىم
قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن زىندانغا تاشلانغان يەتتە يىلدىن
بۇيان پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ يۈرمەكتىمەن.

يەنە بىرى سۆز باشلىدى: مەن بىر لەشكەر. مەن شاھ
ئالىيلىرىنىڭ ئاتىسىغا ئەگىشىپ كۆپ جايلارغا بارغان ۋە سوقۇش
قىلغانىدىم، شاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدىمۇ كۆپ يىللار بولغا-
نىدىم. ماڭا ئوردىدىن ئازغىنا مائاش بېرىلەتتى. ئۆتكەن يىلى
ئوردىدىن بىر دەرخەممۇ بەرمىدى. بۇ يىل ۋەزىرگە ھال ئېيە-
تىپ: «مەن بىر بالا ـ چاقىلىق ئادەم، بۇلتۇر ئوردىدىن مائاش
ئالالمىدىم. بۇ يىللىق مائاش تەمىناتىمىزنى بېرىۋەتكەن بولسىلا،
بىر قىسىم قەرزلىرىمنى قايتۇرۇپ، قالغىنى بىلەن تىرىكچىلىك
قىلسام» دېدىم. ئۇ كىشى: «پادىشاھنىڭ قوشۇنىنى بېقىش
ئۇرۇش ئۇچۇندۇر. ئەمدىلىكتە پادىشاھقا قىلىدىغان ئۇرۇش
يوق. ئەمدى سىلەرنىڭ لەشكەر بولۇش ـ بولماسلىقىڭلار ئانچە
مۇھىم ئەمەس. نان لازىم بولسا ئەمگەك قىلغىن» دېدى. مەن
ئۇنىڭغا: «ئوردىغا قىلغان خىزمىتىمنىڭ بەدىلىگە مۇشۇ تەمىناتقا
ئېرىشىش سالاھىيىتىگە ئىگىمەن، نېمە دەپ ئەمگەك قىلغۇدەك-
مەن؟ مەمۇرىيەت ئىلمىنى ئوبدانراق ئۆگەنسىلە بولغۇدەك. سى-
لىنىڭ قەلەم ماھارەتلىرى مېنىڭ ئەلەم ماھارىتىمگە يەتمەيدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەن. سوقۇش باشلانغاندا پادىشاھ ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىش-قىمۇ تەييار ئىدىم، شۇنداقتىمۇ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بىر ياققا قايرىپ قويالمايتتىم. سىلى بولسىلا مائاش بېرىدىغان ۋاقىتتا مېنىڭكىنى قىسىۋالدىلا ۋە پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلمىدى-لا. پادىشاھ ئۈچۈن ھەر ئىككىمىز ئوخشاشلا خىزمەتكار. ئەجەبا مۇشۇنىمۇ بىلمەمدىلا؟ ئەمما بۇنىڭ پەرقى شۇكى، مەن پادىشاھ-نىڭ پەرمانىغا بەجانىدىل ئىتائەت قىلدىم، سىلى بولسىلا ئۇنداق قىلمىدىلا. ناۋادا پادىشاھ ماڭا ئوخشاش كىشىلەرگە موھتاج بول-سىدى سىلىگە ئوخشاش كىشىلەرنى كېرەك قىلمايتتى. پادىشاھ-نىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى مائاش رويخېتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش ھەققى-دىكى پەرمانى بولسا ماڭا كۆرسەتسىلە. ئۇنداق بولمىسا، پادىشاھ بەلگىلىگەن مائاشنى بەرسىلە» دېدىم. ئۇ ماڭا: «يوقال كۆزۈم-دىن! ساڭا ۋە پادىشاھقا ئاتىدارچىلىق قىلغۇچى مانا مەن. مەن بولمىغان بولسام سېنىڭ بۇ قاپاق كاللاڭنى سار چوقۇلاپ يەۋەت-كەن بولاتتى.» دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى زىندانغا تاشلىدى. مانا ھازىر زىنداندا يېتىۋاتقىنىمغا تۆت ئاي بولدى.

قاماقتىكىلەر 700 دىن ئارتۇق بولۇپ 20 گە يەتمىگەن ئادەملا ئۆزلىرىنىڭ قاتىللىق، ئوغرىلىق جىنايىتىنى بويىنغا ئال-دى. قالغانلار بىردەك ۋەزىرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە ۋەھشىيلىكى سەۋەبىدىن قاماققا ئېلىنغانلار ئىدى. قەلئەدىكى ۋە يېقىن مەھەل-لىلەردىكىلەر پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ ئەتىسى سانسىزلىغان كىشىلەر ئۇۋالچىلىقى ئۈستىدىن داد ئېيتىپ ئوردىغا كەلدى. ئادەملەر شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى ئوردىدا پۇت قويغۇدەك يەرمۇ قالمىدى.

بەھرام گۆر بىگۇناھ تۇرۇپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بۇ كى-شىلەرنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى: « بۇ كىشىنىڭ ئىپلاس ئىشلىرىنى يېزىش-قا قومۇش قەلەممۇ ئاجىزلىق قىلغۇدەك. ئۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ

بەندىلىرىگە يامان كۆزدە قارىدى، ماڭا چىشىنى بىلىدى، ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇكى، بۇنى ئويلاشقا كىشىنىڭ ئەقلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىنقىلاش كېرەك». ئۇ راست رەۋىشنىڭ تۇرالغۇسىغا ئادەم ئەۋەتىپ تېپىلغانلىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى ئەپكېلىشكە بۇيرۇدى ۋە بارلىق ئىشكىلەرنى پېچەتلەتكۈزدى. ئۇلار بېرىپ شاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلدى ۋە ھۆججەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلدى. ھۆججەتلەر ئارىسىدىن ئۇلار يەنە بىر پادىـ شاھلىقنىڭ راست رەۋىشنىگە يوللىغان مەكتۇپىنى تېپىۋالدى. بۇ پادىشاھ ئىلگىرى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ بەھرام گۆرنىڭ مەملىكىتىنى يۇتۇۋېلىشنى قەستلىگەنىدى. ئۇلار يەنە راست رەـ ۋىشنىڭ قولىيازمىلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن يازغان جاۋاب مەكتۇپىنى تېپىۋالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «نېمىشقا بۇنچە كېچىكىسىز؟ دانىشمەنلەر بىغەملىك ئەلنىڭ ئوغرىسى، دېگەن. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىزـ نىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭىزنى ۋۇجۇدقا چىقىسكەن دەيمەن. ھازىر ماڭا مايىل بىر قانچە سەردار سىزگە ھەمدەم بولۇشقا تەييارلاندى. ھازىر كۆپ قىسىم لەشكەرلەر تەمىناتتىن ئۈزۈلدى. يەنە بىر بۆلۈك قوشۇن پۈستانى يەردە پوكۇنى ئىشقا تەييارلانماقتا؛ پۇقرا- لارنى ئاچ ـ زېرىن، يالاڭتۆش، ماكانسىز ھالغا چۈشۈرەلىدىم. مۇشۇ مەزگىلدە پۈتۈن زېھنىمنى سەرپ قىلىپ ئۆزلىرىگە بىر دۆلەت خەزىنىسى تەييارلىدىم. بۇنداق خەزىنە تېخى ھېچبىر پادىشاھلىقتا بولغان ئەمەس. پىقىر يەنە شاھلىق تاجى ۋە كەمەر، ئالتۇندىن ياسىلىپ زۇننارىدىن كۆزلەر قويۇلغان زىياپەت پەتنۇسـ لىرىنى تەييار قىلدىم. بۇ ھەشەمەتلەرنى تېخى ھېچبىر ئىنسان كۆرگەن ئەمەس. ئەپسۇسكى، ھاياتىم قىل ئۇستىدە تۇرماقتا، يەرلەر قاغجىرىماقتا. ھېلىقى ئەشەددىي رەقىبىم تېخى غەپلەتتەـ ـە، ئۇ غەپلەتتىن ئويغىنىشتىن ئاۋۋال قول سالسىـ

ئىدىز دېمەكچىمەن» .

20. بەھرام گۆر بۇ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ: «دۇرۇس، دۈشمەننى قۇتراتقان، دۈشمەننى ئالدىغان كىشى دەل مۇشۇ. ئۇ قۇتراتقان دۈشمەن شۇ تاپتا بىزگە قاراپ كەلمەكتە. ئەمدى بۇ شۇمبۇيىنىڭ ئاسىي ـ پاسىقلىقىغا ھېچ شەك قالمىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ راست رەۋشەننىڭ بايلىقنى تولۇقى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ مۇسادىرە قىلىش، پارا ۋە زورلۇق ـ مۇتتەھەملىك بىلەن بۇلاپ كېلىنگەن قول ۋە چارۋىلارنى ئەسلى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش، ئۇنىڭ ئېكىنزارلىقلىرى ۋە يەرلىرىنى سېتىش ياكى دەۋاگەرلەرگە قايتۇرۇش، تۇرالغۇ جايلىرىنى تۈزلىۋېتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئاندىن بەھرام گۆر ئوردا قوۋۇقى ئالدىغا بىر دار ياساتقۇزدى. بۇ دار قالغان 30 دارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىدى. بىرىنچى بولۇپ راست رەۋشەن ھېلىقى پادىچى بالىنىڭ خائىن ئىتىدەك دارغا ئېسىلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ شېرىكلىرى ۋە ھەقەمسايىلىرى دارغا ئېسىلدى. پادىشاھ يەتتە كۈنگىچە مۇنۇ مەزمۇندىكى يارلىقنى جاكارلاپ تۇردى: «پادىشاھقا قەست قىلغان، پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست تارتىشقان، ۋاپاغا جاپا قىلغان، پۇقرالارنى بوزەك قىلغان، ئاللاھقا ئاشكارا ئاسىيلىق قىلغان، پادىشاھقا قارشى تۇرغان كىشىنىڭ جازاسى مۇشۇ».

شۇ قېتىمقى جازانىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى يامانغا يانتاياق بولغۇچىلار بەھرام گۆردىن چۆچۈدى. ئۇ راست رەۋشەننىڭ ئىشقا قويغان كىشىلىرىنى تامام مەنگۈلۈككە بوشاتتى. نەسەب ـ مەرتىۋىلەرنى راست رەۋشەن ئەمەلدىن قالدۇرغان كىشىلەرگە قايتۇردى ۋە پۈتكۈل ئەمەلدار، پۈتۈكچىلەرنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇردى. بۇ خەۋەر بەھرام گۆرنىڭ پادىشاھلىقىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان ھېلىقى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇ دەرھال قوشۇننى ئارقىغا قايتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن خىجىللىق

ھېس قىلدى. ئۇ لىگەن ـ لىگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئېسىل سوۋغاتلارنى ئولپان ھېسابىدا بەھرام گۆرگە ئەۋەتىپ ئەپۇ سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پېقىر ھېچقاچان جانابلىرىنى ئاغدۇرۇش خىيالىدا بولغان ئەمەس. ئەپسۇسكى، ئالىيلىرىنىڭ شۇم ۋەزىرى ماڭا ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتۇپ ۋە سۆز يوللاپ پېقىرنى ئىسيانغا دەۋەت قىلدى. پېقىر قۇللىرىنىڭ شۇبھىسى ھەرقاچان دەلىللىنىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پاناھ جاي ئىزدەۋاتقان پاسىق مەلئۇن». پادىشاھ بەھرام گۆر ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، ساداقەتمەن، پەزىلەتلىك بىر تەقۋادار كىشىنى ۋەزىرلىككە قويدى. پۈتۈن مەملىكەتتە ئىشلار جايىغا چۈشۈپ، خىزمەتلەر راۋانلاشتى. مەملىكەت پاراغەتكە يۈز تۇتۇپ ئاۋام زورلۇقتىن خالاس بولدى.

ئەلقىسسە، ئىتنى دارغا ئاسقان ھېلىقى پادىچى بىر كۈنى ماڭاي دەپ تۇرغاندا بەھرام گۆر ئۇ كىشىنىڭ پۈتى ئالدىدىكى يەرگە ساداقىتىن ئوق ئاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ تۇزۇڭنى ۋە نېنىڭنى يېگەنمەن، سېنىڭ دىشۋارچىلىقىڭنى ۋە تارتقان زىيىنىڭنى چۈشەنگەنمەن. شۇڭا مەن ساڭا كۆڭۈل جەھەتتە قەرزدار. بىلگىنكى مەن پادىشاھ بەھرام گۆرنىڭ غوجىدارى. ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى بارلىق بەگ ـ تۆرىلەر مېنىڭ يارەنلىرىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى بىلىدۇ. سەن بۇ ئوقنى ئېلىپ پادىشاھ بەھرام گۆرنىڭ ئوردىسىغا بارغىن. ھەرقانداق ئادەم بۇ ئوقنى كۆرسە سېنى مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ كېلىشىدۇ. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ زىيىنىڭنى تۆلەپ بېرەي. شۇندىلا مەن ساڭا كۆڭۈل قەرزىمنى ئادا قىلالايمەن» دېدى. ئاندىن بەھرام گۆر تۈز يولغا راۋان بولدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى پادىچىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا: «ئوقنى ئېلىپ شەھەرگە بېرىپ باقمامسىز. قارىغاندا ھېلىقى ئاتلىق كىشى ئېسىلزادىلەردىن بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ توققۇز كالىسىنىڭ بىرەر موييچىلىك ئىنئام بەرسىمۇ بىزگە

يېتىپ ئاشىدۇ. بىكار يۈرمەيلى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ گەپلىرى يالغاندىن يىراق بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىچى شەھەرگە بېرىپ بىر كېچە تۈنىگەندىن كېيىن ئەتىسى بەھرام گۆرنىڭ ئوردىسىغا باردى. بەھرام گۆر بولسا ئاللىقاچان ۋەزىر - ۋۇزرا-لىرىغا: «مېنىڭ ئوقۇمنى كۆتۈرگەن بىرى كەلسە يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق قىلىپ قويغانىدى.
ياساۋۇللار ئوق كۆتۈرگەن ھېلىقى كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى: «ئەي مۆھتەرەم زات! قەيەرگە ماڭدىڭ؟ سېنى كۈتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولدى. سەل تەخىر قىلغىن، بىز سېنى ئوق ئىگىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمىز». بىر ئازدىن كېيىن بەھرام گۆر چىقىپ تەختكە ئولتۇردى ۋە قوبۇلغا تەييارلاندى. ياساۋۇللار ھېلىقى كىشىنى قولىدىن يېتىلەپ قوبۇلخانىغا باشلىدى. ئۇ كىشىنىڭ كۆز نۇرى بەھرام گۆرگە چۈشكەندە ئۇ پادى-شاھنى تونۇۋالدى ۋە: «ئاھ خۇدا، مەن ئۆلەي! ئاتلىق كىشى پادىشاھكەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەتتە بولمايلا قال-ماستىن يەنە قوپال گەپ - سۆزلەرنى دەپ سايتىمەن. ئۇ مەندىن سەسكەنمەي قالارمۇ» دېدى.
ياساۋۇل ئۇنى تەخت ئالدىغا باشلاپ كەلگەندە پادىچى پادى-شاھقا چوڭقۇر تازىم قىلدى. بەھرام گۆر بەگ - تۆرىلەرگە بۇرۇلۇپ: «مانا مۇشۇ كىشى مېنىڭ ئەل ئىشىدىن ۋايىم يېيىـ-شىمگە تۈرتكە بولغان» دېدى ۋە ئىنىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ: «مېنىڭچە ئۇ بىر بىشارەت» دېدى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا تون ھەدىيە قىلدى ھەمدە 700 تۇياق قوي سوۋغا قىلدى. بۇ قويلارنىڭ كۆپىنچىسى قوشقار ۋە ساغلىق-لار ئىدى. پادىشاھ يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ (بەھرام گۆر) ھاياتلا بولسا بۇ پادىچىدىن ھېچقانداق سېلىق يىغماسلىقنى تاپشۇردى.
ئىسكەندەر زۇلقەر نەيىنىنىڭ دارانى يېڭىۋالغانلىقى جاھان ئەھلىگە سىر ئەمەس. دارا (پېرسىيە شاھى) نىڭ مەغلۇپ بول-

غانلىقى، ئۇنىڭ ۋەزىرى ئىسكەندەر بىلەن يوشۇرۇن سودىلاشقان- لىقىدىن ئىدى. دارانىڭ كاللىسى كېسىلىش ئالدىدا ئىسكەندەر: «ئەمىرنىڭ بىخۇتلۇقى ۋە ۋەزىرنىڭ ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ (دارانىڭ) شاھلىق تەختى قولدىن كەتتى» دېگەنىدى.

پادىشاھ بولغۇچى ھەرقاچان - ھەرزامان ئۆز خادىملىرىنى چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم. ئۇ بىرەر خادىمىنىڭ ناتوغرا ياكى ئاسىيلىق قىل- مىشلىرىنى سەزگەندە ئۇنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىش ھەمدە ئۇنىڭ جىنايىتىگە قاراپ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش لازىم. شۇندىلا قالغانلار ئىبرەت ئېلىپ پادىشاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراش- تىن قورقۇپ شۇملۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەر زاماندا پادىشاھ بولغۇچى مۇھىم ۋەزىپىنى ئارتتۇرۇۋاتقان كىشىنى پايلاپ تۇرۇشى (بۇنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلمىسۇن)، پايلاشقا مەسئۇل كىشى ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

ئارىستوتېل ئىسكەندەرگە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆز ۋەزىپى- سىگە سادىق بىرەيلەننى رەنجىتىپ قويغان بولساڭ ئۇنى قايتا ئىشقا قويۇشتىن ساقلان، چۈنكى ئۇ سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ تەختىڭنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن».

پادىشاھ پەرۋىز مۇنداق دېگەن: «پادىشاھ بولغۇچى مۇنداق تۆت خىل كىشىنى جازادىن ئەپۇ ئەتمەسلىكى زۆرۈر: بىرى، پادىشاھلىق تەختىگە كۆز تىككەن كىشى؛ ئىككىنچى، ھەرەم قىز- لىرىغا كۆز ئالايتقان كىشى؛ ئۈچىنچى، شاھنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىغان كىشى؛ تۆتىنچى، ئاغزىدا شاھنى ھىمايە قىلىپ كۆڭلىدە شاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست تارتىشىدىغان، ياۋ- نىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان كىشى».

بىر كىشىنىڭ مەخپىيىتىنى ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن. ناۋادا پادىشاھ ئىشلارنى چۈشەنسە ئۇنىڭ كۆزىنى ھېچ نەرسە غەلەت قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## زېمىندارلار ۋە دېھقانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ بايانى

ئىقتا يەر[1]گە ئىگە مەمۇرلارنىڭ دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسى يىغقاندىن باشقا دېھقانلارغا ھېچقانداق ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئىمتىيازى يوق. شۇنداقلا ئىجارە يىغقاندا كەمتەر بولۇش، توختاملاشقىنى بويىچە تېگىشلىكىنى يىغىشى زۆرۈر. ئىجارىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ تىرىكچىلىكى، ئۆزىگە تەۋە بويۇملىرى، بالا - چاقىلىرى دەخلىسىز بولىدۇ. ئىقتا ئىگىلىرى ئۇلارغا ھېچقانداق تەلەپ قويماسلىقى شەرت. دېھقانلار ئوردىغا ئەرز - دادىنى ئېيتماقچى بولسا ئۇنىڭغا ھېچكىم توسالغۇ بولمىسۇن. خىلاپلىق قىلىنسا ئىقتا ئىگىلىرى ئەدەپلىنىشى، ئىقتا يېرى قايتۇرۇۋېلىنىشى ۋە ئۆزى جازاغا تارتىلىشى كېرەك. ئۇلارغا شۇ نەرسە روشەن بولسۇنكى، پادىشاھلىق زېمىن ۋە دېھقانلار خان ھوقۇقىغا مەنسۇپ. ئىقتا ئىگىلىرى (ئۆز جايلىرىدا) دېھقانلار ئۈچۈن مىسالى مەمۇرىي خادىمدۇر. پادىشاھنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە پادىشاھنىڭ (ئىقتا يەردە بولمىغان) دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باراۋەردۇر. شۇنداق بولغاندا ئىشلار ئىزىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولمايدۇ، قىيامەت سورىقىدىمۇ ئازاپ چەكمەيدۇ.

---

[1] پادىشاھلىق تەرىپىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن سۇيۇرغال يەر.

# نۇشىرۋان ئادىل ھەققىدە بايان

ئېيتىشلارغا قارىغاندا پادىشاھ كەي قۇباد ساسانىيلار شاھى. 488 ـ 531 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن. قازا قىلغاندا ئوغلى نۇشىرۋان (« ئادالەت » دېگەن مەنىدە ساسانىيلار شاھى مىلادىيە 531 ـ 579 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) تەختكە ۋارىسلىق قىلغانىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى پادىشاھلىق سۈلىتى يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىدا چوڭ بولۇپ ياخشى ـ يامانىنى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان خىسلەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ھەمىشە: « ئاتام دىلى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل ۋە ساددا كىشى بو-لۇپ، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ مەملىكەت-نى ئوردا خادىملىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇراتتى. ئۇلار بولسا، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلاتتى. شۇڭا ئەل خارابلىشىپ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. ئۇلار مەملىكەتنىڭ كىرىمىگە خىيانەت قىلىپ نومۇسسىز ۋە ئۆكىنىش زەنجىرلىرىگە مەھكەم باغلاندى» دەيتتى. پادىشاھ كەي قۇباد مەزدەكىيلارغا تولىمۇ مەھلىيا بولۇپ كەتكەنىدى؛ شۇنداقلا ئۇنى ۋالىي ۋە باجگىر ئالداپ كەتتى. بۇ ئىككەيلەن ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئۆلكىلەرنى ۋەيران قىلىپ ھارام يوللار ئارقىلىق دېھقانلارنى شۇلۇۋالدى. ئۇ زات مال ـ دۇنياغا بەكلا ھېرىسمەن بولغاچقا ئۇنىڭغا ئاشۇلار بىر دىنار بەرگەندە ھوشىدىن ئاجراپ قانائەت ھاسىل قىلاتتى. ئۇنىڭدا ئۇلاردىن سوراشتۇرۇپ كۆرۈش جۈرئىتى ياكى ئەقىل ـ پاراسى-تى كەم ئىدى. ئۇ ھېچقاچان (ھېلىقى ۋالىيغا): « سەن ئاشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆلكىنىڭ ۋالىيسى ۋە سۇ باشى[1]ھېسابلىنىسەن، مەن ئاشۇ ئۆلكىنىڭ كىرىمىدىن بىر قىسىم خىراجەتنى ساڭا ئاجرىتىپ بەرگەنىدىم. بۇ خىراجەت سېنىڭ ۋە قوشۇنىڭنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىغا يېتىپ ئاشىدۇ. شۈبھە قىلمايمەنكى، ئەل - يۇرتتىن يىتەرلىك پۇل - پۈچەك شۇلۇۋالدىڭلار. بولمىسا بۇ ئېشىنچا پۇل - پۈچەك قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئىلگىرى سەندە مەۋجۇت بولمىغان نەرسە ئەمدىلىكتە قانداق قىلىپ سەندە بار بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ نەرسىلەر ساڭا ئاتاڭدىن مىراس قالمىغان، بەلكى ئەل يۇرتتىن ھارام يوللار ئارقىلىق شۇلۇۋېلىنغان» دېمەيتتى. باجگىردىنمۇ: «بۇ ئۆلكىنىڭ بېجى مۇنچىلىك ئىدى. باجنىڭ بىر قىسمىنى ھۆججەت ئارقىلىق ئەۋەتتىڭ، بىر قىسمىنى خەزىنىگە ئۆتكۈزدۈڭ. شۇنداق ئىكەن، سەندىكى بۇ ئېشىنچا پۇل قەيەردىن كەلدى؟ سەن بۇنى ھارام يوللار بىلەن ئەلدىن يۇلۇۋالغانسەن - ھە؟» دەپ سوراشتىن ئەيمىنەتتى. بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈپمۇ كۆرمەيتتى. مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ بۇ كىشىلەرنى تۈزىمەيتتى.

ئۇنىڭ سەلتەنىتى ئۇچ - تۆت يىلچە داۋام قىلغاندىن كېيىن ئىقتا ئىگىلىرى ۋە مەمۇرىيەت خادىملىرى بۇرۇنقىدەكلا ئەل - يۇرتنى شىلىشقا باشلىدى. نارازى بولغانلار پادىشاھ ئوردىسىنىڭ قوۋۇقى ئالدىدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈردى. نۇشىرۋان ئادىل ئوردىغا چىقىپ سەۋەنلىكلەرنى تۈزەتتى ۋە پۈتۈن تۆرىلەرنى يىغدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا شۈكرانىلەر بىلدۈردى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ھەر بىرىڭلارغا سىر ئەمەسكى، ئاللاھ (پۈتۈن ھەمدۇ سانا ئاللاھقىلا خاستۇر) بۇ پادىشاھلىقنى ماڭا ئاتا قىلغان، ئاندىن قالسا تەختكە ئاتامنىڭ ۋارىسى بولۇپ چىققانمەن. ئاخىردا تاغام ماڭا قارشى ئىسيان قىلغاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قىلىچ ئارقىلىق شاھلىق تەختىنى قوغداپ

---

① بۇ لەشكىرىي ئاتالغۇ بولۇپ، «سۇ» سۆزى لەشكەر، قوشۇن دېگەن مەنىدە. ئادەتتە سۇ باشىنىڭ قول ئاستىدا بىر نەچچە سانغۇن بولىدۇ.

قالغان. خۇددى ئاللاھنىڭ دۇنيانى ماڭا ھەديە قىلغىنىدەك مەنمۇ دۇنيانى سىلەرگە ھاۋالە قىلىپ ھوقۇق ئىمتىيازىنى ھەر بىرىڭلارغا بەرگەنىدىم. شاھلىق تەختكە چىقىشقا مۇناسىپ كىشى تېپىلمىغۇچە تەختتىن چۈشمەيمەن. ئاتام زامانىسىدىن قالغان مەرتىۋىلىك كاتتىلارنىڭ ئورنى ئۆزگەرتىلمىدى، ئۇ-لارنىڭ قانات - قۇيرۇقى بوغۇشلانمىدى. مەن ھەمىشە سىلەرگە رەئىيەتكە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، تېگىشلىك باجنىلا يىغىش ھەققىدە ئاگاھ قىلىپ كەلدىم. مەن سىلەرنى ھۆرمەتلىدىم، ئەمما سىلەر مېنىڭ ۋە سۆزلىرىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدىڭلار. ئاللاھدىنمۇ قورقمىدىڭلار، باغرىڭلارنىمۇ يۇمشاتمىدىڭلار. شۇڭا قىيامەتتە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشتىن قورقۇۋاتىمەن. سىلەر زور-لۇق قىلىپ بۇنىڭ قىساس - ۋابالى مېنىڭ زامانىمغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇمەن. جاھان دۈشمەندىن پاكلىنىپ سىلەر دۇنيا مەئىشتىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈۋاتىسىلەر. ئەگەردە ئاللاھنىڭ سىلەرگە ۋە بىزگە بەرگەن نېمىتىگە تەشەككۈر ئېيتساڭلار زۇلۇم ۋە ۋاپاغا جاپا قىلىشنى راۋا كۆرمەڭلار. چۈنكى زۇلۇم مەملىكەت-نى ۋەيران قىلىدۇ. ۋاپاغا جاپا قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمەتتىن قۇرۇق قېلىش بولىدۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئاللاھنىڭ ئۈممەت-لىرىگە ئەدەبسىزلىك قىلىنمىسۇن. سىلەر دېھقانلارنىڭ غېمىنى ئازايتىڭلار، ئاجىزلارنى بوزەك قىلماڭلار، ئۆلىمالارنى ئىززەت-لەڭلار، ياخشىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇڭلار، يامانلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش كىشىلەرگە دەخلى قىلماڭ-لار. ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر گۇۋاھ بولسۇنكى، كىمدە - كىم ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسا ئۇنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەي-مەن.» ھەممەيلەن: «پەرمان بەردارمىز، جېنىمىز ۋە تېنىمىز ئالىيلىرىغا تەسەددۇق» دېيىشتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورۇنلى-رىغا قايتىشتى ۋە ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەئىيەتنى شىلىشنى داۋام ئەتتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا نۇ-شىرۋاننى گۆدەك چاغلاپ، «نۇشىرۋاننى تەختكە بىز چىقارغان، شۇڭا نۇشىرۋاننى پادىشاھ دىسەكمۇ بولىدۇ، دىمىسەكمۇ بولىدۇ» دەپ ئويلاشتى. نۇشىرۋان ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەردەك ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە سۈكۈت قىلدى. شۇ تەرىقىدە بەش يىل ئۆتتى.

سۇ باشلىرىدىن بىرەيلەننى نۇشىرۋان ئادىل ئەزەربەيجان ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ كىشى تولىمۇ دۆلەتمەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق سۇ باشى يوق ئىدى. چەۋەندازلىق، قورال ـ ياراغ ۋە باشقا جەھەتلەردە ھېچبىر بەگ ـ تۆرە ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايتتى. بۇ كىشى ئۆزى ھۆكۈم-دارلىق قىلغان شەھەردە بىر قەسىر ۋە بىر چاھار باغ بىنا قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. شەھەر سىرتىدا بىر ئاغىچىغا تەۋە بىر پارچە زېمىن بار ئىدى. بۇ زېمىن شۇنچىلىك چوڭ ۋە مەنپەئەت-لىك ئىدىكى، بۇ زېمىننىڭ ھوسۇلى بۇ ئاغىچا ئائىلىسىدىكى-لەرنىڭ پادىشاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئومۇمىي سېلىق مىقدارىنى تۆلەپ دېھقانلارغا ئىش ھەققى بېرىشكە يېتىپ يەنە ئاشاتتى. ئاشقان قىسمىنى خەجلىسە بىر كۈنگە تۆت نان توغرا كېلەتتى. ئۇ ئاغىچا بۇ ناننىڭ بىرىنى باشقا يېمەكلىككە تېگىشەتتى، بىرىنى چىراغ مېيىغا تېگىشەتتى، قالغان ئىككىسىنى ناشتىلىق ۋە كەچ-لىك قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئاز ـ تولا كىيىم ـ كېچەك ئەكېلىپ بېرىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئاغىچا ئۆز كۆلبىسىدىن چىقماي زاھىدلارچە غورىگىل ياشايتتى. كۈن-لەرنىڭ بىرىدە بۇ ئەمەلدارنىڭ كۆزى مۇشۇ يەرگە چۈشتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولدى. ئۇ مومايغا كىشى ئەۋەتىپ: «بۇ يەرنى سېتىپ بېرىڭ، ئۇ يەر ماڭا لازىم بولۇپ قالدى» دېدى. بىچارە ئاغىچا جاۋابەن: «بۇ يەرنى ساتالمايمەن، ماڭا بۇ يەر تېخىمۇ لازىم، دۇنيادا مۇشۇ يەر مېنىڭ يېگانە بايلىقىم،

ھاياتلىقىمنىڭ مەنبەسى ۋە يىلتىزى، ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ساتمايدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: «بۇ يەرنىڭ ھېسابىغا تەڭگە بېرىمىز ياكى مەنپەئەتتە مۇشۇنىڭغا باراۋەر زېمىن بېرىمىز» دېدى. موماي: «بۇ زېمىن ماڭا ئاتامدىن مىراس قالغان، بۇ يەر سۇغا يېقىن، قوشنا ـ قولۇملارمۇ ماڭا شۇنداق ئىجىل، سەن ھەرقانچە قىلساڭمۇ ماڭا بۇنداق زېمىن بېرەلمەيسەن، زېمىنىمغا قول تەگكۈزگۈچى بولما.» دېدى. ھېلىقى سۇ باشى مومايىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ئۇنىڭ زېمىنىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى ۋە چۆرىدەپ تام سوقتى. ھېلىقى موماي پاناھسىز قېلىپ مۇشكۈلاتتا قالدى ۋە ھېلىقى ئەمەلدار بېرىدىغان يەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «پۇل بەرگىن ياكى باراۋەر مۇلۇك بەرگىن» دېدى. ئۇ كىشى مومايغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويماي مومايىنى قوغلاپ چىقاردى ۋە ئۇ ئەمەلدار ھۇزۇرىغا يېقىن كېلىشكە رۇخسەت قىلمىدى. ئەمما ئۇ ئەمەلدار ھەر نۆۋەت ئۇۋغا چىققاندا ياكى بەزمىگە ماڭغاندا ھېلىقى موماي ئۇنىڭ ئۆتەر يولىدا تۇرۇۋېلىپ: «پۇلۇمنى بەرسەڭ بولمامدۇ» دەپ توۋلايتتى. ئۇ پىسەنتمۇ قىلماي نېرىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. موماي ئۇنىڭ ياساۋۇللىرىغا ياكى غوجىدار ـ ھەقەمسايىلىرىگە بۇ گەپلەرنى دېسە ئۇلار ھەمىشە: «خاتىرجەم بول ئانا، بىز بۇنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويايلى» دەيتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتتى.

ھېلىقى بىچارە مۇماي تولىمۇ مۇشكۈلاتتا قالدى. ئادالەتنى ئىستىگەندى ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەمەلدارنىڭ ئىنساپقا كېلىپ قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «قىزارتىلمىغان تۆمۈرنى قانداقمۇ سوققىلى بولسۇن؟ ئاللاھتائالا غوجامنىڭ غوجىسىنى يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەس. بۇ مەلئۇن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ قولىدىكى ئاددىي خىزمەتچىدۇر ھەقچان. ئەڭ ياخشىسى مادائىنگە بېرىپ نۇشىرۋانغا ئۆزۈمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆۋالچىلىقىدىن دەرد ئېيتىپ باقاي، ئادالەتنىڭ نۇرى شۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ كۆڭلىدىكىنى ئىنىسى ـ جىنىغا تىنىماي مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە ئازەربەيجاندىن مادائىنىگە كەلدى. سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ نۇشىرۋاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئوردا دەھشىتىگە قارىغىنىچە، ئازەربەيجاندا مېنى ۋالىينىڭ قورۇسىغىمۇ كىرگۈزۈشمىدى. بۇ ۋالىيغۇ نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدا ئاددىيغىنا بىر خىزمەتچى. قانداق قىلسام بۇ دۇنيادا ھۆكۈمراننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىلى بولار؟ ئەڭ ياخشىسى يېقىن ئەتراپتىكى بىر جايغا چۈشۈپ پايلاپ تۇراي. ئېھتىمال پادىشاھ سىرتلارغا چىقار. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئەرز ـ دادىمنى بايان قىلاي» دېدى.

ئويلىمىغاندا مومايىنىڭ يېرىنى تارتىۋالغان ئەمەلدار ئوردىغا كېلىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە نۇشىرۋان شىكارغا جابدۇندى. موماي نۇشىرۋاننىڭ ئوۋغا چىققان كۈنىدە سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ شىكار بولىۋاتقان جايغا يېقىن باردى ۋە مەڭگەنلىك كەينىدە بىر كېچە تۈنەپ چىقتى. ئەتىسى نۇشىرۋان ياساۋۇل ھەم مەھرەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كەڭ دالاغا يېيىلىپ ئوۋغا كىرىپ كەتتى. بىر كەمدە نۇشىرۋان بىر قوراللىق نۆۋكەرنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئولجىنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا موماي پادىشاھنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مەڭگەنلىكتىن شاھ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ شىكايەتنامىنى كۆتۈرگىنىچە «داد پادىشاھى ئالەم، كەمىنە بىچارىگە ئاتىدارچىلىق قىلغىن، ئەرزىمنى كۆرۈپ چىقىپ ھالىمغا يەتكىن» دېدى. نۇشىرۋان مومايغا ۋە ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە شىكايەتنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. مومايىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ «ئەي ئانا، ئەمدى قورقما، بۇنىڭدىن مۇقەددەم بۇ سېنىڭ ئىشىڭ بولغان بولسا، ئەمدى بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز-

غا ئايلاندى. بۇنى بىر ياقلىق قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. بىز سېنى رازى قىلىمىز ۋە ماكانىڭغا قايتۇرىمىز. بۇ يەردە ئارام ئالغاچ هاردۇقۇڭنى ئېلىۋال» دېدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ مەپكەشىنىڭ بىر خېچىردا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى چاقىرىپ: «چۇشكىن، ماۋۇ موماينى قېچىرىڭغا مىندۇرۇپ ئاۋۇ مەھەللىگە ئاپار ۋە دورغىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەل. شىكاردىن قايتقىنىمىزدا ئۇنى مەھەللىدىن ئېلىپ شەھەرگە ئاپار ۋە بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغىن. مەن ئۇنى چاقىرتقۇچە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىككى مائۇند نان، بىر مائۇند گۆش بېرىڭلار. يەنە ھەر ئايدا خىراجەتكە خەزىنىدىن بەش دانە ئالتۇن دىنار بېرىڭلار» دېدى. مەپكەش ئىشلارنى شاھنىڭ دېگىنى بويىچە بېجىردى.

شىكاردىن قايتقاندىن كېيىن پادىشاھ نۇشىرۋان كېچەيۇ كۈندۈز قاتتىق ئويلىنىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا تاپانماي تۇرۇپ ئاشۇ موماينىڭ ئۇۋالچىلىقىنى دەلىللەشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا تىرىشتى. بىر كۈنى كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا نۇشىرۋان ئوردىدا ئادەم قالمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر خىزمەتكارنى بۇيرۇپ ئىشەنچلىك مەھرىمىنى چاقىرتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئەي مەھرەم، ساڭا سىر ئەمەسكى، قولۇمدا سانسىزلىغان جەسۇر ياساۋۇللار تۇرۇپتۇ. ئەمما مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىن سېنى بىر خىزمەتكە سىلىشقا تاللىۋالدىم. سەن خەزىنىدىن ئازراق خىراجەت ئېلىۋېلىپ ئەزەربەيجان ۋىلايىتىگە بارغىن. ئەڭ ياخشىسى ئاشۇ ۋىلايەتنىڭ پۇستانى يېرىگە بېرىپ 20 كۈن تۇرغىن. سەن ئۇلارغا بىر قاچقۇن مەھرەمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتساڭ بولىدۇ. سەن ئامال قىلىپ ھەر خىل كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقىن، كەيپ ياكى سەگەك قىياپەتلەردە ئۇلار بىلەن بىللە ياشىغىن ۋە ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىڭدە پالانى موماينى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىن. ئۇ ئىلگىرى ئاشۇ شەھەرنىڭ پۇستانى يېرىدە تۇرغان، ھازىر غايىب بولغان ئوخشايدۇ. سەن ئامال

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى، ئۇنىڭ ھېلىقى زېمىنىغا نېمە دېشۋارچىلىق كەلگەنلىكىنى سوراشتۇرغىن. كىشىلەردىن ئاڭلىغان سۆزلىرىڭنى تامام ئەستە تۇتۇۋال ۋە قايتىپ كېلىپ ماڭا خاتاسىز يەتكۈز. بۇ سېنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپەڭ. ئەمما ئەتە مەن سېنى ئوردىغا چاقىرتىپ بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ساڭا ئوچۇق ـ ئاشكارا تاپشۇرۇق بېرىمەن. ئەمدى بېرىپ خەزىنىدىن ئازراق خىراجەت ئېلىۋال ۋە ئازەربەيجانغا جابدۇن. بارغانلىكى شەھىرىڭدە ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ بۇ يىلقى ھوسۇل بېرىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىل ۋە تەپسىلىي خاتىرىلىۋال. ئاپەت بولغان ـ بولمىغانلىقىغا، يايلاق ۋە شىكار مەيدانلىرىغا دائىر ئەھۋاللارغا كۆز قىرىڭنى سېلىپ ئۆتكىن. ھايال بولماي قىلىپ كەل ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭنى ماڭا تولۇق مەلۇم قىل. سېنى بۇ ئىشقا ئەۋەتىشىمدىكى ھەقىقىي سىرنى ھېچ ئىنسان بىلمىسۇن» دېدى. مەھرەم تىزلىنىپ: «ئەمرىڭ قۇللۇق» دېدى.

ئەتىسى نۇشىرۋان ئادىل ئىشلارنى يۇقىرىقىدەك جۆندىدى. ھېلىقى مەھرەم ئۆز مەنزىلىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كۆرسىتىلگەن جايدا 20 كۈن تۇرۇپ ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن ھېلىقى مومايىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «ئۇ ھەقىقەتەنمۇ داڭدار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، تولىمۇ سۆلكەتلىك ئايال ئىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆز مەھبۇبى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرەتتۇق؛ كېيىن مەھبۇبى ۋە پەرزەنتلىرى تامام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ مىراس زېمىنىدا تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇ ئاشۇ يېرىگە بىر دېھقانىنى ياللاپ يەردىن چىققان ھوسۇل بىلەن پادىشاھقا سېلىق، دېھقانغا ئىش ھەققى تۆلەيتتى، قالغىنى ئۇنىڭ بىر كۈنگە تۆت ناندىن توغرا كېلەتتى ۋە شۇ تەرىقىدە كېلەر يىلدىكى ھوسۇلغا ئۇلىشاتتى. ئۇ بىر نېنىغا باشقا ئوزۇق تېگىشەتتى، بىر نېنىغا چىراغ مېيى ئالاتتى، قالغان ئىككىسىنى ناشتىلىق ۋە كەچلىك قىلاتتى. ۋالىي راۋاقلىق ۋە كۆركەم چاھار

باغلىق ئىمارەت سالماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ زېمىنىنى زورىغا تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ باغلىق يېرىگە قوشۇۋالدى. ۋالىي بۇ يەرنىڭ بەدىلىگە پۇلمۇ بەرمىدى، يەرمۇ بەرمىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ موماي ۋالىينىڭ يېنىغا تولا بېرىپ يىغا - زار قىلىپ پۇل تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ شەھەردە يۈرگەن، ھازىر نەگە كەتتىكىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيمىز» دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى مەھرەم پايتەختكە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا نۇشىرۋان ئوردىدا مەمۇرلارنى قوبۇل قىلىۋاتقانىدى. ئۇ ئوردىغا كىرىپلا نۇشىرۋان ئادىلغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى. نۇشىرۋان ئۇنىڭغا: «قېنى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭنى تامام سۆزلىگىن» دېدى. مەھرەم ئېيتتى: «سېنىڭ دانالىقىڭدىن مەملىكەتتىكى زىرائەتلەر ناھايىتى ياخشى ئۆسۈپتۇ، ھېچقانداق ئاپەت بولماپتۇ، يايلاقلاردا چۆپلەر بولۇق، شىكار مەيدانلىرىدا ئولجىلار تولۇق تۇرۇپتۇ». پادىشاھ: «ئاللاھقا شۈكرانىلەر بولسۇن! سەن ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ» دېدى. قوبۇل تۈگەپ ئوردىدا ئادەم قالمىغاندا پادىشاھ مەھرەمنى چاقىرىپ سۈرۈشتۈرۈۋىدى مەھرەم ئاڭلىغانلىرىنى تولۇق بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىل ھېلىقى مومايىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. كۆڭلى بىئارام بولۇپ كۈن - تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. بىر كۈنى سەھەردە پادىشاھ ھېلىقى ۋالىينى ئوردىغا چاقىرتىپ «تۆرىلەر كىرىپ كەلگەندە پوكۈنى كىشىنى كۆرسەڭ شۇ كىشىنى ساراي سەيناسىدا مەن چاقىرتقۇچە تۇتۇپ تۇرغىن» دېدى.

بارلىق بەگ - تۆرىلەر ۋە ئىمام - ئاخۇنلار قوبۇلخانىغا كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ۋالىي نۇشىرۋاننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. نۇشىرۋان چىقىپ ۋەزىرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. بىر كەمدە تۆردىلەرگە بۇرۇلۇپ: «مەن سىلەردىن بىر ئىشنى سوراپ كۆرەي،

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭلارنىڭ دانالىقى ۋە پەزىل كەرەمى بىلەن راستىنى ئېيتىڭلا-
ر» دېدى. ھەممەيلەن بىردەك: «قۇللۇق ئالىيلىرى» دېيىشتى.
پادىشاھ سورىدى: «بىر كىشى ئازەربەيجاندا ئەمەلدار بولۇپ ئىش-
لەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بايلىقى ئالتۇن دىنارغا سۇندۇرۇلسا قانچە بولا-
ر؟» ئۇلار ئېيتتىكى: «بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ كېرەك قىلماي-
دىغان مۈلكى 200 تۇمەن دىنار چىقار». ئۇ يەنە سورىدى: «ئۆي
بىساتى ۋە تەئەللۇقاتلىرىچۇ؟»، ئۇلار ئېيتتىكى: «50 تۇمەن
دىنار قىممىتىدە ئالتۇن - كۈمۈش بىساتلىرى بولۇشى
مۇمكىن». پادىشاھ يەنە سورىدى: «ئۇنچە - مارجانلىرىچۇ؟»
ئۇلار ئېيتتى: «60 تۇمەن دىنار.» يەنە سورىدى: «گىلەم ۋە
باشقا ھەشەم بۇيۇملىرىچۇ؟» ئۇلار: «30 تۇمەن دىنار» دېيىش-
تى. ئۇ يەنە سورىدى: «زېمىن، قورۇق ۋە چاھار باغلىرىدىن
قانچىلىكى بار؟»، ئۇلار ئېيتتى: «خۇراسان، ئىراق، بەسرە،
ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىكى ھەممىلا قەلئە، يۇرتلاردا ئۇنىڭ
يەتتە - سەككىز، ھەتتا ئونلاپ چاھار باغلىرى، تۈگمەنلىرى،
سارايلىرى، ھور مۇنچىلىرى ۋە قورۇقلىرى بار». ئۇ يەنە سورد-
دى: «قانچىلىك ئات ۋە قېچىرى بار؟»، ئۇلار ئېيتتى: «ئۈچ
تۇمەن»، ئۇ سورىدى: «قويىچۇ؟»، ئۇلار: «20 تۇمەن» دې-
دى. ئۇ يەنە سورىدى: «تۆگىچۇ؟» ئۇلار دېدى: «ئۈچ
تۇمەن». ئۇ سورىدى: «قۇل ۋە ئىشلەمچىلىرى قانچىلىك چى-
قار؟» ئۇلار ئېيتتىكى: «تۈرك، رۇم، ھەبەش بولۇپ 1700
مەھرىمى بار، ھۆسن - رۇخسارى ئاينى خىجىل قىلغۇدەك 400
چۆرىسى بار». پادىشاھ نۇشىرۋان سۆزلىدى: «بىراۋ شۇنچە
بايلىققا تىنىپ كەتسۇن، شۇ ھالدا ھەر كۈنى 20 لىگەندە گۆش،
تاتلىق - تۈرۈم يېسۇن، يەنە بىراۋ ئاللاھنىڭ مۆئمىنى بولۇپ
قېرى ۋە ئاجىز، تەنھا، يۆلەنچۈكسىز ھالدا ھەر كۈنى ئىككى
نانىنى ناشتىلىق ۋە كەچلىك غىزا قىلىپ يېسۇن، ناۋادا ئاشۇ
بايلىققا تىنىپ كەتكەن كىشى يەنە بىر قېرى كىشىنى مەجبۇري

نانسىز قويغان بولسا ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىلىشى كېرەك؟»
ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن: «ئۇنداق ئىنساپسىزغا جازانىڭ ھەر-
بىر تۈرىدىن تولۇق بېرىش كېرەك. ئۇنداق كىشىگە ھەرقانچە
جازا بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېيىشتى. نۇشىرۋان ئېيتتى:
«ئاشۇ كىشىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ گۆشىنى ئىتقا تاشلاپ
بېرىڭلار. تېرىسىگە سامان تىقىپ ئوردا قوۋۇقى ئالدىغا يەتتە
كۈن ئېسىپ قويۇڭلار. بۈگۈندىن ئېتىبارەن كىمدە - كىم
رەئىيەتنى ئانىي تاپسا، باشقىلارنىڭ بىر تال سامان، بىر چۈجە
ياكى بىر تال دان چاغلىق نەرسىسىنى مۇتتەھەملىك بىلەن تارتىۋ-
ۋالسا بىرەرى شىكايەت قىلغان ھامان زۇلۇم قىلغۇچى
مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ».
نۇشىرۋان مەيكەشكە ھېلىقى مومايىنى ئەپكېلىشنى بۇيرۇ-
دى. ئارقىدىنلا بەگلەرگە مۇنداق دېدى: «بۇ مەزلۇم زۇلۇمغا
ئۇچرىغۇچىدۇر. زۇلۇم قىلغۇچى تېگىشلىك جازاسىنى
تارتتى». ئاندىن ئۇ ئازەربەيجانغا ئەۋەتىلگەن مەھرەمگە قاراپ
«ئەي مەھرەم، مەن سېنى ئازەربەيجانغا نېمىگە ئەۋەتتىم؟» دې-
دى. ئۇ ئېيتتىكى: «مۇشۇ مومايىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭغا
ئۇۋال بولغان - بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا، شاھ ئالىيلى-
رىغا ھەقىقىي بولغان ئاخبارات ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگ-
ەنمەن.» ئارقىدىنلا نۇشىرۋان بەگ - تۆرىلەرگە مۇنداق دېدى:
«شۇڭا كۆڭلۈڭلاردا شەك قالمىسۇنكى مەن بۇ جازانى كاللامغا
نېمە كەلسە شۇ بويىچىلا بېرىۋاتقىنىم يوق. بۈگۈندىن ئېتىبارەن
زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ تېتىيدىغىنى قىلىچىمنىڭ ئۆتكۈر تىغى
بولىدۇ. مەن ساغلىقنى ۋە پاقلان - قوزىلارنى بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇ-
مىدىن ساقلاپ قېلىشىم، ئاچ كۆز تويماسلارنىڭ تىلىنى كېسى-
شىم، شۇملۇق ۋە ياۋۇزلۇقنى يەر يۈزىدىن يوقىتىپ، دۇنياغا
ئادالەت ۋە باراۋەرلىك نۇرىنى سېپىشىم لازىم. چۈنكى بۇ مەن
تۇغۇلغاندا ماڭا يۈكلەنگەن ۋەزىپە. ئەگەر ئىنسانلار ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ئىشلار بولسىدى، ئاللاھ يەر يۈزىگە ئۆزىنىڭ سايىسىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۆزۈڭلارنى بۇ خىل دەھشەتلىك قىسمەتكە مۇپتىلا قىلغۇچى يامانلىقلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» . قوبۇلخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ كەسكىنلىكى ۋە سۈرىدىن ئەيمىنىپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىشتى. نۇشىرۋان ھېلىقى مەزلۇمغا قاراپ: «سېنى ئاني تاپقان كىشىنى قاتتىق جازالىدىم. ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ۋە سېنىڭ زېمىنىڭنى قوشۇپ ياسالغان چاھار بېغىنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن. ساڭا يەنە ئازراق چارۋا ۋە ئالتۇن دىنار بېرىمەن. شۇنىڭ بىلەن سەن مەن بەرگەن لەۋھەنى ئېلىپ يۇرتۇڭغا سالامەت قايتالايسەن. ئوقۇغان نامىزىڭدا دۇئا قىلغاندا بەلكىم مېنىمۇ ياد ئېتەرسەن» دېدى. ئاندىن بەگ - تۆرىلەرگە قاراپ سۆز قىلدى: «نېمە ۋەجىدىن ئوردىنىڭ قوۋۇقى زۇلۇم قىلغۇچىلارغا داغدام ئوچۇق؟ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا ئېتىكلىك؟ نۆكەرلەر ۋە دېھقانلار مېنىڭ خادىملىرىم. ئۇلار مېنىڭ ئەمگەك قىلىدىغان كۈچلىرىم. دېھقانلار ئاشلىق تېرىيدۇ، نۆكەرلەر بۇنى يەيدۇ. شۇڭا مەمۇرلار نەۋكەرلەرگە قارىغاندا ئاشلىق تېرىغۇچىلارغا ئوڭلۇقراق بولۇشى لازىم. ھازىر شۇنداق بىر خىل ئىللەت، ئۇدۇمغا ئايلانمىغان قىلىق چىقتى: ھەر قېتىم زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ئوردىغا شىكايەتكە كەلسە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشتىن توسۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزلۇم ئوردىغا كىرەلىگەن بولسا ئوۋ مەيدانىغا بېرىپ يۇرمەيتتى» . شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىل ئوردا قوۋۇقىدىكى قوڭغۇراقتا يەتتە ياشلىق بالىنىڭ قولىمۇ يەتكۈدەك قىلىپ زەنجىر ئېسىپ قويۇشنى ئەمىر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوردىغا ئەرز - شىكايەتكە كەلگەن ھەرقانداق كىشى ئوردا باشبۇغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈرمەيلا زەنجىرنى تارتسا قوڭغۇراق جاراڭلايدىغان، نۇشىرۋان بۇ دەۋاگەرنى قوبۇل قىلىپ ئەرز - دادىنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى. بۇ چارە ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلدە يۈرگۈزۈلدى.

بەگ ـ تۆرىلەر ۋە سۇ باشلىرى ئوردىدىن ئۆز قەسىرلىرىگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال غوجىدارلىرىنى ۋە خادىملىرىنى چاقىرتىپ مۇنداق دېيىشتى: «مۇشۇ ئون يىل مابەينىدە قانچىلىك مال ـ دۇنيا شىلىۋالغانلىقىمىزغا قاراپ چىقىڭلار. قانچىلىك خۇن دەۋاسىغا قەرزدار ئىكەنلىكىمىزنى، كەيپچىلىكتە ۋە سەگەك ھالىتىمىزدە كىملەرگە زىيان سالغانلىقىمىزنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار ھەمدە ئاشۇ دەۋاگەرلەر ئوردىغا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن شىكايەت قىلغۇچە ئۇلارنى رازى قىلىپ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋېتىڭلار».

شۇنىڭ بىلەن بۇ خادىملار ئېسىگە ئالالىغىنىچە ئۆزلىرى جەبىر ـ زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن چىللاپ كېلىپ ياكى ئۆيلىرىگە پەتىگە بېرىپ ھەممىسىنى رازى قىلىشتى. يەنە تۆلەم ئالغان، رىيازىتىگە چۈشلۇق كۆڭلى ئەمىن تاپقان كىشىلەردىن قايتا دەۋا قىلسا دەۋاسىنىڭ باتىل (بىكار) بولۇشى ھەققىدە تىلخەتلەر ئېلىشتى. شۇ تەرىقىدە نۇشىرۋان ئادىللىقىنىڭ دۆلىتىدە تەرتىپ ئىزىغا چۈشتى، زۇلۇم يوقالدى. جاھان شۇنچىلىك ئەمىنلىككە تولدىكى يەتتە يىلغىچە بىرەر ئىنسان ئوردىغا شىكايەتكە كەلمىدى.

يەتتە يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى قوبۇلخانىدا ھېچكىم قالمىغانىدى، ماڭىدىغانلارنىڭمۇ ھەممىسى مېڭىپ بولۇشقانىدى. نۆكەرلەرمۇ نەيزىلىرىگە يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا قوڭغۇراق جاراڭلىدى. نۇشىرۋان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھاللا ئىككى چاكارنى قاراپ بېقىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئوردا قوۋۇقىغا بېرىپ قارىسا قۇرۇق سۆڭەك ۋە پۈتۈن بەدىنىنى يېغىر قاپلىغان بىر قوتۇر ئېشەك قوۋۇق ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قوڭغۇراقنىڭ زەنجىرىگە ھەدەپ دۈمبىسىنى سۈركەۋاتقانىكەن، قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىشى شۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

ئىكەن. ئۇلار قايتىپ بېرىپ: «ھېچكىم ئەرز قىلماپتۇ، پەقەت ئۇستى - بېشىنى يېغىر بېسىپ كەتكەن بىر قوتۇر ئېشەك قىچىشقان يېرىنى زەنجىرگە سۈركەۋېتىپتۇ» دېدى. نۇشىرۋان ئېيتتى: «ھەي كالۋالار، ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بېرىپ ياخشىراق قاراپ بېقىڭلارچۇ: مۇشۇ قوتۇر ئېشەكمۇ ئادالەتكە تەشنا بولۇپ كەلگەن. سىلەر بېرىپ ئاشۇ ئېشەكنى يېتىلەپ بازارغا ئاپىرىڭلار ۋە كۆرگەنلىكى كىشىدىن ئېشەكنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈڭلار. ئاندىن قايتىپ ماڭا مەلۇم قىلىڭلار». ھېلىقى ئىككى چاكار ئېشەكنى يېتىلەپ بازارغا ئاپاردى ۋە كىشىلەردىن بۇنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتە قىلدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى بۇ شەھەردە بۇ ئېشەكنى بىلمەيدىغان كىشى يوق» دېيىشتى. چاكارلار: «بۇ ئېشەك توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى كىشىلەر: «بۇنىڭ ئىگىسى ئەسلىدە بىر كىرچى ئىدى. ئۇ دائىم كىشىلەرنىڭ يۇدۇرىدىغان كىرلىرىنى مۇشۇ ئېشەككە ئارتىپ كىر يۇيىدىغان جايغا ئېلىپ باراتتى. كەچقۇرۇنلۇقى كىيىملەرنى ئارتىپ يېنىپ كېلەتتى. بۇ ئېشەك قاۋۇل ۋە كۈچتۈڭگۈر ۋاقىتلاردا ئىگىسى ئۇنى ياخشى باققانىدى. ئەمدى قېرىپ كۈچىدىن قالغاندا ئىگىسى ئۇنى كېرەك قىلماي ئۆيدىن قوغلىۋەتتى، بۇنىڭغىمۇ بىرەر يىل بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنلەپ - تۈنلەپ كوچا - كويلاردا، بازار رەستىلەردە ۋە تۇرالغۇلار ئارىلىقىدا قاڭقىپ يۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتقانلىرى بىرەر ئىككى باغلام بېدە - چۆپ بېرىپمۇ قويىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى بىرەر چىشلەم چۆپ يېگەنلىكىنى ياكى بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېيىشتى.

بۇ ئىككى چاكار ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن سورىسا ھەممىسى ئاساسەن ئوخشاش جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلا قايتىپ ئاڭلىغانلىرىنى شاھقا يەتكۈزدى. نۇشىرۋان ئادىل:

«مەن سىلەرگە بۇ ئېشەك تەڭسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن، دېمەيمىدىم؟ ئەتە ھېلىقى كىرچىنى ۋە تۆت سەركارنى بىللە ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر مۇۋاپىق تېپىلسا ئۇلارنى جازالايمەن» دېدى. ئەتىسى چاكارلار يارلىق بويىچە ئىش كۆردى ۋە كىرچى، ئېشەك، سەركارلارنى شاھ ئالدىدا دەرقەمتە قىلىشتى. نۇشىرۋان كىرچىغا قاراپ: «ئاڭلىشىمچە بۇ ئېشەك ساغلام ۋە كۈچلۈك ۋاقتىدا سەن ئۇنىڭغا ياخشى قاراپسەن. ئۇ قېرىپ كۈچىدىن قالغاندا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولماپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيۈڭدىن قوغلاپ چىقىرىپسەن. ئۇنىڭ ساڭا 20 يىل ئىشلىگەن ھەققى نەگە كەتتى؟» دېدى. ئارقىدىنلا بۇ كىشىنى 40 قامچا ئۇردى ۋە: «مۇشۇ ئېشەك ھاياتلا بولسا ئۇنى ھەر كۈنى مۇشۇ تۆتەيلەننىڭ يەيدىغان نېنى بىلەن تويغۇچە ھەلەپ ئېتىپ بېرىپ باقىسەن. ئۇنداق قىلمىغانلىقىڭنى بىلىپ قالسام مەندىن رەنجىمە. يادىڭدا بولسۇنكى، پادىشاھلار ھەر زامان ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى ئويلايدۇ، مەمۇرلار، زېمىندارلار ۋە مەھرەملەرنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پانىي ئالەمدىكى نام - شەرىپى ۋە باقىي ئالەمدىكى شاپائەت بىلەن ھېسابلىشىدۇ» دېدى.

باجگىرلار ۋە زېمىندارلارنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتىپ تەسىرىنىڭ زورىيىپ كېتىشىدىن ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىككى - ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يۆتكەپ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئۇلار دېھقانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۆلكىلەرمۇ ئاسايىشلىقتا پۈركىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## قازىلار، ئىماملار ۋە مىرشەپلەر[1] خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ بايانى

مەملىكەتتىكى قازىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلىي ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇش زۆرۈر. ئىلىمگە ئاشىق، تەقۋادار، ئالا كۆڭۈللۈك ۋە ئاچ كۆزلۈكتىن خالىي قازىلارنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلالمىغانلارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇش، ئورنىغا مۇناسىپ كىشىلەرنى قويۇش لازىم. ھەربىر قازىغا ئورنىغا قاراپ مائاش بەرگەندە ئۇلار ئاسىيلىق قىلمىشىدا بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى زىل ۋە قول تۇتىدىغان ئىش. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا، مال - مۈلكىگە ۋە ھەققىگە ھۆكۈم چىقىرىشىدۇ. ناۋادا قازىلاردىن بىرەرى بىغەملەرچە ياكى ئاچ كۆزلەرچە ياكى يامان نىيەتتە كېسىم چىقارسا ۋە بۇنى جاكارلىسا قالغان قازىلار مەزكۇر خاتا ھۆكۈمنى پادىشاھقا يەتكۈزۈشى، ھېلىقى قازى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ جازالىنىشى جائىز.

باشقا مەمۇرىي خادىملار بىردەك قازىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشى، قازىخانىنىڭ ئابرۇيى - ئىناۋىتىنى ھىمايە قىلىشى لازىم. ناۋادا بىرەر كىم قازىخانىدا كۆرۈنۈش قىلىشقا بويۇنتاۋلىق قىلسا ئۇنىڭ كىم بولۇشىغا قارىماي قىلىچ - نەيزە بىلەن بولسىمۇ مەجبۇرىي قازىخانىغا كەلتۈرۈش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە ھىدايەتلەر بولسۇن) ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى

---

① ئەسلى ئەمىرشەب بولۇپ، كېچىلىك كۆزەتچى دېگەن مەنىدە.

زامانىسىدا كىيىمنى ئۆلار ئۆزلىرى چىقىراتتى، ھەرگىزمۇ بۇنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلمايتتى. شۇڭا ھۆكۈم - كىيىملەردە تەڭ- سىزلىك ياكى باھانە كۆرسىتىپ قازىخانىغا كەلمەسلىك كۆرۈل- مەيتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام (ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن) زامانىسىدىن بىزگىچە بولغان ھەربىر زاماندا، ھەربىر قەۋمدە، ھەربىر مەملىكەتتە باراۋەرلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت ھۆكۈم سۈردى. قايسى ئىقلىم مۇشۇنى ئورۇنلىيالىسا شۇ جايدىكى پادى- شاھلىقلار زامان - زامانغىچە ئۇزۇلمەي داۋام قىلىپ كەلدى.

ئېيتىلىشىچە، پارسلار پادىشاھىنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بول- غان: ۋە نورۇز كۈنلىرى پادىشاھ رەئىيەتنى شۇنداق قوبۇل قىلاتتىكى، ئەڭ غېرىب كىشىمۇ شاھ ھوزۇرىغا كىرىشتىن چەك- لەنمەيتتى. قوبۇل پەيتىدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن جاكارچى بۇنى جاكارلايدىغان بولغاچقا كىشىلەر ئەرز - شىكايەتلىرى بولسا راسلاپ قوبۇلغا تەييارلىناتتى. ئەرز - شىكايەت قىلىنغۇچى كى- شىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. قوبۇل كۈنى پادىشاھنىڭ پەرمانچىلى- رى ئوردا قوۋۇقى سىرتىدا: «پادىشاھىمىزنىڭ ئەمرى شۇنداقكى دەۋا - دەستۇرغا توسقۇن بولغۇچىنىڭ قېنى سىياسەت تىغىدا ئاقتۇرۇلىدۇ» دەپ جاكارلىشاتتى. ئارقىدىنلا پادىشاھ رەئىيەت- نىڭ تەلەپ - ئىلتىماسنامىلىرىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا قوياتـ- تى. پادىشاھ بۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرگەچ ئۆز نامىغا قىلىنغان شىكايەتلەر بولسا دەرھال شاھلىق تەختتىن چۈشۈپ «مۇباد - مۇبادەن» (پارسچىدا بۈيۈك قازى، دېگەن مەنىدە. بۇ زات ئادەتتە پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ) نىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ: «قالغان دەۋاگەرلەرگە كىيىم چىقىرىشتىن ئاۋۋال ناھا- يىتى باراۋەر ۋە ئادىل ھالدا مۇشۇ ئىككىمىزنىڭ دەۋاسىنى ئايرىپ قويغىن» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇ- چىلار بىر چەتكە تۇرغۇزۇلۇپ ئۇلارنىڭ دەۋاسى ئاۋۋال كېسىم قىلىناتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ مۇبادقا دەيتتى: «ئاللاھنىڭ نەزەرىدە (پۈتۈن ئالقىشلار ئاللاھقا خاستۇر) بارچە يامانلىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى پادىشاھلارنىڭ خاتالىقىدىن ئاشالمايدۇ. بىر پادىشاھنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۆز پۇقرالىرىغا جەبىر قىلماسلىق، ئاۋامغا ئەدىل ـ ئادالەتنى باشچى قىلىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىقتۇر. پادىشاھ زالىم بولسا ئوردىدىكى سىپاھ بەگلەر زوراۋانلىق كەمىرىنى تاقايدۇ. ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى روشەن كۆڭۈللەردە خىرەلىشىپ ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەت ـ شاپائىتىگە ئاسىيلىق قىلىش يۈز بېرىدۇ. شۇبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان جازاسى ناھايىتى قاتتىق. شۇنداقلىقىدىن ئۇلارنىڭ دۆلىتى گۇمران بولىدۇ، شۇنداقلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھالاك بولۇشىدۇ. پادىشاھلىق بىر قەۋمدىن يەنە بىر قەۋمگە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئەي تەقۋادار مۇباد، ماڭا يان باسمىغىن، بولمىسا سېنىڭ ئىمانىڭ پاكلىقتىن يىراقلىشىدۇ. ئاللاھ (جىمى ھەمدۇ ـ ناسا ئاللاھقا خاس) قىيامەتتە مەندىن ھېساب ئالغاندا مەن سەندىن ھېساب ئالىمەن. شۇڭا مەن ساڭا يېتەرلىك ھوقۇق بەرگەنمەن» شۇنىڭ بىلەن مۇباد بۇ دەۋاغا قاراپ چىقاتتى. پادىشاھ ۋە شىكايەت ئىگىسىنىڭ ھەق ـ ناھەق قىلمىشىغا كېسىم چىقىرىلغاندىن كېيىن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بويىچە ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا پاسىبانلىق قىلاتتى. ئەمما بىرەر كىمنىڭ پادىشاھ ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى تۆھمەت بولۇپ قالسا ۋە دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى، شۇنداقلا بۇ ئىش جىمى جاھانغا جاكارلىناتتى. پادىشاھ ۋە ئوردا ئۈستىدە تىرناق تۇۋىدىن كىر ئىزدىگەنلەر دەھشەتلىك جازاغا ھۆكۈم قىلىناتتى. پادىشاھ بۇ ماجىرالارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن شاھلىق تاجىنى تاقاپ تەختكە چىقىپ ئولتۇراتتى ۋە بەگ ـ مەھرەملەرگە مۇنداق دەيتتى: «مېنىڭ قانداقلىقىمنى كۆردۈڭ-

لار. ئاراڭلاردا باشقىلارغا جەبىر قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتقانلار
بولسا ئەڭ ياخشىسى بۇ هارام نىيەتتىن يانسۇن. ئەمدى ئاراڭلار-
دىكى ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرگەنلەر ئۆزئارا رازى بولۇشقۇدەك هالغا
كېلىڭلار». شۇ كۈنى پادىشاھقا ئەڭ يېقىن بولۇپ يۈرگەن كى-
شىلەر پادىشاھتىن ئەڭ يىراق كىشىلەر بولۇپ قالاتتى. قۇدرەت
ساھىبلىرى ئەڭ بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشاتتى.

بۇ خىل ئادەت ئەردە شىر (224 ـ 242) زامانىسىدىن
يەزدىگىرد (399 ـ 420) دەۋرانىغىچە داۋام ئەتتى. ئەمما
يەزدىگىرد ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بۇ خىل ئۆدۈمىنى بۇزۇپ تاشلاپ،
ئادالەت سەلتەنىتىنى جارى بولۇشتىن توستى ۋە زالىملىقنى
دوست تۇتتى. رەئىيەتنىڭ هالى خارابلىشىپ قارغىش ئوقلىرى
ئۇنىڭغا يامغۇر كەبى ئېتىلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە
ئىگەر ـ جابدۇقسىز ياۋىداق ئاتتىن بىرى ئۆشتۈمتۇتلا ئوردىغا
چېپىپ كىردى. بۇ ناهايىتىمۇ بەقۇۋۋەت ئات بولغاچقا ساراي
ئەهلى ئۇنى ئىلاهى توسۇن ئاتنىڭ ئۆزىكەن، دەپ ئېغىزلىرىنى
چاكىلدىتىپ قالدى. شۇڭا هەممىلا كىشى بۇ ئاتنى تۇتۇۋېلىشقا
ئىرىشىپ باققان بولسىمۇ هېچكىم بۇنىڭغا قادىر بولالمىدى. ئات
چېپىپ كېلىپ يەزدىگىردنىڭ ئالدىغا كەلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.
يەزدىگىرد: «هەممىڭلار ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار. بۇ ئاللاه (ئۇ-
نىڭغا هەمدۇ-سانالار بولسۇن) نىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىكەن»
دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى ۋە
ئاتنىڭ يايلىسىدىن تۇتتى. ئاتنىڭ بېشىنى سىلىغاچ ئاتنىڭ دۈم-
بىسىنى بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئات ئۈركۈش-
تىن توختاپ ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى. يەزدىگىرد مۇلازىملىرىغا
ئاتنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى ئەپكەلدۈردى. ئاتقا يۈگەن سېلىپ
ئىگەرنى ئارتتى ۋە تۆشلۈك تارتتى. ئاندىن ئايلىنىپ ئاتنىڭ ئارقا
تەرىپىگە ئۆتۈپ قۇيرۇقىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى تاسمىنى تارتىپ
چىڭىتماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە ئات كەينىگە قاتتىق بىرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېپىۋەتتى. تېپىك دەل يەزدىگىردىنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ شۇ يەردىلا جان تەسلىم قىلدى. شۇ ئوپۇر ــ توپۇردا كىشىلەر ئاتنى تۇتۇۋالغۇچە چۇلۇۋۇرنى بىرلا كۈچەپ ئۈزۈۋېلىپ چېپىپ ئاققان يۇلتۇزدەك چىقىپ كەتتى. ھېچكىممۇ بۇ ئاتنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەلمىدى. قەيەرگە كەتكىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرەلمەي قالدى. ھەممىلا كىشى بۇ ئاتنى شاھنىڭ زالىملىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئەۋەتكەن پەرىشتە ئىكەن دەپ قېلىشتى.

ئېيتىلىشچە، شۇ كۈنى ئەممار ئىبنى ھەمزە مەشھۇر زات ئەبۇ داۋانىقى (خەلىپە مەنسۇرنىڭ لەقىمى) بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئەرز ــ شىكايىتىنى ئاڭلاۋاتقانىدى. جەبىر قىلىنغان بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەممار ئىبنى ھەمزەنىڭ ئۆز ئېكىنزارلىقىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلدى. ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئەممارگە: «تۇرۇپ رەقىبىڭ بىلەن يۈزلەشكىن ۋە ئۆزۈڭنى ئاقلىغىن» دېدى. ئەممار: «مەن بۇ كىشىنىڭ رەقىبى ئەمەس. ناۋادا ئاشۇ ئېكىنزار مېنىڭ بولسىدى مەن ئۇنى ئاشۇ كىشىگە سوۋغات سۈپىتىدە بېرىۋەتكەن بولاتتىم. مەن خەلىپىنىڭ ماڭا ئىنئام قىلغان زېمىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. بىر ئېكىنزارلىقنى دەپ ئۆزۈمنىڭ ئابرۇيي ــ ئىناۋىتىنى توققۇز قەۋەت ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىشنىمۇ خالىمايمەن» دېدى. سارايدىكى تۆرىلەر ئۇنىڭ مەردۇ ــ مەردانىلىكىدىن قاتتىق ھەيرەتتە قالدى.

روشەن دىللارغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، پادىشاھلار ئادالەتكە باش بولۇشى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەرز ــ دادىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشى جائىزدۇر. پادىشاھ تۈركلەردىن ياكى پارسلاردىن بولسا ۋە ياكى ئەرەبچە بىلمەيدىغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنمىگەن كىشى بولسا بىرەيلەننى ۋاكالىتەن شاھلىق سەلتەنىتىنى يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلمىقى زۆرۈر. سودىيەلەر ئەنە شۇنداق ۋاكالەتچىلەردۇر. شۇڭا پادىشاھ بولغۇچى قازىلارنىڭ

ھوقۇق كۆچىنى كۆچەيتمىكى لازىم. ئاندىن قالسا قازىلارنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋىتى يۇكسەك مۇقامىغا يېتىشى، ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇلار خەلقنىڭ ۋەكىللىرى، خەلقە توغى ئاستىدا خىزمەت كۆرسەتكۈچلەردۇر. بۇلارنى پادشاھ خىزمەتكە قويىدىغان بولۇپ، پادشاھنىڭ زۇۋانى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭغا باراۋىرى شۇكى، مەسچىت ـ خانىقالاردا خەتمە ـ تىلاۋەت قىلغۇچى ئىمام ـ ئاخۇنلارمۇ تەقۋادارلىقنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى، «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرىدىن قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىگە قاراپ پادشاھ تەرىپىدىن تەيىنلىنىشى لازىم. چۈنكى، ئىماملار — مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتتىكى يېتەكـ چىسى. شۇڭا ئىمامنىڭ ئىبادىتى كامىل بولمىسا قالغان نامازـ خانلارنىڭ ئىبادىتىمۇ بوشقا كېتىدۇ.

ھەربىر شەھەر ـ قەلئەگە بىردىن مىرشەپ بەلگىلەش زۆـ رۇر. ئۇلار تارازىنىڭ ئادىل بولۇشىغا، ماللارنىڭ سېتىلىشىدىكى باھا نەرخىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنلىكىگە، سودا ئىشلىرىنىڭ يۈرۈـ شۇش ئەھۋالىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى يوللۇق ۋە ئادىل ئىجرا قىلىش كېرەك. مىرشەپ بولغۇچى چەت ـ يىراق جايلاردىن مۇشۇ شەھەرگە ئېلىپ كېلىنگەن مالـلارـ غا ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىباردا بولۇشى، بۇ ماللارنىڭ ئارىسىدا ناچار ماللارنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئېغىرلىقنىڭ ئۆلچەمگە توشىـ دىغان ـ توشمايدىغانلىقى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشلىرى كېرەك. پادشاھ ۋە باشقا مەمۇرلار ئۆز ھوقۇقىنى مەھكەم تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ مەملىكەت ھاكىمىيىتىنىڭ موللىرىدىن بىرى، ھەققانىيەتنىڭ گەۋدىلىنىشى. پادىشاھ بولغۇچى بۇ ئىشقا سەل قارىسا نامراتلار بالايىئاپەتكە مۇپتىلا بولىدۇ، سودىگەرلەر ۋە سېتىقچىلار خالىغانـ چە سودا قىلىدۇ، سودىدا كەم بېرىش ھەممىلا بازارغا يامرايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادالەت سۈپەتلىرى كوھىقاپتىن ماكان تۇتۇپ مۇقەددەس قانۇن - تەرتىپ تۈزۈپ كېتىدۇ. مىرشەپلىقنى بىرەر تۆرىگە ياكى بىرەر ياشانغان تۆركىكە بېرىش دۇرۇسراق. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ھېچكىمگىمۇ يان باسمايدۇ، بەگلەر ۋە رەئىيەت بىردەك ئۇلاردىن ھېيىقىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا سودا - سېتىق ئىشلىرى ئادىل بولىدۇ. خۇددى تۆۋەندىكى ھېكايىدە زىكىر قىلىنغادەك ئىسلام شەرئىتى ھىمايىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## ئەلى نۇشتېكىننىڭ كەيپچىلىكى ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، مەلۇم ھۆكۈمران ھەر كېچىسى بەگلەر ۋە ئۇلپەتداشلىرى بىلەن مەيخورلۇق قىلاتتىكەن. بۇ خىل مەيخورلۇق كۆپىنچە تاڭ سۈزۈلگۈچە داۋام قىلاركەن. ئەلى نۇشتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئەرەبى ئۇ ھۆكۈمراننىڭ سانغۇنلىرىدىن بولغاچقا ئۇلارمۇ پات - پاتلا بۇنداق سورۇنلارغا داخىل بولۇپ قالاتتى ۋە كېچىچە ھۆكۈمرانغا ئىلپەت بولۇپ كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي چىقاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناشتا ۋاقتى بولۇپ قالغاندا ئەلى نۇشتېكىننىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە زىيادە مەيخورلۇقنىڭ ئازابىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆكۈمراندىن قايتىشقا ئىجازەت سورىۋېدى ھۆكۈمران ئۇنىڭغا: «مۇشۇنداق كۈپكۈندۈزدە ماڭمىغىن، ئارامخانىدا دەم ئېلىپ نامازدىگەر بولغاندا يېشىلىپ ئاندىن ماڭمامسەن؟ مۇشۇنداقلا چىقىپ كېتىپ مىرشەپقە تۇتۇلۇپ قالساڭ قامچا يەيسەن. بۇ ئۆزۈڭگىمۇ ئۇيات بولىدۇ، مېنىمۇ تەڭلىكتە قويىسەن. ساڭا مەنمۇ ھەمدەمدە بولالماي قالىمەن» دېدى. ئەلى نۇشتېكىن بەش تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇنغا ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، ئۆز زامانىسىنىڭ باھادىرى ۋە ئەتىۋارى ئىدى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ مىڭلىغان

دۈشمەنلەرمۇ يېڭەلمەيدىغان باتۇر ئىدى. شۇڭا ئۇ مىرشەپنىڭ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچىلىك قاپ يۈرەكلىك قىلالىشىغا ئىشەنمە- دى ۋە تاقەت قىلالماي: «مۇشۇ ھالىمدا قايتقىنىم قايتقان» دەپ تۇرۇۋالدى. ھۆكۈمران: «ئۆزۈڭنى ئايساڭ بولاتتى» دېدى ۋە مەھرەملەرگە: «بولدى قويۇۋېتىڭلار، ئۇ كېتىۋەرسۇن» دېدى. ئەلى نۇشتېكىن ئېتىغا مىنىپ مەھرەم - غۇلاملىرىنىڭ ھەمراھ- لىقىدا ئۆيىگە ماڭدى.

ئىشلار شۇنداق دەل كەلدىكى، قايناق بازاردا مىرشەپ ئات- لىق ۋە پىيادە بولۇپ بىرەر يۈزدەك ئادىمى بىلەن ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئەلى نۇشتېكىننىڭ كەيپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مەھرەملىرىگە ئۇنى ئاتتىن يۇلۇۋېلىشقا ئەمىر قىلدى. ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ ئېتى- دىن چۈشۈپ ھاسىسى بىلەن قىلچە رەھىم قىلماستىن ئەلى نۇشتېكىننى 40 تاياق ئۇردى. تاياقتىن ئەلى نۇشتېكىن يەرگە دومۇلاپ چۈشتى. چەتتە قاراپ تۇرغان مەھرەم - غۇلاملار بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمىدى. ھېلىقى مىرشەپ تۈرك ۋەزىرلىرى- دىن بولۇپ ياشتا ۋە ئابرۇيدا چوڭ ئىدى. قابىلىيىتى ۋە ساراي خىزمىتى بىلەن ئۇزاق مەزگىل مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ھوقۇقلارنى ئىگىلىگەنىدى.

مىرشەپ جازانى بېرىپ بولۇپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ئەلى نۇشتېكىننىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى ۋە يول بويى: «ھۆكۈمراننىڭ ئەمرىنى ئاڭلىسا بۇنداق ئىش بولمايتتى» دېيىشتى. ئەتىسى ئۇ ھۆكۈمراننىڭ سارىيىغا بارغاندا ھۆكۈمران: «مىرشەپكە يولۇقمىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەلى نۇشتېكىن تونىنى قايرىپ ھۆكۈمرانغا دۈمبىسى- نى كۆرسەتتى. ھۆكۈمران قارىسا قىزىل - قىزىل يوللار تورغا- نىكەن. ھۆكۈمران كۈلۈپ: «ئەمدى بىلگەنسەن؟ مەيدىن كېيىن سىرتقا چىقما» دېدى.

مەملىكەتتە مەمۇرىي تەرتىپ قاتتىق يۈرگۈزۈلسە يۇقىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىكىر قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۆز نۇرىنى تولۇق چاچالايدۇ.

## غەزنە ناۋايلىرى ھەققىدە بايان

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى غەزنە شەھىرىنىڭ ناۋايلىرى ناۋايخانىلارنى تاقىۋېتىپ ناننىڭ قىسلىقىغا سەۋەب بولغانىكەن. ناننىڭ باھاسىمۇ دەچچە باراۋەر ئۆرلەپ كەتكەنىكەن. ياقا - يۇرتلۇق مۇساپىرلار ۋە نامراتلار مۇشكۈلدە قېلىپ ئوردىغا ئۆز نارازىلىقىنى بايان قىلدى. سۇلتان ئىبراھىمغا ناۋايلار ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلدى. سۇلتان ناۋايلارنىڭ بارىنى يىغدۇرۇپ: «نېمە ۋەجىدىن ناننى ئۈزۈپ قويدۇڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «شەھەرگە توشۇلۇۋاتقان ھەربىر ھارۋىدىكى بۇغداي ۋە ئۇنلارنى سىزنىڭ ناۋايلىرىڭ ئېلىپ كەتتى ۋە ئامبارلىرىغا دۆۋىلەپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ يارلىقكەنمىش. ئۇلار بىزنىڭ بىرمائۇند ئۇن ئېلىشىمىزغىمۇ ئۇناشمىدى» دېيىشتى.

سۇلتان دەرھال ساراي ناۋىيىنى باغلىتىپ كېلىپ پىلنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى. پىل بۇنى دەسسەپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقاندىن كېيىن ئۆلۈكىنى زور بىر پىلنىڭ ئۈزۈن چىشىغا ئارتىپ پىلنى ھەيدىگىنىچە شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى. شۇنداقلا «دۇكىنىنى ئاچمىغان ناۋاينىڭ قىسمىتى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ جاكارلاتقۇزدى. ئاندىن ھېلىقى ئۆلگەن ناۋاي بېسىپ قويغان ئۇنلارنى ھەممە ناۋايلارغا ئۈلەشتۇرۇپ بەردى. خۇپتەنگە ئەزان چىققاندا ھەممىلا ناۋايخانىدا 50 مائۇندلاپ نان ئېشىپ قالدى.

# يەتتىنچى باب

## باجگىر، قازى، ساقچىلار بېگى ۋە قەلئە بەگلىرىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدىكى مەلۇ- ماتلارنى توپلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئىتائەت تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇشنىڭ بايانى

ھەر بىر شەھەر ـ قەلئەنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئادەم بولۇشى، كىم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، كىم ئاللاھقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇ، كىم دىيانەتلىك خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، دېگەنلەرنى تەھقىقلەپ تۇرۇش لازىم. شۇ كۆزەتكۈچىلەرگە مۇنداق دېيىش لازىم: «مۇنۇ شەھەر ـ قەلئەسىنىڭ ئەمىنلىكىنى سىلەرگە ھاۋالە قىلدۇق. ئاللاھ بىزنى نېمىگە بۇيرۇغان بولسا بىزمۇ سىلەرنى شۇنىڭغا بۇيرۇيمىز. سىلەر باجگىرلارنىڭ، قازى ـ سودىيەلەرنىڭ، ساقچىلار ئاقساقىلىنىڭ ۋە مىرشەپلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى كۆزىتىڭلار. ئۇلارنىڭ رەئىيەتكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار. سىلەر بىلگەن ھادىسىلەرنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشىمىز، شۇنىڭغا قاراپ مۇناسىپ يارلىقلارنى تارقىتىشىمىز زۆرۈر». پەزىلەتتە دۇرۇس كىشىلەر بۇ خىل ئىشەنچنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتسا ئۇلارنى ئىتائەتكە مەجبۇرلاش يوللۇق. ئۇلار چوقۇم شۇنداق قىلىشى لازىم.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئابدۇللا ئىبنى تاھىر ناھايىتى دۇرۇس

ئەمىر ئىدى. ئۇنىڭ مەقبەرىسى نىشاپۇردا بولۇپ، كەمىنە ئىلـ
گىرى زىيارەتتە بولغانىدىم. بۇ مەقبەرىگە زىيارەتكە كەلگۈچىلەر
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ تىلەك - ئارزۇلىرىنى
ئىجاۋەت قىلىپ كەلدى. تاھىر ھەمىشە تەقۋادار، ئوت يۈرەك
زاتلارنى ئۆز خادىملىقىغا قوياتتى. بۇ كىشىلەرگە پانىي ئالەمنىڭ
مەئىشەتلىرى كېرەك ئەمەس ئىدى. ئۆز تۈگمىنىگە سۇ قويۇشـ
نىڭ غېمىدىمۇ يۈرمەيتتى. نەتىجە شۇ بولاتتىكى، باج - سېلىق
ئۆز ۋاقتىدا يىغىلاتتى. دېھقانلارغا پاراكەندىچىلىك داجىمايتتى،
ئۆزىمۇ ھەرەج تارتمايتتى.

بىر كۈنى ئەبۇ ئەلى دەققاقى ئەمىر ئەبۇ ئەلى ئىلياسنى
زىيارەت قىلدى. ئەمىر ئەبۇ ئەلى ئىلياس خوراساننىڭ سۇ باشى
ۋە ۋالىيسى ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقتىكى مەرتىۋىسى شۇنچە
يۈكسەك بولسىمۇ ئۆزى تولىمۇ كەمتەر ئىدى. دەققاقى ئۇنىڭ
ئالدىغا يۈكۈنگەندە ئەمىر ئىلياس: «قېنى ماڭا مۇبارەك تەلىـ
مىڭنى ئايىمىغىن دېدى. دەققاقى: «ئەي ئەمىر، بىر سوئالىم
بار، جاۋاب بېرەلەمسەن؟» دەپ سورىۋىدى ئۇ: «ئاللاھ خالىسا»
دېدى. دەققاقى سورىدى: «ئېيتقىنا، ئالتۇنلىرىڭ بىلەن دۈشـ
مەنلىرىڭدىن قايسىسىنى ياقتۇرىسەن؟» ئەمىر ئىلياس ئېيتتى:
«ئەلۋەتتە ئالتۇنلىرىمنى»، دەققاقى يەنە سورىدى: «سەن قانداقـ
چە ئالتۇنلاردىن قىيالماي قالدىڭ؟ ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغىـ
نىڭدا ئالتۇنلىرىڭ پانىي ئالەمدە قېلىۋېرىدۇ، ئەمما ئۆزۈڭ ياقـ
تۇرمايدىغان دۈشمەنلىرىڭنى باقىي ئالەمگە ئەپكېتەلەمسەن؟» ئەـ
مىر ئىلياس كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە: «سەن ماڭا
ناھايىتى ياخشى تەلىم بەردىڭ، مېنى پاراغەتلىك چۈش دۇنياسىـ
دىن ئويغاتتىڭ. سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ ئالەم ھەقىقەتلىرىنىڭ جەۋـ
ھىرى بولدى، بۇ ماڭا بىر ئۆمۈر مەنپەئەت يەتكۈزگۈسى» دېدى.

# سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھەييارلىقى ھەققىدە بايان

رىۋايەتلەردىن يېتىپ مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان مەھمۇد غازى («ھۇجۇم قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە) نىڭ تۇرقى دۇرۇسلۇقتىن يىراق ئىدى. ئۇ ئات يۈزلۈك، يۈز تېرىلىرى تاتىراڭغۇ، غاز بويۇن، بۇرنى تولىمۇ ئېگىز، ساقال - بۇرۇتى يوقنىڭ ئورنىدا بىر كىشى ئىدى. ئاتىسى سۇبۇق تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇ ئاتىسىنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. شۇ چاغدا ھىندىستان مەملىكىتى ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. بىر كۈنى سەھەردە ئۇ خاس ھۇجرىسىدا جەينامازدا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى، ئالدىغا تارغاق ۋە ئەينەك قويۇلغان بولۇپ، ئىككى مەھرەم يېنىدا ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار ھالدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ۋەزىرى شەمسۇل كۇفات ئەھمەد ئىبنى ھەسەن كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سوراپ تازىم قىلدى. مەھمۇد ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئىبادەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ قالپىقىنى ۋە تون - ئۆتۈكلىرىنى كىيىپ ئەينەككە قارىدى. ئۇ ئەينەكتىن ئۆز جامالىنى كۆرۈپ كۈلگىنىچە ۋەزىر ھەسەنگە ئېيتتى: «مۇشۇ دەقىقىدە نېمە ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟» ھەسەن ئېيتتى: «ئاللاھ ھەممىدىن بەك بىلگۈچىدۇر». مەھمۇد ئۇنىڭغا قاراپ: «مەن كىشىلەرنىڭ مېنى ياقتۇرماسلىقىدىن ۋايىم يەۋاتىمەن. چۈنكى رەئىيەت ئەزەلدىن جامالى كېلىشكەن پادىشاھلارنى ياقتۇرىدۇ» دېدى. ھەسەن ۋەزىر ئېيتتى: «ئەي پاسىبانىم، بىر ئىشنىلا قىلساڭ رەئىيەت سېنى ئۆز ئاياللىرى ۋە پەرزەنتلىرىدىن ئاشۇرۇپ ياقتۇرىدۇ، ھەتتا سېنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇپ سۆيىدىغان بولىدۇ. سېنىڭ پەرمان - يارلىقلىرىڭمۇ ئاتقان ئوقتەك جارى بولىدۇ». سۇلتان مەھمۇد: «مېنى نېمە قىل دەيسەن؟» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سورىدى. ھەسەن ۋەزىر ئېيتتىكى: «ئالتۇنلارنى ئۆزۈڭنىڭ دۈشمىنى دەپ بىلگىن، شۇندىلا رەئىيەت سېنى ئۆزلىرىنىڭ يارەنلىرىدەك كۆرىدۇ». مەھمۇد بۇنىڭدىن شۇنچىلىك زوقلاندى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ مەن ئاڭلىغان ئەڭ چوڭقۇر ۋەز بولدى، بۇ كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ زور مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەڭ قوللۇق بىلەن سەدىقە ئېھسان قىلىپ مەردلىكتە شىجائەت كۆرسەتتى. پۈتكۈل جاھان ئەھلى ئۇنىڭ نامىنى مەمنۇنىيەت ۋە مەدھىيەنىڭ ھەقىقىي ساھىبى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن ئۈزۈلۈكسىز تۆردە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەر - ناملەر ۋە بۈيۈك زەپەرلەر دۇنياغا كېلىشكە باشلىدى. سومىناتقا بىرىپ ئىلاھىي ھەيكەلنى يۇلۇۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قەدەم ئىزى سەمەرقەند ۋە ئىراق زېمىنلىرىغىچە بىرىپ يەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ھەسەنگە مۇنداق دېدى: «ئالتۇننى ئۆزۈمدىن تەرك ئەتكەندىم، ھەر ئىككىلا دۇنيالىقنى قولغا كەلتۈردۈم. پانىي دۇنيادىن ئۆزۈمنى تارتقاندىم ئىككىلا دۇنيانىڭ سائادىتىگە ئېرىشتىم»

ئۇ (مەھمۇد) دىن ئاۋۋال «سۇلتان» دېگەن ئاتاق يوق ئىدى. ئىسلامىيەت دۇنياسىدا مەھمۇد تۇنجى بولۇپ «سۇلتان» ئاتالدى. كېيىنچە بۇ ئاتاق كۆپلەپ ئىشلىتىلدى. ئۇ شۇنداق پادىشاھ ئىدىكى، دۇرۇسلۇق، تەقۋادارلىق، ئىلىمگە ھېرىسلىق، سەگەكلىك، شەرىئەتكە سادىقلىق، ئىمان ئۇچۇن قىلىچ ئويىنتىش ئۇنىڭغا دائىم ھەمراھ ئىدى. دۇرۇس پادىشاھنىڭ سەلتەنەت يۇرگۇزگەن دەۋرى ئەڭ كامىل زامانىدۇر.

بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەنىكەن: «ھەق - ئادالەت - ھاكىمىيەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى، بايلار ياكى پېقىرلارنىڭ پاراغىتى شۇنىڭدىن كېلىدۇ». بۇ پۈتكۈل ياخشى ئىشلارنىڭ ئاساسى. خۇددى ئاللاھ (ئۇنىڭغا ئالقىشلار بولسۇن) ئېيتقاندەك «ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى، ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭ-

لار ئۈچۈن ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى» («قۇرئان كەرىم» 55 ـ سۈرە 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر) ھەق ـ ئادالەتنىمۇ ياخشىراق نەرسە يوقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دېگەندى: «ئاللاھ كىتاب (يەنى قۇرئان)نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى ۋە ئادالەتنى نازىل قىلدى» («قۇرئان كەرىم» 42 ـ سۈرە، 16 ـ ئايەت). ئەڭ ياخشى پادىشاھ شۇنداق كىشى بولۇشى كېرەككى، كۆڭلى ـ كۆكسى ھەق ئادالەتكە تولغان بولۇشى، ئۇنىڭ ساراي ـ ئايۋانلىرى ئۆلىما دانىشمەنلەرنىڭ جەننىتى بولۇشى، ئۇنىڭ يارەنلىرى ۋە مىرزىلىرى ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم.

فەزائىل ئىبنى ئىياد دائىم مۇنداق دەيتتى: «ئەگەر مۇمكىن بولغان بولسا مەن ئىبادەتنى دۇرۇس پادىشاھلار ئۈچۈنلا قىلغان بولاتتىم. چۈنكى پادىشاھلاردىكى بۇ خىل دۇرۇسلۇق رەئىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە دۇنيا مەمۇرچىلىقىنىڭ كاپالىتى».

پەيغەمبىرىمىز (ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) زامانىسىدىن يېتىپ كەلگەن بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ پانىي ئالەمدە باشقىلارغا دۇرۇس مۇئامىلىدە بولغان كىشى ئاخىرەتتە ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىن ياسالغان پەشتاقتا ئولتۇرىدۇ».

ھەق ـ ئادالەت ۋە رەئىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پادىشاھلار ھەمىشە تېجەشلىك ۋە تەقۋادار كىشىلەرنى خىزمەتكە قويۇشى لازىم. ئۇلاردا ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش خاھىشى مەۋجۇت بولمىغاچقا، تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئەينەن مەلۇم قىلىدۇ. خەلىفە مۇئەتەسىم باغدادتا ئەنە شۇنداق قىلغانىدى.

## تۈرك ئەمىر بىلەن خەلىفە مۇئتەسىم ھەققىدە بايان

ئەمدى ھېكايىمىزگە قۇلاق سالغايسىز. ئاببارسىيلار خەلىفىلىرىدىن تېخى ھېچبىرى ھوقۇق، ھۆرمەت، بايلىقتا مۇئتەسىم-

www.uyghurkitap.com

گە تەڭداش بولالمايتتى. ھېچقايسىسىدا تېخى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغاندىكىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ تۈرك قۇللار يوق ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ يەتتە تۈمەن تۈرك مەھرىمى بولغانىكەن. بۇلاردىن كۆپىنچىسىنى ئۆستۈرۈپ ۋالىيلىققا قويغان بولۇپ، ھەمىشە «باشقىلارنىڭ خىزمىتى ئۇنۇمدە تۈركلەرگە يەتمەيدۇ» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بىر كۈنى بىر ئەمىر غوجىدارىنى چاقىرتىپ: «سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىن، باغدادتىكى سودىگەرلەر ياكى رەئىيەتتىن مەن بىلەن 500 دىنارلىق سودا قىلغۇدەك بىرەرى بارمىكىن. ماڭا بۇ خىراجەت جىددىي كېرەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھوسۇل يىغقاندا بۇ پۇلنى جەزمەن قايتۇرۇۋېتىمەن» دېدى. غوجىدار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۆزىنىڭ بىر تۇججار (سودىگەر) بۇرادىرىنى ئەسكە ئالدى. بۇ كىشى تېخى يېقىندىلا 600 دىنار پايدا چىققان بىر سودىنى پۈتتۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمىرگە: «تۇججارلىق قىلىدىغان بىر بۇرادىرىم بولىدىغان، پېقىر دائىم شۇنىڭ دۇكىنىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالاتتىم. ئۇ تېخى يېقىندىلا 600 دىنار پايدا كۆرگەن. ناۋادا سەن ئۇنى بۇ يەرگە چىللاپ كەلسەڭ، ئۇنى ئەزىز مېھماننى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىيەلىسەڭ ۋە ئەتراپلىق كۈتەلىسەڭ غىزادىن كېيىن پۇلنىڭ گېپىنى چىقارغىنىڭدا مېھماندوستلۇقۇڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ تەلەپىڭنى رەت قىلماس» دېدى. ئەمىر غوجىدارنىڭ دېگىنى بويىچە دەرھال بىرەيلەندىن تۆۋەندىكى مەزمۇندا بىر مەكتۇپ يوللىدى: «قىممەتلىك ۋاقتىڭنى خار قىلىپ غورىگىل داستىخىنىمغا بىر كېلىپ كەتسەڭ. سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى». ھېلىقى سودىگەر ئەمىرنى زادىلا تونۇمىسىمۇ يەنىلا ئەمىرنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە ئەمىر ئۇنى ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەمىر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ خادىملىرىدىن «مۇشۇ كىشى شۇمۇ؟» دەپ سورىۋىدى

ئۇلار: «شۇنداق تەقسىر» دېيىشتى. ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ كىشىنى تۆرگە باشلىدى. ئارقىدىنلا ئەمىر ئېغىز ئېچىپ: «جا-نابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نام - شەرىپلىرىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، ھەقىقەتەنمۇ سىلىنىڭ سەمىمىي فازىل-لىقلىرى، تەقۋادار مۆمىن ئىكەنلىكلىرى ھېچكىمگە سىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا جانابلىرى بىلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپ سۆھبەت - مۇلاقەتتە بولۇپ كۆرمىگەن بولساممۇ نام - شەرىپلىرى قۇلىقىمغا سىڭىپ قالغانىكەن. كىشىلەر پۈتكۈل باغداد دىيارىدا ئەخلاق - پەزىلەتتە سىلىنى بېسىپ چۈشەلىگۈدەك بىرەرىنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلماقتا» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دېدى: «بەھۇزۇر ئولتۇرسىلا، مېنى ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرىۋەرسىلە».

مېھمان ئەمىرنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە بىردىن تازىم - تەۋەززۇ قىلىپ ئولتۇردى. غوجىدارمۇ توختىماستىن: «دۇرۇس، دۇ-رۇس، شۇنداق بولماي» دەپ لوقما سېلىپ تۇردى. بىر كەمدە غۇلاملار پەتنۇسلاردا غىزا ئەپكىردى. ئەمىر ھېلىقى مېھماننى ئۆزىنىڭ بېقىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ غىزاغا بېقىشقا ئۈندەپ تۇردى ۋە توختىماستىن غىزانىڭ سەرخىل يەرلىرىدىن ئۇنىڭ قاچىسىغا سېلىپ قويغىلى تۇردى.

داستىخان يىغىلىپ قوللار دۇئاغا كۆتۈرۈلۈپ پاكىز يۇيۇل-غاندىن كېيىن ئۆيدە ئەمىر بىلەن مەھرەملىرىلا قالدى. ئەمىر سودىگەرگە بۇرۇلۇپ: «نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چاقىرتىپ ئاۋارە قىلغانلىقىمنى بىلەمدىلا؟» دەپ سورىدى. سودىگەر: «ئەمىرنىڭ كۆڭلىگە ھەممىدىن بەكرەك ئاياندۇر» دېدى. ئەمىر ئېيتتى: «يادىلىرىدا بولسۇنكى، باغدادتا نۇرغۇن دوست - يارەنلىرىم بار. ئۇلار مېنىڭ ئەڭ ئەرزىمەس ئىلتىماسلىرىمنىمۇ رەت قىلىشماي-دۇ. ئۇلاردىن بەش مىڭ ياكى بىر تۈمەن دىنار سورىساممۇ ئۇلار زادىلا بېخىللىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مەن بىلەن سودا قىلىپ يۈرۈپ بېيىپ كەتكەنلەر. ئۇلار مەن بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا

ھېچقاچان زىيان تارتىپ باققان ئەمەس. شۇ تاپتا ئۆزلىرى بىلەن دوستلۇق رىشتىسىنى مۇستەھكەم چىگىشتىن ئۆزگە ئارزۇيۇم يوق. قەرز ئالىدىغانغا نى - نى زەردارلارنى تاپالىسامۇ ھازىرقى ئەھۋالىمدا ئۆزلىرىدىن تۆت - بەش ئاي سۇرۇك بىلەن مىڭ دىنار ئارىيەت ئېلىشنى ئىستىمەكتىمەن. ھوسۇل يىغىلغاندا ئالغان قەرزنى بىر پارچە تون بىلەن قوشۇپ تولۇق قايتۇرىمەن. ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ياق دېمەيدىغانلا؟» ھېلىقى مېھان ئەمىرنىڭ كۆپ جۇۋاپ كەتكەنلىكىدىن ئويلىنىپ: «ئەمىرنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن. ئەپسۇس، پېقىر مىڭلاپ دىنارغا ئىگە تۇججارلاردىن ئەمەس. ھەرقانداق كىشى ئۆز خوجىسىغا چىن سۆز قىلمىقى لازىم. ھازىر بارى - يوق 600 دىنار پۇلۇم بار، مۇشۇ پۇل بىلەن ئاران كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۇششاق سېتىقچىلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ دىنارلارنى ناھايىتى ئۇزۇندا كۆپ مۇشەققەتلەر بەدىلىگە يىغقانىدىم» دېدى. ئەمىر: «خەزىنەمدە تېخى قول كۆرمىگەن تىللالىرىم تۇرۇپتۇ، ئەمما بۇ تىللالار ھازىرقى مۇددىئايىمغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. سىلى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمدىكى مۇددىئامۇ ئۆزلىرى بىلەن دوست - يارەنلەردىن بولۇپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ئاشۇ كىچىككىنە سېتىقچىلىقتىن قانچىلىك پايدا ئالىدىلا؟ 600 دىنارنى ماڭا بەرسىلە، مەن سىلىگە 700 دىنارغا تىلخەت يېزىپ بېرەي. قالغانلار شۇنىڭغا گۇۋاھ بولسۇنكى ھوسۇل يىغقاندا پۇللىرىنى كۆركەم سوۋغات بىلەن ياندۇرىمەن» دېدى. شۇ ئارىدا غوجىدارمۇ: «سەن ئەمىرنى تېخى بىلىپ كەتمىگەنسەن، مەملىكەت مىقياسىدا تېخى سودا پەزىلىتىدە ھېچقايسى تارقان ۋە تۆرىلەر ئۇنىڭغا يېتەلىگەن ئەمەس» دېدى. ھېلىقى سودىگەر: «ئەمىرنىڭ ئېيتقىنى ۋاقىپ، بېخىللىقتىن ئۇيالدىم» دەپ دىنارلىرىنى ئەمىرگە بەردى ۋە تىلخەتنى ئالدى.

تىلخەتنىڭ سۇرۇكى توشقاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە ھېلىقى سودىگەر ئەمىرنى زىيارەت قىلدى. ئۇ كېلىشتىكى مۇد-

دىئاسىنى دەپ يۈرمەيلا كۆڭلىدە «ئەمىر مېنى كۆرسىلا ھېلىقى پۇلنى ئالغىلى كەلگەنلىكىمنى چۈشىنىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن سۇرۇك توشۇپ ئىككى ئايغىچە ئەمىرنى ئون قېتىم زىيارەت قىلدى. ئەمما ئەمىر قانداقتۇر ئۇ سودىگەرنىڭ نېمە مۇددىئادا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك ياكى ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىگە نېمە قەرزى بارلىقىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. سودىگەر ئەمىرنىڭ پۇل توغرىسىدا زادىلا زۇۋان سۈرمىگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بىر پارچە خەت كىرگۈزدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «پېقىر ھازىر سىلىگە ئۆتنىگە بەرگەن ئاشۇ ئەرزىمەس دىنارلارغا موھتاج بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ سۇرۇكى تولغىلىمۇ ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئەمىر مۇۋاپىق كۆرسە ئاشۇ ئەرزىمەس پۇللارنى پېقىر قۇللىرىغا قايتۇرۇۋەتسىلە بولاتتى» ئەمىر ئۇنىڭغا: «مېنى پۇلىنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ ئەندىشىدە بولما، سەۋرچانلىق بىلەن بىر قانچە كۈن كۈتكىن. مەن ئۆز مەھرەملىرىدىن پۇلۇڭنى پېچەتلەنگەن ھەميانغا سېلىپ چىقارتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سودىگەر يەنە ئىككى ئاي كۈتكەن بولسىمۇ پۇلىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەمىرنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە يەنە بىر پارچە خەت كىرگۈزدى ۋە شەخسەن ئەمىرگە ئېغىز ئاچتى. ئەمىر ھەييارلىق قىلىپ گەپنى ئەپقېچىپ يېقىن كەلگىلى ئۇنىمىدى. سودىگەر 2 ـ 3 كۈندە بىر دېگۈدەك كېلىپ پۇلنى سۈيلەپ باققان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. شۇ تەرىقىدە سۇرۇكتىن سەككىز ئاي ئېشىپ كەتتى.

مۇشكۇلاتتا قالغان سودىگەر بىرقانچە كىشىنى ئارىغا قويدى. قازىنى تېپىپ ئەمىرنى شەرىئەت قازىخانىسىغا چاقىرتىشنى ئۆتۈندى. تارقان ـ تۆرىلەردىن بىرەرىمۇ ئەمىرگە يان باسمىدى ۋە سودىگەر ئۈچۈن ئارىغا چۈشتى، ئەمما بۇمۇ قاملاشمىدى. سودى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەر ئىلاجسىز قازىخانىدىن 50 ئادەمنى ياردەمگە چاقىرتىپ كەل-
گەن بولسىمۇ يەنىلا ئەمىرنى قازىخانىغا ئېلىپ بارالمىدى. ئەمىر
تارقان ـ تۆرىلەرنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئىلىك ئالمىدى.
شۇنداق قىلىپ بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. سودىگەر ئۆمىدىنى
ئۈزۈپ ئۆسۈمىنى ئالماسلىق، 600 دىنارلا پۇل بېرىش تەلپىنى
قويغان بولسىمۇ يەنىلا ئاقمىدى. ئۇ تۆرىلەردىن ياردەم كۈتۈش
ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ھارغىنلىقتىن ئولتۇرۇپلا قالدى. ئاخىرى ئۇ-
مىدىنى ئاللاھقا باغلاپ فەزىلەمەند مەسچىتكە كىرىپ بىر نەچچە
رەكەت ناماز ئوقۇدى ۋە شىۋىرلاپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى:
«ئەي، مەۋجۇتلۇقى زۆرۈر ئاللاھ، پېقىرنىڭ دۇئا ـ تەكبىرلىد-
رىنى قوبۇل كۆرگەيسەن. تېگىشلىك ھەققىمنىڭ يېنىپ كېلى-
شىگە بىر يول ئاتا قىلغايسەن. ئاشۇ ئىنساپسىزغا ئادالەت نۇرلى-
رىنى سەپكەيسەن!» دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەسچىتتە ئولتۇرغان
نامازخان دەرۋىش سودىگەرنىڭ شىۋىرلىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ
كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولدى. سودىگەر ئىبادىتىنى تۈگەتكەندە
دەرۋىش ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى: «ھەي شەيخىم! بېشىڭغا نېمە
كۈلپەت كەلدى؟ سېنى شۇنچە بىئارام قىلغۇدەك نېمە ئىش بول-
دى؟ ماڭا ئىزھار ئەيلىگىن» سودىگەر دېدى: «ماڭا كەلگەن بۇ
بەختسىزلىك شۇنچىلىك ئېغىركى، ھېچبىر بەندە ئۇنىڭغا كار
قىلالماس. پەقەت قادىر ئاللاھ (ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقىلا خاس-
تۇر) لا ياردەم قىلالايدۇ». دەۋرىش دېدى: «شۇنداقتىمۇ بىر
ئېيتىمامسەن؟ بۇ دېگەن سەۋەبنىڭ ئالىمى». سودىگەر ئېيتتى:
«ئەي قەلەندەر، بۇ ئىشنى دادلاپ بارمىغان خەلقىلا قالمىدى،
باشقا ئەمىر ـ تارقانلارغا ئۇۋالچىلىقىمدىن ھال ئېيتتىم، قازىخا-
نىغىمۇ باردىم، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. ساڭا ئىزھار ئەيلىسەم
سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە كېلەر؟» دەرۋىش دېدى: «ماڭا دېگىن،
پايدىسى بولمىسا زىيىنىمۇ بولماس؟ سەن بەلكىم ئەۋلىيالىرىمىز-
نىڭ ، مۇشكۇلاتتا قالغىنىڭدا ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ھالىڭنى

ئېيت، بەلكىم پېقىر ـ مىسكىنلەر ئارىسىدىن بۇنىڭ چارىسى تېپىلىپ قالار، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغاندۇرسەن. دەردىڭنى ماڭا ئېيتساڭ ھېچبولمىغاندا ساڭا تەسەللى بېرەلەيمەن. ساڭا تەسەللى بېرەلمىگەن ھالەتتىمۇ دەردىڭ يەڭگىللەپ قالىدۇ». سودىگەر ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ بولغان ئىشنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە دەرۋىشكە سۆزلەپ بەردى.

دەرۋىش ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «ئەي خوجام، بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەت ـ دىشۋارچىلىقنى ماڭا ئېيتىپ بېرىۋېدىڭ بۇنىڭ ئامالى دىلىمغا ئايان بولدى. خاتىرجەم بول، ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەكلا قىلـ ساڭ بۇگۈننىڭ ئۆزىدىلا شۇ دىنارلىرىڭنى قايتۇرۇۋالالايسەن» دېدى. سودىگەر سورىدى: «مېنى نېمە قىل دەيسەن؟» دەرۋىش ئېيتتى: «مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ مەيدانغا بارغىن، مەيداندا بىر قۇببىلىك مەسچىت بار. شۇ مەسچىتنىڭ يېنىدا بىر دەرۋازا بار، دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدا بىر كاسىپخانا بار. شۇ دۇـ كانغا كىرسەڭ جۇل ـ جۇل كىيىملىك بىر بوۋاينى كۆرىسەن. ئۇ ھازىر چېدىر تىكىۋاتىدۇ. يېنىدا بىر نەچچە ئۇششاق باللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىڭنە ئىشى قىلماقتا. سەن شۇ بوۋايغا كۆرۈـ نۈش قىلغاندىن كېيىن يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى تولۇق سۆزلەپ بەرگىن. ئارزۇ ـ مۇرادىڭنىڭ ھەسرەت گۈللىرى پوـ رەكلەپ ئېچىلغاندا مەن پېقىر دەرۋىشكە دۇئا قىلىپ قويارسەن. بارغىن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمە، دېگىنىمدەك قىل». ھېلىقى سودىگەر مەسچىتتىن چىققاچ كۆڭلىدە «بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ شۇنچە بەگ ـ تۆرىلەر، ئەمىرلەر ئارىغا چۈشۈپمۇ ھېچ نەرسە قىلالمىدىغۇ؟ ئەمدى بۇ دىۋانە ماڭا ئاشۇ پۇتلىرى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىنى سايە قىلىۋاتىدۇ. تېخى ئاشۇ قېرى مېنى مۇرات باغچىسىدىن مەقسەت گۈللىرىنى ئۈزدۈرگۈدەك. بۇ بىر يوقىلاڭ ئويۇن بولماي نېمە؟ ئەپسۇس، بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوق. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بىر بېرىپ باقمايمۇ. ھەرنېمە بولسا شۇنچىلىك بولار» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى دۇكاننى تېپىپ بوۋايغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بوۋاي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، سودىگەر بولسا بىر مەھەل ئولتۇرۇپ قالدى. بىر كەمدە بوۋاي قولىدىكى ئىشنى قويۇپ: «ساڭا نېمە كېرەك، ئوغلۇم؟» دەپ سورىدى. سودىگەر بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە تولۇق سۆزلەپ بەردى.

بوۋاي ھەممىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئاللاھ (ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، ئۇنىڭغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن) بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى جايى ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. كۆپ گەپنىڭ پايدىسى يوق. مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بېرىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باقاي. ئىلاھىم ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتسۇن. سەن ئاۋۇ تامغا يۆلىنىپ بىر ئاز ئارام ئېلىپ تۇر» دېدى. ئاندىن شاگىرتلىرى-دىن بىرىگە: «قولۇڭدىكى ئىشنى قويۇپ ئەمىرنىڭ ئۆيىگە بار-غىن ۋە دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغىن. بىرەرى چىقىپ كىرسە ئۇنىڭدىن بىر تىككۈچى شاگىرتىنىڭ سىرتتا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئەمىرگە يەتكۈزۈشنى ئۆتۈنگىن ۋە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان بىر ئىش-نىڭ بارلىقىنى ئېيتقىن. ئەمىر سېنى چاقىرتقاندا كىرىپ ئۇ-نىڭغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن: «ئۇستام سالام ئېيتتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بىراۋ ئۇستامغا سىزدىن شىكايەت قىلىپ بې-رىپتۇ، ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدا سىز مۆھۈرىڭىزنى باسقان، 700 دىنارلىق تىلخەت بار ئىكەن. تىلخەتنىڭ سۈرۈكى توشقىلى بىر يېرىم يىل بوپتۇ. سىزنى دەرھال پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ ئۇنى تولۇق رازى قىلسۇن دېدى، دەپ ئېيتقىن. ئاندىن تېز قايتىپ كەل ۋە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ماڭا يەتكۈز» دېدى.

ھېلىقى شاگىرت بالا ئۇقتەك يۈگۈرۈپ ئەمىرنىڭ ئۆيىگە كەتتى. سودىگەر بولسا ھاڭ ـ تاڭلىق ئىچىدە تامغا يۆلىنىپ

ئولتۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا ھېلىقى شاگىرت بالا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇستىسىغا دېدى: «سەن ئېيتقاندەك قىلدىم ۋە سۆزۈڭنى يەتكۈزدۇم. ئەمىر چاچراپ تۇرغىنىچە ، ھېرىپ ئۇستاڭغا مەندىن سالام ئېيت ۋە تەشەككۈرۈمنى يەتكۈز. ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدۇ. پۇلنى ئۆزۈم ئالغاچ بارىمەن ۋە سەۋەنلىكىمدىن ئەپۇ سوراپ ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرىمەن، دېدى» . ئارىدىن بىر چاي قايىنىمى ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئەمىر مىراخور ۋە مەھرەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ دۇكانغا كىرىپ بوۋايغا سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيدى. ئەمىر بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن مەھرەملىرىنىڭ بىرى سونغان كىچىك تېرە خالتىنى ئېلىپ: «پۇل مۇشۇ خالتىدا، پېقىرنى بۇ ئالتۇنلارنى يۇتۇۋالدىمىكىن دەپ قالما. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ غوجىدارنىڭ سەۋەنلىكى» دېدى. ئۇ توختىماستىن ئەپۇ ۋە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ مەھرەملىرىدىن بىرىگە: «بازارغا بېرىپ سەرراپتىن بىرنى چاقىرىپ كەل، تارازىسىنىمۇ ئالغاچ كەلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. مەھرەم ھايال بولمايلا سەرراپتىن بىرنى باشلاپ كەلدى. ئالتۇنلار ئۆلچىنىۋېدى جەمئىي 500 دىنار چىقتى. ئەمىر: «ئۇ بۈگۈن مۇشۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرسۇن، ئەتە ساراي يوقلىمىسىدىن يېنىپلا ئۇنى قوبۇلخانامغا چاقىرتىمەن ۋە قالغان 200 دىنارنى بېرىۋېتىدىمەن. ئىلاج قىلىپ ئۇنى رازى قىلىمەن. ئەتە بامدات نامىزىدىن بۇرۇن بىر قەسىدىچىنى ھۇزۇرۇڭغا ئەۋەتىمەن» دېدى. بوۋاي: «مۇنۇ 500 دىنارنى ئاۋۇ كىشىنىڭ قوينىغا سالغىن، لەۋزىڭدە تۇرىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن» دېدى. ئەمىر: «خاتىرجەم بول» دېگىنىچە پۇلنى قوينۇمغا سېلىپ بوۋاينىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى ۋە قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. شۇ تاپتا سودىگەر خۇشاللىقىدىن ۋە ئەندىككەنلىكىدىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا ھېس قىلدى. سودىگەر تارازىنى ئالدىغا تارتىپ 100 دىنارلىق ئالتۇننى ئۆلچىدى ۋە بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ: «مەن ئەسلىدە يۈز دىنار ئېلىشقىمۇ

رازى بولغانىدىم، ئەمدىلىكتە سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن پۈتۈن پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالدىم. مۇشۇ يۈز دىنارنى ماڭا قىلغان ياردەملىرى ئۈچۈن چىن يۈرىكىمدىن ئۆزلىرىگە ئاتىدىم» دېدى. بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: «بىر مۇسۇلمان كىشى مېنىڭ سەۋەب بولۇشۇم بىلەن مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلغان بولسا شۇنىڭ ئۆزى مېنى رازى قىلىشقا يېتىدۇ. بىراق مەن ئىمانىمغا ئاشۇ دىنارلاردىن بىرنى ئېلىشنى بۇيرۇسام، مەن بۇ تۈركتىنمۇ بەكرەك بەدنىيەت ئادەمگە ئايلىنىپ قالامدىم. تۈرغىن، دىنارلىرىڭنى ئېلىپ يولۇڭغا مېڭىۋالغىن. ناۋادا ئەتە دېيىشكەن ۋاقىتتا ئۇ ساڭا قالغان 200 دىنارنى بەرگىلى ئۇنىمىسا ماڭا ئېيتقىن. بۇنىڭدىن كېيىن سودا قىلىشتا سودىلىشىدىغان ئادىمىڭنى ئوبدان كۆزەت» دېدى. سودىگەر شۇنچە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ بوۋاي ھەق ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر بوۋايغا خوش دەپ كۆڭلى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئۆيگە قايتتى. شۇ كېچىسى ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ بەخۇدۇك ئۇخلىدى.

ئەتىسى سودىگەر ئۆيىدە خەۋەر كۈتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەمىرنىڭ مەھرەملىرىدىن بىرى كەلدى ۋە: «ئەمىر سىلىنى بىر كېلىپ كەتسە، دېگەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر ئەمىرنىڭ ئۆيىگە باردى؛ ئەمىر ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۆرگە باشلىدى، ئارقىدىنلا غوجىدارنىڭ ھاڭۋاقتىلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىنى سۆزلەپ بەردى. بىر كەمدە خەزىنىدارغا «ئالتۇن قاپچۇقنى ۋە تارازىنى ئەپكەل» دېدى. ئۇ 200 دىنارنى ئۆلچەپ ئۇنىڭغا بەرگەندە ئۇ تەۋەززۇ بىلەن تازىم بەجا كەلتۈردى ۋە مېڭىشقا ئىجازەت سورىدى. ئەمىر: «يەنە بىر دەم ئولتۇرسىلا» دەپ غىزاغا تۇتۇۋالدى. غىزا يېيىلىپ قوللار يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر بىر غۇلامنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئۇ چىقىپ كېتىپ بىر كەمدە بىر چوڭ تۇگۈنچەك

كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئەمىر: «ئۈنىڭغا بەرگىن» دېۋىدى ئۇلار بوپىنىڭ ئىچىدىكى قىممەت باھا لىباسنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويدى. يەنە ناھايىتى ئەلا سورتلۇق كاناپ رەختتىن ئىشلەنگەن پەرەنجىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ قويدى. ئارقىدىن ئەمىر: «تولۇق رازى قىلالىدىمۇ؟» دېدى. ئۇ: «شۇنداق تەقسىر» دېگەندىن كېيىن ئەمىر: «ئەمىسە تىلخەتنى ماڭا بېرىپ بوۋاينىڭ يېنىغا بارغىن ۋە ئۇنىڭغا پۇلنى ئالغانلىقىڭنى، تولۇق رازى بولغانلىقىڭنى ئېيت» دېدى. ئۇ: «خوپ تەقسىر، ئۇ كىشىمۇ قانداقلا بولمىسۇن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىغانىدى» دېدى. سودىگەر خوشلىشىپ ئەمىرنىڭ تۇرالغۇسىدىن ھېلىقى دۇكانغا باردى ۋە بولغان ئىشلارنى تولۇقى بىلەن بايان قىلىپ ئۇ ھەدىيە قىلغان تون – سەرپايلارنى كۆرسەتتى ۋە: «ئەي مۆھتەرەم زات، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئىنايەتلىرى بىلەن بولدى. شۇنداق بولغاندىكىن، مۇنۇ 200 دىنارنى قوبۇل قىلسىلا نېمىشقا بولمايدۇ» دېدى. سودىگەر قانچە يېلىنىسىمۇ ئۇ ھەرقانداق ھەقنى رەت قىلدى. سودىگەر ئىلاجسىز بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ كەيپى چاغ ھالدا دۇكىنىغا كەتتى.

سودىگەر ئەتىسى بىر پاقلاننى ۋە بىر نەچچە چۆجىنى كاۋاپ قىلىپ بىر پەتنۇس مېۋە بىلەن بوۋاينىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي شەيخ، پۇل ئېلىشنى مەقبۇل كۆرمىسىلە مۇنۇ كاۋابلارنى ۋە پېقىرنىڭ چىن سالىمىنى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. بۇلارنى كەمىنە ھالال ئەمگەك تەرىمگە ئالغان. بۇنى قوبۇل قىلغان بولسىلا بېشىم كۆككە يەتكەن بولاتتى» دېدى. بوۋاي قوبۇل قىلدى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن بىللە تائاملارغا ئېغىز تەگدى. سودىگەر ئۇنىڭدىن: «رۇخسەت قىلسىلا، بىر نەرسىنى سورىۋالسام» دېگەنىدى ئۇ «نېمىنى؟» دەپ سورىدى، سودىگەر: «باغدادتىكى شۇنچە بەگ – تۆرىلەر مەن ئۇچۇن ئۇتتۇرىغا كىرىپ ئەمىرگە ئىلتىماس قىلىشقاندىمۇ ھېچ نەرسىگە دال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغانىدى، ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمىغان، ھەتتا قازىمۇ ئۇنىڭغا گېپىنى ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى. ئۇ قانداقلارچە سىلىنىڭ گەپلىرىنى كىچىك گۆدەك كەبى ئاڭلايدۇ؟ نېمە ۋەجىدىن سىلىنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ؟» دېدى. ئۇ سودىگەردىن قايتىلاپ سورىدى: «ساھىبقىران بىلەن ئوتتۇرامدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟»، مەن بېشىمنى چايقىدىم، ئۇ: «ئۇنداقتا سۆزۈمگە قۇلاق سال» دېدى.

ئۇ سۆز باشلىدى: بىلگىنكى، ناماز ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ مەسچىتنىڭ مۇنارىغا چىقىپ ئەزان توۋلاۋاتقىنىمغا 30 يىلدىن ئاشتى، مېنىڭ ئەسلى ھۈنىرىم تىككۈچىلىك بولۇپ، مەي ـ شاراب دېگەنگە يېقىن يولمايتتىم. بۇزۇقچىلىق ۋە كەيپ ـ ساپا ئىشلىرىغا يېقىن كەلمەيتتىم. ھېچقانداق بىئەدەبلىكنىمۇ ھىمايە قىلماس ئىدىم. شۇ زامانلاردا مۇشۇ كوچىدا بىر ئەمىرنىڭ سارىيى بولىدىغان. بىر كۈنى ئەسىر نامىزىدىن يېنىپ دۇكانغا كېلىۋاتسام ھېلىقى ئەمىر كەيپىلىكتە دەلدۇگۇنۇپ ئۇيان ـ بۇيانغا چايقالغىنىچە بىر ئايالنىڭ چومبىلىنى تارتقۇشلاپ ئۇششۇقلۇق قىلغىلى تۇردى. ھېلىقى ئايال بولسا يىغا ـ زار قىلىپ تىپچەكلىگىنىچە: «ئەي مۇسۇلمانلار، ياردەم قىلىڭلار، مەن ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس. مەن پۇستانىنىڭ قىزى، پوكونىنىڭ مەھبۇبى بولىمەن، ئۆيۈم پالانى يەردە، ھەممىلا ئادەم مېنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك ئاياللىقىمنى بىلىدۇ. مۇنۇ تۈرك نىيىتىنى بۇزۇپ ماڭا يامان نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ. مۇرەببىيىم تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۆيىدىن بىر قەدەم ئايرىلسام تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغانىدى، ماڭا ياردەم قىلىڭلار!» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئايال شۇنچە يىغلاپ ـ قاخشىسىمۇ بىرەرى ئارىغا چۈشۈشكە پېتىنالمىدى. چۈنكى بۇ ئەمىر تولىمۇ مۇتەھەم ۋە دەھشەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بولۇپ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نەرسە

دېيەلمەيتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز قاتتىقراق گەپ قىلغان بولساممۇ پايدىسى بولمىدى. ئۇ پەقەتلا ھېلىقى ئايالنى ئۆز سارىيى تەرەپكە تارتقۇشلىغىلى تۇردى. ئەنە شۇ غەزەپلىك پەيتتە ئىمانىم مېنى ئۆز ئىختىيارىمدىن ئاجراتتى. مەن شۇ ئەتراپتىكى مۆتىۋەر مۇيسىپىتلارنى يىغىپ كېلىپ ئەمىرنىڭ ئۆيىگە باردىم ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ گۇرەن تومۇرلىرىمنى كۆپتۈرگىنىمچە: «ئىسلام يوقالدىمۇ؟ مۇشۇ باغدادتا، خەلىفىنىڭ بوسۇغىسىدا ئاياللارنى كۈپكۈندۈزدىلا بۇلاپ كېتىپ بۇزۇقچىلىق قىلامسىلەر؟ ھېلىقى ئايالنى قويۇۋەتسەڭ قويۇۋەت، بولمىسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمىز» دەپ تىۋۋلىدىم. تۈرك ئەمىر بىزنىڭ ۋاڭ - چۇڭىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر توپ غۇلام - مەھرەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە قىلچە رەھىم قىلماستىن بىزنى دەسسەپ - چەيلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز پات - پاراقچىلىق ئىچىدە قېچىپ كېتىشتۇق. خۇپتەندىن كېيىن كېچىلىك لىباسلىرىمنى كىيىپ ياتتىم. ئەمما غەزەپتىن ئىچىم سىقىلىپ تۈن يېرىم بولغۇچىمۇ ئۇخلىيالمىدىم. ئۇشتۇمتۇت ئىنسانىي قەبىھلىكنىڭ ئالدىقاچان يۈز بېرىپ بولغىنى، مېنىڭ ھېچنېمىگە قۇربىمنىڭ يەتمىگەنلىكى يادىمغا كەلدى. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرى ئايالى كېچىسى تالاغا چىقسا تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچكەنىدى. مەيخورلارنىڭ ئىچىپ غەرق كەيىپ بولغاندا شۇ يەردىلا يېتىپ قالىدىغانلىقىنى، يېشىلگەندىن كېيىن بولسا ئاخشىمى نېمە ئىش قىلغانلىقىنى زىنھار بىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا مەسچىت مۇنارىغا چىقىپ ئەزان ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم. بۇنداق قىلسام ھېلىقى تۈرك ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاڭ ئاتتى دەپ قالاتتى ۋە ھېلىقى ئايالنى قويۇۋېتەتتى، ئاندىن ئۇ ئايال جەزمەن مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى، مەن بولسام ئەزاننى

www.uyghurkitap.com

تۇۋلاپ بولۇپلا دەرھال پەسكە چۈشۈپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرسام ئايال كەلگەن ھامان ئۇنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويالايتتىم. شۇنداق بولغاندا بۇ بىچارە مەزلۇم ئېرىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆيۈم بويىچە ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن مۇنارغا چىقىپ پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن ئەزان ئوقۇغان ۋاقىتتا ساھىبقىران مۇئەسسىم ھەزرەتلىرى تېخى ياتمىغانىكەن. ئۇ بۇنداق نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلاپ: «بۇنداق تۈن يېرىمىدا ئەزان ئېيتقىنىدىن قارىغاندا شۈبھىسىزكى، ئۇ بىر بەدنىيەت ئىنسان، ئەزاننى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم تاڭ يورۇغان ئوخشايدۇ، دەپ كوچىغا چىقىپ قالسا ئۇدۇللا پاشىپالارنىڭ قولىغا چۈشمەمدۇ؟» دەپ قاتتىق كايىپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال مۇلازىملىرىغا: «بېرىپ قاراۋۇللارغا ئېيتىڭلار، نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئەزان توۋلىغان ئاشۇ بەدنىيەتنى پۈت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىشسۇن. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق جازا بېرەيكى، ھېچقانداق كىشى بۇنداق نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئەزان توۋلىمايدىغان بولسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مەن مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا ھېلىقى ئايال چىقىپ قالارمىكىن، دەپ تۇرسام ئۇشتۇمتۇتلا مەشئەل كۆتۈرۈشۈۋالغان قاراۋۇللار ئالدىمدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە «ھازىر ئەزان ئېيتقان سەنمۇ؟» دەپ سوراشتى. «شۇنداق» دېسەم ئۇلار: «نېمە دەپ مۇشۇنداق ناموۋاپىق پەيتتە ئەزان توۋلىدىڭ؟ خەلىفە تولىمۇ غەزەپلەندى ۋە سېنى تۇتۇپ كېلىشكە بىزنى ئەۋەتتى. ئەمدى ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە» دېيىشتى. مەن قاراۋۇلغا: «ئەمرىڭ قۇللۇق تەقسىر، ئەمما بىر بەدەۋى مەخلۇق مېنى مۇشۇنداق بىمەپ ۋاقىتتا ئەزان توۋلاشقا مەجبۇر قىلدى» دېسەم ئۇ مەندىن: «قانداق بەدەۋى مەخلۇق ھەققىدە سۆزلەۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن: «ئۇ شۇنداق بىر مەخلۇقكى، نە ئاللاھتىن نە خەلىفەدىن

قورقمايدۇ» دېدىم. ئۇ مەندىن: «سەن زادى كىمنى دېمەكچى؟ » دەپ سورىدى. مەن: «بۇنى ساھىبقىراننىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىمەن. ئەگەر مېنىڭ قىلمىشىم يامانلىقنى كۆزلىگەن بولسا خەلىفە ماڭا قانداقلىكى جازا بەرسە بولۇۋېرىدۇ» دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ: «ئاللاھنىڭ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى تېزرەك ماڭغىن. مەن سېنى خەلىفە ئوردىسىغا ئېلىپ باراي» دېدى.

ئوردىغا بېرىپ قارىسام مەھرەم ـ غۇلاملار كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ھېلىقى قاراۋۇل ئېيتقانلىرىمنى مەھرەم بېشىغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇ ئىچىگە كىرىپ مۇتتەسىمگە ئېيتتى. مۇئتەسىم: «ئۇنى ئېلىپ كىر» دېگەن چېغى، مەھرەم مېنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. خەلىفە مەندىن ئەزاننىڭ ۋەجىنى سورىۋېدى ھېلىقى تۈرك ئەمىر بىلەن ئايال ھەققىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدىم. خەلىفە بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاراۋۇلغا مۇنداق دېدى: «دەرھال يۈز نۆۋكەرنى باشلاپ پالانى ئەمىرنىڭ ئۆيىگە بار ۋە خەلىفە چاقىرىدۇ، دەپ ئېيت. ئۇنى تاپقاندىن كېيىن تۈنۈگۈن ئۆيگە ئاپىرىۋالغان ھېلىقى ئايالنى قۇتۇلدۇرۇڭلار ۋە مۇنۇ بوۋايغا ئىككى ـ ئۈچ چاكارنى قوشۇپ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار. ئېرىنى ئىشىك تۈۋىگە چاقىرىپ خەلىفە مۇتتەسىمنىڭ سالام ئېيتقىنىنى دەڭلا ۋە ئايال ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ ئىككى ئېغىز ياخشى سۆز قىلىپ قويۇڭلار. شۇنداقلا بۈگۈنكى ئىشتا ئۇنىڭدا ھېچقانداق سەۋەنلىك كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئېيتىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولسۇن. شۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى ئەمىرنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار». ئاندىن خەلىفە ماڭا قاراپ: «بۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن» دېدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلار ھېلىقى ئەمىرنى مۇتتەسىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مۇتئەسىم ئۇنىڭغا بېگىزدەك تىكىلىپ تۇرۇپ: «سەن قانداقلارچە مېنى ئىمانى سۇس كۆرۈپ قالدىڭ؟ مېنىڭ رەئىيەت-

www.uyghurkitap.com

نى ئانىي تاپقانلىقىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ شاھ بولۇپ تۇرغىنىمدا
دىنغا مۇخالىپ ئىش قىلغانلىقىمنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ئەجەبا رۇمـ
لۇقلار نەزەربەند قىلغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزغانىدىمغۇ؟ باغدادـ
قا قوشۇن تارتىپ رۇم قوشۇنلىرىنى يېڭىپ پادىشاھ قەيسەرنى
قوغلىۋەتتىمغۇ؟ رۇملۇقلارنىڭ زېمىنىنى ئالتە يىل پايخان قىـ
لىپ ۋە پاك ـ پاكىز سويۇۋالغانىدىمغۇ؟ چوڭ خانىقا ـ مەسچىتـ
لەرنى سېلىپ ھېلىقى كىشىلەرنى زىنداندىن نىجاتلىقىقا ئەپچىقىپ
ئاندىن ئوردامغا قايتقانىدىمغۇ؟①ئەمدىلىكتە مېنىڭدىن ھېيىقىپ
ۋە دۇرۇسلۇقۇمغا تەن بېرىپ بۆرە بىلەن پاقلان بىر ئېرىقتىن
سۇ ئىچىدىغان بولغانىدى. سەن بولساڭ يۈرىكىڭنى قاپتەك قىـ
لىپ باغدادتا، بۇرنۇمنىڭ تۈۋىدە بىر ئايالنى زورلاپ يامان نىيەتـ
تە ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋاپسەن. كىشىلەر سېنى يامانلىقتىن توسۇسا
ئۇلارنى كالتەكلەپسەن» دېدى. ئاندىن ئەمىرنى بىر تاغارغا سوـ
لاپ ئاغزىنى چىڭ بوغۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن لاي ئېتىدىغان
ئىككى باھادىرنى ئەپكەلدۈرۈپ ئىككى مەھرەمگە ئىككى تەرەپتىن
خالتىدىكى ئەمىرنى ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى.
ئۇلار خەلىفەنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپ: «ئەي ساھىبقىران!
ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى، يەنە قانداق
تاپشۇرۇقلىرى بار؟» دەپ سوراشتى. خەلىفە ئۇلارغا ئاغزى تېـ
خىچە چىڭ چىگىكلىك تۇرغان خالتىنى شۇ پېتى دەجلە دەرياسىغا
تاشلاشنى بۇيرۇدى.

ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ: «ئەي شەيخ، بىلگىنكى، ئاللاھ
(ئۇنىڭغا ئالقىشلار بولسۇن) دىن قورقمىغان كىشى مەندىنمۇ
قورقمايدۇ. ئاللاھتىن قورقۇدىغان كىشى بولسا، ئىككى دۇنياـ
لىقنى يوق قىلغۇسى ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ. بۇ ئەمىر

① «تارىخىي غۇزىدە» (319 ـ بەت) دە ئېيتىلىشىچە، مۇسۇلمان ئاياللارنى قۇتقۇزۇش
ۋە كونستانتىنوپولغا يۈرۈش قىلىش خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ
يۈكسەك پەللىسى ئىدى. تەبەرى مۇتتەسىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېغىشلىغان ئەسىرىدە بۇ قېتىمقى
ئۇرۇش ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

جىنايەت ئۆتكۈزدى، شۇڭا تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. ساڭا
شۇنداق بۇيرۇق قىلىمەنكى، بۇگۈندىن ئېتىبارەن باشقىلارغا ئا-
زار بەرگەن، شەرىئەت يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان ھەرقانداق
كىشىنى كۆرسەڭ بۇگۈن كېچە قىلغىنىڭغا ئوخشاش نامۇۋاپىق
ۋاقىتتا ئەزان توۋلا. مەن ئەزان توۋلىغىنىڭنى ئاڭلىغان ھامان
سېنى چاقىرتىپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراۋشتە قىلى-
مەن، ئاندىن مۇنۇ ئىتنى قانداق جازالىغان بولسام ئۇنىمۇ شۇن-
داق جازالايمەن. مەيلى ئۇ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم ياكى ئۆز
پۇشتۇمدىن تامغان پەرزەنتلىرىم بولسىمۇ ئاياپ قويمايمەن» دې-
دى. گېپىنى تۈگىتىپ ماڭا ئۆز سوۋغىتىنى بەردى ۋە قايتىشىم-
غا ئىجازەت قىلدى. ئەمدى بولسا ھەرقانداق بەگ ـ تۆرىلەر بۇ
ئىشنى بىلىدۇ. شۇڭا ھېلىقى ئەمىرنىڭ پۇلۇڭنى ساڭا قايتۇرۇ-
شى قانداقتۇر مېنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ھېلىقى
تاغاردىن، لاي ئېتىدىغان باھادىرىدىن ۋە دەجلە دەرياسىدىن قورق-
قانلىقىدىندۇر. چۈنكى، ئۇ پۇلنى قايتۇرۇشنى رەت قىلسا مەن
مۇنارغا چىقىپ ئەزان توۋلايتتىم. نەتىجىدە ھېلىقى تۈرك ئەمىر-
نىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت مۇنۇ ئەمىرنىڭمۇ بېشىغا كېلەتتى.

هاسىل كالام، بۇ خىلدىكى قىسسە ـ ھېكايىلەر كۆپ، بۇ
ھېكايىنى بايان ئەيلىشىم «مەلكۇل جەھان» خەلىفىلەر ۋە پادى-
شاھلارنىڭ قانداقلارچە قوينى بۆرىنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساقلاپ
قالغانلىقىنى، ئۆز مەمۇرلىرىنى قانداق تىزگىنلىگەنلىكىنى، ئۇ-
لارنىڭ جىنايەتلىرىگە قانداق مۇداپىئە تەدبىرى قوللانغانلىقىنى،
ئۇلارنىڭ ئىمان نۇرلىرىنى قانداق مۇستەھكەملەپ قانداق قوغداپ
ئاسرىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن، دېگەندىن ئۆزگە ھېچبىر مەق-
سەت ـ مۇددىئانى نىشان قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

## دىن ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە تەھقىقلەشنىڭ بايانى

دىنىي مەسىلىلەرنى تەھقىقلەش، دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى سۆز ـ ھەرىكەتتە تەتبىقلاش، ئاللاھ (پۇتكۇل ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر) نىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىش قاتارلىقلار پادىشاھ بولغۇچىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتلىرى؛ ئىمام ـ ئۆلىمالارنى قەدىرلەش، ئۇردا خەزىنىسىدىن ئۇلارغا مائاش ـ تەمىنات بېرىشمۇ پادىشاھنىڭ مەجبۇرىيىتى. پادىشاھ تەقۋادار ۋە پاك ـ دىيانەتلىك كىشى بولمىقى زۆرۈر. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئىماملارنى ئوردىسىغا چىللاپ مۇشۇلار ئارقىلىق ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا دائىر ۋەز ـ تەبلىغنى ئاڭلىشى، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە ئېھسانلار قىلسۇن) ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ھەدىسلەرنى زېھىن قويۇپ كۆڭۈل دەپتىرىگە ئورنىتىشى لازىمدۇر. ئۇ يەنە ئادالەتپەرۋەر پادىشاھلار ۋە پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسە ـ ھېكايىلەرنى ئاڭلىسا ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. پادىشاھ بولغۇچى مەملىكەت ئىشلىرىدىن قولى بوشىغاندا ئۇلارنىڭ ۋەز ـ تەبلىغلىرىنى روشەن زېھنىلىرىگە ئەسىر قىلىشى، ئۆلىمالار ئارا بەس ـ مۇنازىرە ئۆتكۈزۈپ ئۆزى يېشەلمەيۋاتقان تۈگۈچلەرنى يېشىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق داۋاملىشىۋەرسە ئادەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇزاققا قالمايلا دىنىي قائىدە ـ قانۇنلارنى ئاساسەن پىششىق بىلىۋا-

لالايدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەنىسىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىس-سالام (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) نىڭ ئىش - ئىزلىرىنى چۈ-شىنىۋالىدۇ. شەرىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسە - ۋەقەلىرىنى ئېھ-تىياتچانلىق بىلەن ئادىل بىر ياقلىق قىلىدۇ. قانداقتۇر مۇغەم-بەر دىنسىزلار ياكى پىرقىلەر ئۇنىڭ ئىمانىنى ئوغرىلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈم قۇشلىرى يېڭى قاناتقا، پەزىل - كامالىتى تۈگىم-مەس ئوزۇققا ئېرىشىدۇ. مەملىكەتتە قۇرۇق سۆلەتلىك ۋە پىتنە - پاساتقا ماكان تېپىلمايدىغان بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق سەلتەنىتى جارى بولۇۋاتقان مەزگىللەردە شۇملۇق، چىركىنلىك ۋە خۇسۇمەت تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلىدۇ. ئادالەتنىڭ قۇۋۋىتى ئېشىپ شۇملۇق كۇنسايىن يوقىلىدۇ. بۇ دۇنيادا شان - شۆھرەت-كە، ئۇ دۇنيادا شاپائەتكە مۇيەسسەر بولۇپ چەكسىز ساۋابنىڭ ساھىبى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ياشتىكى كىشىلەر ئىلىم - ئېر-پان ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئېيتىشىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىكەن: «ئا-دالەت - ئەرشىئالادا ۋە ئادىللىق ھۆكۈم سۈرگەن ئوردا - قەسىر-لەردە توختايدۇ».

پادىشاھ ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈرى دىنغا بولغان كامىل ئىمان. چۈنكى پادىشاھلىق تەخت بىلەن دىن مىسالى بىر جۈپ قېرىنداش-لاردۇر. مەملىكەتتە مالىمانچىلىق كۆرۈلسە دىنغىمۇ زەخمەت يېتىدۇ. دىنسىزلىق ۋە جىنايەتچىلەر كۆپىيىدۇ. ھەر زامان دىن بۇزۇلغاندا ئەلدە مالىمان ئەۋج ئالىدۇ، ئوغرى - گۇندىپاي بولىدۇ، شاھ ھوقۇقى ئاجىزلىشىپ پىتنە باش كۆتۈرىدۇ، ئا-سىيلار قۇدرەت تاپىدۇ.

سۇفيان تەھۇر مۇنداق دېگەنىدى: «دانا پادىشاھ ئۆلىمالار بىلەن يارەنلىك شەربىتى ئىچىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ئوسىلى پادىشاھ بىلەن دوستلۇق رىشتىسى ئورنىتىشنى ئىستىگەن ئۆلىمادۇر».

ئەردەشىر مۇنداق دېگەنىدى: «ئوردا ۋەزىرلىرىنى تەھقىقلەپ تۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەۋە رەئىيەتنى ۋە دېھقانلارنى تىزگىنلەپ كېتەلىشى ناتايىن». «قۇرئان كەرىم» دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مۇنداق قۇرلار بار: «يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن» (26 - سۈرە، 214 - ئايەت).

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەنىدى: «ھۆكۈمدارغا يېقىنلىشىش مۇشكۈل بولسا مەملىكەتكە زىيان ۋە دېھقانلارغا ئاپەت بولۇشتا جاھاندا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش بولماس. ئەكسىچە ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا يېقىنلىشىشى ئوڭاي بولسا جاھان مىقياسىدا بۇنىڭدىنمۇ مەنپەئەتلىكرەك ۋە ئەمەلىيرەك ئىش بولماس. بولۇپمۇ مەمۇرلارغا ۋە باجگىرلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمدارنىڭ رەئىيەتكە ئوڭايلا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە دېھقانلارنى ئانىي تېپىشقا ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشقا پېتىنالمايدۇ».

ھەزرىتى لوقمان ھەكىم مۇنداق دېگەنىدى: «پانىي دۇنيادا ئىلىمدىنمۇ ئېسىلراق يارەن بولغان ئەمەس. ئىلىم — مال - دۇنيادىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى مال - دۇنيانى بەندە ساقلىمىسا بولمايدۇ، ئەمما ئىلىم - ئېرپان بەندىنى ساقلايدۇ».

ھەسەن بەسرى (ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەنىدى: «دانا شۇكى، ئۇ ئەرەب تىلىنى كۆپرەك بىلگىنى بىلەن ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا سۆز ئىشلىتىش پاساھىتىدە كاملىلىقى بىلەن ئايرىلىدۇ؛ دانا شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى بىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. ناۋادا ئۇ بىر قانچە قەۋمنىڭ تىلىنى بىلسە بۇ تېخىمۇ دانالىقتۇر. ناۋادا بىر كىشىنىڭ قەلب تۆرىگە شەرىئەت ئەھكام - يوسۇنلىرى قۇياشتەك روشەن بولسا ھەمدە تۈركچە، پارسچە ياكى يۇنانچە، قۇرئان

كەرىم» نى كۆز سىنىقىدىن راۋان ئۆتكۈزەلىسە، ئەمما ئەرەبچىنى بىلمىسە ئۇنى بىر ئۆلىما دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا ئۇ كىشى يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ ئەرەبچىنىمۇ بىلسە، ئۇ چاغدا يېتۇك ۋە كامىل ئۆلىما بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھتەئالا «قۇرئان كەرىم» نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن) مۇ ئەرەب ئىدى» .

پادىشاھ بولغۇچى شاھلىق سەلتەنىتىنى مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرسە ۋە ئىلىم - ئېرپان يولىدا ئىزدەنسە ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلىم - ئېرپاندا يېتىلگەن بولغاچقا ئۆزىنىڭ نادانلارچە ئىشلارنى قىلىپ سېلىشىنى چەكلىيەلەيدۇ. ئەقىل تولپارىنى چاپتۇرۇپ كۆرسەك شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، دانا پادىشاھلارنىڭ نام - نىشانى قانچىلىك يۇكسەك؟ ئۇلارنىڭ سەلتەنەت تۈھپىلىرى قانچىلىك ئۇلۇغ؟ شاھ ئەفرىدۇن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، شاھ ئەردە شىر، نۇشىرۋان ئادىل، ساھىبقىران ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما (ئاللاھ ئۇنىڭدىن ۋە دادىسىدىن رازى بولسۇن) ، خەلىفە ھارۇن رەشىد، خەلىفە مەئمۇن، خەلىفە مۇئتەسىم، خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز (ئاللاھ ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرغا پۈركىسۇن) ، سامانىيلار دۆلىتىدىكى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسۇن) كەبى زاتى مۇبارەكلەرنىڭ نام - شۆھرىتى مەڭگۈگە جىلۋىلەندى، تاكى رەببىمىز قىيامەتنى مۇۋاپىق كۆرگۈچە جاھان ئەھلىنىڭ ئالقىش مەدھىيىلىرىگە نائىل بولغۇسى. ئۇلارنىڭ ئۆمۈر سەھىپىلىرى قىسمەت داستانلارغا كىرگۈزۈلگۈسى. كىشىلەر شۇ قىسسەلەردىن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار شەۋكەت نىشانلىرىغا نەزەر سېلىپ ئۇلارغا ئالقىش ۋە دۇئالاردا بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ۋە زور قەھەتچىلىك ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز[①]نىڭ سەلتەنەت زامانىسىدا زور قەھەتچىلىك كۆرۈلۈپ رەئىيەت ئېغىر مۈشكۈلاتتا قالدى. بىر كۈنى بىر جامائە ئەرەبلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: «ئەي ساھىبقىران! قەھەتچىلىك دەستىدىن قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالدۇق، يېگۈدەك بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن چىرايلىرىمىزنىڭ زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. ھازىر بىز سېنىڭ خەزىنەڭگە موھتاج بولۇپ تۇرۇپتىمىز. چۈنكى خەزىنە ساڭا مەنسۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرىگە مەنسۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئاللاھ ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس؛ ئەگەر خەزىنەڭ ساڭا مەنسۇپ بولسا مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغاندەك، بىزگە سەدىقە قىلغىن، ئاللاھ سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ، («قۇرئان كەرىم»، 12 ـ سۈرە 88 ـ ئايەت)، ئەگەر خەزىنەڭ بىزگە مەنسۇپ بولسا، بىز شۇنىڭ سايىسىدە قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋالايلى» دېدى. ئۆمەر ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە دېگىنىڭلاردەك قىلىمەن، دېدى. ئۇ دەرھال ئۇلارغا خالىغان نەرسىسىنى بېرىش ۋە رازى قىلىش مەزمۇنىدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇلار قوزغىلىپ ماڭغاندا ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن): «ئەي جامائەت، قەيەرگە ماڭدىڭلار؟ دەرۋەقە سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ ھالىنى ماڭا يەتكۈزدۈڭلار. ئەمدى سىلەر مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئاللاھقا يەتكۈزۈڭ-

---

[①] ئۆمەۋىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى، ياشىغان دەۋرى مىلادىيە 681 ـ 720 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 717 ـ 720 ـ يىللار.

لار (يەنى ئىبادەتخانىلاردا ماڭىمۇ دۇئا قىلىپ قويۇڭلار) » دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جامائەت ئەرەبلەر كۆككە قاراپ: «ئەي مەۋجۇتلۇقى شەكسىز ئاللاھ، ئۆمەرگە رەھمەت ۋە سائادەت ئاتا قىلغىن، چۈنكى ئۇ بەندىلىرىڭگە سائادەت ئاتا قىلدى» دەپ دۇئا قىلىشتى.

ئەييۇھەنناس، ئۇلار دۇئاسىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا قارا بۇلۇتلار كۆكنى قاپلاپ شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىر تال مۆلدۈر كاللىكى ئۆمەرنىڭ ئوردىسىدىكى خىشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئىككى پارچە بولۇپ يېرىلدى ۋە ئىچىدىن بىر پارچە قەغەز چىقتى. ئۇلار كېلىپ قارىسا قەغەزگە ئەرەبچە «بۇ قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئۆمەرگە ئاتا قىلغان سائادەت يامغۇرى، بۇ ئۇنى ئىسسىقنىڭ ئازابىدىن خالاس قىلىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن.

# توققۇزىنچى باب ئىقتا

## خوجىلىرى[1] ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەمىناتنىڭ بايانى

تولۇق ئىشىنىشكە بولىدىغان كىشىلەرنى كاتتا ئىقتا خوجىلىقىغا قويۇش زۆرۈر. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى شۇكى، ئۇلار ئوردىدا نېمە ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسۇن. زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆز مەلۇماتلىرىنى ئايمىسۇن. ئۇلار دوۋۇس ۋە سەممىي ئورۇنباسارلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ھەرقايسى ۋىلايەت ـ شەھەرلەردىكى باج ـ سېلىق ۋە كىرىم ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىش، چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردىن ۋاقىپلىنىشقا ئەۋەتىش لازىم. ئۇلارنىڭ مائاش ـ تەمىناتى دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە يۈك بولۇپ ئارتىلماسلىقى، دېھقانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى زۆرۈر، ئەمما ئۇلارنىڭ زۆرۈرىيەت ئېھتىياجلىرى مەملىكەت خەزىنىسىدىن تولۇق چىقىم قىلىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ خىيانەت ۋە پارا شەيتانلىرىغا تەسلىم بولۇشىغا ھاجەت قالمايدۇ. ناۋادا ئۇلار ئىجتىھات ۋە پاراسەت بىلەن خىزمەت قىلسا ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى مائاش مىقدارىنىڭ ئوندىن تاكى يۈز ھەسسىسىگىچە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

---

① شاھلىق تەرىپىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن يەر.

# ئونىنچى باب

## مەلۇماتچىلار ۋە خەۋەرچىلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ مەملىكەت سەلتەنىتىدىكى مۇھىملىقىنىڭ بايانى

يېقىن - يىراقتىكى دېھقانلارنىڭ ۋە قوشۇنلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھەمدە ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش پادىشاھنىڭ مەجبۇرىيىتى. ناۋادا پادىشاھ بولغۇچى بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتىمىسە خاتالىشىدۇ. كىشىلەر ئۇنى شاھلىق ھەققىگە سەل قارىدى، ھورۇنلۇق ۋە ياۋۇزلۇق قىلدى، دەپ ئەيىبلەيدۇ ھەمدە: «پادىشاھلىقىمىزدىكى جەبىر - زۇلۇم ۋە خارۇ زارلىقنى پادىشاھ بىلىدۇ يا بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ بىلىپ تۇرۇپ بۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللانمىسا ۋە توسمىسا ئۇمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش بىر جەبىر قىلغۇچى بولغانلىقىدىن شۇنداق قىلىدۇ، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىدۇ؛ ئەگەر بۇلاردىن خەۋەرسىز بولسا نان يېمەس ۋە كور پادىشاھ بولغان بولىدۇ» دېيىشىدۇ. رەئىيەت بۇ ئىككى خىل سەۋەنلىكنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ رابات بەگلىرىگە مۇھتاج بولىدۇ، بۇ كەم بولسا زادىلا بولمايدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلامنىڭ ھەربىر زامانىسىدە پادىشاھلار رابات بەگلىرىنى تەسىس قىلىپ شۇلار ئارقىلىق ياخشى - يامانىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرغانىدى. مىسالەن ئېيتايلى: بىراۋ باشقا بىرەيلەننىڭ بىر چۆجىسىنى ياكى بىر باغ بۇغدىيىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالسا ھەمدە بۇ ۋەقە 500 فەرسەخ يىراقلىقتىكى ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن بولسا پادىشاھ بۇنىڭدىن دەرھاللا ۋاقىپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرى-

www.uyghurkitap.com

دۇ. شۇنداق قىلغاندا رەئىيەت پادىشاھنىڭ كۆزىدىن ھېچ نەرسىنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. پادىشاھ بولغۇچى ھەممىلا جايلارغا مەلۇماتچى ۋە خەۋەرچىلەرنى قويۇپ زورلۇق قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىپ سېتىقچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئەمگەكىنىڭ خاتىرجەم ۋە ئادىل يۈرۈشۈشىگە كېپىللىك قىلىش كېرەك. ھالبۇكى، بۇ ناھايىتىمۇ زىل خىزمەت بولۇپ تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىلدىكى ئىشنى ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ۋە ئۆز نەپسىنى ئويلىمايدىغان كىشىلەرگىلا تاپشۇرۇش مۇمكىن. چۈنكى مەملىكەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئاشۇلارغا تايىنىدۇ. ئۇلار ھېچقانداق كىشىگە ئەمەس، نەق پادىشاھنىڭ ئۆزىگە خىزمەت قىلىش، غەم ـ قايغۇسىز ھالدا ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئوردا خەزىنىسىدىن قەرەللىك مائاش ـ تەمىنات ئېلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى پادىشاھتىن ئۆزگە ھېچقانداق ئىنسان بىلمىسۇن. مۇشۇ تەدبىرنى قوللانغاندا پادىشاھ يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىشتىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تېگىشلىك يارلىق ـ پەرمان چۈشۈرەلەيدۇ. ئالاقىدار خادىملارغا كۈتۈلمىگەن ئىنئام ياكى جازالارنى بېرەلەيدۇ. پادىشاھ بولغۇچى مۇشۇنداق قىلالىسا رەئىيەتنىڭ ۋە بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھەرقاندىقى پادىشاھقا ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈشنى تالىشىدۇ؛ شۇنداق قىلالىسىلا پادىشاھقا كۆز ئالايتىش، پادىشاھقا قارىتا سۇيىقەست ـ نەيرەڭلەردە بولۇشقا ھېچكىم بېشى ئونلۇق قىلالمايدۇ. شۇندىلا ئىشقا قويۇلغان مەلۇماتچىلار ۋە خەۋەرچىلەر دۇرۇس، ھوشيار ۋە يىراقنى كۆرەر پادىشاھقا ساداقەت كۆرسىتىپ، مەملىكەتنىڭ روناق تېپىشىغا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

## كۈچ بالۇچ قاراقچىلىرى ھەققىدە بايان

سۇلتان مەھمۇد ئىراق دىيارىنى پەتھە قىلغاندا قاراقچىلار-

نىڭ دىرجىس دېگەن جايدا كارۋانلار بىلەن بىللە كېتىۋاتقان بىر مەزلۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېكايىلەر تارقالدى. بۇ قاراقچىلار كۆچ بالۇچتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ جاي ھازىر كىرمان ئۆلكىسىنىڭ تەسەررۇپىدا. ھېلىقى ئايال سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا شىكايەتكە باردى ۋە مۇنداق دېدى: «دىر-جىستا قاراقچىلار بار ـ يوقۇمنى بۇلىۋالدى. ئۇلاردىن ئۆزۈمگە تەۋە بولغان تەئەللۇقاتىمنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەيسەن. بۇنىڭغا ئىلاج قىلالمىساڭ يىتكەن مېلىمنىڭ ئورنىغا پۇل ـ پۇچەك بېرىشىڭنى سورايمەن». سۇلتان مەھمۇد سورىدى: «دىرجىس دېگەن قەيەر؟» ھېلىقى ئايال ئېيتتى: «بۇ جاي ھازىر سېنىڭ ئىلكىڭدىكى زېمىنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇنداق بولغا-نىكەن سەن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن». سۇلتان ئېيتتى: «ئېيتقانلىرىڭ دۇرۇس. بىراق بۇ قاراقچىلار قايسى قەبىلىگە تەۋە؟ ئۇلار قەيەردىن كېلىشىپتۇ؟» ئايال جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار كىرمانغا يېقىن بولغان كۆچ بالۇچتىن ئىكەن» دېدى. سۇلتان: «ئۇ جاي بەكلا يىراقتىكى ئۆلكىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئىلكىمدىكى پادىشاھلىقىمۇ تەۋە ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇلارغا مېنىڭ ئىلاجىم يوق» دېدى. ھېلىقى ئايال: «سەن شاھىم ئەجەبا ئۆز يېرىنىمۇ باشقۇرالمايدىغان يارىماس ھۆكۈمدارلاردىن سانىلار-سەنمۇ؟ ئەگەر سەن قوي پادىسىنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدى-يالمىساڭ قانداقمۇ چوپاندار بولالايسەن؟ قارا، مەن توخۇنى يۈگ-دىغۇدەكمۇ كۈچى يوق يېگانە مەزلۇممەن. سەن بولساڭ زور قوشۇنغا ئىگە ھوقۇقلۇق پادىشاھسەن» دېدى. سۇلتان كۆزىگە ياش ئېلىپ: «ئېيتقانلىرىڭ ئورۇنلۇق. مەن سېنىڭ زىيىنىڭنى تۆلەپ بېرەي، بۇ ئىشنى راۋۇرۇس جۆندەي» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلتان خەزىنىدىن ھېلىقى ئايالغا بىر ئاز كۆمۈش تەڭگە ئېلىپ بەردى ھەمدە كىرمان ۋە تىزنىڭ ئەمىرى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىلىياسقا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپ-

www.uyghurkitap.com

تا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «مېنىڭ ئىراقتا كېلىشتىكى مۇددىئايىم ئۇنى پەتھى قىلىش ئەمەس، ھازىر پۈتۈن ئەسكەرلىرىم ھىندىستاندا سوقۇشۇۋاتىدۇ. بۇ يەرگە كېلىشىمگە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىۋاتقان مەكتۇپلىرى سەۋەب بولماقتا. ئۇلار ئۆز مەكتۇپلىرىدا دەيلەمىيلىقلارنىڭ ئىراق دىيارىدىكى چىركىنلىكى، رەئىيەتنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقى، دىنسىزلىقنى تەرغىب قىلىۋاتقانلىقى كەبى ئوساللىقلىرىنى يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نىجىسلار يوللارغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ يولدىن ئۆتكەن ساھىبجامال ئاياللارنى ۋە ئۆسمۈرلەرنى تۇتۇپ كېتىۋېتىپتۇ. تۇتقان ئاياللىرىنى قاراقچىلار ئۆز ئۆۋىسىغا ئاپىرىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن ۋە زېرىككەندە ئاندىن قويۇۋېتىدىكەن. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئاشكارا تىل تەگكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىبلىسلار ھەر يىلى دېھقانلاردىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ سېلىق يىغىۋېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە مەجىد دەۋلە دېگەن پادىشاھنىڭ توققۇز خوتۇنى بار ئىكەن، يەنە تېخى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەسمىي خوتۇنلىرى ئىكەن. ئۇ ھازىر ئۆزىنى شاھىنشاھ دەپ ئاتىۋاپتۇدەك. بۇلاردىن سىرت دېھقانلارغا مۇشرىكلىكنى ۋە باتىنىيلىقنى ① تەشۋىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھاقارەتلەپتۇ، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆشرە - زاكات بېرىشنى، رامزاننى، ھەج پەرزىنى، سەدىقىنى ئىنكار قىپتۇ. تەخت ساھىبلىرى ئۇلارنى بۇنداق دىنسىزلىقتىن توسۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئاھانەتلىك تەشۋىققا قارشى تۆت ئېغىز لىللا سۆز قىلالماي گۇناھقا چوڭقۇر پېتىپتۇ.

ئىراق دىيارىدىكى بۇ ناكەسلىكنى ماڭا يەتكۈزۈشكەندە بۇ ئىشلارنى جۆندىۋېتەي دەپ ئويلاپ بۇ خىزمەتنى ھىندىستاندىكى سوقۇشنىڭ ئالدىغا قويدۇم. شۇ ۋەجىدىن كامىل ھەنەفىلەردىن بولغان تۈرك قوشۇننى دەيلەمىيلەرنى، مۇشرىكلارنى ۋە باتىنىي-

لارنى قىرىپ تاشلاشقا ئەۋەتتىم. شىر يۈرەك باھادىر نۆۋكەرلىد-رىم نۇسرەت تەنتەنىسى بىلەن قايتىپ كەلدى. نىجىسلارنىڭ بەزەنلىرى باتۇر نۆۋكەرلىرىمنىڭ قىلىچ - شەمشەرلىرىدە جان بەردى، بەزەنلىرى قۇل - چاكار قىلىندى، قالغانلىرى تامام قوغلاپ چىقىرىلدى. ئىراق دىيارىدىكى بارچە مەمۇرلارنى خىز-مەتتىن قالدۇرۇپ ئورنىغا خوراسانلىق، شۇنداقلا ھەنەفى ياكى شافىئى مەمۇرلىرىنى دەسسەتتىم. ھەنەفىلەر ۋە شافىئىلار تۈرك-لەرگە ئوخشاشلا تەۋھىدچىلەر بولۇپ رافىزىيلار②، باتىنىيلار ۋە باشقا ئاسىي قەۋملارغا غەزەپلىك تىكىلدى. ئىراق ئۆلىمالىرى-نىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يات مەزھەپتە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئىشقا ئالمىدىم. چۈنكى ئۇلار ھەرقاچان تۈركلەرنىڭ ئىشىغا توپا چېچىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئاللا-ھتەلانىڭ ئىنايىتى بىلەن مەزكۇر تەدبىرلەر ئارقىلىق يات مەز-ھەپتىكىلەرنى تامام كۆزدىن يوقاتتىم. ئاللاھ (ئاللاھ ئۈستىمىز-دە تۇرۇپتۇ) مېنى ياراتتى ھەمدە مېنى ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە يولباشچى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇڭا دىنسىزلارنى يىراقلاشتۇرۇپ مۆئمىنلەرنى ساقلاش، مەردۇ مەردانىلىك بىلەن ئۇشبۇ دۇنيانى ئاۋاتلىققا يۈركەش ماڭا پەرزدۇر.

ئۇشبۇ پەيتتە كۈچ پالۇچتىن كەلگەن قاراقچىلارنىڭ دىر-جىستا يول توسۇپ بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەخبارلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇمىدىم شۇكى، دەر-ھال ئۇلارنى بەند قىلىپ مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇۋالغىن، ئاندىن ئۇلارنى دارغا ئاسساڭمۇ ئىختىيارىڭ. بۇ ئىشلارنى پۈتتۈر-گەندىن كېيىن ئۇلارنى ۋە ئوغرىلانغان ھارام ماللارنى قورۇقداپ رەي ئەمىرىگە ئېلىپ كەلگىن. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن، ئىككىنچىلەپ كىرمان تەۋەسىدىن ماڭا قاراشلىق ئۆلكىلەرگە كې-لىپ يول توسار قاراقچى بولۇشقا پېتىنالمايدىغان بولسۇن. ئۇن-داق قىلالمىساڭ كېرماننىڭ سومىناتتىن ئانچە يىراق ئەمەسلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىنى بىلىسەنغۇ. مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈچۈن بۇنچىلىك مۇساپە ھېچگەپ ئەمەس».

يالۋاچ بۇ مەكتۇپنى ئەبۇ ئەلى ئىلياسنىڭ قولىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن ئۇ قوقاستا ئولتۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ يالۋاچنى ھەشەم بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە تۈرلۈك گۆھەر ـ ياقۇت، دېڭىز مەرۋايىتلىرى ۋە بىر خالتا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنى سوۋغات سۈپىتىدە سۇلتان مەھمۇدقا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئىتائەتتە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋاب مەكتۇپىغا مۇنۇ مەزمۇنلارنى يازدى: «مەن سېنىڭ ئەرزىمەس قۇلۇڭمەن. ئەپسۇسكى، كەرەملىك پادىشاھ ئۆز پۇقرالىرىڭنىڭ ئىشلىرىنى ۋە كىرمان ئۆلكىسىدىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. كىرماندىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۈننىيلەر بولۇپ، ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەردۇر. كۆچ ۋە بالۇچ تاغلىرى ئۇ جاينى كىرماندىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ جاينىڭ يوللىرى خەتەرلىك، مېڭىش قىيىن. ئۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىلا ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق بىلەن جان باقىدۇ. ئۇلار 200 فەرسەخ دائىرىدىكى ئادەملەرنى ئەنسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، مېنىمۇ بوزەك قىلغانىدى. ئاندىن قالسا، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچۈم يوق. «سۇلتانۇل جەھان» قۇدرەت ساھىبى، جاھاندا سەنلا ئۇلارغا تېتىيالايسەن. مەن بېلىمنى مەھكەم باغلاپ سېنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىڭغا تەييار تۇرماقتىمەن».

سۇلتان مەھمۇد ئەبۇ ئەلى ئىلياستىن يۇقىرىقىدەك جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ سوۋغا بىلەن بىر چاپارمەننى ئەبۇ ئەلى ئىلياس ھۇزۇرىغا يالۋاچلىققا ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «پۈتۈن كىرمان قوشۇنىنى يىغقىن، پالانى ئاينىڭ بېشىدا سەپراس بولغان قوشۇنىڭنى باشلاپ كۆچ

بالۇچ چېگرىسىدا يارلىقىمنى ساقلا. مەن ئەۋەتكەن يالۋاچ نام - نىشان بىلەن يېتىپ بارغاندا كۇچ بالۇچ ئۆلكىسىگە دەرھال ئىچكىرىلەپ كىرگىن، كۆزۈڭگە چېلىققانلىكى قاۋۇل ئەركەكلەرنى قەتلىئام قىلىپ مېڭىۋەر. ھەرگىزمۇ باغرى يۇمشاقلىق قىلما. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە قېرى - چۆرىلىرىنىڭ مال - دۇنياسىنى غەنىيمەت ئېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەل. مەن ئۇ نەرسىلەرنى مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان يولچى كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىمەن. سەن ئۇلار بىلەن مەۋجۇت مەسىلىلەرنى تىنچ تۈگىتىدىغان بىرەر بىتىم - كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن قايتقىن».

ئۇ ئەبۇ ئەلى ئاياسىنىڭ ھۇزۇرىغا يالۋاچنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن يەزد ۋە كىرمانغا بارماقچى بولغان سودىگەرلەرنىڭ ئۆز تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈشىنى، ماللىرىنى تېڭىپ تەق بولۇشىنى، بۇ كارۋاننى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئارقىلىق قوغدايدىغانلىقىنى، كۇچ بالۇچ قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالسا تارتقان زىيىنىنى ئوردا خەزىنىسىدىن تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر پارچە پەرمان جاكارلىدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى سانسىزلىغان سودىگەرلەر رەي شەھىرىگە توپلاندى. بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە سۇلتان مەھمۇد بىر ئەمىرنىڭ ئىختىيارىغا 150 نۆۋكەرنى بەلگىلەپ كارۋانلارنى قوغداشنى تاپشۇردى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «خاتىرجەم مېڭىڭلار، سىلەر يولغا چىققاندىن كېيىن يەنە قوشۇن ئەۋەتىمەن». قورۇقچى نۆۋكەرلەر يولغا چىققاندا ئۇ قوشۇنغا مەسئۇل ئەمىرنى چاقىرتىپ كىچىك قۇتىدىكى بىر شىشە زەھەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئىسپاھانغا بارغاندا ئون كۈن توختاڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئۇ جايدىكى تۇججارلارمۇ سەپەر ھازىرلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ كارۋىنىڭلارغا قوشۇلىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا ئون سۇكەن ئىسپاھان ئالمىسى ئالغىن ۋە ئۇنى ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆگىگە ئارتقىن. ئىسپاھاندىن ماڭغىنىڭدا ئالما ئارتىلغان تۆگى-
لەرنى كارۋانلارنىڭ تۆگىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەت ۋە قونالغۇ قى-
لىنىدىغان راباتقا قاراپ مېڭىۋەر. راباتقا بارغىنىڭ ئەتىسى قاراق-
چىلارغا ئۇچرايسىلەر. شۇڭا راباتقا بارغان كۈنى ئاخشىمى ئالمى-
لارنىڭ ھەممىسىنى چىدىرىڭغا ئەكىرگۈزگىن. ئاندىن ھەربىر
ئالمىغا بىگىز سانجىپ يىڭنىدىن تومراق ئۇچلانغان چىۋىققا زەھەر
سۈرۈپ ئالمىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگىن. مۇشۇ تەرىقىدە پۈتۈن
ئالمىلارغا زەھەر سېلىپ بولغاندىن كېيىن سۈكەنگە ئەسلىدىكى-
دەك قاچىلاپ قويۇڭلار. ئەتىسى ئالما ئارتىلغان تۆگىلەرنى كار-
ۋان تۆگىلىرى ئارىسىغا قوشۇۋېتىڭلار ۋە يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇ-
رۇڭلار. قاراقچىلار پەيدا بولۇپ كارۋىنىڭلارغا ھۇجۇم قىلغاندا
ئۇلار بىلەن ئېلىشماڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەردىن كۆپ. مەيلى
ئۇلارنىڭ قولىدا قورال - ياراغ بولسۇن - بولمىسۇن ياكى ئۇلار
ئاتلىق ياكى پىيادە بولسۇن نۆۋكەرلىرىڭنى باشلاپ ئارقاڭغا قاچ.
يېرىم فەرسەخ نېرىسىغا بارغاندىن كېيىن پۇرسەت كۈتۈڭلار.
قاراقچىلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەرسۇن. شۈبھىسىزكى، ئۇلار-
نىڭ تولىسى ئالما يەپ ئۆلىدۇ. شۇ چاغدا سەن شەمشىرىڭنى
سۇغۇرۇپ قالغان قاراقچىلارنى ئۆلتۈرگىن، قاچقاننى قوغلاپ
بېرىپ چاپ، ئۇلارنى قانچە كۆپ ئۆلتۈرسەڭ شۇنچە ياخشى.
قەتلىئام تۈگىگەندىن كېيىن ياراملىق ئون چەۋەندازدىن مۇھۇر
ئۈزۈكۈمنى ئەبۇ ئەلى ئىلىياسقا ئەۋەتكىن. ئۇنىڭغا كۆچ بالۇچ-
تىكى ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بەر ۋە قوشۇننى باشلاپ ئاتلىنى-
شىغا بۇيرۇق بەر. ئۇ ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالغان يارلىق بويىچە
ئاشۇ ئۆلكىگە ھۇجۇم قىلسۇن. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇ ئۆلكىدە
قاراقچىلار قالمىغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كارۋان كىرمان
شەھىرىگە كىرسۇن، مۇمكىن بولسا ئەبۇ ئەلى بىلەن قوشۇلۇڭ-
لار».

ھېلىقى ئەمىر ئېيتتى: «ئەمىرىڭ قۇللۇق، پاسىبانىم. شاھ

ئالىملىرىنىڭ ياردىمى بۇ قېتىم ئۇتۇق قازىنىدىغانلىقىمىزنى،
مۇسۇلمانلارنىڭ توسقۇنسىز يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە قىيامەتكىچە
ئىگە بولىدىغانلىقىنى يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرىدۇ» . شۇنىڭدىن كې-
يىن ئۇ سۇلتان مەھمۇد بىلەن خوشلىشىپ سودا كارۋىنىنى
باشلاپ ئىسپاھانغا يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەردە ئون تۆگىگە ئالما
ئارتىپ كىرمانغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا قاراقچىلارنىڭ
ئايغاقچىلىرى ئىسپاھاندىن يولغا چىققان بۇ كارۋاننىڭ نەچچە
مىڭ تۇياق مال، كۆپلىگەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ ماڭغى-
نىنى، بۇلارنىڭ قانچىلىك پۇلغا يارايدىغانلىقى بىر ئاللاھنىڭ
ئۆزىگە مەلۇم ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق باي كارۋاننىڭ تېخى ئۆت-
كەن مىڭ يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەنلىكىنى، ئەمما ئۇلارنى ئارانلا 150
تۇرك نۆۋكىرىنىڭ قوغداپ كېتىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈشتى. قا-
راقچىلار قاتتىق خۇشال بولۇشۇپ كۈچ بالۇچىتىكى بارلىق قاۋۇل
ياشلارنى ۋە قاراقچىلارنى توپلاپ، تولۇق قوراللانغان 4000
كىشىلىك قوشۇن بولۇپ يول بويىغا مۆكۈنگىنىچە سودىگەرلەر-
نىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

ئەمىر باشلىغان كارۋان بىر راباتقا كەلگەندە رابات (ئۆتەڭ)
مەمۇرلىرى: «نەچچە مىڭ قاراقچى ماڭار يولۇڭلارنى توسۇپ
يېتىۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ كۈتۈۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان
ئوخشايدۇ» ، دېگەن ئاخبارنى يەتكۈزدى. ئەمىر قاراقچىلارنىڭ
راباتتىن قانچە فەرسەخ يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇلار
بۇنىڭ بەش فەرسەخلىك مەنزىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. سودى-
گەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىزتىراپقا چۈشكىنىدىن پۈتى كۆيگەن
توخۇلاردەكلا بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا
ئەمىر كارۋان بېشى ۋە باشقا خادىملارنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى
ۋە ئۇلارغا تەسەللى بەردى. ئۇ سورىدى: «قېنى ئېيتىپ بېقىڭ-
لارچۇ، جان بىلەن مال ـ دۇنيانىڭ قايسىسى ئەزىز؟» ئۇلارنىڭ
ھەممىسى: «جان ئەزىز» دېدى. ئەمىر: «ھەممىڭلار باي ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر، سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن بىز شېھىتلىك شارابىنى
ئىچىشكە تەييارمىز. ئەمما قورقۇنچ بىزدىن تولىمۇ يىراقتا. نېمە
ۋەجىدىن قايتا تېپىۋالغىلى بولىدىغان بايلىقىڭلار ئۈچۈن مۇنچىۋا-
لا قايغۇرىسىلەر؟، سۇلتان مەھمۇد بىزنى بۇ يەرگە مەقسەت
مۇددىئا بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ ھېچ نەرسىدىن — ھېچ نەرسە يوقلا
بىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ خىيالى بۇ قاراقچىلارنىڭ
قولىدىن ئۇلار دىرجىستا بىر قېرى مەزلۇمنىڭ قولىدىن بولىۋال-
غان مال — دۇنيانى قايتۇرۇۋېلىش. سىلەر ھېلىھەم سۇلتان
قاراقچىلارنىڭ سىلەرنى بۇلىشىغا قاراپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلامسى-
لەر؟ جاسارەت تۇلپارلىرىڭلارنى چاپتۇرۇڭلار! سۇلتان مەھمۇد
ھەرگىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. راستىنى ئېيتسام ئۇ ئۆ-
زىنىڭ پۈتۈن چارە — تەدبىرلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. ئەتە
كۈن چىققاندا سۇلتاننىڭ ئۆزى مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ. ئاللاھ
خالىسا، ھەممە ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ. ئەمما سىلەر جەزمەن
مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ رىزقى ئۆزۈڭلارنىڭ
قولىدا.

سودىگەرلەر ئەمىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بە-
دەنلىرىگە قايتىدىن جان كىردى. ئۇلار: «دېگىنىڭدەك قىلىشى-
مىزغا قىل سىغمايدۇ» دېيىشتى. ئەمىر: «ئاراڭلاردىكى قورالى
بار ۋە جەڭ قىلالايدىغانلار بۇياققا كېلىڭلار» دېدى. ئۇلار بىر
چەتكە تىزىلغاندا ئەمىر ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىپ كۆردى. قاراپ
باقسا ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 370 ئادەم
بوپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پىيادىلەرمۇ بار ئىدى. ئەمىر ئۇلارغا:
«بۈگۈن كەچتە يولغا چىقىمىز. ئاتلىقلار ماڭا ئەگىشىپ كارۋان-
نىڭ ئالدىغا ئۆتىسىلەر، پىيادىلەر ئارقىدا ماڭىسىلەر. بۇ قاراق-
چىلارنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار مال — بايلىقنىلا بۇلايدۇ، ئادەمگە
زەخمە يەتكۈزمەيدۇ. پەقەت سىلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن-
دىلا ئاندىن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. ئەتە كۈن ئىككى ئوق ①

ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارغا دۇچ كېلىمىز. ئۇلار كارۋانغا ھۇجۇم باشلىغاندا مەن ئۆرۈلۈپلا قاچىمەن. سىلەر مېنىڭ قاچقىنىمنى كۆرگەن ھامان دەرھال قېچىڭلار. بىرەر فەرسەخ نېرىغا بارغاندىن كېيىن مەن سىلەرگە سوقۇشۇشقا بەلگە بېرىمەن ۋە سىلەرگە قوشۇلىمەن. بىرەر ئاش پىشىمى كۈتكەندىن كېيىن ئارقىمىزغا قايتىپ قاراقچىلارغا چاقماقتەك تاشلىنىمىز. شۇ چاغدا سىلەر شۇنداق مۆجىزىنى كۆرىسىلەركى ئەقلىڭلار ھەيرانۇ ھەس بولغۇسى. بۇ ماڭا ئالدىن يەتكۈزۈلگەن. مەن يەنە سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ بىلىمەن. ئاللاھ خالىسا ئەتە ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر. سۇلتان مەھمۇدنىڭ دانالىقىغا، ئېيتقانلىرىمنىڭ تامام راستلىقىغا چىنپۈتىسىلەر» دېدى. ھەممەيلەن پەرمانبەردارلىق بىلدۈرۈپ تارقىلىشتى.

تۈن پەردىسى يېپىلغاندا ئەمىر ئالما سۈكەنلىرىنى يەشكۈزۈپ ئالمىلارنىڭ ھەممىسىگە زەھەر سالدى ۋە سۈكەنگە قايتا قاچىلىدى. ئۇ بەش نۆۋكەرنى ئۇن تۆگىلىك ئالمىغا قاراشقا قويدى ۋە ئۇلارغا: «بىز قاچقىنىمىزدا قاراقچىلار كارۋانغا تاشلىنىپ مال تېڭىقلىرىنى يەشكىلى تۇرىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر ئالما سۈكەنلىرىنىڭ ئارقانلىرىنى كېسىپ تاشلاپ سۈكەنلەرنىڭ قاپقىلىرىنى ئېلىۋېتىڭلار ۋە ئالمىلارنى يەرگە تۆكۈڭلار. ئاندىن دەرھال قېچىڭلار» دېدى.

ئەمىر تۈن يېرىمىدا يولغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىققۇچە ماڭدى. قاراقچىلار ئۈچ تەرەپتىن پەيدا بولۇپ يالىڭاچ قىلىچلىرىنى شىلتىگىنىچە كارۋانغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئەمىر ئانچە ـ مۇنچە ئېلىشىپ بىر ئىككى تال ئوق ئېتىپ قويۇپلا بۇرۇلۇپ قاچتى. كارۋاندىكى پىيادىلەرمۇ قاراقچىلارنى كۆرۈش بىلەنلا بەدەر قېچىشتى. ئەمىر يېرىم فەرسەخ نېرىسىدىن ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ كۈتۈشنى ئېيتتى. قاراقچىلار مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئازلىقىنى، قوغدىغۇچى نۆۋكەرلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭمۇ سودىگەر تۇججارلار بىلەن بىللىلا بەدەر قېچىشقىنىنى كۆ-
رۈپ خۇشاللىقىدىن بەخۇدۇك ھالدا تېگىقلارنى ئاچقىلى تۇردى،
ئۇلار ئالىمنى كۆرۈش بىلەنلا ۋاراسلىتىپ يىگىلى تۇردى. ئالما
ئالالمىغانلىرى كۆپرەك ئىلىۋالغانلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىشتۇ-
رۇپ ئىلىشىپ يىيىشتى. شۇنداق قىلىپ قاراقچىلاردىن ئالما
يىمىگىنى قالمىدى. بىرەر ئاش پىشىم ۋاقتى ئۆتە - ئۆتمەيلا
قاراقچىلار بىر - بىرلەپ تىنك موللاق چۈشكىلى تۇردى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەمىر بىر دۆڭلۈككە چىقىپ
كارۋاننى ۋە قاراقچىلارنى كۆز نەزەرىدىن ئۆتكۈزسە ئادەملەر
ساينىڭ تېشىدەك يېتىشىپ كەتكەن، قارىماققا ھەممىيلەن ئۇخلاپ
قالغاندەك قىلاتتى. ئەمىر تاغدىن ئوقتەك يۈگۈرۈپ چۈشكىنى-
چە: «مەرھابا جامائەت! سۇلتان مەھمۇد ياردەم قىلىپ قاراقچى-
لار تامام قىرىلىپ تۈگەپتۇ. يۈرۈڭلار قېرىنداشلار، تېز بولۇڭ-
لار، تېخى ئۆلمىگەنلەر بولسا جەھەننەمگە ئۇزىتىڭلار» دەپ تۇۋ-
لىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتلىرىنى قامچىلاپ پىيادىلەر يۈگۈ-
رۈشۈپ ئالغا تاشلىنىشتى. بېرىپ قارىسا جەسەتلەر ھەممىلا جايغا
تاشلىنىپ يېتىشقان، قالقان، قىلىچ - شەمشەر ۋە ئوقيالار
چېچىلىپ تۇرغانىكەن. پەقەت ئازغىنا قاراقچىلارلا ئۆلمىگەن
بولۇپ، ئەمىرنىڭ نۆۋكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا بەدەر قېچىش-
تى. ئەمىر باش بولۇپ قاچقانلارنى قوغلاپ كەتتى، قالغانلارمۇ
ئارقىدىن ئەگىشىپ ئاتلىق ئاتلىقچە، پىيادىلەر يۈگۈرگىنىچە
قاراقچىلارنى قوغلىدى. ئۇلار ئىككى فەرسەخ نېرىغىچە قوغلاپ
قاراقچىلارنى تامام قىرىپ تاشلىدى. ئۇلاردىن بىرەرىمۇ بېرىپ
خەۋەر يەتكۈزەلمىدى. ئەمىر ئۇلارنىڭ ياراقلىرىنى تۈگەل يىغد-
ۋېلىپ يۈكلىۋىدى نەچچە تۆگىگە يۈك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇ كارۋاننى باشلاپ كېيىنكى راباتقا يېتىپ كېلىپ ئىدىتلاپ
كۆرسە بىر تال يىڭنە چاغلىق چىقىم بولمىغانلىقى مەلۇم بولدى.
جامائەت خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشتى. بۇ جاي-

دىن ئەبۇ ئەلى ئىلىياسنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا 12 فەرسەخ مۇساپە
بار ئىدى. ئەمىر ئون نۆۋكەردىن مەھمۇدنىڭ ئۇزۇكىنى تېزدىن
ئەبۇ ئەلى ئىلىياسقا يەتكۇزۇشكە ماڭدۇردى ۋە بولغان ۋەقەنى
ئۇنىڭغا بايان قىلدى.

ئەبۇ ئەلى ئىلىياس ئۇزۇكنى ئالغان هامان چەپراس بولۇپ
تۇرغان قوشۇننى باشلاپ كۇچ بالۇچقا ئاتلاندى. ئەمىرنىڭ ئادەمـ
لىرى ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ يول بويى شۇ جايدىكى بىرەر تۇمەن
ئاھالىنى قىرىپ تاشلاپ نەچچە مىڭ دىنارنى ئولجا ئالدى. يەنە
كۆپلىگەن مال ـ مۇلۇكلەر، قىممەتلىك زىبۇ ـ زىننەتلەر،
قورالىلار ۋە مال ـ چارۋىلار غەنىيمەتكە چۇشتى. ئەبۇ ئەلى
ئىلىياس ۋە ئەمىر پۇتۇن غەنىيمەتلەرنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇـ
زۇرىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مەھمۇد: «مەنكى مەھمۇد ئىراق
زېمىنىغا ئاياغ باسقاندىن بۇيان كۇچ بالۇچ قاراقچىلىرىدـ
نىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغانلار بولسا ھۇزۇرۇمدىن نېسىۋىدـ
سىنى ئېلىۋالسۇن» دېگەن مەزمۇندا پەرمان جاكارلىدى. بۇلانـ
غان كىشىلەر بەس ـ بەستە خان ھۇزۇرىغا كېلىپ رازىمەنلىك
بىلەن قايتىشتى. شۇنىڭدىن 50 يىل ئۆتكۇچىمۇ بىرەر ئىنسان
كۇچ بالۇچلىقلارنىڭ ئوغرىلىق ـ بۇلاڭچىلىق قىلغىنىنى ئىشىتـ
مىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ھەممىلا ۋىلايەت ـ قەلئەـ
لەرگە مەلۇماتچى ۋە خەۋەرچىلەرنى خىزمەتكە قويدى. شۇنىڭ
بىلەن غەزىنىۋىلەر زېمىندا بىرەر كىم باشقىلارنىڭ بىرەر چۇجىـ
سىنى زورلۇق بىلەن يەۋالسا ياكى باشقىلارنى بىرەر مۇشت ئۇرۇـ
ۋالسا رەي شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان سۇلتان مەھمۇد دەرهال بۇ
ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىش تېرىغۇچىنى ئەدەبلەپ قويالايدىغان
بولدى. قەدىمدىن بۇيان پادىشاھلار مۇشۇ ئۇدۇمنى داۋام ئەتتۇـ
رۇپ كەلگەنىدى. يالغۇز سەلجۇقىيلار پادىشاھلىرى بۇنىڭغا كۆـ
ڭۇلشىمىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەبۇل فازىل سىگزى④ «مەرھۇم سۇلتان» ئالىپ ئارسلان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ئاتا قىلسۇن) دىن نېمىشقا مەلۇماتچى ئىشلەتمىگەنلىكىنى سورىغاندا، سۇلتان: «ئەجەبكىم سەن مېنىڭ پادىشاھلىقىمنى مالىمانغا پېتىپ يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ قول-لاشلىرىدىن مەھرۇم قالسۇن، دېمەكچىمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن. ھەزرىتىم: «نېمىشقا بۇنداق بولغۇدەك؟» دەپ سورىغاندا، سۇل-تان: «ناۋادا ھەممىلا جايغا مەلۇماتچى ئايغاقچىلارنى ياغدۇرۇۋەت-سەم ۋە ئۇلارنى ئۆزۈمگە يېقىن تۇتۇپ ئاشۇلارنىڭ ئاخبارلىرىغا مەست بولۇپ يۈرسەم ئۇلارنى باشقىلاردىن پارا ئالمايدۇ، دەپ ئېيتقىلى بولارمۇ؟ رەقىبلىرىم ئۇلارغا پۇل - پۇچەك بېرىپ ئازدۇرماسمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ھالدا مەلۇماتچىلار يەتكۈزگەن ئەھۋاللار شۈملۈقلار بىلەن تولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا ياخشى - يامان مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۆزئارا زىت بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەر مەلۇماتقا ئىشىنىپ قالغاندا ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە ئۆزىمىزنىڭ يېقىن - يورۇقلىرىغا قارىتا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. ئاقىۋەت ئۇلار بىزدىن يىراقلىشىپ رەقىبلىرىمىز ئې-شەنچكە ئېرىشىۋالىدۇ. ھېچقانچە ئۇزاققا بارمايلا بارلىق يېقىنلى-رىمىز بىزدىن تېزىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى دۈشمەنلىرى-مىز ئىگىلەيدۇ. ئىش ئۇ ھالغا يەتكەندە بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئىلاجى بولماي قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

سىلىشتۇرۇپ كۆرسەك يەنىلا مەلۇماتچى خەۋەرچىلەرنىڭ بولغىنى ياخشىراق. چۈنكى ئۇلارنى ئىشقا قويۇش مەملىكەتكە ھاكىملىق قىلىش ماھارەتلىرىنىڭ بىرى. يۇقىرىدا بايان قىلغى-نىمىزدەك ئۇلارغا تولۇق ئىشەنگىنىمىزدە ھېچ غەم - قايغۇغا ئورۇن قالمايدۇ.

## ئىزاھلار:

① ئىمام ئىسمائىل بەرپا قىلغان ئىسمائىلىيە پىرقىسىگە تەۋە بولۇپ تەۋھىدچىلەر تەرىپىدىن باتىنىيلار، دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مەزھەپچىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئوخشىتىش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق شەرھلەشنى قۇۋۋەتلەيدىغان بولۇپ، دىنىي ھەقىقەتلەر ئىچكى مەنىگە ئىگە، شۇڭا ئۇ شەكلەن ھادىسىلەر بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان، دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەزھەپكە مۇرت بولغانلار مۇشۇ مەزھەپ پېشىۋالىرىنىڭ «باتىنىي» تەرغىباتلىرىلا ئىسلامنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنى روشەن بايان قىلالايدۇ» دەپ قارايتتى. خەنزۇچە تەرجىماندىن.

② جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» (642 ـ بەت) ناملىق ئەسىرىگە قارىغاندا رافىزىيلار شىئەلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بەشىنچى ئەۋلاد ئىمام مۇھەممەد باقىرنىڭ مۇرتلىرى ئىدى.

③ ئوق — (پارسچە «تىر» دېيىلىدۇ) بىر كېچە ـ كۈندۈزنى 24 بۆلەككە پارچىلاپ قوللانغان. ئىككى ئوق دېگىنى ئېھتىمال كۈن چىققاندىن كېيىنكى ئىككى سائەت ئارىلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

④ ئەبۇ فازىل سىگىزى ـ ئۇنى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد شىستانغا ئەمىرلىككە تەيىنلىگەنىدى. سەلجۇقىيلار زامانىسىدە ئۇزات ئىزچىل مۇشۇ مەنسەپتە بولغان. مىلادىيە 1073 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب
# ئوردا چۇشۇرگەن شەۋكەتلىك پەرمان ۋە يارلىقلارنى ئۇلۇغلاشنىڭ بايانى

مەكتۇپلار ئوردىدىن ئۈزۈلمەي يوللىنىدۇ، بۇ مەكتۇپلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى بۇلارغا ئىلتىپات قىلىنىدىغان ھۆرمەت بارغانسېرى ئازىيىدۇ. شۇڭا پەۋقۇلئاددە زور ۋەقەلەر بولمىغاندا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئوردىدىن مەكتۇپ چىقارماسلىق پايدىلىق. ئەمما مەكتۇپ چىقىرىلغان ئىكەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئۇنىڭغا دەخلى قىلىشقا پېتىنالماسلىقى، بۇيرۇقنى تولۇق ئورۇندىشى لازىم. ناۋادا بىراۋنىڭ مەكتۇپتا كۆرسىتىلگەن شاھانە يارلىقنى كۆزگە ئىلماي، دەرھال ئىجراغا يوللىمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا ئۇ كىشىنى قاتتىق جازالاش كېرەك. گەرچە ئۇ پادىشاھنىڭ يېقىنى بولسىمۇ، پادىشاھ بىلەن باشقىلار (مەسىلەن، ئىقتا خوجىلىرى) نىڭ پەرقى يارلىق ـ پەرمانلارنىڭ جارى بولۇشىدا.

## سۇلتان مەھمۇد ۋە پەرمانغا بويۇنتاۋلۇق قىلغان باجگىر ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، نىشاپۇردىن بىر ئايال غەزنە شەھىرىگە كېلىپ شىكايەت سۇنغانىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىلگەندە: «نىشاپۇردىكى باجگىر ئېتىزلىقىمنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى» دەپ داد ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلىقنى قايتۇرۇش مەزمۇنىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ئوردىدىن يوللاندى. ھېلىقى

باجگىردا يەر توختىمى بولغاچقا: «يەر مېنىڭ، قولۇمدا توختام تىلخەت بار. بۇنى ئوردىدىكىلەرگە ئىزاھلاپ قويالايمەن» دېدى. ھېلىقى ئايال ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككىنچى قېتىم غەزنەۋىيلەر ئوردى-سىغا كېلىپ ئۇۋالچىلىقىدىن داد ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا بىر غۇلامنى ئەۋەتىپ ھېلىقى باجگىرنى نىشاپۇردىن غەزنەۋىيلەر ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتان ئۇنىڭغا ئوردا دەرۋازىسى ئال-دىدا 1000 پالاق ئۇرۇش جازاسى بەردى. پالاقتىن بۇرۇن باج-گىر بىرەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ قام-لاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىڭ نىشاپۇر دىنارىنى مىڭ پالاققا كاپارەت (تۆلەم ھېسابىدا) قىلماقچى بولغان بولسىمۇ رەت قى-لىندى. ئۇلار ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئېتىز سېنىڭ بولغان ھالەتتىمۇ نېمىشقا ئاۋۋال يارلىققا بويسۇنۇپ كېيىنچە ئىزاھلاشنى ئويلىمى-دىڭ؟ بىز بۇرۇنلا بۇ ئىشنى سوراشقا يارلىق چۈشۈرگەنىدۇق» دېيىشتى.

بۇ ھېكايىنى بايان قىلىشتىكى مۇددىئا شۇكى، باشقىلار بۇ قىسسەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بويۇنتاۋلۇق قىلالمايدىغان بولسۇن.

قامچىلاش، كاللىسىنى ئېلىش، پۇت - قولىنى كېسىپ تاشلاش ئېغىر جازالارنى پادىشاھنىڭ يارلىق - پەرمانلىرى ئارقى-لىق ئىجرا قىلىش لازىم. ناۋادا بىراۋ پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان ياكى پادىشاھنىڭ يارلىقى بولمىغان ئەھۋالدا باشقىلارغا (مەيلى بۇ ئۇنىڭ قۇل - دېدىكى بولسۇن) ئاشۇ جازالارنى بەرسە پادىشاھ بولغۇچى ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇشۇ جازانى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش، ئۇلارغا ئۆزى-نىڭ ئورنىنى تونۇتۇش لازىم.

## پادىشاھ پەرۋىز ۋە بەھرام چۇبىن ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ پەرۋىز دەسلەپ بەھرام چۇبىنغا ئې-

تىبار ـ تەۋەززۇدا بولغاچقا ئۇلار ھەممىشە بىرگە بولاتتى. كەيپ بولۇپ قالغاندا، شىكارغا چىققاندا، ياكى ئۇخلىغاندا پادىشاھ پەرۋىز بەھرام چۇبىننىڭ ئۆزىدىن نېرى كېتىشىنى زىنھار خالىمايتتى. بەھرام چۇبىن چەۋەندازلىقتا تولىمۇ كامىل بولۇپ، باشقىلار بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىشتا تەڭداشسىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار ھىرات ۋە ساراخستىن پادىشاھلار پەرۋىزگە قىزىل يۈڭلۈق 300 تۆگىگە سوۋغات ئارتىپ ئېلىپ كەلدى. تۆگىلەر بەھرام چۇبىننىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدىن ئۆتكەندە پادىشاھ تۆگىلەرنىڭ پۈتۈن يۈكنى ئۇنىڭ سارىيىغا چۈشۈرۈپ بېرىشنى يارلىق قىلدى.

ئەتىسى پادىشاھ پەرۋىز «ئالدىنقى ئاخشىمى بەھرام ئۆزىنىڭ بىر غۇلامىنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ 20 پالاق ئۇرغۇزدى» دېگەن مەزمۇندا بىر مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدى. پادىشاھ پەرۋىز قاتتىق غەزەپلىنىپ بەھرامنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ شاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە پادىشاھ ياراغ ئامبىرىدىن 500 دانە شەمشەرنى ئەپچىقتۇرۇپ: «ئەي بەھرام، قېنى مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ باققىن» دېدى. بەھرام ئۇلاردىن ياخشىراق بولغانلىرىنى ئېلىپ چىققاندا پادىشاھ: «بۇلارنىڭ ئەڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ باققىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بەھرام بۇلاردىن ئۇننى ئېلىۋالدى. پادىشاھ يەنە بۇيرۇدى: «ئەمدى بۇ ئون شەمشەردىن ئەڭ ياخشى بولغان ئىككىنى تاللا». بەھرام سىنچىلاپ قاراپ بۇنىڭدىن ئىككىنى تاللىۋالدى. شۇ چاغدا پادىشاھ: «ئەمدى بۇ ئىككى شەمشەرنى بىر غىلاپقا سالغىن» دېۋىدى بەھرام: «پادىشاھى ئالەم، ئىككى شەمشەرنى بىر غىلاپقا سالغىلى بولمايدۇ» دېدى. پادىشاھ پەرۋىز: «ئۇنداقتا بىر شەھەرگە ئىككى ھۆكۈمدار قانداق سىغىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى بەھرام بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ دەرھال ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈردى ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى. پادىشاھ پەرۋىز ئېيت-

تى: «ناۋادا ماڭا شۇنچە ۋاپادار بولمىغان بولساڭ، مەنمۇ ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلىگەن ئادىمىمنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىشنى خالىمىغان بولسام، سېنىڭ بۇ خاتالىقىڭنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتىم. بۇ مۇشكۇلاتنى يەنىلا بىز ئۈستىمىزگە ئالايلى. چۈنكى ئاللاھ (ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، ئۇنىڭغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن) جاھاندىكى ھەق ـ ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ساڭا ئەمەس بىزگە تاپشۇرغان. قانداق دەۋا بولسۇن ئۇنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسۇن. بىز ئۇنى ئادىل باھالاپ زۆرۈر بولغان يارلىقلارنى جاكارلايمىز. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن قولۇڭغا قاراشلىق خادىملار ياكى قۇللار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ئاۋۋال بىزگە مەلۇم قىل، بىز يارلىق چۈشۈرۈپ تېگىشلىك جازا بېرىمىز. شۇندىلا ھېچكىم جەبىر كۆرمەيدۇ. بۇ قېتىم سېنى كەچۈرەي».

مانا بۇ پادىشاھنىڭ بەھرام چۇبىنغا ساۋاق بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە. بەھرام بولسا پادىشاھنىڭ سۇباشى ۋە يېقىنى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

## زور ۋەقەلەرنى سوراشقا ئوردىدىن غۇلام چىقارتىشنىڭ بايانى

ئوردا ھەمىشە سىرتقا غۇلاملارنى چىقارتىدۇ، غۇلاملارنىڭ سىرتقا چىقىشىدا بەزىدە مۇقەددەس پادىشاھ يارلىقىنى ئىجرا قىلىش ۋەجى بولىدۇ، كۆپىنچە بۇنداق ئەھۋال بولمايدۇ. ئۇلار ئوڭايلا رەئىيەتكە پاراكەندىچىلىك تېپىپ بېرىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىنىۋالىدۇ. 200 دىنارلىق دەۋانى بىر غۇلامغا ھاۋالە قىلغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى چىقىرىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رەئىيەتكە جەبىر بولىدۇ. شۇڭا پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت كۆرۈلمىگەندە ئالدىراپ غۇلاملارنى سىرتقا چىقارتماسلىق كېرەك. چىقىرىش توغرا كەلسە يارلىق بويىچە ئىش قىلسۇن. ئۇلارغا ئۆزلىرى ئىلىشقا تېگىشلىك ھەقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولسۇن. بۇنىڭدىن سىرت سۇنۇق يارماقمۇ ئالمىسۇن، شۇنداقلا بولسا جاھاننىڭ ئىشلىرى توسقۇنسىز يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئايغاقچىلار ۋە ئۇلار ئارقىلىق مەملىكەتكە ۋە ئەل - يۇرتقا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ بايانى

ئايغاقچىلارنى سودىگەر، سەيياھ، دەرۋىش، ئېلىپ - ساتار ۋە دىۋانە نىقابىدا پادىشاھلىقنىڭ چەت - چۆرىلىرىگە ئەۋەتىپ شۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن مەلۇماتلىرىنى توپلىغاندا ھەممىلا ئىش ئالىقاندىكىدەك روشەن بولىدۇ. كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلگۈچى ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلغىلى بولىدۇ. ئۆتكەن زامانلاردا ۋالىي، ۋەكىل، مەمۇرلار ۋە سۇ باشلىرى پادىشاھقا قارشى سۇيىقەست - ئاسىيلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ مەملىكەتكە ئاپەت بولغانىدى. ئەمما ئايغاقچىلار بۇ ئىشلار توغرىسىدا پادىشاھقا ئالدىن مەلۇمات يەتكۈزگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ شۇم نىيەتلىرى ئۆزلىرىگە يانغانىدى. خارجى ئەللەر پادىشاھلىرى ياكى قوشۇنلىرى مەملىكىتىمىزگە مۇداخىلە قىلىشنىڭ پېيىغا چۈشكەندىمۇ ئايغاقچىلار ئۆز پادىشاھىنى ۋاقىپلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تەدبىرلەر قوللىنىلغان ۋە ئۇلار تارمار كەلتۈرۈلگەندى. ئايغاقچىلار يەنە دېھقانلارغا ئائىت خەۋەر - ئاخبارلارنى سۇنغاندىمۇ پادىشاھلار بۇ ئىشلارغا ئېھتىيات نەزەرىدە مۇئامىلە قىلغانىدى. ئەزدۇددەۋلە بىر قېتىم شۇنداق قىلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

# ئەزدۇددەۋلە ۋە نائىنساپ قازى ھەققىدە بايان

دەيلەمىيلارنىڭ پادىشاھلىرى ئىچىدە ئەزدۇددەۋلە ئىبنى
رۇكنىددەۋلە① ھوشيارلىق، دانالىق، يىراقنى كۆرەرلىكتە تەڭ-
داشسىز ئىدى. ئۇ مەملىكەتنىڭ ئاساسىنى بىنا قىلغۇچى، يۈك-
سەك مەجبۇرىيەت ۋە سىياسەت ساھىبى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە
بىر ئايغاقچى مۇنداق مەزمۇندىكى بىر مەلۇماتنى يەتكۈزدى: پادى-
شاھ ئالىيلىرىنىڭ مۇقەددەس تاپشۇرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش سە-
پىرىدە شەھەر قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ 200 قەدەمچە مېڭىۋىدىم ئۇش-
تۇمتۇت بىر ئىنسانىنىڭ يول بويىدا تۇرغانلىقى كۆزۈمگە چېلى-
قىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق بولۇپ، يۈز -
كۆزى ۋە بويۇنلىرى جاراھەت ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ سالام
قىلدى. مەنمۇ جاۋابەن سالام قىلىپ: «بۇ يەردە تۇرۇشۇڭنىڭ
ۋەجى نېمىكىن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «پادىشاھى دۇرۇس،
قازىسى ئادىل بىر شەھەرگە بېرىشقا ھەمراھ ئىزدەۋاتىمەن» دې-
دى. مەن: «نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ سەن ئەزدۇددەۋلە-
دىنمۇ دۇرۇسراق پادىشاھنى، ئاشۇ شەھەرنىڭ قازىسىدىنمۇ بى-
لىملىكرەك زاتنى تاپالارسەنمۇ؟ دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ: «پادىشا-
ھى ئادىل بولسا قازىسىمۇ دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ. قازى-
سى نائىنساپ ۋە ئىشەنچسىز بولغانىكەن پادىشاھنىڭ پەرۋاسىز
ئىكەنلىكى ھەقىقەت» دېدى. مەن: «پادىشاھنىڭ نېمىگە پەرۋا-
سىزلىق قىلغىنىنى، قازىنىڭ قانداق نائىنساپلىق قىلغىنىنى
سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟» دەپ سورىسام ئۇ: «ئېيتىپ كەلسەم
گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئەمما مۇشۇ شەھەردىن كەتسەم قىسقىراپ
قالار» دېدى. مەن: «ئۇنداق بولسا سۆزلىگىن، سۆزلەش سەن-

① مىلادىيە 983 – يىلى ۋاپات بولغان.

ىدىن، ئاڭلاش مەندىن بولسۇن» دېدىم. ئۇمۇ: «شۇنداق قىلاي-لى. شۇنىڭدا يول ئازابى بىلىنمەس» دېدى.
بىز يولغا چىققاندىن كېيىن ئۇ سۆز باشلىدى: «مەن ئەسلى-دە بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى ئىدىم. ئاتام ئاشۇ شەھەردە ئولتۇ-رۇشلۇق ئىدى. ئاتام ئاياللارغا ۋە بالىلارغا غەمگۇزار ئىدى. مال - دۇنياسىمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. ئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەيش - ئىشرەتكە ئەسىر بولغىنىمچە نۇرغۇن يىللار بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يىقىلدىم، ئەزرائىل ماڭا قاراپ كەلگىلى تۇردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھقا قەسەم قىلىپ، (كېسىلىمگە شىپالىق ئاتا قىلغىن، قەسەم قىلىمەنكى يىگىتلىك قۇۋۋىتىم يېنىپ كەل-گەندىن كېيىن سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ھەج - پەرزىنى ئادا قىلىمەن، غازاتقا بارىمەن) دېدىم. رەببىم تېنى ساقلىقىمنى قاي-تۇردى، مەن كېسەل ئازابىدىن خالاس بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.
جىسمىنىم مادارغا تولۇپ يەر دەسسەپ ماڭغۇدەك بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ھەجگە، ئاندىن غازاتقا بارماقنى نىيەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىلكىمدىكى پۈتۈن دېدەكلەرنى ۋە غۇلاملارنى ھۆر-لۈككە چىقاردىم. ئالتۇنلىرىم، ئۆي - جايلىرىم، ئېتىز - ئېرىقلىرىمدىن ئۇلارغا تويلۇق ماللار بېرىپ ئۇلارنى ئۆزئارا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويدۇم. ئاندىن قالغان - قاتقان مال - دۇنيايىمنى ساتسام بەش تۈمەن دىنار بولدى. ماڭماقچى بولغان ئىككى مەنزىللىك ئۆمۈر يولۇمنىڭ خەۋپ - خەتەرگە تولغىنىنى كۆڭلۈم تويۇپ پۈتۈن دىنارلىرىمنى بىللىمگە تۇگۈپ مېڭىشنىڭ ئاقىلانىلىك بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۇم. شۇ-نىڭ بىلەن ئۈچ تۈمەن دىنارنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ مېڭىپ، قالغىنىنى قويۇپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. بازارغا بېرىپ ئىك-كى دانە مىس كوپ ئېلىپ كەلدىم ۋە ھەر بىرىگە بىر تۈمەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىناردىن سالدىم. ئاندىن بۇ مىس كوپىنى كىمگە ئامانەت قويۇشنى ئۇزاق ئويلىدىم ۋە شەھىرىمىزدىكى ئىنسانلار ئارىسىدىن قازى ھەزرەتنى مۇناسىپ كۆردۇم. كۆڭلۈمدە ‹ئۇ دېگەن دىيانەتلىك زات، يەنە كېلىپ قازى، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مۇسۇلمانلار-نىڭ مال - دۇنياسى ۋە جېنىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تۇتقۇزغان. ئۇ ھەرگىزمۇ مېنى ئالدىمايدۇ›، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بېرىپ ئىلتىماسىمنى ئۇنىڭغا ئېيتسام مەمنۇنلۇق ئىچىدە قوبۇل كۆردى، بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. تۈن يېرىم بولغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ تىللا قاچىلانغان ئىككى كوپىنى قازىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم ۋە ئامانەتكە قويۇپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ مۇسۇلمانلىق ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش سەپىرىگە جابدۇندۇم. كېيىن مەككە ۋە مەدىنەدىن رۇمغا يول ئالدىم. غازاتچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ بىر نەچچە يىل مۇجاھىد بولدۇم. بىر قېتىملىق سوقۇشتا دۈشمەنىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ يۈزۈم، پۇت - قوللىرىمنىڭ ساق يېرى قالمىدى. ئاخىرى رۇملۇقلارغا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، رۇم ئېلىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى كېسەللىك-تىن ئۆلگۈچە تۆت يىل قۇل بولدۇم. پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن رۇملۇقلار پۈتۈن ئەسىرلەرنى ھۆرلۈككە قويۇۋەتتى. ھۆرلۈككە چىقىپلا نەۋاكىي (ياللانما ئارمىيە - ت) بولدۇم. ئۇلار ئۈچۈن خېلى يىللار نۆۋكەر بولغىنىمدىن كېيىن ۋەتىنىمگە قايتقۇدەك دەسمايە يىغىۋالدىم. باغداد قازىسىغا ئامانەت قويۇلغان ئىككى تۈمەن دىنارىم ھەر زامان ماڭا زور تەسەللى بولدى. شۇڭا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ۋەتەن سەپىرىگە يول ئالدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن جۇل - جۇل كىيىم-لىك يالاڭتۆش ھالىتىدە شانلىق باغدادقا قايتىپ كەلدىم. پۈتۈن بەدىنىم كېسەللىك ۋە زەئىپلىك بىلەن چىرمالغانىدى. مەن قازى-نىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەردىم ۋە ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. مۇشۇ تەرىقىدە ئۇنىڭ زىيارىتىدە ئىككى كۈن بولغان

بولسىمۇ ئۇ بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى. ئۈچىنچى كۈنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم. بىر كەمدە ئۆي ئىچىدە بىز ئىككەيلەنلا قاپتىمىز. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ شىۋىرلاپ: «مەن پۇستانىنىڭ ئوغلى پوكۈنى بولىمەن. ھازىر ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ غازات مەجبۇرىيىتىمنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدىم. نۇرغۇن يىللار مۇشەققەت ۋە رىيازەتلەر چەكتىم. خۇددى ھازىر سەن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئۇچامدا سۇنۇق دەرھەمگە يارىغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. ئەمدى ساڭا ئامانەتكە قويغان ئىككى كومزەك دىنارىمنى ئېلىپ كېتەي، دېدىم. قازى ھېچ نەرسە دېمىدى، ھەتتا «سەن زادى نېمىلەرنى دەۋاتىسەن» دەپمۇ سورىمايلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يېنىپ كەتتىم. مۇشكۇلچىلىكتىكى قاق سەنەم ھالىمغا قاراپ ئۆيۈمدىكىلەر ياكى دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئويالدىم. كېچىلىرى مەسچىتلەردە تۈنىدىم، كۈندۈزلىرى كوچا - بۇلۇڭلاردا يۈردۈم. گەپنىڭ قىسقىسى، يۇقىرىقى تەرىقىدە قازىغا نەچچە رەت ئىلتىماس قىلغان بولسامۇ زادىلا جاۋاب ئالالمىدىم. يەتتىنچى كۈنى مەن قاتتىقراق گەپ قىلىۋىدىم ماڭا: «سەن بەكلا ئاجىزلىشىپ كېتىپسەن، سەپەر مۇشەققىتى ۋە يولنىڭ چاڭلىرى خاتىرەڭنى خىرەلەشتۈرۈپتۇ. مەن سېنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتقىنىڭنىمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. سەن تىلغا ئالغان ھېلىقى يىگىت تولىمۇ سۇمباتلىق، باي ۋە تازا يىگىت ئىدى، دېدى. مەن: «قازى غوجام، ئاشۇ يىگىت مەن شۇ. تۇرلۇك - تۈمەن مۇشەققەتلەر چىرايىمنى زەپىرەڭ، بەدىنىمنى نىمجان، چىرايىمنى خانۇۋەيران قىلدى» دېدىم. ئۇ: «يوقال، ئەمدى مېنى ئىلەشتۈرمە! چىرايلىقچە كېتىۋال» دېدى. مەن: «ئەي قازى، خۇدانىڭ جازاسىدىن قورققىن! پانىي دۇنيادىن كېيىن باقىي دۇنياغا يول تەييار، قىيامەتتە سورىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوق ئىش بولمايدۇ، دېسەم ‹يىراقراق كەت! ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلما› دېدى. شۇنىڭ بىلەن: ‹ئىككى تۈمەن دىنارنىڭ ئىككى مىڭىنى ياكى بەش مىڭىنى ساڭا بېرەي›، دېسەممۇ جىم تۇرۇۋالدى. مەن: ‹ئەي قازى ھەزرەت، بىر كومزەكتىكى دىنارنى ساڭا تولۇق تاپشۇراي، يەنە بىرنى ماڭا بېرىۋەتكىن. مەن ھازىر بەكلا قىينىلىپ قالدىم. ئالتۇننىڭ يېرىمىنى ساڭا بەرگەنلىكىمگە دەلىل سۈپىتىدە تىلخەتمۇ پۈتۈپ بېرەي› دېسەم ‹سەن جەزمەن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن. سېنى ساراڭلار گۈندىخانىسىغا ئاپىرىپ پۈت - قوللىرىڭنى ئەبەدىيلىككە كىشەنلىۋەتسە بولغۇدەك›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ قالدىم. ئويلىسام ئۇنىڭ ئالتۇنلارنى پۈتۈنلا يۇتۇۋالغۇسى بار ئىكەن. مېنى ھېلىقى گۈندىخانىغا ئاپىرىۋېتىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئارتۇق سۆزنى ئارتۇق كۆرۈپ يېنىپ چىقتىم. بۇ ماقالە ياخشى ئېيتىلغانىكەن: ‹گۆش پۇراپ قالسا تۇز سالغۇلۇق، تۇز پۇراپ قالسا نېمە سالغۇلۇق› قالغان قازىلار مۇشۇ قازىنىڭ ئاغزىغا قاراۋاتسا يەنە قايسى قازى ئۇنى بىر نېمە دېيەلىسۇن؟ ئەزىزدۇددەۋلە دۇرۇس پادىشاھ بولغان بولسا مېنىڭ ئىككى تۈمەن دىنارىم قازىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتمەيتتى. مەنمۇ بۇنداق ئاچ - يالىڭاچ يۈرمەيتتىم. مال - دۇنيارىمنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىمىزنى، ئەزىز ۋەتىنىمنى تاشلاپ كەتمىگەن بولاتتىم».

ئايغاقچى ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەي ھۆرمەتلىك دوستۇم، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇق كېلىدۇ. ئاللاھقا ئىشەن. ئاللاھ (ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن) ئۆز بەندىلىرىگە ھەممىدىنمۇ بەكرەك ئادىلدۇر». ئۇ يەنە ھېلىقى يىگىتكە مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يېزىدا بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۆزى تولىمۇ مەرد - سېخىي، قولى ئوچۇق زات. مەن ھازىر شۇنىڭ زىيارىتىگە بارماقچى نىيەت

قىلىۋاتىمەن. ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارغان بولساڭ سەندىن تولىمۇ
سۆيۈنگەن بولاتتىم. بۈگۈن كۈندۈز ۋە كېچە شۇ يەردە قونۇپ
ئەتە نېمە قىسمەتلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرمەمدۇق؟» شۇ-
نىڭ بىلەن ئايغاقچى ئۇ يىگىتنى ھېلىقى بۇرادىرىنىڭ تۇرالغۇسىغا
ئېلىپ باردى. بۇرادىرى ئۇلارنى مېھماندوستلۇق كۆرسىتىپ
كۈتۈۋالدى. ئايغاقچى دەرھال كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى مەكتۇپ
قىلىپ پۈتۈپ ئۇنى شۇ يېزىدىكى بىرىگە بەردى ۋە: «ئەزدۇددەۋلە
ئوردىسىغا بېرىپ غۇلامنى تاپ ۋە مەكتۇپنى ئۇنىڭغا تاپشۇر.
ئۇنىڭغا مەكتۇپنى قانداق كىشىنىڭ يوللىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ
قوي. ئۇ بۇنى دەرھال ئەزدۇددەۋلەگە يەتكۈزسۇن. ئاندىن سەن
جاۋاب مەكتۇپنى ئېلىپ كەل» دېدى. ھېلىقى كىشى بېرىپ
مەكتۇپنى دېيىلگەن غۇلامغا تاپشۇردى، غۇلام دەرھاللا ئەزدۇد-
دەۋلەگە يەتكۈزدى.

ئەزدۇددەۋلە مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن غەزەبتىن بارماق-
لىرىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۇ ھېلىقى ئايغاقچى قونالغۇغا چۈش-
كەن جايغا چاپارمەن ماڭدۇرۇپ خۇپتەن نامىزىغا ئۈلگۈرتۈپ
ھېلىقى كىشىنى ئېلىپ كېلىشنى ئەمىر قىلدى. ئايغاقچى يار-
لىقنى كۆرگەندىن كېيىن ھېلىقى كىشىگە: «يۈرگىن، ئەمدى
شەھەرگە بارمىساق بولمىدى. ئەزدۇددەۋلە بىزنى ئۆز ھۇزۇرىغا
چاقىرتىپتۇ. چاقىرغىلى كەلگەن نۆۋكەرنى ئاشۇ زات ئەۋەتىپتۇ»
دېدى. ئۇ كىشى: «ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ؟» دەپ سورىۋىدى
ئايغاقچى: «جەزمەن ياخشىلىق. ئېھتىمال ماڭا سۆزلەپ بەرگەن
سەرگۈزەشتىلىرىڭنى ئاللاھ ئەزدۇددەۋلەنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگەن-
دۇ. ئېھتىمال يىتتۈرگەنلىرىڭگە قايتا ئېرىشىپ غەم - قايغۇدىن
خالاس بولارسەن» دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ ھېلىقى كىشىنى ئەز-
دۇددەۋلەنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن خاس
مۇلاقەتتە بولۇپ ئۇنىڭ دەردىنى سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئەزدۇددەۋلەنىڭ كۆڭلى

www.uyghurkitap.com

بۇزۇلۇپ ئۇنىڭغا: «خاتىرجەم بول، ئەمدى قالدىسى سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. ھېلىقى قازى مېنىڭ خادىملىرىمدىن بولغانىكەن بۇ دەۋانى سوراش مېنىڭ ئىشىم. ئاللاھ ماڭا مۇشۇ مەملىكەتنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىگەن، شۇڭا ھېچكىممۇ جەبىر - زۇلۇم كۆرمەسلىكى، قازىلارنىڭ زۇلمىغا تېخىمۇ ئۇچرىماسلىقى لازىم. مەن ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى ۋە مېلىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىدىم، ئايمۇ ئاي مائاش بەردىم. بۇنىڭدىمۇ ئۇنى رەئىيەتنىڭ دەۋا - دەستۇرلىرىنى ئادىل سورىسۇن، شەرىئەتتىن چىقمىسۇن، خىيانەتكە يولىمىسۇن دېگەننى كۆزلىدىم. بىر ئالىيجاناب ۋە ديانەتلىك، ياشانغان نوپۇز ساھىبى ئاستانىمىزدا مۇشۇنداق قىلالىغانىكەن ياش قازىلار ۋە چەت جايلاردىكى قازى قۇززاتلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولماقچى؟ بۇ زات دەسلەپ پاك ۋە پېقىر كىشى ئىدى، بالا - چاقىسىمۇ كۆپ ئىدى. ھەر ئايلىق مائاش تەمىناتى ئاران - ئارانلار يېتەتتى. ھازىر بولسا باغدادتا نەچچە يەردە باغ - زېمىنلىق بولۇپ قالدى. ئائىلە - بېساتلىرىمۇ ھەشەمەتكە تولدى. بۇلارنى ئۇ مائاشتىن ئېشىنىپ ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۈبھىسىزكى ئۇ مۇسۇلمانلارنى قاقتى - سوقتى قىلغان» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا 200 دىنار ۋە بەش قۇر كىيىم - كېچەك بېرىپ شۇ كېچىسىلا ئىسپاھانغا ئاپىرىپ قويدى. ئەزدۇددەۋلە قازىنىڭ قولىدىن ھېلىقى دىنارلارنى قانداق قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىشىنىڭ چارىسىنى ئويلاپ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «شاھلىق سەلتەنەتىمگە تايىنىپ ئۇنى كىشەنلەپ زىندانغا تاشلىسام، ئۇ تېنىۋالسا تېنىۋالىدۇكى ھەرگىزمۇ بوينىغا ئالمايدۇ، بۇنىڭدا ئالتۇن دىنارلارنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. كىشىلەرمۇ غۇلغۇلا قىلىشىپ ئەزدۇددەۋلە باش قازىغا ئوخشاش ئابرۇيلۇق ۋە ديانەتلىك زاتنى زىندانغا تاشلىدى، دېيىشىدۇ. يامان ئاتىقىم بىر كېچىدىلا جاھانغا پۇر كېتىدۇ. شۇڭا قازىنىڭ پاسىقلىقىنى خەلقئالەمگە

ئاشكارا قىلىپ ئالتۇنلارنى قايتۇرۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشىم لازىم.» دېدى.
شۇ ئىشلار بولۇپ بىر - ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەندە قازى ئالتۇن ئىگىسىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئىككى تۈمەن دىنار قولغا كەلدى، شۇنداقتىمۇ بىرەر يىل كۈتۈپ باقاي، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلارمەن. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى ئەپتىگە قارىغاندا ئۇزاققا بارمايلا ئۆلىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى.
ئىككى ئايدىن كېيىنكى ھاۋا ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بىر كۈنى ئەزدۇدەۋلە قازىنى ھوزۇرىغا چىللاپ كىشى ئەۋەتتى. قازى يېتىپ كەلگەندە پادىشاھ ئۇنى خاس قوبۇلخانىغا باشلاپ كىرىپ سۆز باشلىدى: «قازى جانابلىرى، سېنى بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن چاقىرتىپ كەلگىنىمنى بىلەمسەن؟» قازى: «پادىشاھ ئالىيلىرىغا ھەممىدىنمۇ بەكرەك روشەندۇر» دېدى. پادىشاھ ئېيتتى: «ساڭا ئېيتسام كەلگۈسىدىن ھەرقاچان غەمناك بولماقتىمەن، غەم - غۇسسە دەستىدىن كۆزدىن ئۇيقۇ بىدار ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتىمەن. پانىي دۇنيا ۋە شاھلىق تەختىمگە بولغان ئىشەنچ - ئېتىقادىم غايىب بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىۋاتىمەن: بىر بولسا بىرەر زۇلۇم ساھىبى بىر كېچىدىلا پادىشاھلىقنى قولىمىزدىن تارتىۋېلىشى مۇمكىن. خۇددى بىز باشقىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغاندەك. ئېسىڭدىمۇ، تەختنى ئالغىنىمىزغا ئالغۇچە قانچىلىك قان - تەر تۆكتۇق؟ يەنە بىر بولسا ئاللاھ بىزنى ئۆز دەرگاھىغا چىللىسا تەختتىن ۋە مەملىكەتتىن ئايرىلىمىز. ئۆلۈم ھېچكىمنى ئاياپ قويغان ئەمەس. ھاياتلىقىمىزدا كامىل پەزىلەت ئىگىسى ۋە دىيانەت ساھىبى بولۇپ ئاللاھنىڭ بەندىلەرىگە ياخشىلىق قىلالىساق دۇنيا مەۋجۇتلا بولسا، ئۇممەتلەر ھاياتلا بولسا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىزگە تەسبىھ ئوقۇيدۇ، قىيامەتتىمۇ شاپائەتكە مۇيەسسەر بولۇپ جەننەتۇل فىردەۋسكە كىرىمىز؛ ئەمما ئىشلاردا دۇرۇسلۇقنى

تەرك ئېتىپ هارامنى دوست تۇتۇپ ئۇممەتلەرگە يامانلىق قىلساق
ئۇلار بىزنى مەڭگۈلۈككە قارغايدۇ. قىيامەتتە قاتتىق ئازابقا دۇ-
چار بولۇپ ئەهلى دوزىخى بولۇپ كېتىمىز. شۇڭا هەق ـ ئادالەت
ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز، رەئىيەتكە ئادىل بولۇشىمىز، ئۇلارغا
خەير ـ ئېهسان قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇ قېتىم سىنى مۇلاقەتكە
چاقىرىشىمدىكى مۇددىئايىم شۇكى، ئوردىدا بىر توپ خانىش ـ
توقاللىرىم ۋە پەرزەنتلىرىم تۇرۇپتۇ. پەرزەنتلىرىم قۇش بالىلى-
رىدەك ئەركىن يورۇشمەكتە. ئەمما، خانىشلىرىم ئاجىزلىق ۋە
يېگانىلىكتىن زارلانماقتا. شۇڭا قولۇمدىن كېلىدىغان ۋاقتىدا
ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ قويۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئالىمادىس ئەز-
رائىل زىيارەتكە كەلسە ياكى شاهلىق سەلتەنەتنى قولدىن كەتسە،
ئۇ چاغدا هېچ نەرسىگە ئۇلگۈرەلمەي قېلىشىم چوقۇم. جەزم
قىلىمەنكى پاكلىقتا، كەڭ قورساقلىقتا، تەقۋادارلىقتا، ئىشەنچ،
لەۋزىدە تۇرۇشتا تەڭداشسىز سەن. شۇڭا مەن 200 تۈمەن دىنار-
لىق ئالتۇن ۋە گۆهەر ـ ياقۇتنى ساڭا ساقلاشقا تاپشۇرسامىد-
كىن، دەيمەن. بۇ ئىشنى ئاللاهدىن باشقا ئىككىمىزلا بىلىپ
قالايلى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ
قېلىپ خانىشلىرىم مۇشكۇلاتتا قالسا سەن ئۇلارنى يوشۇرۇن
چاقىرىپ كېلىپ بۇ مال ـ دۇنيانى ئۇلارغا بۆلۈپ بەرگىن. شۇ
چاغدا تىرىكچىلىك ئېهتىياجىدىن كوچىلاردا دىۋانىچىلىك قىلىش-
تىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلار مۇۋاپىق بىرىگە ياتلىق بولۇۋال-
سۇن. شۇڭا سەن ئۆز سارىيىڭدا پىششىق خىشتىن بىر قازناق
بەرپا قىلغىن، ئىشەنچلىك بولسۇن. قازناق ئۆي پۈتكەندە ماڭا
خەۋىرىنى بەرسەڭ بىر كۈنى كېچىسى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان 20
مەهبۇسقا بۇ مال ـ دۇنيانى كۆتۈرگۈزۈپ سېنىڭ سارىيىڭغا
ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئۇلار بۇ دۇنيانى سېنىڭ ياساتقان قازناق
ئۆيۈڭگە جايلاشتۇرۇپ قازناق ئۆينىڭ ئېشىكىنى ئېتىپ تاشلىشى-
دۇ ۋە قايتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى

تېنىدىن جۇدا قىلىشقا ئەمىر قىلىمەن. بۇ ئىشنى ھېچ ئىنسانغا تىنما.» قازى: «شاھ ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسۇن، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئورۇنلايمەن» دېدى. پادىشاھ بىر غۇلامغا خەزىنىدىن 200 دانە مەغرىب دىنارىنى ھەميانغا سېلىپ ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى.

غۇلام ئالتۇن دىنارلارنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئەزدۇدەۋلە ئۇنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «بۇ 200 دىنارنى قازناق ياساشقا سەرپ قىلغىن، يەتمىسە يەنە بېرىمەن» دېدى. قازى: «ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى پادىشاھ ئالەم، بۇ قازناقنى ئۆز خىراجىتىم بىلەن ياسىتىمەن» دېدى. ئەزدۇددەۋلە: «مېنىڭ ئىشلىرىمغا سېنىڭ دىنارىڭنى خەجلىسەم دۇرۇس بولمايدۇ. مۇشۇ قازناقنى ياسىساڭ كامىل خىزمەت قىلغان بولىسەن» دېدى. قازى: «پەرمان بەردارمەن، ئالىيلىرى» دېگىنىچە 200 دىنارنى چۆنتىكىگە سېلىپ پادىشاھ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ كۆڭلىدە ئىچىلغىنىچە: «ئاللاھ مېنى شۇنچە تەلەيلىك ياراتقاندىكەندە. ئۆيگە لىققىدە كەلگەن بۇ دۇنيا تامام ماڭا قالغۇسى. ئالىمادىس پادىشاھقا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات بولمىغاندىكىن بۇ دەپىن - دۇنيا مېنىڭ بولماي قالامتى؟ ھېلىقى ئىككى كومزەك دىنارنىڭ ئىگىسى تېخى ئۆلمىدى، ئەمما ئۇمۇ مەندىن سۇنۇق يارماق ئالالمايدۇ. پادىشاھ ئۆلسە ياكى قەتل قىلىنسا بۇ دەپىن - دۇنيانى كىممۇ ئېلىپ كېتەلەيتتى؟» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ قازناق ياسىتىشقا كىرىشىپ، بىر ئاينىڭ ئىچىدىلا ناھايىتى پىششىق قىلىپ ياساپ پۈتتۈردى. بىر كۈنى خۇپتەن ۋاقتىدا ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ بىلەن خاس مۇلاقەتتە بولدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن، سېنى بۇ يەرگە كېلىشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟» دەپ سورىدى. قازى: «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەۋكەتلىك نەزەرىگە مەلۇم بولسۇنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قازناق شاھنىڭ پەرمانى بويىچە ياسىلىپ پۈتتى» دېدى. پادىشاھ: «مېنى كۆپ خۇرسەن قىلدىڭ. ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، مېنىڭ كۆزۈم ئىنساننى زادى خاتا كۆرمەيدۇ. بۇ قېتىم مېنى كۆپ دىشۋارچىلىقتىن خالاس قىلدىڭ. بۇ تاپشۇرۇق مېنى بەكلا ئەنسىزلىككە گىرىپتار قىلغانىدى. ساڭا ئېيتقان پۇلدىن 150 تۈمەن دىنارنى ۋە گۆھەر - ياقۇتلارنى جايلاپ قويدۇم، يەنە 50 تۈمەننىڭ ئامالىنى قىلىۋاتىمەن. خاس مەھرەملىرىم تون سەرپاي، ئىپار - ئەنبەر، ئۈنچە - مەرۋايىت، ھېقىق - گۆھەرلىرىمىزنى پۇل قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىرەر ھەپتە ئۆتسە پۈتۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدا پۇل - پۇچەكنى تامام يىغىپ بىر يوللا ئۆيۈڭگە ئاپىرىمەن. ئەمما ئەتىلىككە كەچقۇرۇن جۇلدۇر كىيىم بىلەن ئۆيۈڭگە بېرىپ قازناقنى بىر كۆرۈپ باقاي. ئاغىچە سەن ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر. مەن ئۆزۈم بېرىپ، ئۆزۈم يېنىپ كېلىمەن». ئۇ قازنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىسپاھانغا كىشى ئەۋەتىپ ھېلىقى ئىككى كومزەك دىنارنىڭ ئىگىسىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئەتىسى ئاخشىمى پادىشاھ دىۋانە قىياپىتىدە قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قازناقنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ناھايىتى رازى بولۇپ قازىغا: «سەيشەنبە كۈنى كېلىپ تەييارلىغان دەپىن - دۇنيانى كۆرۈپ باقسىن» دېدى. قازى قۇللۇق بىلدۈردى. قازىنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ باش خەزىنىدارىغا 150 كوپكە لىق دىنار قاچىلاپ باشقا بىر ئۆيگە تىزىپ قويۇشنى، بۇ كوپىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۈچ شىشە قويۇپ بىر شىشىگە كۆك ياقۇت، يەنە بىرىگە قىزىل ياقۇت، يەنە بىرىگە يېشىل كەھرىۋا سېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى.

سەيشەنبە كۈنى باش خەزىنىدار يارلىقنى پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك ئورۇنلىدى. ئىككى كومزەك دىنارنىڭ ئىگىسىمۇ كەلدى. ئەزدۇدەۋلە قازىنى قولىدىن يېتىلەپ ئالتۇن ۋە گۆھەر - ياقۇتلار تىزىپ تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپ كىردى. قازى

بۇ دەپىن ـ دۇنيانى كۆرۈپ ئەقلىدىن بىھۇش بولغىلى قىل قالدى. ئەزدۇددەۋلە: «بۇ دۇنيالارنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ئېلىپ كەتكىن» دېدى. قازى ـ شاھ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي يۈرەكلىرى گۈپۈلـ دەپ سوققىنىچە ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئەتىسى پادشاھ ھېلىقى ئىككى كومزەك دىنارنىڭ ئىگىسىگە: «سەن ئەمدى بېرىپ قازىـ نىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىن ۋە ئۆزۈڭنىڭ كۈتۈپ كۆپ تۇرۇپ قالغانلىقىڭنى، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەن بولساڭمۇ ئەمدىلىكتە سەۋر قاچاڭنىڭ يېرىلغانلىقىنى، سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلاردىن تارتىپ باي ئۆتكىنىڭلەرگە پۈتۈن ئەل ـ يۇرتنىڭ گۇۋاھ بولالايدىغانلىقىنى ئېيت. ناۋادا ئۇ دىنارلىرىڭىزـ نى قايتۇرۇپ بەرسە ئىشنىڭ ئوڭ بولغىنى، ئەگەر يەنىلا بەرگىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا ئۇدۇل ئەزدۇددەۋلەنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇسـ تۇڭدىن داد ئېيتىمەن، سېنى رەسۋا قىلىمەن، خەلقى ـ ئالەمگە ئىبرەت قىلغۇزىمەن، دېگىن. ئۇ شۇ چاغدا ساڭا بىر نەرسە دەيدۇ. ئۇ ئالتۇنلىرىڭنى بېرىۋەتسە ئۇنى ئۇدۇل يېنىمغا ئېلىپ كەل، ئەگەر يەنىلا بەرگىلى ئۇنىمىسا ماڭا بىر خەۋىرىنى بېرىۋەتـ كىن» دېدى.

ھېلىقى كىشى قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا روبىرو ئولـ تۇرۇپ شاھنىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. قازى: «بۇ سولتەك شاھ ئالىيلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ شىكايەت قىلسا ئۇنىڭدا شۇبھى تۇغۇلۇشى چوقۇم، ئۇ چاغدا پادىشاھ دەپىن ـ دۇنيالارنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەمەس باشقا جايغا قويۇشى تەھقىق. ئەڭ ياخشى چارە ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋېـ تىش. 150 كومزەك ئالتۇن ۋە گۆھەر ـ ياقۇتلارنىڭ ئالدىدا ئىككى كومزەك ئالتۇن دېگەن نېمىتى؟» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى كىشىگە: «سەل تەخىر قىلغىن. مەن ھەممىلا جايدىن سېنى ئىزدىدىم» دېگىنىچە باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىپ بىر كەمدە ئۇنى چاقىردى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «سەن مېنىڭ دوستۇم، شۇنداقلا يېقىن دوستۇمنىڭ ئوغلى، سەن ماڭا ئۆز ئوغلۇمدەكلا. سەن دەسلەپ كەلگەندە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھېلىقى گەپ - سۆزلەرنى قىلغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سېنى كۆپ ئىزدىدىم. ئاللاھقا يۈز مىڭ مەرتىۋە شۈكرانىلەر بولسۇنكى، سېنى ئاخىر تېپىۋالدىم. ئەمدى غەم - غۇسسىدىن خالاس بولدۇم. سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭ ئاۋۇ يەردە» دېدى. بىر چاغدا ئىككى كومزەكنى ئەپچىقىپ: «سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭ مۇشۇ شۇمۇ؟» دەپ سورىۋىدى ھېلىقى كىشى: «شۇنداق» دەپ تەستىقلىدى. قازى: «ئەمدى بۇلارنى ئالغىن - دە، خالىغان يېرىڭگە بارغىن» دېدى. ھېلىقى كىشى چىقىپ ئىككى ھامماللنى چاقىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا كومزەكلەرنى كۆتۈرگۈزۈپ ئەزدۇدەۋلەنىڭ ئوردىسىغا باردى.

بۇ چاغدا ئەزدۇدەۋلە شاھانە قوبۇلدا بولۇپ بارچە خادىملار ئوردىدا ئىدى. ھېلىقى كىشى ئىككى كومزەكنى ئېلىپ كىرىپ تازىمدىن كېيىن ئۇلارنى ئەزدۇدەۋلەنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ كۈلگىنىچە: «ئاللاھقا ئالقىشلار بولسۇن، ئاخىرى ئۆز ھەققىڭنى قايتۇرۇۋالدىڭ. قازىنىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغىنى پۈتۈن جاھانغا ئايان بولدى. بۇ ئالتۇنلىرىڭنى قولۇڭغا ئېلىشتىن بۇرۇن مېنىڭ قانداق چارە تاپقانلىقىمنى سەن بىلمەيسەن - دە،» دېدى. بەگ - تۆرىلەر بۇنىڭ تەپسىلاتىغا قىزىقىپ كۆڭۈللىرىدىكى تۈگۈچنى يېشىشنى ئىلتىماس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەزدۇدەۋلە ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلغىنىنى سارايدا ئولتۇرغانلارغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاڭ - تاڭ بولدى. پادىشاھ يوسۇن بېگكە قازىنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى، كەلگەندە قازى تاقىر باش، سەللىسى بويىنىغا ئېسىلغان ھالەتتە بولۇشنى ئەمىر قىلدى. يوسۇن بېگى قازىنى ئەمىر قىلىنغان ھالەتتە شاھنىڭ

ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

قازى ھېلىقى يىگىتنىڭ ئىككى كومزەك بىلەن بىللە شاھ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى، ئۆزىنىڭ توقۇناق بالاغا قالغىنىنى چۈشەندى. پادىشاھنىڭ ئۆزىنى كولدۇر-لىتىشىدىكى مۇددىئاسىنىڭ ئاشۇ ئىككى كومزەك ئالتۇن ئۈچۈن-لىكىنى بىلدى. ئەزدۇددەۋلە ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغىنىچە: «سەن بىر ياشانغان كىشى، بىر ئۆلىما، بىر قازى ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بىر تەقۋادار كىشى تۇرۇقلۇق ئاللاھنىڭ ئالدىدا زور جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ، ئامانەتكە خىيانەت قىلدىڭ. سەن شۇنداق قىلساڭ قالغانلارنىڭ ھالى نىچۇك بولغاي! ئەمدى روشەن بولدى-كى، سېنىڭ پۈتۈن بايلىقىڭ مۇسۇلمانلاردىن شىلىۋېلىنغان پارا ھېسابىدا كەلگەنىكەن. بۇ دۇنيادا مەن جازا بەرسەم ئۇ دۇنيادىمۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلىسەن. ياشانغانلىقىڭ ۋە ئۆلىمالىقىڭنىڭ ھەققى – ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچەي، لېكىن پۈتكۈل مال – بىساتىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ ئوردا خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسلى – ۋەسلى مۇسادىرە قىلىنىپ مەڭگۈلۈككە ئىشتىن قالدۇرۇلدى. پادىشاھ ھېلىقى ئىككى كومزەكنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

## سۇلتان مەھمۇد ۋە نائىنساپ قازى ھەققىدە بايان

سۇبۇق تېكىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدمۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ھادىسىگە شاھىد بولغان-دى. بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد سىرتتا ئايلىنىپ يۈرگىنىدە بىرى ئۇنىڭغا بىر شىكايەتنامە سۇندى. ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار يېزىلغانىدى: «پېقىر 2000 دىنارنى يېشىل كىمخاپ ھەميانغا

سىلىپ شەھىرىمىزنىڭ قازىسىغا ئامانەتكە قويغاندىم، ھەميانىنىڭ ئۈستىگە پىچەتمۇ سىلىپ قويغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سەپەرگە ئاتلاندىم. ھىندىستان يولىدا قاراقچىلار ئەسلى - ۋەسلىمنى بۇلاپ كېتىپ قاق سەنەم قىلىپ قويدى. سەپەردىن قايتىپ كەل- گىنىمدە قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئامانەتكە قويغان ھەميانىمنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئېچىپ قارىسام ئىچىگە لىققىدە دەرھەم (مىس پۇل - ت) قاچىلانغانىكەن. بېرىپ قازىغا: «سى- لىگە ئامانەت قويغان ھەميانغا سېلىنغىنى ئالتۇن دىنار ئىدى، ئېچىپ قارىسام ھەممىسى مىس دەرھەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ نېمە ئىش؟» دېدىم. قازى: «ھەميانىنى ماڭا ئامانەتكە قويغىنىڭدا يا سانىمىدىڭ يا ئىچىدىكىنىڭ نېمىلىكىنى ماڭا ئېيتمىدىڭ؛ ئامانەت قويغىنىڭدا ھەميانغا پېچەت سالغانىدىڭ. قايتۇرۇپ ئال- غىنىڭدا پېچىتى بۇزۇلمىغان ھالەتتە ئالدىڭ. ھەميانىنى ساڭا بەرگىنىمدە، بۇ سېنىڭ ھەميانىڭ شۇمۇ؟ دەپ سورىسام سەن ‹شۇنداق›، دېدىڭ ۋە ھەميانىنى تاپشۇرۇۋالدىڭ. ئەمدى مۇنداق چاك باسماس سەۋەبنى كۆتۈرۈپ كەلسەڭ نېمە دەيمەن؟ دەپ قوغلاپ چىقاردى. خۇدا ھەققى سۇلتان، ماڭا ياردەم قىلغىن، ھازىر بىر چىشلەم نانغا زار بولماقتىمەن».

سۇلتان مەھمۇد كۆڭلى ئېرىپ: «خاتىرجەم بول، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. ھېلىقى ھەميانىنى ماڭا بەرگىن» دېدى. ھېلىقى كىشى ھەميانىنى سۇلتان مەھمۇدقا بەردى. سۇلتان شۇنچە سىنچىلاپ قاراپمۇ ھەميانىنىڭ سۆكۈلگەن بىرەر يېرىنى كۆرمە- دى. ئۇ ھېلىقى دەۋاگەرگە: «ھازىرچە ھەميان مەندە قالسۇن. غوجىدارىمىدىن ئۈچ مائۇند نان، كۇنلۇكىگە بىر پارچە گۆش، ئايدا بىر دىنار ئالغىن. شۇنداق قىلغىنىمىزدا سېنىڭ دەۋايىڭ سورالغۇچە ئاچلىق ئازابى تارتمايسەن» دېدى. بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە سۇلتان ھەميانىنى ئالدىغا قويۇپ بۇنىڭ زادى قانداق ئىشلىكى ھەققىدە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. سولتان ئاخىرى

شۇنىڭغا ئىشەندىكى ھەميان سۆكۈپ ئېچىلغان، ئالتۇن دىنارلار دەرەھەمگە ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن قايتا تىكىپ قويۇلغان. سۇلتاننىڭ كارىۋىتىدا تاۋازىزى ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا پۈتكەن زەر نەقىشلىك چايشاپ بار ئىدى. شۇ كۈنى تۈن يېرىم بولغاندا ئۇ تۇرۇپ چايشاپتىن يېرىم غېرىچچە جاينى كېسىۋېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى سەھەردە ئۇ ئۈچ كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كەتتى.

ئوردىدا شاھنىڭ ھۇجرىسىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بىر خاس غۇلام بار ئىدى. سەھەردە ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋېتىپ چايشاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىرتىلغان جاينى كۆرۈپ قورققىنىدىن يىغلاپ كەتتى. باشقا بىر غۇلام ئۇنى كۆرۈپ: «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىرى ماڭا قەست قىپتۇ. سۇلتاننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ كارىۋىتىدىكى چايشاپنى يىرتىپ يوغانلا تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ. سۇلتان بۇنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا مېنى بوغۇزلىۋېتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ھەمراھى سورىدى: «بۇنى سەندىن باشقا يەنە بىرەر كىم كۆردىمۇ؟» ئۇ: «ياق» دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دوستى: «قورقما، بۇنىڭ چارىسىنى مەن ساڭا ئۆگىتەي: سۇلتان سىرتقا شىكارغا چىقىپ كەتتى، بۇ بىر نەچچە كۈندە قايتىپ كەلمەيدۇ. مۇشۇ شەھەردە ئەھمەد ئىسىملىك بىر تىككۈچى بار. ئۇنىڭ دوكىنى شەھەرنىڭ پۈستانى يېرىدە. ئۇ تىككۈچىلىككە شۇنچىلىك ماھىركى، شەھەردىكى بارچە تىككۈچىلەر ئۇنىڭ شاگىرتلىرى. سەن چايشاپنى ئۇنىڭغا بېرىپ دېگەن ھەققىنى بەرسەڭ ئۇ ئۇنى شۇنداق يامايدۇكى ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئىز قالمايدۇ. ھەرقانداق كىشى ھەرقانچە قاراپمۇ يامالغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلام چايشاپنى ئەھمەد ئۇستىنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپ: «ئۇستاز، بۇنى شۇنداق يامىغىنكى ئۇنىڭ يامالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىسۇن، قانچە ئالىسەن؟» دېدى. ئۇ: «يېرىم دىنار بەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەڭ دېگىنىڭگە ئېرىشىسەن» دېدى. غۇلام: «ساڭا بىر دىنار بېرىمەن، پۈتۈن ھۈنىرىڭنى چىقارغىن» دېدى. ئۇستا: «رەھ-مەت، يىگىت، چاتاق چىقمايدۇ» دېدى. غۇلام ئۇنىڭغا بىر دىنار-نى بېرىپ: «مەن بەك ئالدىرايتتىم» دېۋىدى تىككۈچى: «ئەته چۈشتىن كېيىن ئېلىپ كەتكىن» دېدى. ئەتىسى غۇلام دېيىشكەن ۋاقىتتا بېرىپ ئۇستىدىن چايشاپنى ئالدى ۋە شۇنچە قاراپمۇ يىرتىلغان جايىنى تاپالمىدى. ئۇ خۇشال قايتىپ چايشاپنى ئەسلىدى-كىدەك سېلىپ قويدى.

سۇلتان شىكاردىن قايتىپ كېلىپ چايشاپنىڭ ساپساق تۇر-غانلىقىنى كۆردى ۋە: «غۇلامنى چاقىرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. سۇلتان: «بۇ چايشاپ يىرتىلغانىكەن، ئۇنى كىم ياماپ قويدى؟» دەپ سورىدى. غۇلام: «ئەي پاسىبانىم، غەيۋەتچىلەرنىڭ يال-غان سۆزلىرىگە ئىشەنمىگىن» دېدى. سۇلتان: «كالۋا، قورق-ما. ئۇنى مەن يىرتىۋەتكەن. بۇنىڭدا ئۆزۈمنىڭ كۆزلىگىنى بار. راستىنى ئېيت. بۇنى كىم يامىدى؟ ھەقىقەتەن قالتىسكەن» دېدى. غۇلام بولغان ئىشنى ئېيتقاندىن كېيىن: «دەررۇ شۇ كىشىنى بۇياققا ئېلىپ كەل، ئەمما سۇلتاننىڭ چاقىرتقانلىقىنى دېمە، بولمىسا ئۇ قورقۇپ كېتىدۇ. پەقەت ئوردىدا ئازراق تىك-كۈچىلىك ئىشى چىقىپ قالغىنىنى ئېيتساڭلار بولىدۇ. شۇنداق دېسەڭ ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئالدىم-غا ئېلىپ كىر» دېدى. غۇلام بېرىپ ھېلىقى تىككۈچىنى چاقى-رىپ كەلدى ۋە سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ سۇلتاننىڭ يالغۇز ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەت-تى. سۇلتان: «قورقما، ئۇستا، ئېيتقىنا، مۇشۇ چايشاپنى سەن يامىغانمۇ؟» دەپ سورىدى. تىككۈچى: «شۇنداق» دېگەندىن كې-يىن سۇلتان: «ھۈنىرىڭ راستىنلا قالتىسكەن» دېدى. تىككۈ-چى: «ئالىيلىرىنىڭ پىسەنتىگە توغرا كەلگەن بولسا بۇ ماڭا شەرەپ» دېدى. سۇلتان: «شەھەردە سېنىڭدىنمۇ كامىلراق تىك-

كۆچى بارمۇ؟» دەپ سورىغۇدى ئۇ: «يوق» دېدى. سۇلتان: «مەن سەندىن بىر ئىشنى سوراي، راستىنى ئېيت» دېگۈدى ئۇ: «پادىشاھقا سۆزلىگەندە ئىشنىڭ ياخشىسى مەڭگۈلۈك راست سۆز» دېدى. سۇلتان: «ئالتە ـ يەتتە يىل ئىچىدە بىرەر باينىڭ ئۆيىدە يېشىل رەڭلىك كىمخاپ ھەميانىنى يامىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى. ئۇ: «يامىغان» دېدى. «كىمنىڭكىدە؟» دېگۈدى، «شەھەر قازىسىنىڭ ئۆيىدە. ئۇ ئىش ھەققىمگە ئىككى دىنار بەرگەن» دېدى. سۇلتان: «ناۋادا ئاشۇ ھەميانىنى يەنە كۆرسەڭ تونۇيالامسەن؟» دېگەندە تىككۈچى: «بۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان قولىنى سوزۇپ كات ئاستىدىن ھەميانىنى چىقىرىپ تىككۈچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە: «مۇشۇ ھەميان شۇمۇ؟» دەپ سورىدى. تىككۈچى: «شۇ ئىكەن» دېگەندە سۇلتان: «قېنى سۆكۈپ تىككەن يېرىڭنى ماڭا كۆرسەت» دېدى. سۇلتان تىككۈچى كۆرسەتكەن جايغا قاراپ ئۇنىڭ ھەميانىنى ياماش-تىكى تەڭداشسىز ھۈنىرىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى ۋە: «ناۋادا سېنى ئاشۇ قازى بىلەن يۈزلەشتۈرسەم قايىداق دەيسەن؟» دەپ سورىغۇدى تىككۈچى: «بېشىم بىلەن» دېدى. سۇلتان دەررۇ كىشى ئەۋەتىپ قازىنى، ھەميان ئىگىسىنى چاقىر-تىپ كەلدى.

قازى ئوردىغا كىرىپ سۇلتانغا سالام بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دائىملىق كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى. سۇلتان قازىغا بۇرۇلۇپ: «سەن ياشىنىپ قالغان ئۆلىما كىشى، مۇسۇلمانلار-نىڭ ھەققىگە ياتىدىغان ئەمەل ھوقۇقى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تۇت-قۇزۇلغان. ئۇلارنىڭ مېلى ۋە جېنى سېنىڭ ئىلكىڭدە. مەن ساڭا ئىشىنىپ سېنى يۇقىرى مەرتىۋىگە قويدۇم. سەندىنمۇ بەكرەك ئۆلىمالىق مۇقامىغا يەتكەن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كىشى بۇ يۇكسەك مەرتىۋىگە ساھىب بولالمىدىغۇ؟ ئەجەبا بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن يۇتۇۋالساڭ، بەر دېسە قايتۇرمىساڭ، ئامانەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىيانەت قىلساڭ دۇرۇس بولارمۇ؟» دېدى. قازى: «ئەي پاسبانىم؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟» دەپ سورىدى. سۇلتان: «ئادىمىي شەيتان! بۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ پوقۇڭ» دېگىنىچە ھېلىقى ھەميانىنى كۆرسىتىپ: «بۇنى تونۇيدىغاندۇرسەن؟ بۇ ساڭا بېرىلگەن ئامانەت ئىكەندۇق، سەن ئۇنى ئېچىپ ئالتۇن دىنارلارنى چىقىرىۋېلىپ ئورنىغا مىس دەرھەم تولدۇرۇپ قويۇپسەن ۋە قايتا تىكىپ قويۇپسەن. ئاندىن ھەميانىنىڭ ئىگىسىگە ھەميانىنىڭ پېچەتى بۇزۇلمىغان، ئۆزۈڭنىڭ پېچىتىمۇ ئەينەن تۇرۇپتۇ، دېگەنسەن. مۇشۇ قىلىقلىرىڭ دۇرۇس بولدى دەمسەن؟» دېدى. قازى خۇپسەنلىك قىلىپ: «مەن بۇ ھەميانىنى زادىلا كۆرمىگەن ئىكەنمەن، شاھ ئالىيلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنىمۇ چۈشەنمىدىم» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان: «ھېلىقى ئىككەيلەننى ئېلىپ كىرىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. غۇلاملاردىن بىرى چىقىپ كېتىپ ھەميانىنىڭ ئىگىسىنى ۋە تىككۈچى ئۇستىنى ئېلىپ كىردى. سۇلتان: «ئەي كاززاپ، مانا بۇ ھەميانىنىڭ ئىگىسى، ئاۋۇ كىشى مۇشۇ ھەميانىنى ياماپ تىككەن تىككۈچى» دېدى. قازىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ پۇتلىرى دىرىلداپ تىترىدى ۋە ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. سۇلتان: «بۇنى ئېلىپ چىقىڭلار، ئالتۇن دىنارلارنى دەرھال قايتۇرسۇن. قايتۇرمىسا كاللىسىنى ئېلىڭلار. قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دېدى. ياساۋۇللار قازىنى سۆرىگىنىچە سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ: «ئالتۇننى نەگە قويدۇڭ؟» دەپ سورىدى. قازى غوجىدارنى چاقىرتىپ كېلىپ مۆھۈر بېسىلغان خەتنى بەردى. غوجىدار بېرىپ 2000 دانە نىشاپۇر دىنارنى ئېلىپ كەلدى ۋە ھەميان ئىگىسىگە تاپشۇردى.

ئەتىسى سۇلتان مەھمۇد قوبۇلغا چىقىپ يامانلارغا جازا بەرمەكچى بولدى ۋە كۆپچىلىككە قازىنىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ياساۋۇللار قازىنى داقىرتىپ سۆرەپ ئەپچىقتى ۋە ئوردا قوۋۇقىسىگە پۇتىدىن

ئاستى. بەگ ـ تۆرىلەر ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان كىشى ئىكەنلىكىـ
نى پەش قىلىپ سۇلتانىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى تىلەپ تۇرۇۋالدى.
ئاخىر قازى بەش تۈمەن دىنارغا تەن جازاسىنى ساقىت قىلىشنى
ئىلتىماس قىلغاندا سۇلتان ئۇنىڭغا ئىجازەت قىلدى. قازى تۆلەمـ
نى تۆلىگەندىن كېيىن مەڭگۈلۈككە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

بۇنداق قىسسە، ھېكايىلەر نۇرغۇن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئازلا
بىر قىسمىنى تەلقىن قىلىشىدۇ. «مەلىكۇل جەھان» تۈرلۈك
پادىشاھلارنىڭ ھەققانىيەت ۋە باراۋەرلىك ئۈچۈن قانچىلىك مەسـ
تانە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادىنىڭ جەبىر كۆرگۈچىـ
لەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ يامان جىنايەتـ
لەرنى پانىي ئالەمدىن تۈگەل يوق قىلغىنىنى بىلسە پايدىلىق.
بىر پادىشاھ ئۈچۈن ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ بولۇشى قۇدرەتلىك
قوشۇنغا ئىگە بولغىنىدىنمۇ بەكرەك ئەسقاتىدۇ. ئاللاھقا يۈزمىڭ
مەرتىۋە ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇنكى، «مەلىكۇل جەھان» ھەققاـ
نىيەت تۇيغۇسىغىمۇ، قۇدرەتلىك قوشۇنغىمۇ ئورتاق ساھىبتۇر.
شۇنداق قىلىپ بۇ بابتا ئايغاقچىلار ھەققىدە قىسسەلەرنى سۆزلەـ
دۇق. ئايغاقچىلار شۈبھىسىزكى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بولـ
سۇن. ئىشەنچلىك كىشىلەر بۇ خىزمەتكە قويۇلىۋەرسۇن. ئۇلار
جاي ـ جايلارغا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە ئەۋەتىلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

## شاتۇر ۋە ئورپاقلار[1] نى يالاشنىڭ بايانى

ئاساسلىق غول يوللار بويىدا راباتلارنى تەسىس قىلىپ شاتۇرلارنى ئىشقا قويماق زۆرۈر. شاتۇرلارغا مۇۋاپىق مائاش ۋە تەمىنات بېرىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا 50 فەرسەخ دائىرىسىدىكى ھەرقانداق ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئورپاق بەگلەرنى ئەۋەتىپ شاتۇرلارنى كۆزىتىش، ئۇلارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش زۆرۈر.

---

① پوچتا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

# ئون بەشىنچى باب

## كەيپچىلىكتە ۋە بىدارلىقتا پەرمان چۈشۈرۈش-تىكى ئېھتىياتچانلىقنىڭ بايانى

پادىشاھنىڭ زوراغا[1] سارىيىغا ۋە دۆلەت خەزىنىسىگە مەملى-كەت ئىشى، ئىقتا (شاھلىق تەرىپىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن) زېمىن ۋە ئىنئام - ئېھسان توغرىسىدا پەرمان - يارلىقلارنى چۈشۈرۈپ تۇرۇشى ئەقلىنىڭ رىغبىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما بەزى يار-لىقلار پادىشاھنىڭ كەيپى ياخشى چاغلاردا چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ناھا-يىتى قول تۇتىدىغان زىل ئىش. شۇڭا بۇنىڭغا تولىمۇ ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر. يارلىق يەتكۈزگۈچى پەرمانچى بەگ يارلىق مەز-مۇنىنى قوبۇل كۆرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ مېغىزلىق مەند-سىنى ئاڭقىرالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق مەجبۇرد-يەتنى شۇنداق بىر كىشىگە تاپشۇرۇش كېرەككى، بۇ كىشى يارلىق - پەرماننى ئۆز ئاغزى بىلەن يەتكۈزسۇن، ئوتتۇرىغا كىشى قوشمىسۇن. پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەر كۆرۈلگەندە (مىسالەن يارلىقتا شۈبھىلىك جايلار كۆرۈلسە) يارلىق يەتكۈزۈلۈپ بولغان ئەھۋالدا زوراغا سارىيى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ توغرىلىۋالغاندىن كېيىن ئىجرا قىلسۇن.

---

[1] ئوردىنىڭ كۈندىلىك كىرىم - چىقىم ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

## شاھ جەمەتىنىڭ غوجىدارىۋە بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنىڭ بايانى

ھالا بۇگۈنكى كۈندە شاھ جەمەتى غوجىدارى مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. بۇ مەنسەپكە قەدىمدىن نامدار ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر قويۇلۇپ كەلگەن. چۈنكى بۇ خىزمەت شاھ ئوردىسى، شاھنىڭ غەزىنىسى، شاراب قازناقلىرى ۋە داستىخانلىرى، شاھزادە - تېكىنلار، شاھنىڭ مەھرەم - غۇلاملىرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ زات ھەرقاچان چەكلىمىسىز ھالدا پادىشاھنىڭ جامالىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. تۇرلۇك ئاخبارلارنى يەتكۈزەلەيدۇ. پادىشاھقا ئۆزى قىلغان ئىشلارنى سۇمباتلىق كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ يۈكسەك ئالىيجاناب، ھايالىق كىشى بولۇشى لازىم. شۇندىلا غوجىدارلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ۋە ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالايدۇ.

# ئون يەتتىنچى باب

## پادىشاھنىڭ يارەنلىرى، ھەقەمسايىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىقنىڭ بايانى

پادىشاھنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق يارەنلىرى بولمىسا يەنە بولمايدۇ. پادىشاھ يارەنلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئازادىلىكتىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئاتا مىراس تۆرىلەر، ۋالىيلار ۋە سۇ باشلىرى بىر ئاماللارنى قىلىپ پادىشاھنىڭ ئىززىتىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ غېمىدە يۇرىدىغان بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ خورىكى ئۇستۇن كېلىدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ھەرقانداق ۋەزىپىدىكى سۇ باشلىرى بىلەن دوست - يارەنلەردىن بولۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق سۇ باشلىرى يەنە تۇرلۇك مەمۇرلار بىلەن دوست - بۇرادەرلەردىن بولۇپ يۇرسىمۇ بولمايدۇ. بولمىسا ئۇلار پادىشاھ بىلەن بولغان دوستلۇق رىشتىسىگە تايىنىپ پۇقراغا جەبىر سالىدۇ. مەمۇرلار ھەمىشە پادىشاھتىن ھېيىقىپ يۇرىدۇ. دوست بۇرادەرچىلىكتە بولسا، يىراق - يېقىنلىقنىڭ چېكى بولمايدۇ. پادىشاھنىڭ ئارىغا تىل سىغمايدىغان يېقىن يارەنلىرى بولمىسا پادىشاھ ئۆز خادىملىرى ئارىسىدىن كۆلكە ۋە شادلىق تېپىشقا ئىلاجسىز قالىدۇ. يېقىن بۇرادەرلىرى بىلەن بىرگە بولغاندا پادىشاھ ئازادىلىشىپ قالىدۇ. يار - بۇرادەرلەر قەرەللىك ھالدا پادىشاھقا ھەمراھ بولسۇن. پادىشاھ ساراي قوبۇلىدىن كېيىن يار - بۇرادەرلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ.

ياخشىلار بىلەن بۇرادەرچىلىك قىلىشنىڭ پايدىلىرى كۆپ: ئۇلار پادىشاھقا ھەمراھ بولىدۇ، بۇ بىر؛ ئۇلار پادىشاھ-

لارغا كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھ بولغاچقا ئۇلار خاس قورۇقچىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئالىمادىس ياماندىق كۆرۈلسە (ئاللاھ ئۆز پانا-ھىدا ساقلىسۇن) ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆز تېنىنى قال-قان قىلىپ شاھنى قوغدايدۇ، بۇ ئىككى؛ پادىشاھ ئۇلار بىلەن خالىغانچە چاقچاقلىشىپ تۇرالايدۇ. بۇ گەپ ـ سۆزلەر بولسا ۋەزىر ياكى باشقا مەمۇرىي خادىملارنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتمەيدۇ. بۇ ئۈچ؛ پادىشاھ يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئاغزىدىن ياخشى ـ يامان تۇرلۇك خەۋەرلەرنى ئاڭلايدۇ، بۇ تۆت.

پادىشاھنىڭ يار ـ بۇرادەرلىرى نامدار ئائىلىلەرنىڭ ئىستىد-داتلىق ۋە جەسۇر كىشىلىرى بولسۇن، شۇنداقلا تەقۋادار بولۇ-شى، سىر ساقلىيالىشى، يارىشىملىق كىيىنىشى زۆرۈر. ئۇ تۇگىمەس ھېكايە ـ قىسسەلەرنى بىلىشى، ئۆزى بىلىدىغان بۇ ھېكايە ـ قىسسەلەرنى پادىشاھنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا پاساھەتلىك تېرىيالىشى لازىم. ئۇ ساغلام تەبىئەتلىك، خۇشخۇي ھەمراھ بولسۇن، شاھمات ئويۇنلىرىنى بىلىدىغان بولسۇن، قالۇن ـ تەمبۇر ياكى باشقا سازلارنى چالالىسا تېخى ياخشى. ئۇ ھەر زامان پادىشاھقا دوست تارتىشى، ھەرگىزمۇ ئېزىپ ـ تېزىپ «بۇنى مۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى»، «ئاۋۇنى بۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىدى»، «نېمىشقا بۇنداق قىلغۇلۇق» دېگەندەك سۆزلەر-نى قىلىپ ساۋاق بەرمىسۇن. بولمىسا بۇنداق سۆزلەر پادىشاھنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ شۇ كىشىنى ئەتىۋارلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. كۆڭۈل ئارامىدىن ئىبارەت ئىپتىقاندا تۇرلۇك ئاش ـ زىياپەتلەر، شاراپۇازلىقلار، شىكارلار ۋە چەۋگەن ـ چېلىشىش ئويۇنلىرىدا پادىشاھ ھەر دائىم يار ـ بۇرادەرلىرىدىن ئەقىل سورايدۇ. ئەل ئىشىغا چېتىلىدىغان، تېرىقچىلىق، سۇ، قوشۇن، دېھقانلار، ئۇرۇش ـ يېغىلىق، جازا ـ ئىنئام، سەيياھلىق قاتارلىق ئىشلار-دا بولسا، پادىشاھ ۋەزىرلەردىن، بەگ ـ تۆرىلەردىن ۋە كۆپنى كۆرگەن قېرىلاردىن ئەقىل سورىمىقى جائىز. چۈنكى ئۇلار مۇشۇ

ئىشلاردا تەجرىبىلىك. مۇشۇنداقلا بولسا ئەلنىڭ ئىشى يۈرۈشۈ-ۋېرىدۇ.

ئۆتمۈش زامانلاردا بەزى پادىشاھلار ئۆز تېۋىپى ۋە مۇنەجـ-جىملىرى بىلەن بۇرادەرلىك رىشتىلىرىنى باغلىغانىدى. پادىشاھ نېمىلا يېسە تېۋىپ نېمىنىڭ پايدا قىلىدىغىنى، نېمىنىڭ زىيان قىلىدىغىنى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. تېۋىپ پادىشاھنىڭ ساقلىقىدىن ۋە مىجەز - خۇلقىدىن خەۋەر ئالاتتى؛ مۇنەججىم بولسا، ۋاقىت - پەيتلەرگە قاراپ ياخشىلىق - يامانلىقتىن بىشارەت بېرەتتى، زور ۋەقەلەرگە خاسىيەتلىك پەيتنى تاللايتتى. بەزى پادىشاھلار ئۇلار بىلەن بۇرادەر بولۇشنى مۇناسىپ كۆرمىگەنىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشكەنىدى: «تېۋىپلار ھەمىشە ئامراق نەرسىـ-مىزنى يېگۈزمەيدۇ، سۆيۈق - سەلەڭ تائاملارنى ئاغزىدىن چۈ-شۈرمەيدۇ؛ ساغلام ۋاقىتلىرىمىزدىمۇ بىزنى دورىغا زورلايدۇ ۋە قان ئالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بىرەر ئىشنى نىيەت قىلىپ بولغۇچە مۇنەججىملەر بىزگە يۈگەن سېلىپ تۇرىدۇ، خىيال قۇشلىرىمىزنى ئەركىن ئۇچۇرغىنىمىزدا تېۋىپ ۋە مۇنەججىملەر كۆڭلىمىزنى يېرىم، قەلبىمىزنى پاراكەندە قىلغاندىن باشقا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۇڭا ئىشنىڭ يولى ئۇلارنى كېرەك بولغاندىلا چاقىرتىش».

پادىشاھقا بۇرادەر بولغۇچى كۆپنى كۆرگەن، جاھان كەزگەن ۋە جىق ئادەملەرگە خىزمەتتە بولغان كىشى بولسا ئۇنى ئەتىۋارلىـ-ماق زۆرۈر. كىشىلەرگە پادىشاھنىڭ سۇر كەيپىياتىنى ۋە مىجەز - خۇلقىنى بىلمەك زۆرۈر بولغاندا پادىشاھنىڭ يار - بۇرادەرلىرىگە قاراپ بىلسە بولۇۋېرىدۇ. پادىشاھقا بۇرادەر بولغۇ-چى پەزىلەتلىك، چىقىشقاق، مەردانە، سەۋرلىك، خەير - ئېھ-سانغا باي كىشى بولسا كىشىلەر پادىشاھنىڭمۇ پەزىلەتتە كامىل، مىجەز - خۇلقتا يېگانە، ئادەملەرگە مېھرىبان ئىكەنلىكىگە ھۆ-كۈم قىلىدۇ؛ ئەگەر پادىشاھنىڭ ھەقەمسايىسى مۇغەمبەر، تەكەب-

بۇر، ئۆتۈپ كەتكەن نادان ـ تەلۋە، تەڭداشسىز خەسىس بولسا، كىشىلەر پادىشاھنىمۇ شۇنداق دەپ بىلىدۇ.

يەنە ھەربىر بۇرادەر ـ ھەقەمسايە ئۆز ئورنى ۋە مەرتىۋىسى بار كىشىلەردىن بولسۇن. ئۇلارنىڭ بەزىسى كۈرستا ئولتۇرىدىغان، بەزىسى ئۆرە تىك تۇرىدىغان بولسۇن، قەدىم زامانلاردىن بۇيان بۇ ئۇسۇل پادىشاھلار ۋە خەلىفىلەرنىڭ ئوردىسىدىكى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ھال بەزى مۇيسىپىت ئائىلىلەردە ھېلىھەم داۋام قىلماقتا. زامانىمىزدا خەلىفە جانابلىرىنىڭ دوست ـ يارەنلىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشاشلا كۆپ، غەزنەۋى سۇلتانلىرىنىڭمۇ 20 دىن ئىچ كۆيەر يارەنلىرى بولغان بولۇپ، ئۇ ئولتۇرسا، بۇ ئۆرە تۇراتتى. ئۇلار سامانىي مەملىكىتىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىنى ئۆزلەشتۈرگەنلەر ئىدى. پادىشاھنىڭ يار ـ بۇرادەرلىرىگە مائاش بېرىش لازىم. ئۇلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە مىرزىلار ئارىسىدا ئەڭ يۇكسەك مۇقامدا بولۇشى زۆرۈر.

ئۇلارنىڭ پادىشاھقا كۆچ چىقىرىشى مەڭگۇ جائىز.

# ئون سەككىزىنچى باب

## ئىلىمدە كامىل ۋە تەجرىبىلىك زاتلاردىن تەلىم ئالماقنىڭ بايانى

تۇرلۇك ۋەقە ـ هادىسىلەر بويىچە ئەقىل سوراش هۆكۈمنىڭ توغرا ۋە يىراق مەنزىللىك بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى. هەممىلا ئادەمدە ئۆزىگە چۇشلۇق ئىلىم بولىدۇ. هەممىلا ئىلىمدە ئۇنى كۆپرەك بىلىدىغانلار بولىدۇ، ئازراق بىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئىلىم ئىگىلىگەن تۇرۇقلۇق ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆگەنگەن ئىلىم ـ هۇنىرىنى تولۇق خىزمەتكە سالىدۇ. مىسالەن ئېيتايلى، بىراۋ تېبابەت دەستۇرلىرىنى ئوقۇپ دەستۇر بەتلىرىدىن ئۇنداق ـ مۇنداق كېسەللەرنى قانداق ئەملەشنى ئەسكە ئېلىۋالىدۇ ۋە پەرۋۇقۇلئاددە ئۇنۇملۇك دورىلارنى يادلىۋالىدۇ، ئەمما ئۇ شۇ هالدىلا توختاپ قالىدۇ؛ يەنە بىراۋ بولسا ئوخشاشلا مۇشۇ دورا ئۆسۇملۇكلەرنى بىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن كېسەل ئەملەپ سانسىز سىناقلارنى قىلىدۇ. نەتىجە شۇكى، ئالدىنقىسى ئىگىلىگەن تېبابەت هۇنىرى مەڭگۇ كېيىنكىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۇپ كېتەلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك جاهان كېزىپ كۆپنى كۆرگەن، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن، كۆپلىگەن پەۋقۇلئاددە هادىسىلەرگە شاهىت بولغان كىشى بىلەن ساياهەت كەمىردىنى بېلىگە باغلاپ كۆرمىگەن، كۆرگىنىدىن كۆرمىگىنى كۆپ بولغان كىشى تەڭ بولالمايدۇ. هاسىل كالام، ئىنسان بىلىملىك، ياشقا چوڭ ۋە تەجرىبىلىك كىشىدىن ئەقىل ئۆگىنىشى زۆرۈر.

يەنە بەزىلەرنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرىنىڭ پەرۋازى تېز ۋە ئېگىز بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ بولسا، تۆۋەن ۋە ئاستا بولىدۇ. ئەۋلىيالار مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئىنساندىن تەلىم ئېلىشتا بىر ئىنسانچە-لىك مادار بولمىقى زۆرۈر. ئىككى ئىنساندىن تەلىم ئېلىشتا ئىككى ئىنسانچىلىك مادار بولمىقى زۆرۈر. ئون ئىنساندىن تەلىم ئېلىشتا ئون ئىنسانچىلىك مادار بولمىقى زۆرۈر». بەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىل - پاراسەت ۋە دانالىقتا پەيغەمبىرىمىز (ئاللاھ شۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن) گە يەتمەيدىغانلىقىنى بويىنغا ئالىدۇ. پەيغەمبىرىمىز دانالىقتا يېتۇك ئىدى: ئۇ ۋەھيي ئارقى-لىق ئۆتمۈشنى ۋە كەلگۈسىنى كۆرەلەيتتى؛ ئاسمان بىلەن زې-مىن، قەغەز بىلەن قەلەم، تەخت بىلەن (ئاللاھقا خاس) سەلتە-نەت، جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھېچقايسى-سى ئۇنىڭ كۆزىدىن ۋە زېھنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. خۇش خەۋەرلەرنى يەتكۈزگۈچى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام (ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن) ئۇنى دائىم زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ۋەھيىلەرنى يەتكۈزەتتى. پەيغەمبىرىمىز شۇ قەدەر كامىل - مۇكەممەل بولسىمۇ ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» («قۇرئان كەرىم» 3 - سۈرە، 159 - ئايەت). ئاللاھ ئۇنىڭغا كېڭەشىشنى ئەمىر قىلغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ باشقىلار بىلەن كېڭە-شىشكە موھتاج ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قالدى بەندىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇملۇق.

شۇل بائىستىن پادىشاھ بىر ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلگەن-دە، دانالار، ساداقەتمەن بۇرادەرلىرى ۋە ۋەزىرلەر بىلەن كېڭە-شىش مەسئۇلىيىتىگە جاۋابكار بولىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ ئېيت-قىنى پادىشاھنىڭ مېڭىسىگە ئورنىشىدۇ. پادىشاھ ئۆز خىيالىنى باشقىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرسا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كېڭىشىپ باقسا دانا مەسلىھەت، تەدبىر ئاستا - ئاستا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

بىشىغا بىر ئىش كەلگەندە باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ كۆر- مەيدىغان كىشى نادان كىشىدۇر. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە مۇتە- كەببىر، دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نە بىرەر كارامىتى يوق بولغاچقا ھېچ ئىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. باشقىلار بىلەن كېڭەشمىگەچكە ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئاللاھقا يۈز مىڭ مەرتىۋە شۈك- رىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىگە «مەلىكۇل جەھان» ھۆكۈمگە ماھىر، شۇنداقلا بىر - بىرىدىن ئىستىداتلىق دانالار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولماقتا. (بۇ توغرىسىدا يەنە خېلى يازاتتۇق)، ئەمما مۇشۇ يەردە قەلەمنى قويۇشقا نىيەت قىلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى باب

## خاس قورۇقچىلار، ئۇلارنىڭ قورال-ياراغ-لىرى ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ بايانى

ئوردىدا 200 كىشىلىك خاس قورۇقچىلار بولۇشى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى، ھەيۋەت ۋە سالاپەت، جىسمىدا تەپسە تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك قۇۋۋەت ۋە ئەركەكلىك شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرۇشى لازىم. ئۇلارنى يىگىتلەرنىڭ قاپلىنى ئارىسىدىن تاللاش مۇۋاپىق. ئۇلارنىڭ يۈزى خوراسانلىق، يۈزى دايلامانلىق بولسا جايىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ھەر جايدا ۋە ھەر قاچاندا پادىشاھقا ھەمراھ بولۇش بولۇپ، ئوردىنىڭ تىزگىنىدە بولۇش، قاملاشتۇرۇپ كىيىنىشى لازىم. يەنە بۇلارغا ئاتاپ 200 يۈرۈش ياراغ تەييارلىنىشى، ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغان پەيتتە تارقىتىپ بېرىپ، ئىشنى تۈگەتكەندە يىغىۋېلىش كېرەك. 20 قىلىچنىڭ غىلىپى ۋە 20 دانە قالقان ئالتۇندىن ئىشلىنىشى، 80 قىلىچنىڭ غىلىپى ۋە 180 دانە قالقان كۈمۈشتىن ئىشلىنىشى، يەنە مۇۋاپىق ساندا كات (ھىندىستانغا يېقىن بىر ئارال) نەيزىسى بولۇشى لازىم. خاس قورۇقچىلارغا يېتەرلىك مائاش - تەمىنات بېرىلىدۇ. 50 ئادەم بىر توپ بولۇپ ھەر قاچان مەشىق قىلىپ تۇرۇشى، تەرتىپكە رىئايە قىلىشى كېرەك. خاس قورۇقچىلار جەزمەن ماھىر چەۋەندازلاردىن بولۇشى، لازىملىق لىباسلىرىنى زاپاس ئېلىپ يۈرۈشى لازىم. شۇندىلا ئۇلار ھەر قانداق سورۇندا

ئۆز كارامىتىنى تولۇق كۆرستەلەيدۇ.

ھەر قاچان ـ ھەر زامان تۈرلۈك ئىرقلاردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن 4000 پىيادە نۆۋكەر تىزىملاقلىق تۈرۈشى كېرەك. بۇلاردىن مىڭى پادىشاھنىڭ تىزگىنىدە بولىدۇ، قالغان ئۈچ مىڭى ۋالىيلار ۋە سۇ باشىلىرىنىڭ ئىتائىتىدە بولۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى باب

## گۆھەر ـ ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ ياسالغان شاھانە ياراغلارنىڭ بايانى

ئالتۇن، گۆھەر ـ ياقۇت ۋە باشقا زىننەت نەقىشلىرى بىلەن بېزەلگەن شاھانە ياراغدىن 20 يۈرۈشنى خەزىنىدە تەييارلاپ قويۇش زۆرۈر. ئالىمادىس خارجى مەملىكەتلەردىن يالۋاچ ـ ئەلچىلەر كەلگەندە 20 غۇلام يېڭىدىن كىيىنىپ مۇشۇ قوراللار بىلەن جابدۇنۇپ شاھ تەختىنى چۆرىدەپ تۇرسۇن. بىزنىڭ سۇلتان ـ پادىشاھلىرىمىزنى (قۇدرىتى چەكسىز ئاللاھ) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە ياراتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ ھەشەم ئارتۇقچە، ئەمما پادىشاھ بولغۇچىنىڭ سۆلىتى پادىشاھ جەمەتىدىكىلەردىن پەرقلىنىشى، پادىشاھنىڭ سۆلكەت ـ سالاپىتى ئۇنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە ۋە باھادىرلىق شىجائىتىگە مۇناسىپ كەلمىسە بولمايدۇ. زامانىمىزدا «مەلىكۇل جاھان» (ئاللاھ ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى مەڭگۈگە نېسىپ قىلغاي) دىنمۇ بۈيۈك پادىشاھ مەۋجۇت ئەمەس. ھېچقايسى پادىشاھلىقنىڭ زېمىنى ئۇنىڭكىدەك زور ئەمەس. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىر نەرسە بىر پادىشاھتا ئونى بار بولسا، بىزنىڭ سۇلتانىمىزدا يۈزى بار، ئۇلارنىڭ يۈزى بولسا، بىزنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ مىڭى بار. ئۇ بارلىق روھىي ۋە مەنىۋى قابىلىيەتلىرىنى تىزگىنلىگەن بولۇپ، دانا ۋە بۈيۈك. ئۇنىڭدا شاھلىق ھوقۇقى ياكى زېمىن يېتىپ ئاشقۇچە تۇرۇپتۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئەلچىلەر ۋە ئۇلارغا قىلىدىغان مۇئامىلە-
## نىڭ بايانى

ئۆزگە ئەللەرنىڭ ئەلچى - يالۋاچلىرى شەۋكەتلىك مەملىكە-
تىمىزگە كەلگەندە ئۇلار شەھەر قوۋۇقىدىن كىرگۈچە ئۇلارنىڭ
كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كەلمەكچى بولغانلىقىنى
ھېچكىممۇ بىزگە خەۋەر قىلىپ قويمايدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار-
نى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقى ئىشلەنمەيدۇ. ئۇلار كېلىپ بۇنى
كۆرگەندىن كېيىن بۇنى بىزنىڭ بىپەرۋالىقىمىزدىن ۋە ھۇرۇنلى-
قىمىزدىن كۆرىدۇ. شۇل بائىستىن مەملىكەت چېگرىسىدىكى
مەمۇرلار ئۆزگە ئەللەر ئەلچىلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىن ئۆتكەن ھا-
مان بىر تېز چەۋەندازنى ماڭدۇرۇپ كىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقى،
قانچىلىك ھەمراھى بىلەن كېلىۋاتقانلىقى، ئاتلىق ياكى ياياق
ئىكەنلىكى، قانچىلىك لاقا - لۇقا بىلەن ماڭغىنى، مەقسەت -
مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات يوللىۋې-
تىشى كېرەك. شۇنداقلا ئىشەنچلىك كىشىدىن بىرنى ئۇلارغا
ھەمراھ قىلىپ قوشۇپ، ئۇلارنى ئەڭ يېقىن شەھەرگە ئېلىپ
بېرىشى لازىم. ئۇ كىشى ئاشۇ شەھەرگە بارغان ھامان بۇ ئەلچى-
لەرنى باشقا بىر يول بېشىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرسۇن، ئۇمۇ
ئالدىنقى كىشىگە ئوخشاش بۇ ئەلچىلەرنى كېيىنكى شەھەرگە
(مەنزىلگە) يەتكۈزسۇن. مۇشۇنداق مەنزىلمۇ مەنزىل باشلاپ
ئۇلارنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشى زۆرۈر. ھەر قېتىم تېرىقچىلىق

ۋىلايەتلىرىدىن ئۆتكەندە شۇ جايدىكى دائىملىق قارارگاھلار، يەر-لىك مەمۇرىي خادىملار، باجگىرلار ۋە ئىقتا خوجايىنلىرى ئۇلارغا ياخشىلاپ زىياپەت بېرىپ رازى قىلسۇن. ئۇلار ئۆز مەملىكەتلى-رىگە قايتقان ۋاقىتتىمۇ شۇنداق قىلسۇن، ئەلچىگە قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ قانداقلىقى شۇ مەملىكەتنىڭ خوجىسىغا قىلىنغان مۇئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. پادىشاھلار ھەر قاچان بىر - بىرىگە تاغدەك ھۆرمەت كۆرسىتىشى، ئەلچىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى زۆرۈر. شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئابرۇيى - ئىناۋىتى ئۆسى-دۇ. پادىشاھلار ئارىسىدا دوستلۇق رىشتىلىرى ئۈزۈلگەندىمۇ ئەلچىلەر ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى لازىم. ئەلچىلەرگە پەسلىك قىلىش يارىمايدۇ. بۇ يۈز كېتىدىغان ئىش. خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك «پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە) پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار» («قۇرئان كەرىم» 24 - سۈرە، 54 - ئايەت).

روشەن زېھىنلىك دىللارغا مەلۇم بولسۇنكى، پادىشاھلارنىڭ بىر - بىرىگە ئەلچى ئەۋەتىشى ئۆزئارا سۆز ياكى مەكتۇپلىرىنى يەتكۈزۈش مۇددىئاسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئادەتتى-كى كۆزلەرگە كۆرۈنمەيدىغان تۈرلۈك مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇلارغا كىرەكلىك ۋە ئۇلارنىڭ بىلمەكچى بولغىنى يول-لار، دەريا - ئېقىنلار، يايلاقلار ۋە ئۆتكەللەرنىڭ ئەھۋالىدۇر؛ ئۇلار يەنە قوشۇنلار ئۆتەلەمدۇ - يوق؛ ئۇلارنى تەمىناتتا بەھۇزۇر تەمىنلەشكە بوللامدۇ - يوق، ھەر قايسى ۋىلايەت - ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىي - ھاكىملىرى كىم، بۇ مەملىكەتنىڭ قوشۇنى ۋە ياراغلىرى قانداق؛ بۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ ئۆز يارەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؛ ئوردا سارايلىرىدىكى قائىدە - يوسۇنلار قانداق؛ مەرگەن - شىكار بىلەن خوشى بارمۇ - يوق؛ ئەخلاق-پەزىلىتى قانداق؛ پادىشاھىنىڭ ئوي - خىيالىدا نېمىلەر كەزمەك-تە؛ ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە خان - تېكىنلىرىنىڭ ئەھۋالى

قانداق؛ ئۆزى زالىممۇ ياكى ئادىلمۇ؛ ياش ـ قۇرامى نەچچىدە؛ مەملىكەت شادىمانلىققا تولغانمۇ ياكى خارابىلىققىمۇ، قوشۇن پادىشاھتىن رازىمۇ يوق؛ دېھقانلار بايمۇ ـ نامراتمۇ؛ پادىشاھ ئاچكۆز ـ نەپسانىيەتچىمۇ ياكى مەرد ـ مەردانە كىشىمۇ؛ دەۋادەستۇرلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا چىچەن ـ چېۋەرمۇ ياكى لەقۋامۇ؛ ۋەزىرلىرى يارامىلىقمۇ؛ ئىمان ـ ئېتىقادى مۇستەھكەممۇ؛ سۇباشىلىرى مەيدان كۆرگەن تەجرىبىلىك كىشىلەرمۇ؛ ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى زادى قانچىلىك؛ پادىشاھ دىنغا سادىق، كەسكىن، مەرھەمەتلىك كىشىمۇ ياكى جاھان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا بەخىرامان مانتا يەيدىغاندىنمۇ؛ ئۆزى يالغان ـ ياۋىداققا خۇشتارمۇ ياكى دۇرۇسلۇققىمۇ؛ ئوغۇللارنى ياخشى كۆرەمدۇ ياكى ئاياللارنىمۇ؛ دېگەنلەرنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ مەملىكەتنى پەتىھى قىلىش قەستىگە چۈشكەندە مۇشۇ ئەلگە ئالاقىدار ھەر قانداق ئەھۋالنى تولۇق ئايغاق قىلىدۇ ۋە مۇشۇ ئاخبار ـ ئايغاقلار ئاساسىدا جەڭ ئەھۋالىنى تايىن قىلىدۇ. سۇلتان ئالىپ ئارسلان (ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي) شېھىتلىك مۇقامىغا يەتكەن زامانلاردا كەمىنە ۋەزىر شۇنداق قىلىغانىدى.

جاھان مىقياسىدا ئەبۇ ھەنىفە① ئەقىدىسى ئەبەدىيلىككە مۇناسىپ. بۇنىڭدىن قالدىسى خاتا ئەقىدىلەردۇر. مەرھۇم سۇلتان (ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن) ئۇ كىشىنىڭ مەزھىپىدە شۇنچەلىك مۇستەھكەم ئىدىكى، كىشىلەر پات ـ پاتلا ئۇنىڭ: «ھەي ئىسىت، ۋەزىرلىرىم شافىئىيلاردىن بولمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالاتتى. ئۇ تولىمۇ ئۆكتەم زات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئۇ ئۆز ئېتىقاتىدا ئەسەبىيلەرچە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن شافىئىيلارنى ئالقىشلىمايتتى. كەمىنە ھەر قاچان ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالبۇكى، ئاشۇ سۇلتان سەمەرقەند قاغانى شەمسۇل مۇلك ناسىر ئىبنى ئىبراھىمنى ② ئىماندا بولغانغان دەپ ماۋەرا ئۇن-نەھرگە قوشۇن تارتىشنى نىيەت قىلدى. ③ ئۇ پۇتكۇل قوشۇننى تەقلەپ پادىشاھ شەمسۇل مۇلكنىڭ ئوردىسىغا ئۆز ئەلچىسىنى ماڭدۇردى. كەمىنىمۇ دانىشمەن ئەشتارنى ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى قىلىپ ئەلچىگە قوشۇپ قويدۇم. شۇنداق بولغاندا نىمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى بىلەلەيتتىم. ئەلچى ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆز مەلۇماتىنى يەتكۈزدى. شەمسۇل مۇلكىمۇ ئۆز ئەلچىسىنى سۇل-تاننىڭ ئەلچىسىگە قوشۇپ يولغا سالدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قوبۇلدا شەمسۇل مۇلۇكنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى ۋە سۇلتان-نىڭ ئەلچىسى بىلەن قوشنا ئۆيگە چۈشۈرۈلدى. ئەلچىلەرنىڭ قائىدىسى شۇنداق: ئۇلار مەركۇر ئەلنىڭ پادىشاھىنى زىيارەت قىلغاندا سۇلتانغا يۈزتۇرانە سۆز قىلمايدۇ ياكى تەلەپ قويمايدۇ، ئەكسىچە بۇلارنى ۋەزىرگە ئېيتىدۇ. ۋەزىر پادىشاھقا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىدىغان ۋاقىتتا مەن ئۆز چېدىرىمدا بىر قانچە بۇرادەرلىرىم بىلەن شاھمات ئويناۋاتقانىدىم ۋە بىر بۇرادىرىمنى يېڭى ئۇتقانىدىم. ئۇتتۇرۇۋەتكەن بۇرادىرىمنىڭ ئۇ-زۈكى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى. بۇ ئۈزۈك سول بارمىقىمدا بەكلا چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەچكە، ئوڭ بارمىقىمغا سېلىۋالدىم. شۇ چاغدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان نۆكەر كىرىپ سەمەرقەند قاغانىنىڭ ئەلچىسى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. مەن: «باشلاپ كىر» دېدىم ۋە شاھماتنى يىغىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم.

ئەلچى كىرگەندىن كېيىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى بايان قىلىشقا كىرىشتى. ئۈزۈك توختاۋسىز رەۋىشتە قولۇمنى بىئارام قىلىپ بارماقلىرىمدا ئۇياق - بۇياققا چۆرگىلەشكە باشلىدى. ئەلچىمۇ بارمىقىمغا ۋە ئۇنىڭدىكى ئۈزۈك-كە لاپپىدە كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىگەندە ئىجازىتىم بىلەن چىقىپ كەتتى. سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن سەمەرمەنت ئەل-

چىسى قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغاندا ئۆزىنىڭ جاۋابىنى يەتكۈزۈشكە شەمسۇل مۇلك ھۇزۇرىغا بىر ئەلچى قوشۇپ قويدى. مەنمۇ دانىشمەن ئەشتارنى ھەمراھلىققا قوشۇپ قويدۇم. چۈنكى ئۇ دانا زات ئىدى. ئەلچىلەر بىرلىكتە سەمەرقەندكە بارغاندىن كېيىن شەمسۇل مۇلكنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، قوبۇلدا قاغان ئۆز ئەلچىسىدىن «سېنىڭچە ئۇ سۇلتاننىڭ زېھنى قۇۋۋە-تى، سالاپىتى ۋە پەزىلىتى قانداقكەن؟ قوشۇنى قانچىلىككەن؟ ياراقلىرى سەرخىلمىكەن؟ ئوردا ـ سارايلار قانداق ئىكەن؟ ئۇلار قايسى ئەقىدىدە ئىكەن؟ » دەپ سوراپتۇ. ئەلچى: «ئەي قاغانىم، سۇلتاننىڭ سالاپەت ۋە پەزىلەتتە، باھادىرلىق ۋە جاسارەتتە، شۇنداقلا كۈچ ـ قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ قوشۇنى-نىڭ سانى بىر ئاللاھقىلا مەلۇملۇق بولسا كېرەك، ياراغلىرىنىڭ خىلى تېپىلمىغۇدەك. سۇلتاننىڭ ئوردا ـ سارايلىرى، قوبۇلخا-نا ـ زوراغارلىرى كامىللىقتا يېگانە ئىكەن. ئۇنىڭ مەملىكىتىدە بىر سەۋەنلىكتىن باشقا سەۋەنلىك بايقىمىدىم. ناۋادا بۇنى سەۋەن-لىك دېگىلى بولمىسا ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدە سەۋەنلىك يوق بولغان بولىدۇ» دەپتۇ. قاغان: « قانداق سەۋەنلىك توغرى-سىدا سۆزلەۋاتىسەن؟ » دەپ سوراپتىكەن ئەلچى: «سۇلتاننىڭ ۋەزىرى رافىزىيلاردىن④ ئىكەن» دەپتۇ. قاغان «قانداق بىل-دىڭ؟ » دەپ سورىغاندا ئەلچى: «بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئۇنىڭ بارگاھىدا زىيارەتتە بولغانىدىم. قارىسام ئوڭ قولىنىڭ بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىۋاپتۇ.⑤ يەنە سۆھبەتلەشكەچ ئۈزۈكنى پىرقىرىتىپ ئولتۇرىدۇ» دەپتۇ. دانىشمەن ئەشتار دەرھال ماڭا مەكتۇپ يوللاپ: «شەمسۇل مۇلك قاغانىنىڭ ئەلچى-سى ئۆزلىرىنىڭ پۈستانى ئىشلىرىنى ئۆز قاغانىغا مەلۇم قىلدى. كەمىنە بۇ ۋەقەنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈشنى ئۆز مەجبۇرىيىتىم دەپ چۈشەندىم» دېگەن مەزمۇننى يەتكۈزدى. سۇلتاندىن قورققانلى-قىمدىن كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ: «ئۇ شافىئىيلارغا يامان كۆزدە

قارايدۇ، مېنىڭ ئاشۇ ئەقىدىگە مۇرت بولغىنىمغىمۇ رازى ئەمەس. كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىگىللار[6]نىڭ مېنى رافىزىيلار دىنىدىكەن دېگىنىنى ئاڭلاپ قالسا ياكى سەمەرقەند قاغانىنىڭ ئالدىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئىشتىپ قالسا مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ» دەپ ئويلايتتىم. ئۆزۈمگە پاك ئىكەنلىكىم ئايان بولسىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئۈچ تۈمەن دىنار سەرپ قىلىپ بىر نەچچە كاتتا تون ۋە سوۋغات تەييارلاپ لازىملىق كىشىلەرگە سۇڭگوتتۇم ۋە ئاشۇ خەۋەرنىڭ سۇلتانغا يېتىپ قېلىشىدىن ساقلاندىم.

كەمىنە ۋەزىرنىڭ بۇ ھېكايىنى ئەسلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەلچىلەر ھەر زامان گەپ كوچىلاشقا خۇشتار كېلىدۇ. پادىشاھتا ۋە پادىشاھلىقتا نېمە كەم، نېمە ئارتۇق ئىكەنلىكىگە سەپسالىدۇ؛ كېيىنكى قېتىم كەلگىنىدە بولسا، ئۆز پادىشاھىنىڭ بۇ ئەيىب - نۇقسانلار ھەققىدىكى ئەيىبلەشلىرىنى يەتكۈزۈشىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پادىشاھلار بۇنىڭغا ھوشيار بولغان، ئۇلار سەگەك، دانا بولغاندىلا ئۆز خادىملىرىنىڭ خىزمەتتە ئېسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرەلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئوردىدا پاك ئېتىقادلىق، ئىنشەنچلىك ۋە سادىق كىشىلەرنى ئىشقا قويۇپ باشقىلارنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ئۆسەك تارقىتىشىدىن ساقلىنىدۇ.

ئەلچى ئۆز پادىشاھىغا سادىق بولۇشى، گەپ - سۆزدە دادىل بولۇشى لازىم؛ يەنە جاھان كەزگەن، ئىلىمنىڭ ھەممىلا ساھەسىدىن خەۋەردار كىشى بولۇشى زۆرۈر. ئۇ خاتىرىسى كۈچلۈك، پىكرى تېرەن، قەددى - قامەتلىك، مۇمكىن بولسا ياشانغان، دانا كىشى بولۇشى كېرەك. ئەلچىلىككە يېقىن يار - بۇرادەرلەر تەيىنلەنسە تېخىمۇ ياخشى. ئەۋەتىلگەن كىشى باتۇر ۋە مەردانە، چەۋەندازلىق ۋە ئەلەم ئىشلىرىغا كامىل كىشى بولسا تېخىمۇ ياخشى. شۇنداق بولغاندا ئۇ جاھاندىكى جىمى كىشىلەرگە بىزنىڭ قانداق ئادەملەردىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. ئەلچى

كاتتا باي ئائىلىنىڭ پەرزەنتىدىن بولسا بۇمۇ ياخشى، كىشىلەر
ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىززىتىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قەست قىلىشتىن
ئۇيىلىدۇ. ئەلچىلىككە ھەرگىزمۇ ئاچكۆز ـ مەيخورنى، ھەزىلـ
كەش ھەييارلارنى، قىمارۋاز ـ سۇخەنچىلەرنى قويماسلىق لازىم.
بەزى پادىشاھلار ھەمىشە ئەلچىلەردىن پۇل ـ پۇچەك، قىممەتلىك
سوۋغىلارنى، ياراغلارنى ئەۋەتىپ ئۆز ساداقىتىنى ۋە قارام بولغانـ
لىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. بۇ ساختىلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن
شۇنداق چاپسانلىق بىلەن قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ قىلىچ ـ شەمشەرـ
لىرىنى بىلەپ، سەرخىل قوشۇنى بىلەن ياۋغا تېگىش قىلىدۇ ۋە
ئۇنى يېڭىۋالىدۇ. ئەلچىنىڭ پەزىلىتى ۋە روشەن پىكرى پادىشاھـ
نىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە، دانالىقىغا، ھۆكۈم ـ زېھنىگە ۋە
بۈيۈكلىكىگە تەسىر قىلىدۇ.

ئىزاھلار:

① ئەبۇ ھەنىفە — نۇئمان ئىبنى سابىت، كۇشىلىك ھەدىسـ
شۇناس ھەنەفى مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى. مەزكۇر ئەقىدىدىكلەر
ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى فىقھىشۇناسلىقىدىكى تۆت مەزھەپنىڭ
بىرىنچىسى. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەرغىباتى: زور گۇناھ ئۆتكۈزگۈـ
چىگە ھۆكۈم ئېلان قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى بىدئەت دەپ ئاتىماسـ
لىق؛ خەلىفە ئوسمان، ئەلى ۋە مۇئاۋىيەگە ھۆكۈم چىقىرىشقا
پەقەت ئاللاھنىڭلا قادىر ئىكەنلىكى، مەغپىرەتنى تەشەببۇس قىلىـ
دۇ. ئەبۇ ھەنىفە مىلادى 699 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 767 ـ يىلى
ئالەمدىن ئۆتكەن. — خەنزۇچە تەرجىماندىن.

② ۋ. ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە بولغان تۈرـ
كىستان» 314 ـ 316 ـ بەتلەرگە قاراڭ؛ لايىن ـ پول:
«خاندانلىقلار»، 134 ـ135ـ بەتلەر.

③ غەربىي قاراخانىيلار قاغانى. بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈـ
رۈش 1072 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئالپ ئارسلان مۇشۇ
قېتىمقى يۈرۈشتە قازا قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

④ رافىزىي — سۈننى مەزھەپىدىكىلەر شىئەلەرنى كەمسى-
تىپ «رافىزىي» دەپمۇ ئاتايدۇ.

⑤ پەيغەمبىرىمىز زامانىدىن باشلاپ سۈننىيلەر ئۆزۈكنى
سول بارمىقىغا تاقاپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزۈكنى ئوڭ قولىنىڭ
بارماقلىرىغا سېلىش شىئەلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغان. ئىمام
مۇسلىم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان
ھەدىستە ئەنەس: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزۈكى سول قول-
نىڭ بارمىقىدا ئىدى، دېگەن.

⑥ چىگىللار — چىگىللار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇ-
نىنى تەشكىل قىلغۇچى يادرو كۈچ بولۇپ، پۈتكۈل شەرقىي تۈرك
قەۋمىنى سەلجۇق تۈركمەنلىرى چىگىل، دەپ ئاتايتتى. ۋ. ۋ.
بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە بولغان تۈركىستان» 254 ـ
بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

[illegible]
[illegible]
[illegible] . 06 . 2007
[illegible]

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## راباتلاردا ئوزۇق ۋە يەملەرنى كۆپلەپ زاپاس ساقلاشنىڭ بايانى

پادىشاھ ئالىيلىرى ئاتلىق سىرتقا چىققاندا شاھ بارغان جاي- دىكى راباتتا يەم - خەشەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يېتەرلىك تەييار- لانمىغان بولسا شۇ كۈندىكى تەمىنات مەسىلىسى ئېغىر باش قې- تىمچىلىققا ئايلىنىدۇ. ھەتتا ئىلاجسىز دېھقانلاردىن يۇلۇپ كې- لىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال تولىمۇ يامان. پادىشاھ ئۆتىدىغان يول ئۈستىدىكى چۈشكۈن قىلىش كۆزلەنگەن يېزا بويلىرىدا ئىقتا (شاھلىق تەرىپىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن) يەرلەر، خان جەمەتىنىڭ ۋەقپە يەرلىرى بولسا ھەر ھالدا بىر ئامالدارنى قىلىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ؛ ناۋادا نە يېزا، نە دەڭ - ئۆتەڭ بولمىسا، ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى بىرەر يېزىدا تۈرۈپ تۈرۈشى، شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار ھوسۇل يىغىۋاتقان بولسا ئۇلار ئەكىلىدىغاننى ئەكەلگۈچە كۈتۈپ تۈرۈشى كېرەك. بۇ چاغدا تەمىناتقا كېرەكلىك نەرسىلەر يىغىلسا پايدىلانسۇن؛ ناۋادا ھوسۇل يىغىلىش ئالدىدا پادىشاھ بەختسىزلىككە دۇچار بولسا يىغىلغان ئاشلىقنى سېتىۋېتىشسۇن. ئاشلىق ساتقان پۇلنى باجغا ئوخشاشلا خەزىنىگە تاپشۇرسۇن. مۇشۇنداق بولغاندا دېھقانلارغا يۈك بولمايدۇ. ئاشلىق ۋە يەم بىلەن تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. پادىشاھمۇ ئۆز مەجبۇرىيد- تىنى ئادا قىلالماي قېلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## لەشكىري تەمىناتنى تەھقىقلەشنىڭ بايانى

قوشۇندىكى لەشكەرلەر ۋە سەرۋازلار ئۆز قەرەلىدە لەشكىري تەمىناتنى ئالالىشى لازىم. ئىقتا (شاھلىق تەرىپىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن يەر) خوجىلىرىدىن بولغان سەرۋازلارنىڭ تەمىناتى ئۆزىنىڭ ئىقتا يېرىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، ئەمما قولىدا ئۆزىگە تەۋە يېرى بولمىغان سانغۇن، نۆكەرلەرگە مائاش تەمىناتى بېرىلىشى كېرەك. قوشۇندىكى سەرۋاز نۆكەرلەرنىڭ مەۋجۇت سانىغا قاراپ كېتەرلىك مائاش چىقىمىنى جەملىگەندە ئاجرىتىلغان چىقىمنى خاس ھالدا سەرپ ئەتمەك زۆرۈر. بۇ تەمىناتلار ئۆز قەرەلىدە تارقىتىلىشى لازىم. بىر بولسا پادىشاھ يىلدا ئىككى قېتىم قوشۇنىنى ئوردا ئالدىغا يىغىپ تارقىتىشى، بىر بولسا ئۇلارغا مائاش تەمىناتىنى تارقىتىش توغرىسىدا پەرمان جاكارلىشى لازىم. مائاش تەمىناتىنى تارقىتىش مەجبۇرىيىتىنى خەزىنىگە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. پادىشاھ مائاش تەمىناتىنى لەشكىري خادىملارغا ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بەرسە ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىك غەيرىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ جەڭ پەيتىدە ۋە تىنچ ۋاقىتلاردا ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تېخىمۇ بەجانىدىللىق بىلەن ئادا قىلىدۇ.

پادىشاھلارنىڭ ئەسلىدىكى يوسۇنى مۇنداق ئىدى: لەشكىري خادىملارغا ئىقتا يەر بەرمەسلىك، ھەر بىر لەشكىري خادىم ئۆزىنىڭ لەشكىري دەرىجىسىگە قاراپ يىلدا تۆت قېتىم شاھ

خەزىنىسىدىن لەشكىرىي تەمىناتقا بېرىلگەن دىنارلارنى ئېلىش ۋە كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى ئۆز قەرەلىدە بېرىش؛ ئالىمادىس كۆتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەرگەندە ئىككى مىڭ چەۋەنداز دەرھال ئاتلىنىپ چىققۇدەك ھالەتنى ساقلاش؛ باجگىرلار توپلىغان باج پۇلى شاھانە خەزىنىگە يوللىنىش، بۇ پۇللارنى ئۈچ ئايدا بىر قېتىم غۇلام ـ مەھرەملەرگە ۋە لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىش. بۇ يوسۇننى ئۇلار «بىستىغانى» ① دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوردىسىدا ھېلىھەممۇ قوللىنىلماقتا.

ئىقتا ئىگىلىرىنىڭ روشەن دىللىرىدىن سىر مەخپىي قالمىغايكى، بىر لەشكەر ئەجەل شارابىنى ئىچسە ياكى بىرەر ئىش ۋەجىدىن ئۆز قوشۇنىدىن ئايرىلسا سۇباشى ھەقىقەتنى ئەينەن مەلۇم قىلىشى، ھېچ نەرسىنى يوشۇرماسلىقى لازىم. سۇباشىلىرىنىڭ كۆڭۈل سەھىپىلىرىگە شۇنداق مۇستەھكەم ئورنىشىپ كەتسۇنكى، ئۇلار ئۆز مائاش ـ تەمىناتلىرىنى ئۆز قەرەلىدە ئالالىغان ئىكەن، ئۆز قوشۇنىدىكى نۆكەر، سەردارلارنى ھەر قاچان كىرچى تارتىلغان ئوق كەبى تەييار ھالەتتە تۇتالىشى كېرەك. بىرەر كىم ئىجازەت بىلەن ئۆز ئورنىدىن ئايرىلغاندا سۇ باشى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كىشىنى سەپلىشى زۆرۈر. ئۇنداق قىلالمىسا ئاشۇ سۇ باشى جازاغا تارتىلىپ مائاش ـ تەمىناتتىن توختىتىلسا بولىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① بىستىغان — بۇ سۆزنى تېخىچە بىرەر كىشى رازى بولغۇدەك يېشىپ باقمىدى. پارسچە تېكىستتە بېرىلگىنىنىڭ مەنىسى «20 ئارقىلىق تۆلىنىدىغان مائاش» بولىدۇ. ۋ. بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە بولغان تۈركىستان» دا «ئېھتىمال سامانىيلار زامانىسىدىكى خۇراسان قوشۇنىغا بېرىلىدىغان 200 تۆمەن دەرھەم چىقىمنى ئاساس قىلسا كېرەك» دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## كۆپ خىل قەۋمدىن قوشۇن تۈزۈشنىڭ بايانى

قوشۇن بىرلا قەۋمدىن تۈزۈلسە جانغا زامىن بولىدۇ. بۇنداق قوشۇندا غەيرەت ـ جاسارەت كەمچىل، لەشكىرىي ئىنتىزام چېچىلاڭغۇ كېلىدۇ. شۇڭا قوشۇننى جەزمەن ئوخشاشمىغان قەۋمدىن تۈزۈش مۇۋاپىق. ئوردىدا دەيلەمىيلەر ۋە خوراسانلىقلاردىن تۈزۈلگەن ئىككى مىڭ نۆكەر بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتىكى قوشۇن سانىنى چەكلەش، قالدىسىنى لەشكەرلىككە خەتلىتىش كېرەك. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گورگاندىن ۋە پارسىنىڭ شابانقارا ۋادىسىدىن كەلگەنلەر بولسا دەل جايىدا بولغىنى، چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىنلا نۆكەرلىككە ياراۋاتقانلاردۇر.

سۇلتان مەھمۇد (ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن) نىڭ ئادىتى شۇ ئىدىكى، ئوخشىمىغان ئىرقتىكى تۈركلەر، خوراسانلىقلار، ئەرەبلەر، ھىندىلار، گۇرلۇقلار ۋە دەيلەمىيلەرنى بىر قوشۇن قىلىپ قۇراتتى. ھەر قېتىم ئۇلار يىراققا يۈرۈش قىلغاندا كېچىلىرى ھەر بىر قەۋمدىن تاللانغان كىشىلەرنى كۆزەتكە قوياتتى ۋە ھەر قايسى قەۋمدىكىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم قونالغۇ كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئۈركۈشۈپ ھېچقايسىسى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى قارارگاھتىن تۇرۇپ مېڭىشقا پېتىنالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۆزىتىشىپ تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىمايتتى. كۈندۈزلىرى سوقۇش مەيدانىغا چۈشكەندە

هەر بىر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان
تىكىپ قانلىق جەڭلەرنى قىلىشاتتى. شۇنداقلا ئۆز قەۋمىنى باش-
قىلارنىڭ توخۇ يۈرەكلەر دېيىشىدىن قاتتىق ۋايىم يېيىشەتتى.
شۇنداق بولغاندا ھەممىلا قەۋم باشقىلاردىن ئۈزاپ كېتىشنى كۆز-
لەيتتى.

نۆركەرلەر ئەنە شۇنداق شەكىلدە تۈزۈلگەن بولغاچقا، جەڭ-
سوقۇشلاردا ھەممىسى پىداكارلىق بىلەن ياۋنى قىراتتى. قوللى-
رىغا ياراغنى ئالدىمۇ، بولدى، تاكى ياۋنى سۈرۈپ تاشلىمىغۇچە
كۆڭلى ئەمىن تاپمايتتى.

بىر قوشۇنىنىڭ لەشكىري جاسارىتى بىر - ئىككى قېتىم
ئاشسا، بىر - ئىككى قېتىم ئۇتۇقلۇق سوقۇشسا يۈز كىشىلىك
بۇ قوشۇن مىڭ كىشىلىك ياۋ قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەي-
دۇ. ئۇلارنى ھەر قانداق ياۋمۇ يېڭەلمەيدۇ. قوشنا ئەللەردىكى
ھەممىلا قوشۇن بۇنداق قوشۇنغا ئىگە پادىشاھتىن ھېيىقىپ ئۇ-
نىڭغا ساداقەت كۆرسىتىدۇ.

03 . 06 . 2007

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ئوردىدا تۇرغاق[1] تۇتۇشنىڭ بايانى

ئەرەبلەر، كۇردلار، دەيلەمىيلەر، رۇملۇقلار ۋە تېخى يېـ-
قىندىلا مۇرەسسە سۇلھىگە كەلگەن قالدى ـ قاتتى ھۆكۈمرانلارغا
يەتكۈزۈش زۆرۈركى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئوغلىنى ياكى
قېرىنىدىشىنى ئوردىدا تۇرۇشقا ئەۋەتسۇن. بۇ تۇرغاقلارنىڭ سانى
مىڭغا يەتمىسە ھېچبولمىغاندا بەش يۈزدىن ئاشسۇن. ھەر يىلنىڭ
ئاخىرىدا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇشقا، ئورنىغا كەلگەن ئادەم ئوردىغا
تىزىملىتىپ كىرگەندىن كېيىن ئالدىنقىسىنىڭ قايتىشىغا بولىـ-
دۇ. بۇ خىل چارىنى قوللانغاندا تۇرغاقلارنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن
ھېچكىممۇ پادىشاھقا قارشى ئىسيان قىلالمايدۇ. دەيلەمىيلەر،
قۇھىستانلىقلار، تەبەرىستانلىقلار، شابانكارلىقلار ۋە ئاشۇ ئىقتا
خوجىلىرى ئوردا تۇرغاقلىقىغا 500 كىشى ئەۋەتىشى كېرەك.
شۇنداق بولغاندىلا ئوردا زۆرۈر تاپقاندا كېرەكلىك ئادەم مەڭگۇ-
لۈككە قىس بولمايدۇ.

---

[1] بارىمتاي، گۆرۈ.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## تۈركمەنلەرنى ئوردا قورۇقچىلىقىغا تەيىن قىلىشنىڭ بايانى

تۈركمەنلەرنىڭ تېرىغان چاتاقلىرى كۆپ، ئۇلارنىڭ سانىمۇ كۆپ، ئۇلار سۇلالىمىزنى تىكلەشكە زور ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى ۋە خاندانلىقىمىز بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق ھالىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىسە ئۆز تەلەپلىرىنى ئوردىغا سۇنۇشۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئىشنىڭ يولى ئۇلاردىن مىڭ نەپەر ياش بوغۇننى ئوردىغا قوبۇل قىلىپ ئوردا قورۇقچىلىقىغا قويۇشتۇر. ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ياراغلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆگىنىپ چىقىدۇ ۋە پىشقان قورۇقچى - سەردارلارغا ئايلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنى باشقىلار بىلەن بىر تۇرالغۇغا جايلاشتۇرۇش لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ قورۇقچى بولۇش غەيرىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوردا تۇرمۇشىدىن غەيرىيلىك ھېس قىلمايدىغان بولىدۇ ۋە تۇرالغۇ ھاياتىغا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ كېتىدۇ. لازىم تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ سانىنى بەش مىڭغا ياكى بىر تۈمەنگە ئايرىشقا، بۇ كىشىلەرنى قورۇقچى قىلىپ تەشكىللەپ قورالاندۇرۇشقا ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە قويۇشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا خانلىق ئۇلارنى پىغان چەكتۈرمەيدۇ، پادىشاھقا شەرەپلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ قانائەت تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## چاكارلارنى ئەمگەككە سېلىشنىڭ بايانى

رويخەتتىكى چاكارلار① يىغىلىشقا ئۇندەلگەندە دەرھال توپ-
لىنالايدىغان بولسۇن. مۇشۇنداق بولغاندا زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلار-
غا تەنبىھ بېرىشكە قولايلىق بولىدۇ. ئۇلارغا ئىشتىن كېيىن نېمە
قىلىشنى بىر - ئىككى قېتىم ئېنىق ئۆگىتىپ قويۇش كۇپايە.
مەھرەم ئىشلىتىش زۆرۈر، شۇنداقلا سۇ توشۇغۇچى، يارامىلىق
قورۇقچى، ساقى، غوجىدار قاتارلىقلاردىن نەچچىسى بولۇشى
كېرەككى، بۇ كىشىلەرنىڭ كېرەكلىك خىزمىتى، بۇلاردىن قاز-
چىسىنىڭ باش ياساۋۇل ۋە ئەمىرلىككە ئۆستۇرۇلىدىغانلىقى قا-
تارلىقلارنى ئېنىق بەلگىلەش زۆرۈر. ئۇلار ھەر كۇنلۇكى بەلگى-
لەنگەن ساندا ئۆز چېدىرلىرىدىن چىقىپ نۆۋىتى بويىچە ئۆز
خىزمىتىنى ئارتقۇزسۇن. پادىشاھنىڭ خاس قورۇقچىلىرىمۇ
شۇنداق قىلسۇن. شۇنداق بولغاندا ئۇلار بىر يەرگە كەپلىشىپ
قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، قورۇقچىلار خىزمەتكە كىرگەندىن
باشلاپ قېرىلىق يەتكۇچە تەربىيە ۋە مەشىقتىن قالماسلىقى كې-
رەك. ھالبۇكى، بۇ يوسۇن ھازىر تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. كەمى-
نە ۋەزىرلىرى ئۇشبۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئالىرىمنىڭ بى-
رى سۇپىتىدە ئۇشبۇ ھادىسىنى بايان قىلىشقا ئاز - تولا سىياھ
سەرپ ئەتمەكنى زۆرۈر تاپتىم. ئالىيلىرىنىڭ پىسەنتىگە توغرا
كەلسە پېقىرنىڭ ئارزۇسى ئىجاۋەت بولغاي.

## ئوردا قورۇقچىلىرنى تەربىيىلەشنىڭ بايانى

بۇ خىل يوسۇن سامانىيلار زامانىسىدا ئىزچىل داۋام ئەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ خىزمەتتە بولۇش قەرەلى ۋە تۆھپە ـ خىزمەتلىرىگە قاراپ، بالداقمۇ بالداق ئۆرلىتىش لازىم. شۇڭا قورۇقچىلار ئوردىغا كىرگەن يىلى مىراخورنىڭ ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزۇشى، ئۇچىسىغا زەندەنجى تونى، پۇتىغا ئىگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيىشى لازىم. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۆز مەيلىچە ئاتلارنى مىنمەسلىكى، مىنىگىنى سىيزىلسە قاتتىق جازالىنىشى كېرەك. ئۇ مۇشۇنداق بىر يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ئاقساقال بۇنى ئوردا ۋەزىرىگە مەلۇم قىلسۇن. ئۇ بولسا پادىشاھقا مەلۇم قىلسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن ئوردا ئۇنىڭغا تۈرك تايچىقىدىن بىرنى، ئاشلانمىغان تېرىدىن ئىشلەنگەن ئېگەر، تۆشلۈك، ئۈزەڭگە قاتارلىق جابدۇقلارنى بېرىدۇ؛ ئۇ ئاتلىق بىر يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، يەنى خىزمەتتە بولغىنىغا ئۈچ يىل بولغاندا ئۇنىڭغا بىر دانە كەمەر بېرىلىدۇ؛ تۆتىنچى يىلى بىر دانە ساداق ۋە ئوقدان بېرىلىدۇ، بۇلارنى ئات مىنگەندە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. بەشىنچى يىلى تېخىمۇ ياخشىراق ئات جابدۇقلىرىغا ۋە ساۋۇت ـ كالتەكلەرگە ئىگە بولىدۇ، كالتەكنى ئىلغۇچقا ئېسىۋالىدۇ؛ ئالتىنچى يىلى بىر مەھرەم ياساۋۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كالتەك ـ قوراللىرىنى يۈدۈپ ماڭىدۇ، ئۆزى بولسا بېلىگە قەدەھتىن بىرنى ئېسىۋالىدۇ؛ يەتتىنچى يىلى ئۇ تون ـ پەرىجە كىيىۋالسا بولىدۇ؛ سەككىزىنچى يىلى بىر چېدىر ۋە يېڭىدىن كەلگەن ئۈچ ياساۋۇل قورۇقچى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا «ئاقساقال» مەرتىۋىسى بېرىلىپ كۈمۈش يىپتىن نەقىش تۇتۇلغان قارا مالخاي ۋە ساۋۇت ھەدىيە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى يىلمۇ يىل ئۆسۈپ ئەڭ ئاخىردا سۇ باشى ياكى ئوردا ۋەزىرلىرى بولغۇچە مۇناسىپ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلار-

نى بىر ياقلىق قىلىش قابىلىيىتى، جاسارىتى ۋە پاراستى ھەم-مىنى قايىل قىلغاندا، بىر نەچچە قېتىم مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ھەممىگە مە-لۇملۇق بولغاندا، ساداقىتى يۇكسەكلىككە يەتكەندە ئۇ ياساۋۇل قورۇقچى 35 ~ 40 ياشلارغا بېرىپ قالغان بولىدۇ. مانا مۇشۇن-داق ئەھۋالدا ئاندىن ئۇلارنى ئەمىرلىككە ئۆستۈرۈپ بىرەر ئۆل-كىنىڭ ئىشىغا خوجا قىلىشقا بولىدۇ.

ئالپ تېكىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ چاكىرى ۋە ئەركە ئوغلى ئىدى. ئۇ 35 ياشقا كىرگەندە خۇراسان قوشۇنىنىڭ سۇبا-شى بولىدۇ. ئۇ تولىمۇ دىيانەتلىك ۋە ئىشەنچلىك كىشى بولۇپ، قورقۇمسىزلىقتا مەشھۇر ئىدى. تۈرك نەسلىدىن بولغان بۇ كىشى دانا ۋە يىراقنى ئويلىيالايدىغان، تەدبىرلىك - چېۋەر، چىقىش-قاق- مۇلايىم ئىدى. ئۇ ئۆز قولىدىكى قوشۇنغا غەمگۇزار ۋە سېخىي ئىدى. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشتا يېگانە ئىدى. ئۇنىڭ جىسمىغا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بارچە ئېسىل پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، خۇراسان ۋە ئىراقنىڭ باج - سېلىق ئىشلىرىغا خوجا ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق قورۇقچىلار ۋە قۇللار 1700 گە يېتەتتى. بىر كۈنى ئالپ تېكىن 30 نەپەر تۈرك قورۇقچى سېتىۋالدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئاتىسى سۇبۇق تې-كىنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. سۇبۇق تېكىننىڭ ئالپ تېكىننىڭ قولىغا سېتىلىشى بىلەن ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنىڭ بىرىنچى سەھىپىسى ئېچىلدى. ئىككىنچىسى شۇ بولدىكى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ئالپ تېكىننىڭ يېنىدىكى چەپراس تۇرغان قورۇقچىلار قاتارىدا ئۇردا ۋەزىرى چىقىپ ئالپ تېكىن-گە: «ئاقساقال بولۇپ خىزمەتتە بولۇۋاتقان پۇستانى ئەجەل شارا-بى ئىچتى. ئەمدى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كىمگە ھاۋالە قىلماق زۆرۈر؟» دېدى. شۇ ئەسنادا ئالپ تېكىننىڭ كۆز نۇرى ئايلىنىپ كېلىپ سۇبۇق تېكىنگە چۈشتى ۋە: «بۇ خىزمەتنى مۇشۇ قورۇق-

چىغا تاپشۇرايلى» دېدى. ئوردا ۋەزىرى: «يارەببىم! بۇ چاكارنى ئالغىنىمىزغا تېخى ئەمدىلا ئۈچ كۈن بولدىغۇ؟ ئۇنى يەتتە يىلدىن كېيىن ئاندىن مۇشۇ مەرتىۋىگە قويۇش كېرەك ئىدىغۇ؟» دېدى. ئالپ تېكىن: «مەن ئەزەلدىن دېگىنىمنى قىلىمەن، دېدى. قو-رۇقچى بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن تەزىم ئارقىلىق ئۆز تە-شەككۇرىنى ئىزھار قىلدى. ئالپ تېكىن: «ئۇنىڭغا بۇ مەرتىۋى-نى بەرگىنىمىز بىزنىڭ زور ئىلتىپات قىلغىنىمىز. ئەمما ئۇ يەنىلا تەرتىپ بويىچە ئۆسۈشى كېرەك ئىدى» دېدى. ئالپ تېكىن قانداق قىلىپ يەتتە يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىنكى قورۇقچىغا بېرىلىدىغان مەرتىۋىنى ئەمدىلا ئالغان بىر قورۇقچى قولىغا ھەدىيە قىلىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ئۆز كۆڭلىدە ئويلايتتى: «ئېھتىمال ئۇ تۈركىستاندىكى بىرەر كاتتا جەمەتنىڭ پەرزەنتىدۇر. ئېھتىمال ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئۇستۇندۇر، ئېھتىمال ئۇنىڭ كەلگۈسى ئامەت-لىكتۇر». كېيىنچە ئۇ بۇ يېگى ئاقساقالنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ پۈتۈن يارلىق ـ پەرمانىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى ۋە: «ئېيتقانلىرىمنى تەكرارلاپ كۆرگىن» دېدى. سۇبۇق تېكىن بىر سۆزنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي تەكرارلىدى. ئالپ تېكىن: «بار-غىن، جاۋاب ئېلىپ كەلگەن» دېدى. سۇبۇق تېكىن كېلىپ يارلىقنى يەتكۈزدى ۋە ئەڭ تېز سۈرئەتتە جاۋاب ئېلىپ كەلدى. ئالپ تېكىن ئۇنىڭ كۈنسايىن يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ-دىن مەمنۇن بولدى. ئۇنى سۇ توشۇغۇچى قورۇقچىلىققا تەيىن قىلىپ لەشكىرىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە قويدى، يەنە ئون لەش-كەرنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ ئۇنى توختاۋسىز ئۆستۈر-دى.

سۇبۇق تېكىن 18 ياشقا كىرگەندە 200 قورۇقچىنىڭ سەر-دارى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئالپ تېكىننىڭ قائىدە ـ يوسۇن، يېمەك ـ ئىچمەك، مېھمان كۈتۈش، شىكارغا چىقىش، چەۋگەن ئويناش، ئوقيا ئېتىش، رەئىيەتكە خۇشخۇي بولۇش، لەشكىرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خادىملارغا ئۆز قېرىندىشىدەك بولۇش كەبى ئادەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈردى. ئەسلىدىمۇ ئۇ قولىدا بىر تاللا ئالما بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنى قالغان ئون ھەمراھى بىلەن تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ يېيەلىگۈدەك زات ئىدى. ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئېسىل پەزىلەتلەر كۆپ بولغاچقا ھەممىلا كىشى ئۇنى ياقتۇراتتى.

## ئالپ تېكىن ۋە سۇبۇق تېكىن ھەققىدە بايان

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالپ تېكىن خىللانغان 200 قورۇقچىسىنى قالاچ تۈركلىرى ۋە تۈركمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تېگىشلىك ئولپاننى يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سۇبۇق تېكىنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئۇلار بارغاندا قالاچ تۈركلىرى بىلەن تۈركمەنلەر ئولپاننى بەلگىلەنگەن مىقداردا تۆلەشكە قارشى چىقتى. قورۇقچىلار غەزەپلىنىپ قوراللىرىنى ئالغىنىچە ئۇلار بىلەن سوقۇشماقچى بولۇشتى ۋە قوراللىق ھالدا ئولپاننى يىغماقچى بولدى. سۇبۇق تېكىن: «مېنىڭ بۇ سوقۇشنى قىلغۇم يوق، ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغۇممۇ يوق» دېدى. ھەمراھلىرى بۇنىڭ ۋەجىنى سورىشۇدى ئۇ: «خوجىمىز بىزنى سوقۇشۇشقا ئەمەس، ئولپان يىغقىلى ئەۋەتكەن. ناۋادا ھازىر ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ ئالمادىن يېڭىلىپ قالساق يۈزىمىز تۆكۈلىدۇ، خوجىمىزنىڭ ئابرۇيى ئىناۋىتىمۇ يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ. شۇنداقلا خوجىمىز بىزنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن ئەيىبلەيدۇ. ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا نومۇستىن ئۆلىمىز، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن» دېدى. قورۇقچىلارنىڭ كۆپ قىسمى سۇبۇق تېكىننىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ سوقۇشۇشتىن يالتايدى ۋە ئاز ـ تولا غىزغازدىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار قايتىپ ئالپ تېكىنگە ئۇلارنىڭ ئولپاننى تۆلەشكە قارشى چىققانلىقىنى بايان قىلغاندا ئالپ تېكىن: «قولۇڭلاردا ياراغ بولغاندىكىن نېمىشقا شۇنىڭ

بىلەن ئىشنى پۈتتۈرمەيسىلەر؟» دەپ سورىدى. قورۇقچىلار: «دوبۇلغا ساۋۇتلىرىمىزنى تەقلەپ، سوقۇشقا تەييارلانغىنىمىزدا سۈبۈق تېكىن بىزنى توسۇپ قويدى، بىزمۇ ئويلىنىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق» دېيىشتى. ئالپ تېكىن سۈبۈق تېكىنگە قاراپ: «نېمە ۋەجىدىن ئۇلارنى سوقۇشتىن توستۇڭ؟» دەپ سورىدى. سۈبۈق تېكىن: «خوجىمىز بىزگە ئۇرۇشۇش توغرىسىدا يارلىق بەرمىگەن. ناۋادا بىز يارلىق بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز مەيلىمىزچە سوقۇش قىلساق ھەر بىرىمىز چاكار ئەمەس، خوجايىن بولۇپ قالغان بولىمىز. چۈنكى چاكار دېگەن خوجىسى بۇيرۇغاننىلا قىلىدۇ. ناۋادا بىز سوقۇشۇپ يېڭىلىپ قالساق خوجىمىز مۇقەررەركى سوقۇشۇشقا سىلەرنى كىم بۇيرۇغان، دەپ سورايدۇ. شۇ چاغدا خوجىمىزنىڭ غەزىپىنى نېمە بىلەن ياندۇرىمىز؟ ناۋادا بىز يەڭسەك شۇبھىسىزكى بىر قىسىم ئادەملەر قىرىلىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا مايىللىق ۋە تەشەككۈرنىڭ ئورنىغا لەنەتكە قالىمىز. ئەگەر سەن بىزگە سوقۇشۇشنى بۇيرۇساڭ بىز ھازىرلا ئاتلىنىمىز. يا سوقۇشۇپ ئۆلىمىز، يا ئولپاننى ئېلىپ كېلىمىز» دېدى. مەمنۇن بولغان ئالپ تېكىن: «سۆزۈڭ بەرھەق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئالپ تېكىن سۈبۈق تېكىننى ئۆستۈرۈپ 300 قورۇقچىغا باش قىلدى.

خۇراسان ئەمىرى نۇھ ئىبنى ناسىر③ بۇخارادا ئاخىرەت سەپىرىگە يول ئالغاندا ئالپ تېكىن نىشاپۇردا ئىدى. ۋەزىرلەر ئاستانىدىن ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈشتى ۋە: «خۇراسان ئەمىرى ئەجەل شارابى ئىچتى، ھاياتىدىن 30 ياشلىق قېرىندىشى ۋە 16 ياشلىق ئوغلى تەۋەررۈك قالدى. سەن بولساڭ خاندانلىقىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. سېنىڭچە بىز كىمنى ۋارىس قىلساق بولار؟» دەپ سوراشتى. ئالپ تېكىن دەررۇ بىر ئەلچىدىن جاۋاب مەكتۇپ ماڭدۇرۇپ: «ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ۋارىس بولغۇدەك قابىلىيىتى بار، ھەر ئىككىسى خاندانلىقىمىز-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭ بەگ ـ تۆرىلىرى. ئۇلاردىن پادىشاھنىڭ قېرىندىشى كۆرگەن بىلگىنى كۆپ، جاھاننىڭ رەپتارىنى بىلىدىغان، ئاق ـ قارىنى ياخشى بىلىدىغان، ئورنى ۋە يۈزى بار كىشى. ئوغلى بولسا ھېچقانچە جاھان كۆرمىگەن ئۈسمۈر. مەن ئۇنىڭ يا رەئىيەتنى ئىدارە قىلالماي، يا ھۆكۈمرانلىقنى قاملاشتۇرالماي ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ۋايىم يەۋاتىمەن. شۇڭا ئىنىسى ۋارىس بولسا ياخشىراقمىكىن» دېدى. ئەتىسى ئۇ يەنە بىر ئەلچىدىن ئوخشاش مەزمۇندىكى ئىككىنچى مەكتۇپنى يوللىدى. بەش كۈندىن كېيىن ئەلچىدىن بىرى شاھزادىنىڭ ۋارىسلىق تەختىگە چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئالپ تېكىن ئۆزى ماڭدۇرغان ئىككى ئەلچىدىن خاتىرجەم بولالماي: «چۆپرەندىلەر! ئەسلىدە خانزادىنى ۋارىسلىققا كۆرسىتىشمەكچى بولۇپ تۇرۇپ يەنە مېنى كولدۇرلاتقىنى نېمىسى. مەن ئۇلارنى ئوخشاشلا ئەتىۋارلىغان بولسامۇ يەنىلا ئىنىسىنى ۋارىس قىلىشقا مايىل ئىكەنلىكىمنى ئېنىق ئېيتقانىدىم. ئىككى ئەلچى مەكتۇپلارنى ئېلىپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاستانىگە بارسا خانزادە رەنجىيدۇ، مېنى تاغىسىغا يان بېسىپتۇ، دەپ ماڭا ئاداۋەت تۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى چۆپرەندىلەر ئۇنى دەي ـ دەيگە سېلىپ ئارىمىزنى يىراقلاشتۇرىۋېتىدىغۇ؟» دېدى. ئۇ دەرھال يۈگرۈك تۆگىدىن بەشنى راسلاپ ھېلىقى ئىككى ئەلچىگە يېتىشىلىش ۋە ئۇلار جەيھۇندىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ياندۇرۇپ كېلىش ھەققىدە ئەمىر قىلدى. تۆگىچىلەر جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاپ ئامۇرغا يېقىن جايدىكى چۆلدە ئەلچىنىڭ بىرىگە يەتتى، يەنە بىر ئەلچى بولسا جەيھۇندىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئالپ تېكىننىڭ ئەلچىسى مەكتۇپنى بۇخاراغا يەتكۈزگەندە ياش پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەقەمسايىلىرى قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىشىپ: «ئۇ قانداقمۇ خاننىڭ تاغىسىنى تاللىۋالغاندۇ؟ نەسەب دېگەن قېرىنداشلار بىلەن ئەمەس پەرزەنتلەر ئارقىلىق داۋام قىل-

مامدۇ؟» دېيىشتى. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋېرىپ پادىشاھنى ئالپ تېكىنگە ئۆچ قىلىۋېتىشتى. شۇ چاغدا ئالپ تېكىننىڭ ئادەملىرى كېلىپ قايتا ـ قايتا ئۆزرە ئېيتىپ سوۋغات قويغان بولسىمۇ ياش پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەت تۈگىمىدى. كۆڭلىگە تۇرلۇك شۇملۇقلار يوشۇرۇنغان سۇخەنچىلەر ياش خاننى ئېچىتىپ نارازىلىقىنى ئاشۇردى. ئالپ تېكىن ئەسلىدە ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سېتىۋالغان چاكىرى بولۇپ، ئىزچىل شۇ زاتقا خىزمەت قىلغانىدى. كېيىن يەنە ناسىر ئىبنى ئىسمائىلنىڭ خىزمىتىدە بولدى، ناسىر خان ئالەمدىن ئۆتكەندە نۇھەئىبنى ناسىرنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىندى ۋە نۇھ زامانىسىدا خوراسانىنىڭ سۇباشى بولغانىدى. نۇھ ئالەمدىن ئۆتكەندە نۇھنىڭ ئوغلى، يەنى ياش شاھزادە مەنسۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. مەنسۇر تەختكە چىقىپ ئالتە يىل ئۆتكىچىمۇ ئالپ ئارسلان ناھايىتى كۆپ پۇل ـ پۇچەك سەرىپ ئېتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ بولالمىدى. سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان زەھەرخەندىلەرنىڭ خۇشامەتچىلىكى ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىغا توساق بولغانىدى. بۇ ئارىلىقتا ئالپ تېكىننىڭ ئايغاقچىلىرى ئاستانىدە بولۇۋاتقان ھەممىلا ئىشلارنى ئۇدۇللۇق ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ تۇردى.

سۇخەنچى كىشىلەر مەنسۇر ئىبنى نۇھقا مۇنداق دېيىشتى: «ئالپ تېكىننىڭ كۆز قارچۇقىغا توپا قونمىغۇچە ئالىيلىرى مەملىكەتنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمدارى بولالمايلا. ئۇنىڭ خوراساندا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى. يېتەرلىك مال دۇنيامۇ توپلاپ بولدى. پۈتكۈل قوشۇن ئاشۇنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئالىيلىرى ئۇنى زىندانغا بەند قىلغاندىلا خاتىرجەم ياتالايدىلا، شۇندىلا ئۇنىڭ يىغقان بايلىقلىرى سىلىنىڭ خەزىنىلىرىگە چۈشىدۇ. ئالىيلىرى شاھلىق تەختكە چىققاندىن بۇيان ئۇ زادىلا ئۆز ساداقىتىنى كۆرسىتىپ باقمىدى. شۇڭا ئىشنىڭ ئەۋزىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇكى، ئۇنى مۇشۇ باھانىدە ئوردىغا چىللايلى. ئاندىن قالسا ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ قوبۇلغا كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇدىلا، ئۇ دېگەن سىلىگە ئاتا يوللۇق ئادەم. ھالبۇكى، خاندانلىقىمىزنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئاشۇ كىشىنىڭ تىرىشىشى بىلەن بولغان، ئۇ نىمىلا دېگەن بىلەن خوراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ ۋالىيسى، سەلتەنەتنىڭ تۈۋرۈكى. ھاسىل كالام، ئۇ كىشى قوبۇلغا ماقۇل كەلمەيدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئۇ تېزدىن ئوردىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە تۇۋا قىلىشى، شۇ ئارقىلىق شاھ ئالىيلىرنى خاتىرجەم قىلىپ ۋەزىر- ئەشيانلارنىڭ ئېغىزلىرىنى تۇۋاقلىشى زۆرۈر. ئۇ مۇشۇ يەرگە قەدەم باسقان ھامان سىلى ئۇنى خاس قوبۇل قىلىدىلا ۋە كاللىسىنى كېسىۋالىدىلا».

مەنسۇر شاھ مەسلىھەت بويىچە ئىش تۇتۇپ ئالىپ تېكىننى ئوردىغا چاقىرتتى. ئالىپ تېكىننىڭ ئايغاقچىسى مەكتۇپ يوللاپ بۇ قېتىمقى قوبۇلنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. ئالىپ تېكىن بۇخاراغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قوشۇندىكىلەرگە سەپراس بولۇش يارلىقى چۈشۈردى. ئۇ نىشاپۇردىن يولغا چىقىپ سەرخىسقا كەلگەندە تۇغى ئاستىغا ئۈچ تۈمەن چەۋەنداز يىغىلدى. سەرخىستا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن بارلىق سۇباشىلىرىنى يىغىپ: «سىلەرگە ئېيتىدىغان بىر ئىش بار، ئاڭلىغىنىڭلاردىن كېيىن نەق گەپنى قىلىڭلار. بۇ ئۆزۈڭلارغىمۇ پايدىلىق» دېدى. ھەممەيلەن «پەرمان بەردارمىز» دېيىشكەندىن كېيىن ئۇ: «شاھ مەنسۇرنىڭ مېنى ئوردىغا چاقىرتىشىدىكى سەۋەبنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئۇ سەن بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ سەن بىلەن بىرەر يېڭى ئىش توغرىسىدا ئەھدىلىشەر، نىمىلا دېگەن بىلەن سەن ئۇنىڭغا ئاتا يوللۇقتە» دېيىشتى. ئالىپ تېكىن: «شاھنىڭ مۇددىئاسى باشقا، ئۇ ھازىر مېنىڭ كاللامنى كېسىۋېلىشنىڭ كويىدا بولماقتا. ئۇ تېخى گۆدەك ئۆسمۈر، ئادەمنىڭ

قىممىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەر قايسىڭلارغا سىر ئەمەسكى 60 يىلدىن بۇيان سامانىيلارغا تۆۋرۈك بولۇپ كەلدىم. سامانىيلار تۈپرىقىغا كۆز ئالايتىپ كەلگەن تۈركىستان قاغانلىرىنى بىر قانچە رەت ئەدەپلىدىم. قەيەردە ئىسيان بولسا بېرىپ تىنجىتتىم. يارلىق - پەرماندىن ھېچقاچان باش تارتىپ باقمىدىم. بۇ گۆدەك بالىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسىنى شاھلىق تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇش ئىمكانىغا ئىگە قىلغاندەك ئۇنىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئەمما بۇنىڭغا جاۋابەن ماڭا كەلگەن مۇكاپات تەرىقىسىدە، قىلىچنىڭ سوغ بىسى بويىنۇمغا تەقلەپ قويۇلماقتا. ئۇ ھەتتا بۇ پادىشاھلىقنىڭ بىر گەۋدىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، مېنىڭ باش ئىكەنلىكىمنى چۈشەنسە كاشكى! بېشى كېسىلگەن تەن نېمىمۇ قىلالار؟ سىلەرچە مەن قانداق قىلاي؟ بۇنى بىز قانداق ئوڭشايمىز؟» دېدى. ھەممە ئەمىرلەر بىردەك: «قىلىچتىن ئۆزگە نەچارە؟ ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋاتقان يەردە ئۇنىڭدىن يەنە نېمە كۈتۈش مۇمكىن؟ ھەممىلا ئادەم سېنىڭ تەۋەلىكىڭدە تۇرۇۋاتىدۇ. 50 يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۇلارنىڭ قولىدىن شاھلىق تەختىنى تارتىۋالالايتتۇق. بىز ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئەمەس ساڭا ئەگىشىمىز. سامانىيلار خاندانلىقىدا مەرتىۋىسى ۋە ئورنى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى - ۋەسلىدىكى بارچە نەرسىلەرگە سېنىڭ سايەڭدە نائىل بولغان. بىز ساڭىلا ئەگىشىمىز، ساڭىلا جان پىدا قىلىمىز. شۈبھىسىزكى خۇراسان، خارەزىم، نېمرۇز سېنىيڭ مۈلكۈڭدۇر. مەنسۇر ئىبىن نۇھ بىلەن قىلىچلىشىپ شاھلىق تەختكە چىققىن. خالىساڭ ئۇ بۇخارا بىلەن سەمەرقەندكە شۈكۈر قىلىپ ياتسۇن، خالىمىساڭ بۇ ئىككى ۋىلايەتتىنمۇ تەسەررۇپىڭغا ئۆتكۈزگەيمىز» دېيىشتى. ئەمىرلەرنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ئالىپ تېكىن: «ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! ھەرقايسىڭلار يۈرىكىڭلاردىن مۇنداق دەۋاتساڭلا، بارچە ئۈمىدىمنى سىلەرگە باغلىماقتىن باشقا نە چارە بولسۇن؟ ئاللاھ (رەببىمىز ھەممىگە قادىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇر، رەببىمىزگە ئالقىشلار بولسۇن) سىلەرگە بەخت ئاتا قىلـ.
غاي. ئەمدى قارارگاھىڭلارغا قايتىپ يارلىق كۈتۈڭلار، ئەتە نىمە
ئىشلار بولاركىن» دېدى.

شۇ چاغدا ئالپ تېكىننىڭ ئىلكىدە ئۈچ تۈمەن چەۋەنداز
بولۇپ، ئۇنىڭچە بولسا قوشۇننى ئون تۈمەنگە يەتكۈزمەكچى ئىـ.
دى. ئەتىسى بارلىق ئەمىرلەر ئالپ تېكىننى يوقلاپ كەلدى.
ئالپ تېكىن چېدىردىن چىقىپ كۆرسىدا ئولتۇردى ۋە بىر دەملىك
سۈكۈتتىن كېيىن: «تۈنۈگۈن ھەر قايسىڭلارنى سىناپ كۆرۈش،
ساداقىتىڭلارنى ۋە بەرگۈسى مەدەتلىرىڭلارنى بىلىپ بېقىش ئۈـ.
چۈن يۈرەك ـ باغرىمنى ئىزھار قىلغانىدىم. سىلەرگىمۇ روشەن
بولدىكى، بۇ ئۆسمۈرنىڭ زىيانكەشلىكىنى قىلىچتىن باشقا ھېچ
نەرسە توسالمايدۇ. ئۇ تېخى بىر گۆدەك، ھاكىمدارلىق توغرىسىـ.
دا ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. شۇڭا تۆت تۈك ـ تۈك مۇناپىقلارنىڭ
گېپىگە كىرىپ ئاق ـ قارىنىمۇ پەرق قىلالماس بولۇپ قالدى.
خاندانلىققا بىر ئۆمۈر ھالال خىزمەتتە بولغان مەندەك بىر كىشىگە
سول كۆزىدە قاراپ، مەملىكەتنىڭ ھۆلىنى كولايدىغان بەچچىغەرـ.
لەرنى ئەتىۋارلاۋاتىدۇ. ئۇلار بىلەن دوست تارتىشىپ خاندانلىقتىـ.
كى مالىمان بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ ۋە مەندىن ئۆزىنى تارتىپ
يۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئۇنىڭ تاغىسىنى
تەختكە چىقىرىش. ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈم تەختكە چىقىپ شاھ
بولۇش. ئەمما بۇنداق قىلسام جىمى جاھان ئالپ تېكىن 60
يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ ئەك دەسلەپكى سامانى خوجىسىنى قورۇقـ.
داپ يېشى 80 گە بارغاندا ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلدى، قىلىچ
ئارقىلىق شاھلىقنى تارتىۋېلىپ ئۆزى خوجا بولۇۋالدى، راستىـ.
تىنلا شاپائەتنى بىلمەيدىغان تۇزكور كەن، دېيىشىدۇ. بىر ئۆمۈر
شۇنچە شانلىق زەپەرلەرنى قوچۇپ ئابرۇي ـ ئىناۋەتنى تىكلىدىم.
ئەمدى ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئۆز شەنىمنى بۇلغايدىـ.
غان ئەخمىقانىلىكلەرنى قىلىپ يۈرسەم قاملاشمايدۇ. روشەنكى،

خاتالىق ئەمىر مەنسۇردا، ئەمما ھەممىلا ئادەم بۇنى بىلىپ كەت-
مەيدۇ، بەزىلەر ئالىپ تېكىن خاتالاشتى، دېيىشەر. ئۇنىڭ شاھانە
تەختىگە كۆز تىكمىسەممۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىش نىيىتىدە
بولمىساممۇ خوراساندىلا بولسام ھېلىقىدەك ئۆسەك سۆزلەر تۇگى-
مەيدۇ. ئۇلار بۇ گۆدەك بالىنى قۇتىرىتىپ ئوتتۇرىمىزغا ئاداۋەت
ئۇرۇقى چاچىدۇ. ناۋادا بۇ مەملىكەتتىن يوقالسام ئۇ پىتنىكەش-
لەرگە قىلىشىدىغان گەپمۇ قالمايدۇ. ناۋادا بۇنىڭدىن كېيىنكى
ئۆمرۈمنى جەڭگى - جېدەل بىلەن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە
قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېتىقادسىزلارغا قارشى ئاتلانغى-
نىم ياخشى. بۇ ماڭا زور تەسكىن بولىدۇ. شۇڭقار سۇپەت
سەرۋازلىرىم، خۇراسان، خارەزىم، نېمىرۇز ۋە ماۋەرائۇننەھىر
سانغۇنلىرى؛ يادىڭلاردا بولسۇنكى، ئەمىر مەنسۇر خۇراسان ۋە
ماۋەرائۇننەھىرنىڭ ھۆكۈمدارى، سىلەر ھەممىڭلار ئۇنىڭ خادىم-
لىرى، مەن ھازىرغىچە ئاشۇ مەنسۇرنىڭ نامىدا سىلەرگە ئۆز
ھۆكمىمنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدىم. سىلەر ئاستانىگە بېرىپ
پادىشاھ بىلەن دىدارلاشساڭلار ۋە ساداقىتىڭلارنى بىلدۈرسەڭلار
مەنسەپ - دەرىجەڭلار ئۆسىدۇ. مەن ھىندىستان دىيارىغا بېرىپ
ئېتىقادسىزلارغا قارشى ئاتلىناي. جەڭدە يەر ئۆپسەم شېھىتلىك
مۇقامىغا يېتەرمەن، بەختكە يارىشا ئامان قالسام ۋە نۇسرەت
قۇچسام بۇتپەرەستلەر خاندانلىقىنى ئىسلام خاندانلىقىغا ئايلاندۇ-
رىمەن. بۇ جەننەتكە كىرىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ھەمدۇ
سانا ئوقۇش ئۇچۇندۇر. ئۆتمۈشتە قىلغان - ئەتكەنلىرىم ياخشى
بولسۇن، يامان بولسۇن مەنسۇر شاھ مېنى دەپ بېشىغا پىت
سېلىۋالمىسۇن. قىلنى چىشلىيەلىگەن ئادەم سۈكۈت قىلالايدۇ.
بۈگۈندىن ئېتىبارەن خوراساندىكى قوشۇن ۋە رەئىيەت مەنسۇر
شاھنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ» دېدى.

سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئالىپ تېكىن دەست تۇرۇپ
ئەمىرلەرگە: «ئالدىمغا كېلىڭلار، بىر - بىرلەپ ۋىدالىشاي»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىدى. ئەمىرلەر شۇنچە نەسىھەت قىلىپمۇ ئۇنى پەيلىدىن ياندۇ-
رالمىدى. ئۇلار يىغا - زار قىلىشىپ بىر - بىرلەپ ئالدىغا
چىقىپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالپ تېكىن
ئۆز چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنىڭ خوراساد-
دىن ھىندىستانغا بارىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. چۈنكى خوراسان
ۋە ماۋەرائۇننەھردە ئۇنىڭغا ئىقتا قىلىپ بېرىلگەن 500 يېزا،
مەملىكەتتىكى ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا قو-
رۇ- جاي، ئايۋان - ساراي، چاھار باغلار، دەڭ - ئۆتەڭلەر بار
ئىدى. يەنە ئۇنىڭ ئىلكىدە يۈز تۈمەن تۇياق قوي، ئون تۈمەن
ئات، قېچىر ۋە تۆگە بار ئىدى. دەرۋەقە ئەتىسى كىشىلەر ناغرا
ئاۋازىنى ئاڭلىشىپ قارىسا ئالپ تېكىن ئۆزىنىڭ مەھرەم -
قورۇقچىلىرى بىلەن خوشلىشىپ بەلخ يولىغا چۈشكەنىكەن.
بارچە بايلىقى تاشلىنىپ قالغانىكەن، ئارقىدىن خوراسان ئەمىر-
لىرى بۇخاراغا ماڭدى.

بەلىخقە بارغاندىن كېيىن ئالپ تېكىن بۇ جايدا بىر - ئىككى
ئاي مىقدارى ماكانلىشىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى جىھادقا
بېغىشلىغان باھادىرلارنى ماۋەرا ئۇننەھر، خۇتلان، تۇخارستان
ۋە بەلخ ۋىلايەتلىرىدىن توپلاشنى، ئاندىن مۇشۇ جايدىن ھىندىستاد-
غا يۈرۈش قىلىشنى لايىق تاپتى. خۇسۇمەتچى ئالا كۆڭۈللەر
ئەمىر مەنسۇرغا: «ئالپ تېكىن دېگەن بىر قېرى بۆرە، سىلى
ئۇنى باقى ئالەمگە ئۇزاتمىسىلا ئۇ سىلىگە ھەرگىزمۇ ئاراملىق
بەرمەيدۇ، دەررۇ قوشۇن بىلەن قوغلاپ يېتىپ ئاستانىگە باغلاپ
ئېلىپ كەلسىلە» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر شاھ بىر
ئەمىرنىڭ③ ئىختىيارىغا 16 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇند-
نى تاپشۇرۇپ بۇخارادىن بەلخقە ماڭدۇردى. ئۇلار تىرمىزغا
بېرىپ جەيھۇندىن ئۆتۈۋاتقاندا ئالپ تېكىن بەلىختىن مىڭىپ
قۇرۇم تامان كېتىۋاتقانىدى. بەلخ بىلەن قۇرۇمنىڭ ئارىلىقىدا
تۆت فەرسەخ كېلىدىغان تار جىلغا بولۇپ قۇرۇم ئۆتكىلى، دەپ

ئاتىلاتتى. جىلغىنىڭ ئىككى يېقىدا ئاندا ـ ساندا يېزا ـ قىشلاق-
لار ئۇچراپ قالاتتى. ئالپ تېكىن جىلغا ئىچىگە بارگاھ تىكىپ
200 چەۋەندازنى جىلغا ئېغىزىدا جېسەكتە تۇرۇشقا ماڭدۇردى.
بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىختىيارىدا 2200 كىشىلىك قورۇقچى قۇللار
قوشۇنى بار بولۇپ، بۇ قورۇقچى قۇللارنىڭ ھەممىسى جەڭ
ئىشلىرىغا ئۇستا نۆكەرلەر ئىدى. ئۇلاردىن سىرت يەنە ئۆزىنى
ھەربىي يۇرۇشكە بېغىشلىغان 800 چەۋەندازمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلغا-
نىدى.

ئەمىر مەنسۇرنىڭ قوشۇنى جىلغا ئېغىزىغا كېلىپ ئىچىگە
مېڭىشقا ئىلاج قىلالماي كەڭ دالاغا قارارگاھ تىكتى. مۇشۇ
تەرىقىدە ئىككى ئايچە ئۆتكەندە سۇبۇق تېكىنگە جېسەك نۆۋىتى
كېلىپ قالدى. ئۇ جىلغا ئېغىزىغا كېلىپ كەڭ دالاغا يېيىلغان
قوشۇنغا، ئۇلارنىڭ ياسىغان قارارگاھ مۇداپىئەلىرىگە قارىغىنى-
چە: «خوجىمىز خوراساننى تاشلاپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى
ئەمىر مەنسۇرغا تەسەررۇپ ئەتتى، ئۆزىنى بولسا ھەربىي يۇرۇش-
كە بېغىشلىدى. ئۇلار بولسا تېخىچە ئۇنىڭ ۋە بىزنىڭ جېنىمىز-
نىڭ قەستىدە يۈرىدۇ. ئۇ تۇغۇلۇشىدىن ئۇلارغا سەمىمىي ـ
ساداقەتتە بولۇپ كەلدى، جاپادا ۋە ھالاۋەتتە بارىنى تەڭ كۆردى،
ئەمدىلىكتە خوجىمىز بىزنى ھالاكەتكە باشلىماس. بۇنى قىلىچ
بىلەنلا جۆندىگىلى بولىدۇ، سۈكۈت قىلىۋەرسەك ئۇلار قوغلاپ
كېلىۋېرىدۇ. ئاھ قادىر ئاللاھ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بەندىلىرىڭ-
گە ئاسانچىلىق بەرگىن، ساڭا روشەنكى، ئۇلار زۇلۇم قىلىۋاتى-
دۇ. بىز بولساق جەبىر تارتىۋاتىمىز» دەپ ئويلىدى ۋە بۇرۇلۇپ
قورۇقچىلىرىغا: «قولغا قىلىچ ئالىدىغان پەيت كەلدى، نۇسرەت
ئۇلار تەرەپتە بولسا ھېچقايسىمىز ھايات قايتمىغايمىز، قېنى
كارامىتىمىزنى سىناپ كۆرەيلى. خوجىمىز نېمە دېسىمۇ باشقا
كەلگەننى كۆرەرمىز» دېدى. ئۇ ھەرقاچان دېگىنىنى قىلىدىغان
كىشى ئىدى. ئۇ 300 قورۇقچىنى باشلاپ ياۋ قارارگاھىغا شۇڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داق تۈيۈقسىز تاشلاندىكى، ياۋ تىرىپىرەن بولۇپ دوبۇلغا ـ
ساۋۇتلىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتى. بىرەر مىڭدىن
ئارتۇق كىشىنىڭ ئۆلۈكى دالانى قاپلىدى، ياۋ ئەس ـ ھوشىنى
يىغىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە سۇبۇق تېكىن بارار جايىغا قايـ
تىپ بولدى.

بىراۋ سۇبۇق تېكىننىڭ ياۋغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۇلاردا قىرـ
چاپ قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئالپ تېكىنگە خەۋەر يەتكۈزدى.
ئالپ تېكىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە: «نېمىگە شۇنچە ئالدىرىـ
دىڭ؟ كۇتۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ؟» دېدى. سۇبۇق تېكىن جاۋاـ
بەن: «ئەي پاسىبانىم! مەن قانداقمۇ سەۋر قىلاي؟ ھازىر جان
ساقلاش ئۈچۈن ياۋغا تاشلانماي بولمايدىغان پەيت كەلمەكتە.
بۇنىڭدا قىلىچتىن باشقىغا مۇراجىئەت قىلىش يارىمايدۇ. شۇڭا
تىنىقىمىزلا بولىدىكەن ياۋنى قىرىشىمىز لازىم» دېدى. ئالپ
تېكىن: «ياۋنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدۇڭ، ئەمدى ياخشىراق بىر
چارە تاپمىساق بولمىدى. پۈتۈن قوشۇن لاقا ـ لۇقىلىرىنى تەق
قىلسۇن. خۇپتەندىن كېيىن ئاتلىنىمىز، تۇغان مىڭ قۇرۇقچى
بىلەن ئاستاغىنا پالانى جىلغىنىڭ ئوڭ يېنىغا بارسۇن. سەن مىڭ
قورۇقچىنى باشلاپ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتكىن. مەن مىڭ ياساـ
ۋۇلنى باشلاپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ ئاۋۇ تۈز جايغا قارارگاھ تىكەي.
ئەتە ئۇلار بۇ جايغا كېلىپ ئىنىسى ـ جىنىنىڭ قارىسىنى كۆرمىـ
گەندىن كېيىن بىزنى قېچىپتۇ، دەپ ئويلىشىدۇ ۋە ئاتلىرىغا
ئالدىراش مىنگىنىچە قوغلاشقا ئۆتىدۇ ۋە جىلغىغا كىرىدۇ.
ئۇلارنىڭ يېرىمى جىلغىدىن چىققاندا بىزنىڭ تۇزلەڭدە تۇرغانلىـ
قىمىزنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جايلىـ
رىڭلاردىن ئېتىلىپ چىقىپ، قىلىچلىرىڭلارنى يالتىراتقىنىڭـ
لارچە نەرە تارتىپ، كۆكنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ياۋغا تاشلىنىسىـ
لەر. ياۋنىڭ بەزىسى بېشىنى بۇراپ قاچىدۇ، بەزىسى ئۆتكۈر
قىلىچىڭلاردا جان تەسلىم قىلىدۇ. ئاندىن مەن ئالدى تەرەپتىن،

سىلەر ئىككى يان تەرەپتىن ياۋغا تاشلىنىمىز ۋە ئۇلارنى قاپ بەلدىن بۆلۈپ تاشلايمىز. ئۇلار قۇيرۇقىنى قىسىپ خادا قىلغاندا ئۇلارغا قېچىشقا بىر يول قالدۇرىمىز ۋە تۇرغان جايىمىزغا قايتىپ كېلىمىز. جىلغىدىن چېكىنىپ ئۇلارنىڭ قارارگاھلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلاپ غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولىمىز» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بۇ مەسلىھەتنى لايىق تاپتى. ئەتىسى مەنسۇرنىڭ قوشۇنلىرى ساۋۇت ـ دوبۇلغىلىرىنى كىيىپ ئۆتكەلگە كېلىپ جەڭگە تەييارلاندى. ئۇلار جىلغىدا بىرمۇ ئىنسانىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچكىرىلەپ بىرەر فەرسەخ مېڭىپ باقتى ۋە ئالىپ تېكىننىڭ قاچقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل قوشۇنغا: «تېزدىن ئالغا! ياۋنى قوغلاپ يېتىڭلار. جىلغىدىن چىقىۋالساقلا بىردەمدىلا ئۇلارغا يېتىشىپ ئالىپ تېكىننى تىرىك تۇتۇۋالىمىز.» دەپ پەرمان چۈشۈرۈلدى. يارلىققا بىنائەن پۈتۈن خىللانغان قوشۇن ئەڭ ئالدىدا جېدەللەپ ماڭدى. ئۇلار مېڭىپ جىلغىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا ئالىپ تېكىننىڭ بىرەر مىڭچە چەۋەنداز ۋە بىر قىسىم پىيادە نۆكەرلەر بىلەن كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ يېرىمى جىلغىدىن چىقىپ بولغۇچە تۇغان مىڭ ياساۋۇل بىلەن سول تەرەپتىن ئېتىلىپ چىقتى ۋە ياۋنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. شۇنداقلا بىر مۇنچىسىنى ياتقۇزۇۋەتتى؛ سۇبۇق تېكىن بولسا، مىڭ ياساۋۇلنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاندىن تۇغان بىلەن سۇبۇق تېكىننىڭ قوشۇنى قوشۇلۇپ ئەمدىلەتىن جىلغىدىن چىققان ياۋ قوشۇنىنىڭ ئارقا قىسمىغا تېگىش قىلدى. ئالىپ تېكىن ياۋنىڭ باش تەرىپىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ياۋنى ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن قىسىپ زور تالاپەتكە ئۇچراتتى. ياۋ سانغۇنى قورسىقىغا ئوق تېگىپ دۇمبىسىدىن كىرگەن نەيزە كۆكرىكىدىن تېشىپ چىقىپ جان بەردى. ياۋ پىتىراپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشقا

باشلىدى. ئالپ تېكىننىڭ ياساۋۇللىرى جىلغىدىن ئۆتۈپ ياۋنىڭ قارارگاھىنى ۋەيران قىلدى. قولغا چىققانلىكى ئات - قېچىر ۋە تۆگە - قويلارنى، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملارنى، پۇل - پۇچەك ۋە قۇللارنى تارتىۋالدى. پەقەت چېدىر - بارگاھ، كىگىز دېگەندەك نەرسىلەرنىلا تاشلاپ كەتتى. شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار چېدىر - بارگاھلاردىكى نەرسىلەرنى بىرەر ئايغىچە توشۇپ تۈردى. ئۇلار دالاغا يېيىلغان ئۆلۈكلەرنى ساناپ كۆرسە 4750 چىققانىكەن. بۇنىڭغا زەخىملەنگەن ۋە يارىلانغانلار كىرمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالپ تېكىن قۇرۇمدىن ئاتلىنىپ باميانغا باردى. باميان ئەمىرى قولغا قىلىچ ئېلىپ ئالپ تېكىنگە قارشى چىققان بولسىمۇ ئەسىر چۈشتى. ئالپ تېكىن ئۇنى ئەپۇ قىلىپ تون كىيگۈزدى ۋە ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالدى. بۇ زات شۇنىڭ بىلەن شىر بارىك دەپ ئاتالدى. ئالپ تېكىن بامياندىن كابۇلغا يۈرۈپ كابۇل ئەمىرىنى يەڭدى ۋە ئوغلىنى ئەسىر ئالدى. ئالپ تېكىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىپ قويدى. ئارقىدىنلا ئالپ تېكىن غەزنە شەھىرى④گە ھۇجۇم قىلدى. كابۇل ئەمىرىنىڭ ئوغلى بولسا غەزنە ئەمىرى لاۋىقنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. بۇ كۈيئوغۇل ساراخسقا قېچىپ بېرىپ قىياتىسىدىن ياردەم سورىدى. ئالپ تېكىن غەزنە شەھىرىنىڭ سېپىلى ئالدىغا كەلگەندە لاۋىق شەھەردىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. سوقۇشتا كابۇل ئەمىرىنىڭ ئوغلى ئىككىنچى قېتىم ئەسىرگە چۈشتى. لاۋىق تەڭ كېلەلمەي شەھەرگە كىرىۋالدى. ئالپ تېكىن شەھەر تۆۋىدە قارارگاھ تىكىپ شەھەرنى قورشىۋالدى. ئۇ ئۆز نۆكەر - سەرۋازلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈپ ئىجازەتسىز رەئىيەتنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىگە تېگىشكە بولمايدىغانلىقىنى ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا رەھىمسىز سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن زاۋۇلىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

بىر كۈنى ئالىپ تېكىن بىر تۈرك ياساۋۇلىنىڭ ئاتلىق كېتىۋاتقىنىنى، ئاتنىڭ تورۋىسىدا لىققىدە چۆپ، ئېگەرگە غانجۇغلانغان بىر چۆجە بارلىقىنى كۆرۈپ: «ئاۋۇ ياساۋۇلنى چاقىرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ھېلىقى ياساۋۇل كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئالىپ تېكىن: «تورۋاڭدىكى چۆپ ۋە مۇنۇ چۆجىنى قەيەردىن ئالدىڭ؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى نۆكەر: «بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىدىن ئالغانمەن» دېۋىدى ئالىپ تېكىن: «ئايلىق تەمىناتىڭنى ئالمىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. نۆكەر: «ئېلىۋاتىمەن» دېدى. ئالىپ تېكىن: «ئەمىسە نېمە ۋەجىدىن بۇ نەرسىلەرنى ئالدىڭ؟ مېنىڭ ساڭا ئايمۇ ئاي تەمىنات بېرىشىم يوقسۇللارنى قاقتى - سوقتى قىلمىسۇن دېگەن مۇددىئا ۋەجىدىن ئىدى. يەنە مەن قاتتىق پەرمان جاكارلاپ بۇنى مەنئى قىلغانىدىمغۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى نۆكەرنى بېشىدىن جۇدا قىلىپ كاللىسىنى تورۋىدىكى يەم بىلەن چۆجىگە قوشۇپ ئۈچ كۈن سازايى قىلدى ھەمدە ئۆز ئالدىغا رەئىيەتكە جەبىر قىلغۇچىلار بولسا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سەرۋاز - نۆكەرلەرنىڭ يۈرەكلىرى سىقىراپ پۇقرالار خاتىرجەم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەرەپتىن - تەرەپتىن قوشۇنغا ئاتالغان ئوزۇق - تۈلۈك توشۇپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئالىپ تېكىن بىر دانە ئالما چاغلىق نەرسىنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى.

غەزنىدىكى پۇقرالار ئادالەتنىڭ بۇ سەمەرىسىنى كۆرۈپ: «بىز بىر ئادىل پادىشاھقا تەشنا بولىۋىدۇق. ئۇ زات تۈركلەر بولسۇن ياكى پارسلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ مېلى، جېنى ۋە خوتۇن- باللىرىنى مۇتلەق ئەمىنلىككە مۇيەسسەر قىلدى» دېيىشتى ۋە شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ ئالىپ تېكىن قوشۇنىنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن لاۋىق ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، 20 كۈن ئۆتكەندە قورغاندىن چىقىپ ئالىپ تېكىننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالىپ تېكىن ئۇنىڭغا زور ئىنئام بېرىپ غەزنىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى قىلىپ بېرىۋەتتى.
ئالىپ تېكىن ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ زور مىقداردىكى
غەنىيمەتلەر بىلەن ياندى. غەزنىنە دىيارىدىن بۇ دىنسىزلار ماكانىغا
ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى. ئالىپ تېكىن ھىندىستاننىڭ قوۋۇقد-
نى ئېچىپ سانسىز بايلىققا، چارۋىغا ۋە قۇلغا ئىگە بولدىكى،
ئۇلارنىڭ ئېنىق سانى بىر ئاللاھقا مەلۇملۇق ئىدى. بۇ خەۋەرنى
ئىشىتكەن خۇراسان، ماۋەرا ئۇننەھر، نىمروز كىشىلىرى تۈشمۇ
تۈشتىن ئالىپ تېكىننىڭ بارگاھى ئەتراپىغا يىغىلدى. بۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئالتە مىڭ ئاتلىققا يەتتى. ئۇ
بىر قانچە ئۆلكىنى تەسەررۇپ قىلىپ ئىستىلا زېمىنىنى پىشا-
ۋۇرغىچە يەتكۈزدى. ھىندىستان پادىشاھى ئالىپ تېكىننى ھىند-
دىستان تەۋەلىكىدىن قوغلاپ چىقىرىش مۇددىئاسىدا ئون تۈمەن
ئاتلىق، بەش تۈمەن پىيادە نۆكەر ۋە 1500 جەڭ پىلى ئارقىلىق
سوقۇشقا ئاتلاندى. خۇراسان ئەمىرى مەنسۇر قۇرۇم ئۆتكىلىدىكى
ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلىشنىڭ ئازابىدىن ئىزتىراپ بولغاچقا ئەبۇ
جەئفەر دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا 25 مىڭ كىشىلىك بىر زور
ئاتلىق قوشۇننى مەغرىپ تەرەپتىن ئالىپ تېكىنگە ھۇجۇم قىلىشقا
ئەۋەتتى. ئالىپ تېكىن ئەبۇجەئفەرنى بىر فەرسەخ يىراقلىققا كەل-
گۈچە كۈتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالتە مىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن
خۇراسان قوشۇنىغا شۇنداق تاشلاندىكى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت
ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ 25 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ۋەتۋە-
رىكى چىقىپ كەتتى. بۇ سان بەلخ يېنىدىكى سوقۇشتا يېڭىلگەن
خۇراسان قوشۇنىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر ئىدى. ئەبۇجەئفەر
پۈتۈن قوشۇنىنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بېشىنى
ئېلىپ قاچتى. يولدا ئۇنى دېھقانلار تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ كىملىكىنى
بىلمىگەنلىكتىن ئات، قورال - ياراغ ۋە نەرسىلىرىنى تارتىۋېلىپ
قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىچە ياسىنىپ بەلخكە پىيادە
قايتىپ كەلدى. خۇراسان قوشۇنىنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرى،

ئوزۇق ـ تۈلۈكى، لەشكىري يۈك ـ تاقى غەنىيمەت سۈپىتىدە ئالپ تېكىننىڭ قولىغا چۈشتى. خۇراسان ئەمىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالپ تېكىنگە كۆچتە تەڭ كېلەلمەيدىغان بولدى. ئالپ تېكىننىڭ ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن سامانىيلار خاندانلىقى بەكلا زەئىپلىشىپ خاندانلىق سەلتەنىتىدىن يوغانلا بىر كامار ئېچىلدى ۋە تۈركىستان قاغانلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىغا يوچۇق بولدى.

ئالپ تېكىن ئەبۇجەئفەرنى قايتۇرغاندىن كېيىن زېھنىنى ھىندىستان پادىشاھلىقىغا قاراتتى. ئۇ خۇراسان ۋە باشقا جايلارغا ياردەم مەزمۇنىدا مۇراجىئەتنامىلەرنى يوللىغاندا ئولجا غەرىزىدە تولۇق قوراللانغان يىگىتلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىپ 11مىڭ 500 كىشىلىك ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇلار ھىندىستان پادىشاھلىقىغا شىردەك تاشلىنىپ ياۋدىن بىر تۈمەندىن ئارتۇق كىشىنى قىرىۋەتتى. ئۇ غەنىيمەتلەرنى يىغمايلا قوشۇننى باشلاپ تېزدىن چېكىندى. پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرى ئۇ-نى تۈتالماي ئىزىنى يوقىتىپ قويۇشتى. شۇ مۇدھىش تاغلار ئارىسىدا بىر ئۆتكەل بولۇپ ھىندىستان پادىشاھى جەزمەن شۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەتتى. ئالپ تېكىن بۇ ئۆتكەلنى چىڭ ساقلاپ تۇرۇ-ۋالغاچقا ھىندىستان پادىشاھى قوغلاپ كېلىپ شۇ ئۆتكەل ئالدىدا قاپسىلىپ قالدى. پادىشاھ ئۆتكەل سىرتىدا قارارگاھ تىكىپ ئىككى ئاي ياتتى. بۇ ئارىلىقتا ئالپ تېكىن قەرەلسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ھىندىلارنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ تۇردى. شۇ سوقۇشلاردا سۇبۇق تېكىن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ شىجائەت ـ پاراستى-نى نامايان قىلدى. ھىندىستان پادىشاھى مۇشكۈلاتتا قېلىپ يا ئالدىغا ماڭالمىدى، يا مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئاخىرى ئالپ تېكىنگە: «سىلەرنىڭ خوراساندىن بۇ يەرگە كېلىشىڭلار نان ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ مەن سىلەرگە يەر ۋە قورال ھەدىيە قىلاي، سىلەر مېنىڭ بۈيۈك قوشۇنۇمغا قوشۇلۇڭلار» دېگەن مەزمۇندا نامە يوللىدى. ئالپ تېكىننىڭ سەرۋاز ـ سانغۇنلىرى بۇنى ماقۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ جاۋاب يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇلارغا بىر نەچچە شەھەر ـ ۋىلايەت ۋە بەش قەلئە ھەدىيە قىلىشقا ماقۇل بولدى. ئەمما قورۇل سەركەردىلىرىگە خۇپىيانە ھالدا ئۆزى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن قورۇلنى تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك توغرىسىدا يارلىق بېرىۋەتتى. ئىشلار شۇ تەرتىپتە روياپقا چىققاندىن كېيىن ئالىپ تېكىن: «كېلىشىمنى بىز ئەمەس، سىلەر بۇزدۇڭلار» دېگىنىچە ھۇجۇمنى قايتا باشلاپ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالدى ۋە ئاشۇ قورۇللارنى قورشىۋالدى. مۇشۇ قېتىمقى سوقۇشتا ئالىپ تېكىن ئاخىرەت سەپىرىگە يول ئالدى. ئۇنىڭ نۆكەر ـ سەرۋازلىرى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالدى. ئەنە شۇ چاغدا دىنسىزلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇپ كېڭەشكە چۈشتى. ھەممىسى: «ئالىپ تېكىننىڭ ئىزىنى باسقۇدەك ئوغۇل پەرزەنتى يوق. ئەمما بىزگە باش بولغۇدەك ئادەممۇ يوق. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستان مەملىكىتىدە زور ئابرۇي ـ ئىناۋەت ساھىبى بولۇپ قالدۇق. ھىندىلار بىزدىن ئوبدانلا ئەدىپىنى يەپ ھېيىققىدىغان بولدى. ناۋادا كىمنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇشى كېرەك، كىم ھاكىمدارلىق قىلىشى كېرەك دېگەنلەر بىلەن بولۇپ كەتسەك شان ـ شەۋكىتىمىز توزۇپ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋ ئۈستۈنلۈكنى قولغا ئالىدۇ. ناۋادا بىر يەكدىل قول چىقىرالمىساق، قىلىچ ـ شەمشىرىمىزنى دىنسىزلارغا ئەمەس بىر ـ بىرىمىزنى قىرغىن قىلىشقا شىلتىساق قولغا ئالغان بارلىق زېمىندىن مەھرۇم بولىمىز. شۇڭا ئىشنىڭ ياخشىسى ئارىمىزدىن مۇۋاپىق بىرىنى بىزگە باش بولۇشقا كۆرسىتەيلى. شۇنىڭ شەمشىرى قاياققا شىلتىلسا شۇ ياققا تاشلىنايلى، ئۇنى ئالىپ تېكىننىڭ ئورنىدا كۆرەيلى» دېيىشتى. بۇنى ھەممەيلەن مۇۋاپىق تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابرۇي ـ ئىناۋەتتە ۋە جەسۇرلۇقتا يېتىلگەن بىر نەچچە ياساۋۇلنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىشقان بولسىمۇ

قالغانلار ئۇنى مۇۋاپىق تاپمىدى. ئاخىردا سۇبۇق تېكىننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشىدى ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۆمدى. ئارىدا بىرەيلەن: «يېگانە ئارتۇقچىلىقى بار دېيىلسە قالغانلار پەقەتلا بالدۇرراق ياساۋۇل ـ قورۇقچى بولغان، خالاس. پاراسەت، جاسارەت، مەردانىلىك، دوستانە مېھماندوستلۇق، ئېھسان ۋە ساخاۋەت، تەقۋادارلىق ۋە سەمىمىيەت بابلىرىدا سۇبۇق تېكىن ئوخشاشلا لاياقەتلىك. ئۇنى خوجىمىز بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن. خوجىمىز ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭدا ئالىپ تېكىندىكى بارلىق كامىللىق ۋە سەردارلىق قابىلىيىتى تېپىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنىمۇ بەش قولدەك ياخشى بىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بىلگەنلىرىمنى ئېيتتىم، كۆڭۈل كۆزۈڭلاردا دەڭسەپ كۆرۈڭلار» دېدى. ئۇلار بىردەم كېڭەشكەندىن كېيىن سۇبۇق تېكىننىڭ باش بولۇشىنى ماقۇل كۆرۈشتى. ئاخىر سەرۋازلار بىر نەرسە دېيىشكە ئۇندىگەندىلا سۇبۇق تېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «باشقا تاللاش مەۋجۇت بولمىسا بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. ناۋادا بىرەرى قارشى چىقسا، ماڭا ئىتائەت قىلىشنى خالىمىسا، يارلىق ـ پەرمانىمنى ئويۇن بىلسە مېنى قوللاپ شۇنداق كىشىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇڭلار» دېدى. ھەممەيلەن بۇنى لايىق كۆرۈپ ساداقەتمەنلىك ھەققىدە ئەھدە قىلىشتى. ئارقىدىنلا ئۇلار سۇبۇق تېكىننى كۆتۈرۈپ ئالىپ تېكىن ئولتۇرىدىغان كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا ئەمىرلەرگە خاس سالام قىلىشىپ تىللا ـ تەڭگىلەرنى چاچقۇ قىلىپ چېچىشتى.

سۇبۇق تېكىن بەجا كەلتۈرگەن ھەممىلا ئىش، باشلىغان ھەممىلا جەڭ ئۇتۇقلۇق بولدى. ئۇ زاۋۇلىستان بېگىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ئۇلاردىن مەھمۇد تۆرەلدى. مانا بۇ مەھمۇدنىڭ نېمە ۋەجىدىن مەھمۇد زاۋۇلى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. مەھمۇد كىچىكىدىنلا ھەر تامان يۈرۈشلەرگە ئىشتىراك قىلىپ ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. سۇبۇق تېكىن كۆپلىگەن ئۇرۇشلارنى قىـ

لىپ قۇدرەتلىك دۈشمەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى ۋە ھىند-
دىستاننىڭ نۇرغۇن ئۆلكىلىرىنى ئىستىلا قىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنىڭغا باغدادتىكى خەلىفە ئوردىسىدىن «نەسرۇددىن»
(دىننىڭ قوغدىغۇچىسى) ئاتىقى ھەدىيە قىلىندى. سۇبۇق تېكىن
جان ئۈزگەندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋا-
رىسلىق قىلدى. ئۇ ئاتىسىدىن ھۆكۈمدارلىق ئۇسۇلى، ئوقۇش
ۋە يېزىش دېگەنلەرنى ئۆگىنىپ بولغان بولۇپ، پادىشاھلار ھەققى-
دىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ
يۈرگۈزگەن يوسۇنلارنىڭ ھەممىسىلا تەرىپلەشكە ئەرزىيتتى. ئۇ
نىمرۇزنى ۋە خوراساننى ئىستىلا قىلدى. ھىندىستان مەملىكىتى-
گە ئىچكىرىلەپ كىرىپ سومناتنى تارتىۋالدى ۋە ھۆرمەت بۇتىنى
ئېلىپ كەتتى. ئۇ ھىندىستان پادىشاھلىرىنى پايخان قىلىپ سەل-
تەنەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى.

كەمىنە ۋەزىرلىرىنىڭ بۇ ھېكايىنى ئەسلىشىدىكى مۇددىئا
«مەلىكۇل جاھان» (ئاللاھ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى زىيادە قىلغاي)
غا ياخشى چاكارنى قانداق پەرق ئېتىش، خىزمەتتە پىداكار كىشى-
گە زەرەر يەتكۈزمەسلىك، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلى-
مايدىغانلىقى، ئەكسىچە شاھلىق تەختىنى مۇستەھكەملەپ خاندا-
نلىققا سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەستە ساقلاش ھەققىدە
مەسلىھەت بېرىشتۇر. يەنە بىر ياقتىن شاھ بولغۇچى بۇنداق
كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ ئۆزگە-
گىمۇ ئىشىنىشى جائىز. چۈنكى پادىشاھلىقلار، خاندانلىقلار ۋە
شەھەر، قەلئەلەر ھەرقاچان بىر كىشىنىڭ تىزگىنىدە بولىدۇ.
ئالىمادىس مۇشۇ ئادەم ئۆز ئورنىدا بولماي قالسا خاندانلىق چاك-
چېكىدىن بۇسۇلىدۇ. شەھەر ـ قەلئەلەر ۋەيران بولىدۇ. مەملى-
كەت مالىمانغا پېتىپ قالىدۇ. مىسالەن ئېيتساق، ئالپ تېكىن
بىر ياخشى چاكار بولۇپ سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈۋرۈكى بولغا-
نىدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەي كۈچىنىڭ يېتى-

شچە ئۇ زاتنى زايە قىلدى. ئۇ خوراساندىن ئايرىلغاندا بەخت-
سائادەت قۇياشىمۇ سامانىيلار ئوردىسىدىن يىراقلاشتى. تەربىيە-
لەپ ئۆستۈرۈش ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىگۈدەك چاكارنى ئېتىبار
بىلەن ئەزىزلەش كېرەك. چۈنكى يارامىلىق، كۆپنى كۆرگەن ۋە
تەجرىبىلىك چاكارنى تېپىش ئۆمۈرلۈك يۈرەك قېنىنى سەرپ
قىلىدىغان ئىش، شۇنداقلا تەلەيگە باغلىق ئىش. دانىشمەنلەر شۇ
ۋەجىدىن مۇنداق دەپ بىكار ئېيتمىغان: يارامىلىق چاكار ياكى
قۇل ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغۇلدىنمۇ قىممەتلىك. بۇ ھادىسە
توغرىسىدا شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئىتائەتچان بىر قۇل - چاكار،
ئۈچ يۈز ئوغۇلنى بېسىپ چۈشىدۇ.
ئوغۇل ئىستىسە ئاتا ئۆلۈمىنى،
چاكار ئىزدەر خوجا سەلتەنىتىنى.

**ئىزاھلار:**

① پارسچىدا «بانداغان» ئىبارىسى «قارا قۇل» مەنىسىدە
ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ خىل چاكارلار مەخسۇس تەربىيە ئالغان
قۇل «غۇلام» لاردىن پەرقلىنىدۇ.

② بۇ ۋەقەلەر ئابدۇل مەلىك ئالەمدىن ئۆتكەندە يۈز بەر-
گەن. «تارىخي غۇزىدە» گە قاراڭ.

③ نۇھ ئىبنى ناسىر. بۇ ۋەقەلەر سامانىيلار خاندانلىقىدىكى
ئەمىر ئابدۇل مەلىك ئالەمدىن ئۆتكەندە (961 - يىلى) يۈز
بەرگەن، قانداقتۇر نۇھ ئىبنى ناسىر ئالەمدىن ئۆتكەندە (943-
يىلى) يۈز بەرگەن ئەمەس.

④ ئالپ تېكىن 962 - يىلى يەرلىك ھۆكۈمدار لاۋىقىنىڭ
قولىدىن غەزنە شەھىرىنى تارتىۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قوبۇلنىڭ بايانى

قوبۇل ھەققىدە زۆرۈر يوسۇنلارنىڭ ئورنىتىلمىقى جائىز. قوبۇلغا ئالدى بىلەن يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار كىرىشى، ئاندىن ۋەزىرلەر قاتارىدىكى تارقان - تۆرىلەر بولۇشى، ئاندىن باشقا مەرتىۋىدىكى كىشىلەر كىرىشى زۆرۈر. ناۋادا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا كىرىپ كەلسە يۇقىرى - تۆۋەننىڭ پەرقى بولماي قالىدۇ. دەرپەردىنىڭ تۈرۈلۈشى قوبۇلنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن بىشارەت. دەرپەردىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى پادىشاھ بىرەر كىشىنى ھۇزۇرىغا چاقىرغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا قوبۇلنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا بەگ - تۆرىلەر ۋە سۇ باشلىرى مالايلىرىدىن بىرەرىنى ئوردىغا ئەۋەتىپلا ئوردىدا قوبۇلنىڭ بول- غان- بولمىغانلىقىدىن ۋاقىپلىنالايدۇ: قوبۇل بولۇۋاتقان بولسا مەلۇماتنامىلەرنى سۇنۇشقا كېلىدۇ، بولمىسا كەلمەيدۇ. ناۋادا بەگ- تۆرىلەر ۋە سۇباشلىرى ئوردىغا كېلىپ پادىشاھ بىلەن دىدارلىشالماي قايتسا ئۇلارنىڭ بۇ خىل بىئاراملىقىنى ھېچ نەرسى يەڭگىللىتەلمەيدۇ. ئۇلار ئۇدا ئوردىغا كېلىپمۇ پادىشاھ بىلەن مۇلاقەتتە بولۇشقا قادىر بولالمىسا پادىشاھقا غۇم ساقلاپ ئەلگە ئاپەت بولىدىغان گۇرۇھلارغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ۋەزىرلەرنىڭ پادىشاھ بىلەن دىدارلىششى قىيىن بولسا، ئوردا ئىشلىرى ئاق- ساپ قېلىش، شۇملۇقلار يامراپ كېتىش، ئەلدىكى ئىشلار بىسە- رەمجان، قوشۇنلار پاراكەندە، دېھقانلار مۇشكۈلاتتا بولۇشتەك

ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. پادىشاھ ئۈچۈن ۋەزىر - ۋۇزرالارنى پات - پات قوبۇل قىلىپ تۇرۇشتىنمۇ پايدىلىقراق ھۆكۈمدارلىق يولى يوقتۇر. پادىشاھ قوبۇلغا ئولتۇرغاندا ۋالىي، ئەمىر، بەگ-تۆرىلەر ۋە ئىماملار كىرگەن ھامان پادىشاھقا تازىم بەجا كەلتۈرىدۇ. رەئىيەت بولسا، قائىدە بويىچە پادىشاھنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. پەقەت ئىلتىپاتقا مۇۋاپىق ۋەزىرلەرلا ئوردىدا قېلىشى كېرەك. ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن ياساۋۇل - قورۇقچىلارمۇ چىقىپ كەتسۇن. مۇشۇنداق بولغاندا ئوردىدا ۋەزىرلەر ۋە جېسەكتە تۇرۇۋاتقان قورۇقچىلاردىن باشقا ھېچكىم قالمايدۇ. بۇ قورۇقچىلار يارلىققا بىنائەن قالىدىغان بولۇپ، ياراقلىق جېسەكتە تۇرۇش، ئاش ۋە شاراب توشۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنداق يوسۇن بىر مەھەل يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئادەتكە ئايلىنىپ رەسمىي ھالدا مۇقىملىشىدۇ. يەنە قىستاڭچىلىق، پەردىلەرنى قايرىپ ئوردا ئىچىنى شامالدىتىش، ئىشىكلەرنى يېپىۋېتىش قاتارلىقلارنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەر قانداق قىلىقلار مەنئى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ئاش - زىياپەتلەردىكى تەرتىپ - يوسۇنلارنىڭ بايانى

پادىشاھ بولغۇچىنىڭ بىرەر ھەپتە ۋاقتىنى ئاش - زىياپەت-لەرگە سەرپ ئەتمىكى زۆرۈردۇر. بۇ ۋاقىتتا بىر - ئىككى كۈن ئاشكارا قوبۇل يۈرگۈزمەك كېرەك. قائىدە بويىچە بولغاندا سو-رۇنغا كېلىشكە تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىشى، ئۇ-لار توسۇلماسلىقى لازىم. خادىملار قايسى كۈنى كېلىدىغانلىقىنى، بەگ - تۆرىلەر قوبۇلغا كەلگەندە، پۇقرا - رەئىيەت ئۆزلىرىنىڭ زىيادە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن. مۇشۇنداق بولغاندا پادىشاھ كەلگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەزىلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. پادىشاھنىڭ زىياپىتىگە ئىشتىراك قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن زاتلارنىڭ سانى چەكلىك بولۇشى، ئۇلارنىڭ دەرىجە - ئورنى نەزەرگە ئېلىنىشى، ئىجازەت قىلىنغان دائىرىگە بىرلا مەھرەمنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىشى لازىم. ناۋادا بىراۋ ئۆزىنىڭ شاراب چەينىكىنى ۋە ساقى بولغۇچىنى ئېلىپ كەلسە توسۇلسۇن. ئىلگىرى بۇ خىل ۋەقەلەرگە سۈكۈت قىلىنغان بولۇپ، ئەمدى ئۇنى ئەيىبلەش پەيتى كەلمەكتە. زا-مان- زامانلاردىن بۇيان كىشىلەر ھەرقاچان پادىشاھ سارىيىدىن ئۆز قەسرىگە ئاش - ئوزۇق، قەنت - گېزەك ۋە مەي - شارابلارنى توشۇغانكى، ھەرگىزمۇ بۇلارنى ئۆز ئايۋان - سارايلى-رىدىن پادىشاھ ئوردىسىغا توشۇغان ئەمەس. چۈنكى سۇلتان جا-

نابلىرى جاھاننىڭ ئاتىسى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بالى-
لىرى ۋە چاكارلىرىدۇر. سۇلتاننىڭ بالا - چاقىلىرى ئۆز ئۆيلى-
رىدىكى شاراب ۋە ئاش - تاماقلارنى كۆتۈرۈپ زىياپەتكە كەلسە
دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، سۇلتاننىڭ زىياپىتى شۇنچىلىك ئى-
دىتلىق ۋە كاتتا راسلانغان بولىدۇكى، ھەرقانداق بەگ - تۆرىنىڭ
ئاش - زىياپەتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا چىنىپ قالىدۇ. ناۋادا ئۇلار
پادىشاھ تەمىنلىگەن ساقىينىڭ ئۆزلىرىگە ناچار شاراب قۇيۇپ
بەرگەنلىكى ۋەجىدىن ئۆز شارابلىرىنى بىللە ئالغاچ كەلگەن بول-
سا، ساقىي قاتتىق جازالىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ مەجبۇ-
رىيىتى ئېسىل شارابلارنى قۇيۇشكى، ھەرگىزمۇ ناچارنى قۇيۇش
ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ھەر قايسى زاتلارنىڭ پادىشاھ تەييارلىغان
ئاش - زىياپەتلەرگە شاراب ئالغاچ كېلىشىگە باھانە يوقتۇر.

مۇۋاپىق بۇرادەرلەرنىڭ بولۇشى پادىشاھقا زۆرۈردۇر. چۈن-
كى پادىشاھ چاكارلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇپ قالسا ئۇلار
تەكەببۇرلىشىپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتى-
نىڭ سۇسلىشىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا پادىشاھ بولغۇ-
چى بەگ - تۆرىلەر، كاتتىلار، سانغۇنلار، مۇلكىي ۋە مەمۇرىي
خادىملار، ۋالىي، ئەمىرلەر بىلەن زىيادە ئىجىل - ھەمتاۋاق
بولۇپ كەتسە شاھلىق سەلتەنىتىگە زەرەر يېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ
سەۋەبتىن باشباشتاقلىشىپ پادىشاھنىڭ يارلىق - پەرمانلىرىغا
پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇنداقلا مەملىكەتكە
تەئەللۇق پۇل - مالنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ھەر قايسى ئۆلكە،
قوشۇن، پۇل - مۇئامىلە، تېرىقچىلىق ۋە مەملىكەتنىڭ دۈشمەن-
لىرى بىلەن زادى مۇئامىلىدە بولۇش ئىشلىرىدا پادىشاھ بولغۇچى
ئەڭ ياخشىسى ۋەزىر بىلەن سۆزلەشسە مۇۋاپىق. بۇنداق ئىشلار
پادىشاھنى چارچىتىپ مېڭىسىگە بىدارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەلنى
ئاسايىشلىققا پۈركەش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ پاراسىتى ۋە ئىززەت-
غۇرۇرى توزۇپ كەتسە بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ

پەلىپەتىش ـ شاللاق كىشىلەر بىلەن دوست تارتىپ كۆڭۈل ئاچسا بولمايدۇ. پەقەتلا ئۆزىنىڭ جان كۆيەر بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆز قەلبىگە شادلىقنى ھەمراھ قىلغاندىلا پادىشاھ يەڭگىللىك ھېس قىلىدۇ. ناۋادا پادىشاھ زوق ـ بەخش ئىزلەپ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئىستىسە، قىسسەلەرنى ئاڭلىماقنى سېغىنسا، ئۆزىنىڭ ئاشۇ يار ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە مۇشۇلاردىن بەھىر ئالسا ئۇنىڭ شاھلىق شەۋكىتىگە ھېچ زەرەر يوقتۇر. مانا بۇ ئۇنىڭ جان كۆيەر بۇرادەرلەر بىلەن دوستلىشىشىدىكى مۇددىئادۇر. ياخشى بۇرادەرلەرنىڭ بولۇشى ھەققىدە بىز ئاللىقاچان خاس سەھىپىلەرنى بويىغانىمىز.

# ئوتتۇزىنچى باب

## چاكارلار ۋە مەھرەملەرنىڭ تېگىشلىك ئورۇنلىرىنىڭ بايانى

چاكارلار ۋە مەھرەملەرنىڭ ئورنى ئېنىق بەلگىلىنىشى لازىم. شۇنداقلا ھەر بىر كىشىنىڭ ئېنىق ئورنى بولۇشى كېرەك. چۈنكى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلار ۋە ئۆرە تۇرغانلار ئوخشاش (پەقەت دەرىجە ـ مەرتىۋىسىلا پەرقلىنىدۇ) . ئولتۇرغانلار ۋە ئۆرە تۇرىدىغانلار يارلىققا ئوخشاشلا رىئايە قىلمىقى لازىم. پادىشاھقا مۇلازىمەتتە بولغۇچى مەھرەملەر پادىشاھنىڭ يېنىدا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايدا تۇرىدۇ، بۇلار ئاساسلىقى شەمشەرلىك ياساۋۇللار، قەدەھ تۇتقان ساقىيلاردۇر. ناۋادا بىراۋ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قىسىلسا ئوردا ۋەزىرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ چىقارسا بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بۇ ۋەزىرلەر ھەر قانداق يوچۇن ياكى نامۇۋاپىق كىشىلەرنىڭ ئاشۇلار ئارىسىدا تۇرغىنىنى كۆرسىمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋەتسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## نۆكەرلەر، مەھرەملەر ۋە ياساۋۇل باشلىقلىرىنىڭ ئىلتىماس - تەلەپلىرىنىڭ بايانى

نۆكەرلەر ئىلتىماس قىلغان ھەر قانداق تەلەپنى شۇلارنىڭ سۇباشىلىرى ۋە كاتتىلىرى يەتكۈزۈشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا بۇ تەلەپ - ئىلتىماسلار قانائەتلەندۈرۈلسە ئاشۇ سۇ باشىلىرى ئىلتىماسىنىڭ جاۋابىنى نۆكەرلەرگە يەتكۈزسە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇ باشىلىرىنى نۆكەرلەر تېخىمۇ ئىززەتلەيدىغان بولىدۇ. چۈنكى، نۆكەرلەر ئۆز تەلەپ - ئارزۇسىنى ئۆدۈللاپ ئېيتسا، ئوتتۇرىدا بىرەر ۋاستىچى بولمىسا، سۇ باشىلىرى ئۇلارنىڭ ئىززىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ناۋادا قوشۇندىكى نۆكەرلەر سۇ باشىلىرىغا تەكەببۇرلۇق قىلسا ياكى تېگىشلىك ھۆرمەتتە بولمىسا، ئۆز ئالدىغا يوسۇننى بۇزسا قاتتىق جازالىنىشى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ دەرىجە پەرقى ساقلاپ قېلىنىشى زۆرۈر.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## سوقۇش ۋە يۇرۇش قىلىشقا لازىمەتلىكلەرنى جابدۇشنىڭ بايانى

دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، زور تەمىنات ـ زورىغاردىن بەھرى-
مەن بولۇۋاتقان مەمۇرلار يۇرۇشكە ۋە سوقۇشقا كېرەكلىك ياراغ-
ئەسلىھەلەرنى، تۈرلۈك لازىمەتلىكلەرنى جابدۇشى، يەنە بەزى
چاكار ـ ياساۋۇللارنى سېتىۋېلىشى لازىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەي-
ۋىتى، سالاپىتى ۋە ھۆرمىتى مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىقلار زاھىر
بولىدۇكى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆي ـ بىساتلىرىدىكى ھەشەمەت
ئارقىلىق روياپقا چىقمايدۇ. ياراغلار ۋە چاكار ياساۋۇل ـ قورۇق-
چىلار قانچە كۆپ راسلانسا پادىشاھ شۇنچە خۇرسەنت بولىدۇ.
ئۇنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىمۇ قالغانلارنىڭكىدىن ھەسسىلەپ ئاشى-
دۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كاتتىلارنى جازالاشنىڭ بايانى

بىر زاتنىڭ كاتتىلار قاتارىغا ئۆستۈرۈلگۈچە بىھېساپ ۋاقىت ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىدىغانلىقى، كۆپلىگەن رىيازەتلەرنى تېتىيدىغانلىقى شۈبھىسىز. ھالبۇكى، بەزىدە شۇلارمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلارنى ئاشكارا جازالىغاندا ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى پايخان بولۇپ، ئۆمۈرلۈك دەردكە ۋە پۇتمەس - تۈگىمەس خورلۇق - ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق كاتتىلار سەۋەنلىك سادىر قىلغاندا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش جائىز. ئاندىن ئۇنى خۇسۇسىي قوبۇلغا چىللاپ كېلىپ: «سەن پالانى ئىشنى بۇزغان بولساڭمۇ بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆستۈرگەن سەندەك بىر كىشىنى چۆرۈۋېتىشنى مۇۋاپىق تاپمىدۇق، سېنى ئەپۇ قىلدۇق» دېسە بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇ كىشى تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ سەۋەنلىكتىن ساقلىنىدۇ. ئۇنداق قىلىنماي ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدىن ئۆز قورۇقچىسىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ ئۆزى بىلگەنچە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ.

بىرەيلەن مۆئمىنلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان ھەزرىتى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەمىنلىك ئاتا قىلغاي) دىن: «باتۇر كىمدۇر؟» دەپ سورىغان. ئەلى: «غەزەپكە تولغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، تىنچلانغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلمايدىغان كىشى ئەڭ باتۇر سانىلىدۇ. كېيىنكى پۇشايمان

ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەنىدى.

بىر ئادەم ئۇچۇن بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ يۇكسەكلىك غە-
زەپ قىلماسلىقتۇر. بۇنىڭ ئۇچۇن غەزەپنى دانالىق سۇلىرى
ئارقىلىق بېسىش لازىم. غەزەپ ئوتلىرى ھەرگىزمۇ دانالىق
سۇلىرىنى كۆيدۇرەلمىسۇن. كىملا بولمىسۇن، ئەقىل تىزگىنىد-
نى قولدىن چىقىرىپ ئەسەبىيلىكتە چېكىگە يەتكەندە ئۇنىڭ ئە-
قىل كۆزىنى كۆڭۈل ھېسلىرىنىڭ چاڭ - تۇمانلىرى قاپلىۋال-
دۇ. نەتىجىدە قىلغان - ئەتكىنى ئەقىلدىن ئازغان كىشىنىڭ
قىلغىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەقىل تىزگىنى كۆڭۈل
ھېسلىرىنى بېسىپ غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرسە ئەقىل قۇشى نەپس
ئارزۇسىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئۇمۇ يوسۇندىن چىققان ھېچ ئىشنى
قىلىپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ غەزەپ قىلغان - قىلمىغانلىقىمۇ بىلىن-
مەي قالىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى پەيغەمبىرىمىز
(ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى خاتىرجەم قىلغاي) نىڭ ساھا-
بىلىرى ۋە ئەرەب قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ
نان يەۋاتقانىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۇچىسىغا ئېسىل تون، بېشىغا
ياخشى دەستار ئارتقانىدى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرغان مۇلازىم
بىر تاۋاق غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويماقچى بولغاندا ئېھتىياتسىز-
لىقتىن تاۋاق قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ ھۈسەيىنىنىڭ ئۇستىۋاشلى-
رىنى تاماق بولغاپ قويدى. ھۈسەيىنىنىڭ غەزەپلەنگىنىدىن چېكە
تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇلازىمغا قارى-
دى. مۇلازىم قورققىنىدىن ھۈسەيىنگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتى-
نالماي قاتتىق جازانى كۈتتى. شۇ چاغدا ھۈسەيىن: «تەقۋا-
دارلار... ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلار» (
«قۇرئان كەرىم» 3 - سۈرە، 134 - ئايەت) دەپ ئويلاپ غەزەپنى
ئۆزىدىن نېرى قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەي مەھرەم، سېنى
ئەپۇ قىلدىم. سەن قەھرىمگە ئۇچراشتىن ھەزەر ئەيلىمىسەڭمۇ

بولىدۇ» . سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساھىبخانىنىڭ بۇ قەدەر مېھرىبان، سەۋرچان ۋە كەڭ قورساق ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئېيتىلىشىچە، مۇئاۋىيە ناھايىتى سەۋرلىك ۋە مېھرىبان كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مېھمانلارنى قوبۇل قىلىۋاتقانىدى، سورۇندا بارلىق كاتتىلار ئۆرە ياكى ئولتۇرغىنىچە جەم بولغانىدى. ئۇشتۇمتۇت جۇل - جۇل كىيىملىك بىر يىگىت ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگىنىچە مۇئاۋىيەنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ: «ئەي مۆئمىنلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئالدىڭغا بىر جىددىي ئىلتىماس بىلەن كەلدىم. قوبۇل كۆرسەڭ ئىلتىماسىمنى ئېيتسام» دېدى. مۇئاۋىيە: «قولۇمدىن كەلسىلا ھەر قانداق تەلىپىڭنى ئىجاۋەت قىلىمەن» دېدى. ھېلىقى يىگىت: «كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى مەن بىر يوقسۇل، خوتۇنۇممۇ يوق، سېنىڭ ئاناڭ بولسا تۇل ئولتۇرۇۋاتىدۇ. خالىساڭ مەن ئۇنىڭغا ئۆيلىنەي. شۇنىڭدا مەن خوتۇنلۇق بولۇپ قالىمەن، ئۇمۇ ئەرلىك بولۇپ قالىدۇ، شۇ چاغدا سەن ئىنئامغا مۇيەسسەر بولىسەن» دېدى. مۇئاۋىيە: «سەن بىر يىگىت تۇرساڭ، ئۇ دېگەن بىر قېرى موماي تۇرسا، يەنە تېخى ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى قالمىغان دېگىنە. سەن ئۇنى ئەمرىڭگە ئالساڭ نېمىمۇ قىلارسەن؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى يىگىت: «ئاڭلىسام ئۇنىڭ ساغرىسى ناھايىتى چوڭمىش. مەن ئاشۇنداق يوغان ساغرىغا بەكلا ھېرىس» دېدى. مۇئاۋىيە: «ئاللاھنىڭ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، مەرھۇم ئاتاممۇ ئاشۇ سەۋەبىتىنلا ئانامغا ئۆيلەنگەنىدى. بۇ ئانامنىڭ يېگانە ئۆزگىچىلىكى. نېمىلا بولمىسۇن ئانامغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ باقاي. ئۇ خالاپ قالسا شۈبھىسىزكى مەن سېنىڭ ئەڭ ياخشى ئەلچىڭ بولۇپ قالىمەن» دېدى. مۇئاۋىيەدە زەررىچە خۇدۇكسىرەش ياكى غەزەپ ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سەۋر - تاقەتتە تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى.

دانىشمەنلەر ئېيتقانكى، سەۋرگە ھېچ نەرسە تەڭ تۇرالمايدۇ. ئىشلار ئوڭىغا كېتىۋاتقاندىمۇ سەۋرلىك بولۇش تېخىمۇ ياخشى؛ ئىلىمگە ھېچ نەرسە تەڭ تۇرالمايدۇ. ناۋادا ئىلىم ھۈنەر بىلەن يۇغۇرۇلسا تېخى ياخشى؛ مال - دۇنياغا ھېچ نەرسە تەڭ تۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا خەير - ئىلتىپات ۋە سائادەت قوشۇلسا تېخىمۇ ياخشى؛ تەقۋادارلىققا ھېچ نەرسە تەڭ تۇرالمايدۇ. ناۋادا ئۇ ئاللاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھېيىقىش بىلەن بىرلەشسە تېخىمۇ ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## ياتغاق[1]، تۇرغاق ۋە قاراۋۇلنىڭ بايانى

پادىشاھنىڭ خاس قاراۋۇلى، ياتغاقلار، تۇرغاقلار ۋە قاراۋۇللارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىلغاش زۆرۈر. بۇ خادىملارغا باش بولغۇچى مەمۇر ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى بىلىشى لازىم. چۈنكى، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى ئاچ كۆز ـ خەسىس كېلىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ دۇنياغا دوم چۈشىدۇ. بۇ سەپكە بىر يېڭى خادىم سەپلەشتە ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى راۋۇرۇس سوراشتۇرۇش لازىم. ھەر كېچىسى ئۇلار كۆزەتتە تۇرغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، كېچە ياكى كۈندۈز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇنىڭغا ھوشيار بولۇش لازىم. چۈنكى بۇ تولىمۇ نازۇك ۋە زىل ئىش.

---

[1] كېچىلىك قاراۋۇل

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## زىياپەت شىرەسىدىكى نازۇ نېمەتلەرنى راستلاشنىڭ بايانى

پادىشاھلار سەھەردە بىر شىرە نازۇ نېمەتلەرنى تەييارلاپ قويۇشنى زۆرۈر. پادىشاھ ھۇزۇرىغا سالامغا كەلگەنلەر ئۇنىڭدىن ئېغىز تېگىدۇ. ناۋادا قوبۇلغا ياكى سالامغا كەلگەن كاتتىلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تېگىشنى خالىمىسا، ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋاقىتتا خالىغانچە غىزالانسا بولىۋېرىدۇ.

سۇلتان توغرول بەگ مول نازۇ نېمەتلەر راسلانغان شىرە راسلاپ قويۇشنى زادىلا ئۇنتۇمايتتى. ناۋادا سەھەردە ئاتلىق ئاي-لىنىشقا ياكى شىكارغا چىقسا 20 قېچىرغا يېمەك ئارتىپ ماڭاتتى. مېڭىپ سەھرا ـ قىرلاردا غىزاغا ئولتۇرغاندا يېمەكلىكنىڭ كۆپلىكىدىن ئەگىشىپ چىققان ھەممىلا بەگ ـ ئەمىرلەر تاماقلى-رىنى چاكىلدىتىپ قالاتتى. تۈركىستان قاغانلىقلىرىدا زور سان-دىكى يېمەكنى ۋە ئاشخانا خىزمىتىنى ئارتۇقزىدىغان مالايلار قا-غانلىق خىزمەتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتاتتى. سەمەر-قەند ۋە ئۆزكەندكە بارغىنىمىزدا بىكارچى غەيۋەتخورلار چىڭىللار ۋە ماۋەرائۇننەھرلىكلەرنىڭ سۇلتان تاكى كېلىپ ـ كەتكۈچە ئۇلارنىڭ زىياپەت شىرەسىدىن بىر لوقما تائام يېمىگەنلىكى توغ-رىسىدا ۋاتىلداپ يۈرگەنلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىشكەنىدى. ①

بىراۋنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكى ھامان ئۇنىڭ ئائىلە ئىشلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئاقىللىق بىلەن بىر ياقلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. سۇلتان دۇنيانىڭ ئاتىسى، پۈتكۈل پادىشاھلار شۇنىڭ ئىتائىتىدە. شۇڭا ئۇنىڭ ئورۇدا ئىشلىرى، مەرد ـ مەردانىلىكى ۋە نازۇ نېمەت، ئىنئام ـ ئېھسانلىرى ئۆز ئورنىغا مۇناسىپ بولۇشى كېرەك. باشقا پادىشاھلارنىڭكىدىنمۇ كۆپ ۋە كاتتا بولۇشى كېرەك.

رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مول رىزقى ـ نېسىۋە ئاتىغاندا ئاللاھ شۇ پادىشاھنىڭ ئۆمرىنى زىيادە، سەلتەنىتىنى ئۇزۇن قىلىپ، شان ـ شۆھرەتكە نائىل قىلار ئىمىش.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە فىرئەۋن ھەققىدە بايان

پەيغەمبەرلەر (ئاللاھ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي) ھەققىدىكى قىسسىلەرگە قارىغاندا پەرۋەردىگارىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۆجىزىلەر بىلەن فىرئەۋننىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا فىرئەۋن ھەر كۈنلۈك غىزاسىغا تۆت مىڭ تۇياق قوي، تۆت يۈز كالا، ئىككى يۈز تۆگە ۋە ھېسابسىز چۈجە ـ باچكا، قورىغان گۆش ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملارنى سەرپ قىلاتتى، باشقا يېمەكلىكلەرمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. پۈتكۈل مىسىرلىقلار ۋە فىرئەۋننىڭ قوشۇنى ھەر كۈنلۈك غىزادا ئۇنىڭغا ھەمداستىخان ئىدى. تۆت يۈز يىلدىن بۇيان فىرئەۋن ئۆزىنى مەبۇد قىلىۋېلىپ بۇ خىل يېمەك بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزۈپ قويمىغانىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىم، فىرئەۋننى يەر يۈزىدىن يوقاتقايسەن» دېدى. پەرۋەردىگارىمىز ئۇنىڭ دۇئاسىغا جاۋابەن: «مەن ئۇنى سۇغا غەرق قىلىمەن،

ئۇنىڭ پۈتكۈل مال - دۇنياسى ۋە لەشكەرلىرىنى سېنىڭ ئىختى-
يارىڭغا تۇتقۇزىمەن» دېدى. ۋەدىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپمۇ
ھالاكەتكە بۇيرۇلغۇسى فىرئەۋن ئەيش - ئىشرەتتە ياشاۋەردى.
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر قاچىسى تولۇپ، پەرۋەردىگاردىن
فىرئەۋننى تېزرەك ھالاك قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭ تاقى-
تى - تاق بولۇپ 40 كۈن يول يۈرۈپ سىناي تېغىغا كەلدى
ۋە پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشتى: «ئەي رەببىم، فىرئەۋننى
ھالاك قىلىدىغانلىقىڭدىن ۋەدە بەرگەنىدىڭ. ھالبۇكى ئۇ يەنىلا
ئۆزى بىلگەنچە مۇشرىكلىك قىلىپ يۈرمەكتە. سەن ئۇنى قاچان
ھالاك قىلماقچى؟» پەرۋەردىگاردىن شۇنداق سادا كەلدى: «ئەي
مۇسا، مېنى فىرئەۋننى تېزرەك ھالاك قىلسىكەن، دەيسەن.
ئەمما مېنىڭ مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن بەندىلىرىم ئۇنداق قىلىش-
تىن توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ ئېھسان - ئىلتى-
پاتىدىن بەھرىمەن بولۇپ فىرئەۋننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا خاتىرجەم
ياشىماقتا. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ بەندىلىرىمگە يېمەك ۋە خاتىر-
جەم تۇرمۇش ئاتا قىلىدىكەن ئۇنى ھالاك قىلمايمەن». مۇسا
ئەلەيھىسسالام: «ۋەدەڭ قاچان ئىشقا ئاشقۇسى؟» دەپ سورىۋى-
دى، پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: «فىرئەۋن بەندىلىرىمگە يېمەك
بېرىشنى توختاتقان كۈنى مېنىڭ ۋەدەم ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇ ھەر
قېتىم ئۆز ئىلتىپاتىنى كېمەيتكەندە ئۇنىڭ سۈرۈكى ئالدىغا سۈ-
رۈلۈپ ماڭىدۇ».

كۈنلەرنىڭ بىرىدە فىرئەۋن ھامانغا شۇنداق دېدى: «مۇسا
ئىسرائىل قەۋمىنى ئۆز يېنىغا توپلاۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن بەكمۇ
تەشۋىشلىنىۋاتىمەن. بىزگە ئايانكى، ئۇنىڭ بىزنى يېڭىمەن دېيى-
شى خام خىيال. ئوزۇق ۋە پۇل - پۇچەكتىن قىسىلىپ قالماس-
لىق ئۈچۈن ئامبار - خەزىنىلىرىمىز ھەر قاچان تولۇپ تۇرۇشى
لازىم. شۇڭا ھەر كۈنلۈك يېمەكمىزنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىپ
ئامبارغا ئېھتىيات ئۈچۈن توپلاپ قويايلى». شۇنىڭ بىلەن ئۇ

ئىككى مىڭ قوي، ئىككى يۈز كالا ۋە يۈز تۆگىنى قىسقارتىپ، ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە مىقدارىنى بىر قېتىم كېمەيتىپ ماڭدى. ئۇزاق ئۆتمەي مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدىسىگە ھېچقانچە ئۇزاق قالمىغانلىقىنى چۈشەندى. چۈنكى، زىيادە تېجەشلىك ھالاكەتنىڭ ۋە يامانلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، فىرئەۋن غەرق بولۇپ ئۆلگەن كۈنى ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا ئىككى ساغلىق قوي سويۇلغانىكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سېخىيلىق ۋە مېھماندوستلۇقى بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئاللاھ ھاتەم تەيگە دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابلىرىدىن خالاس قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى. چۈنكى ئۇ مەرد، سېخىي ۋە مېھماندوست زات ئىدى. دۇنيا بىر كۈنلا مەۋجۇت بولۇدىكەن ئىنسانلار ئۇنىڭ مەرد، سېخىيلىقىنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلغاي) ھەققىدىمۇ مۇنداق بىر ھېكايەت بار: بىر قېتىم ھەزرىتى ئەلى ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ئۈزۈكىنى بىر دىۋانىگە بېرىۋەتكەنىكەن. شۇ ئۈزۈكنىڭ شاپائىتى بىلەن بىر قانچە ئاچ - زېرىن يوقسۇل قانائەت تاپقانىكەن. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە ئۇنىڭ سېخىيلىقىنى مەدھىيىلىگەنىدى، قىيامەت قايىم بولغۇچە كىشىلەر ئۇنىڭ جاسارىتى ۋە مەردانىلىكىنى يادلىغۇسى.

دۇنيادىكى خىسلەتلەرنىڭ كاتتىسى مەردلىك، خەير - ئېھسان ۋە مېھماندوستلۇقتۇر. تۇرلۇك سەدىقە - ئېھسان ۋە مېھماندوستلۇقنىڭ بېشى نان بېرىشتۇر. شۇڭا غەزنەۋىيلەر شائىرى ئۈنسۇرى مۇنداق يازغانىدى:

مەرد - سېخىيلىق پەزىلەتنىڭ كاتتىسى،
مەرد - سېخىيلىق پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى.
مەرد - سېخىيلىق ئىككى دۇنيا ئەۋزىلى،

مەدر ـ سېخىيلىق ئىككى دۇنيا سېنىڭكى.

باي ۋە مۇراد ـ ئارزۇلىرىغا يەتكەن كىشى مىسالى تاجسىز شاھدۇركى ئۇنىڭ قىلىقلىرى خوجايىندەك بولىدۇ. ناۋادا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا پېقىر ھالەتتە تۇرۇشىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن ھېيىقىشىنى، ئۆزىنى بېگىم ـ خوجام دەپ ئاتىشىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى بىر شىرە نازۇ نېمەت سەدىقە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىسۇن. جاھاندىكى جىمى ئابرۇي ساھىبلىرى مېھماندوستلۇق ئارقىلىق يۈز تاپقاندۇر. خەسىسلىك ۋە ئاچ كۆزلۈك ئىككىلا دۇنيادا سوغ نەزەرگە تالىقتۇر.

زامانىمىزغىچە تارىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، «خەسىسلەر جەننەتكە كىرگۈزۈلمەيدۇ» ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر خىسلەتنى مېھماندوستلۇقتىن زىيادە كۆرگەن ئەمەس.

## ئىزاھات:

① تۈركىستان قاغانلىرى پات ـ پاتلا سەلجۇقىيلار دۆلىتىگە پاراكەندىچىلىك تېرىپ بېرەتتى. بولۇپمۇ سەلجۇقىيلارغا قارام بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مەلىك شاھ 1088 ـ يىلى ماۋەرا ئۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ سەمەرقەندكە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندى. مۇشۇ ۋەجىدىن دىنىي داھىيلار ئەھمەد قاغاندىن ئاغرىنىپ مۇداخىلىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆكۈمدارلار ئەزگۈچىلەر ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئىكەن، ئۇنى ئىسمائىلىيە پىرقىسىگە قول بەرگەن، دىگۈچىلەرمۇ بار. ئۇ كېيىن مۇشۇ سەۋەبلىك ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان.

ۋ. ۋ بارتول: «موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە بولغان تۈركىستان» 316 ـ 317 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## مەھرەم ۋە چاكارنىڭ تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەشنىڭ بايانى

مەھرەم ئۆز خىزمىتىدە تۆھپە كۆرسەتكەندە ئۇنىڭغا ئىنئام ئارقىلىق رىغبەت بېرىش لازىم. مەھرەم ـ چاكارلارنىڭ بىرەرى سەۋەنلىك سادىر قىلغان بولسا، ئادەتتىكىچە ۋە غەرەزسىز سەۋەنلىك بولسىمۇ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش زۆرۈر. مۇشۇنداقلا بولسا، قالغان چاكارلار تېخىمۇ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدۇ، شۇملۇق ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلار تېخىمۇ قورقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىشلار ئۆزلۈكىدىنلا يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

هاشىم ئۇرۇقىدىكى بىر يىگىت كەيپچىلىكتە ئاۋام بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا جامائەت ئۇنىڭ ئاتىسىغا شىكايەت قىلىپ باردى. ئاتىسى ئوغلىنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولغاندا بۇ يىگىت: «ئاتا، مەندىن سەۋەنلىك ئۆتتى، ھەقىقەتەنمۇ كالۋا ئىكەنمەن. ئەمما يېشىلگىنىمدە ماڭا جازا بەرمەس ئىدىڭ» دېدى. ئاتىسى كۈلۈپ كېتىپ ئوغلىنى ئەپۇ قىلدى.

پارس ئالىمى ئىبنى قۇردا دېھىنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ پەرۋىز بىر ۋەزىردىن رەنجىپ نەزەر بەندكە بۇيرۇدى. جاھانكەزدى شائىر بەرباتتىن ئۆزىگە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بەرباد ھەر كۈنى بۇ ۋەزىرگە يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. پەرۋىز بۇنى ئىشىتىپ: «بىز بىراۋنى نەزەربەندكە ئالساق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا قانداق

جۇرئەت قىلدىڭ؟ بىز بىراۋغا غەزەپ قىلغانىكەنمىز ئۇنى نەزەر-بەندكە ئالىمىز، ئۇنىڭغا ھېچ غەمخورلۇق جائىز بولمايدۇ. مۇ-شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟» دەپ كايىدى. بەرباد: «ئەي پادىشاھ، سېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مەغپىرىتىڭ مېنىڭ قىلغىنىمنى بېسىپ چۈشتى» دېدى. پادىشاھ: «مەن ئۇنى قانداق مەغپىرەت قىپتىمەن؟» دېۋىدى ئۇ: «سەن ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتىڭ. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەنلىرىمنىڭ ھەرقاندىقىدىن ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ: «بارىكاللا، قارا دانالىقىڭنى! بارغىن، سېنىڭ ئاشۇ سۆزۈڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەپۇ قىلىدىم» دېدى.

ساسانىيلار پادىشاھلىرىنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى، بىراۋ پادىشاھنىڭ ئالدىدا سۆز ياكى ئىپادە ئارقىلىق پادىشاھنى خۇر-سەن قىلسا پادىشاھنى «بارىكاللا» دېگۈزۈۋەتسىلا ئاقچا دىۋاندىن مىڭ دەرھەم ئىنئام ئالاتتى. بۇ ساسانىيلار خاندانلىقى ئۈچۈن يوسۇن ئىدى. پەرۋىز خۇسراۋ دۆرۈسلۈق، مېھرىبانلىق ۋە كەڭ قورساقلىقتا بارلىق پادىشاھلارنى بېسىپ چۈشەتتى، نۇشىرۋان ئادىلنى تېخىمۇ بېسىپ چۈشەتتى.

ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى نۇشىرۋان ئادىل ئاتلىق مەھرەمە-لەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىققانىدى. يول ئۈستىدە بىر سەھرادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يۈز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر بوۋاينىڭ ياڭاق كۆچىتى تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر تۈپ ياڭاق كۆچىتىنىڭ تىكىلىشتىن مېۋە بەرگۈچە ئون - يىگىرمە يىل ئۆتىدىغانلىقى پادىشاھقا سىر ئەمەس ئىدى. ئۇ: «ئەي بوۋاي، ياڭاق تىكىۋاتامسەن؟» دەپ سورىۋىدى بوۋاي: «شۇنداق، پادىشاھىم» دېدى. پادىشاھ: «بۇ كۆچەتلەرنى تىككىنىڭ بىلەن ياڭىقىنى يېيىش ساڭا نېسىپ بولا-رمۇ؟» دەپ سورىۋىدى بوۋاي: «بوۋىلىرىمىز تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى بىز يەۋاتىمىز، بىز تىككەننىڭ مېۋىسىنى بالىلىرىمىز

يەيدۇ» دېدى. نوشىرۋان مەمنۇن بولغىنىدىن «بارىكاللا» دېدى. ئاقچا دىۋان ۋەزىرى دەرھاللا مىڭ دەرھەمنى بوۋايغا تەگلىدى. بوۋاي: «ئەي خوجام، بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى ئەڭ بۇرۇن مەن يەيدىغان بولدۇم» دېدى. پادىشاھ: «قانداق قىلىپ؟» دەپ سورىدى. بوۋاي: ناۋادا بۇ كۆچەتلەرنى تىكمىگەن بولسام، پادىشاھ ئالىيلىرى بۇ سەھرادىن ئۆتمىگەن بولسىلا، مەندىن بۇ سوئاللارنى سورىمىغان بولسىلا، مەنمۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمىگەن بولسام بۇ مىڭ دەرھەم نەدىن كېلەتتى؟» دېيىدى نۇشىرىۋان ئارقا ـ ئارقىدىن: «بارىكاللا، بارىكاللا» دەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاقچا دىۋان ۋەزىرى بوۋايغا يەنە ئىككى مىڭ دەرھەم تەگلىدى. چۈنكى، نۇشىرىۋان ئىككى قېتىم «بارىكاللا» دېگەنىدى.

بىر كۈنى خەلىفە مەئمۇن ئوردىدا بىر سەۋەنلىكنى بىر ياقلىق قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز شۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەلۇمات كېلىپ قالدى. خەلىفە بۇ مەلۇماتنى ۋەزىرى فازىل ئىبنى شارغا ماڭدۇرۇپ: «تېزدىن مۇشۇ كىشىنىڭ تەلىپىنى ئىجاۋەت قىلغايسىز، زامان چەرخىنىڭ پىرقىرىشى تولىمۇ تېز بولماقتا، ئۇ ھېچ يەردە توختىمايدۇ. جاھاننىڭ رەپتارى شۇنچىلىك تېز بولماقتىكى ھېچكىمگىمۇ باقىۋەندىلىك نېسىپ بولمايۋاتىدۇ. بۈگۈن بىر ياخشى تىلەكنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، ئەتە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولساقمۇ سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن» دېگەننى ئاغزاكى يەتكۈزدى.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## تېرىقچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا سىلىق چېچىشتا ئېھتىيات قىلماقنىڭ بايانى

ناۋادا مەلۇم بىر جايدىن مەلۇمات كېلىپ دېھقانلارنىڭ خانۇ ـ ۋەيران بولۇشقانلىقى، ياقا ـ يۇرتلارغا قېچىۋاتقانلىقى يەتكۈزۈلسە، مەلۇمات ئېلىپ كەلگۈچى شاتۇرنىڭ ئۆز يېنىنى تومپايتقادلىقى شۇبھە هاسىل قىلسا يوشۇرۇن ئايغاقچىدىن بىرنى هېچكىمگە تۇيدۇرماي بىر باھانىلەر بىلەن ئاشۇ جايغا ئەۋەتىش، ئاشۇ جاينى بىر ـ ئىككى ئاي ئايغاق قىلىش، قەلئە ـ سەھرالارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش، دېھقانلارنىڭ باي ياكى نامرات ئىكەنلىكىنى چارلاش زۆرۈر. بۇ ئايغاقچى رەئىيەتنىڭ پادىشاھقا، بەگ ـ تۆرىلەرگە، باجگىرلارغا بولغان باھاسىز ۋە دەلىللەنگەن تەپسىلاتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى مەمۇرلار (سوئال ـ سوراقتا تارتىلغان) باھانە تېپىپ ئۆزىگە ئەيىب قويغۇچىنى خەۋپلىك دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ داد ـ مۇڭىنى ئاڭلىماسلىق لازىم. بولمىسا ئۇلار باشباشتاقلىق قىلىشىدۇ. ئىشەنچلىك ئاخبار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى بولسا ئۆزىنىڭ نەپسانىيەتچى سانىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ پادىشاھ ياكى پاسىبانغا ئاخبار ـ مەلۇماتلارنى قايتا سۇنماسلىقى مۇمكىن. بۇ زامانىمىزغا قەدەر تۇتۇن سانىنىڭ ئازلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى. دېھقانلار كۈنسايىن نامراتلىشىپ بارغانسېرى كۆپ مىقداردا ياقا يۇرتلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولماقتا، باجگىرلار بولسا، نائىنساپلىق بىلەن باج يىغماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## چالا ئىش قىلىشنىڭ پادىشاھقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنىڭ بايانى

ھەر بىر ئىنسان ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغاندا ئالدىراقسىزلىق قىلمىسۇن. بىرەر ھادىسە ياكى شۇبھىلىك ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندا سالماق بولۇش، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىش لازىم. چۈنكى ئالدىراقسانلىق ـ ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى. دەتالاشتا قالغان ئىككى كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىرەرىگە مايىللىقىنى ئاشكارىلىمىسۇن. بولمىسا گېپى يوللۇق بولغىنى ئەندىشىدە قېلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالىدۇ. ئەيىبكار بولغىنى تېخىمۇ ئۆكتەملىشىپ يالغاننى سۆزلەۋېرىدۇ. ئاللاھ تائالا: «ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار» («قۇرئان كەرىم» 49 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ئالدىراڭغۇ بولماسلىقى لازىم. ئالدىراڭغۇلۇق ۋە چالا ئىش پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ، پۇشايمانغا بولسا ھېچ زاماندا داۋا يوق.

ھېراتتا ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر ئۆلىما زات بار بولۇپ، ئۆزىگە چۇشلۇق ئابرۇي ساھىبى ئىدى. ئۇنى بىكرەك «مەلىكۇل جەھان»غا تەۋسىيە قىلغانىدى. شۇ زاماندا «سۇلتانۇل شەھىد»

( ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلغاي ) ھىراتقا بېرىپ شۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئابدۇراخمان خالمۇ شۇ زاتى ئۆلىمانىڭ تۇرالغۇسىدا قونۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى شاراب ئىچىشىۋېتىپ ئابدۇراخمان سۇلتانىنىڭ ئالدىدا: «بۇ بوۋاينىڭ كېچىسىلا بارىدى- غان بىر ھۇجرىسى بار ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇ كېچىچە ئىبادەت قىلىپ چىقارمىش، بۇگۈن ئاشۇ ئۆيىنى ئېچىپ قارىسام بىر كۆپ مەي ۋە بىر مىس بۇتنى كۆردۇم. شۈبھىسىزكى ئۇ كېچىچە مەي ئىچىپ، مۇشۇ بۇتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىكەن» دېدى ۋە مەي كومزىكى بىلەن مىس بۇتنى ئېلىپ كەلدى. ئابدۇراخمان ئەسلىدە «مۇشۇ ئىشنى ئېيتسام سۇلتان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالى- دۇ» دەپ ئويلىغانىدى. سۇلتان ياساۋۇلدىن بىرنى بوۋاينى چاقى- رىشقا ئەۋەتتى، يەنە بۇ ئۆلىما بوۋاينى چاقىرىپ كېلىشكە ئەمىر قىلىپ ماڭا بىر ياساۋۇلنى ئەۋەتتى. سۇلتانىنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئۇنى چاقىرتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم، ئەمما بىر ئاش پىشىم ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يەنە بىر ئەلچى كېلىپ: «چاقىرتمىساڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

ئەتىسى سۇلتاندىن: «تۈنۈگۈن ھېلىقى ئۆلىمانى چاقىرتىش- نى ئېيتىپلا، ئارقىدىنلا چاقىرتمايدىغان بولۇپ قاپتىلا. بۇنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟» دەپ سورىدىم. سۇلتان: «ھېلىقى ئابدۇراخ- مان خال تولىمۇ نائەھلى كىشى ئىكەن» دېدى، ئارقىدىن بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئابدۇراخ- مان خالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئېيتقانلىرىڭنىڭ قانداق ۋەقە بولۇشىدىن ۋە مەي كومزىكى بىلەن مىس بۇتنى ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتكەنلىكىڭدىن قەتئىينەزەر ئىشنىڭ تېگى- تەكتىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارمايمەن. شۇڭا قولۇڭنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىڭنىڭ بەرھەق راست ئىكەنلىكىگە جېنىڭ بىلەن قەسەم قىل» دېگەنىكەن، ئابدۇراخمان يالغان ئېيتقانلىقىنى تەن ئاپتۇ. سۇلتان: «ئەي مۇرتەد، نېمە ۋەجىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ زاتى ئۆلىماغا بوھتان چاپلاپ ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلد-
سەن؟» دەپ سورىسا ئۇ: «ئۇنىڭ كاتتا تۇرالغۇسىنى كۆزلەۋاتقا-
نىدىم. ئۇنى كالىلىسىدىن جۇدا قىلسا تۇرالغۇسىنى ماڭا ئىنئام
قىلىپ بېرەمدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن» دەپتۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەندى: «ئالدىراقسانلىق شەيتاذ-
دىن، ئېھتىياتكارلىق ئاللاھتىن». قىلمىغان ئىشنى قىلىۋالغىد-
لى بولىدۇ، ئەمما قىلىپ بولغان ئىشنى ئارقىغا قايتۇرغىلى
بولمايدۇ. بۇزۇرجۇمھۇر مۇنداق دەيدۇ: «ئالدىراقسانلىق ۋە چا-
لىلىق يەڭگىلتەكلەرنىڭ ئىشى. بۇنداق كىشى ئالدىراقسان، قو-
پال، قىزىققان كېلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆمۈر بويى ھەسرەت-
پۇشايماندا ئۆتىدۇ».

مەن ئىشنى ناھايىتى ئېدىتلىق باشلايدىغان، ئەمما ئاخىردا
ئالدىراقسانلىق ۋە چالىلىق تۇپەيلىدىن شۇ ئىشنى بۇزۇپ قويىدى-
غان كىشىلەرنى كۆرگەنمەن. ئالدىراقسان كىشى ھەر دائىم ئۆ-
زىنى كاچاتلاپ پۇشايمان قىلىپ ئەپۇ - مەغپىرەت تىلەپ ئۆتىدۇ،
ھەر قاچان ئاھانەتتە قېلىپ ئۆز سەۋەنلىكىنىڭ جازاسىنى تارتى-
دۇ.

ھەزرىتى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق
دېگەندى: «ئىشنىڭ كاتتىسى سالماقلىق، ئاندىن قالسا مېھرى-
بانلىق ۋە غەمخورلۇق».

ئىزاھلار:

① بىكرەك — بۇ كىشى ئالپ ئارسلاننىڭ مەھرىمى ئىدى.
شۇبھىسىزكى ئۇ مەلىك شاھقىمۇ خىزمەتتە بولغانىدى.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## ياساۋۇل بېشى ۋە جازا قوراللىرىنىڭ بايانى

ياساۋۇل بېشى مەنسىپى ھەر قاچان مۇھىم خىزمەت دەرىجى-
سىنىڭ بىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە شاھ ئوردىدا (ئەمىر سارىيىدىكى
باش غوجىداردىن باشقا) ياساۋۇللار بېشىدىنمۇ يۇقىرىراق ۋە
ھەيۋەتلىكرەك ئىنسان يوق. بۇنداق بولۇشىنىڭ ۋەجى شۇكى،
ياساۋۇللار بېشى ھوقۇق تۇتقان كاتتىلارنىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىپ
قويالايدۇ. ھەممىلا ئادەم پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن ۋە جازاسىدىن
قورقىدۇ. پادىشاھ ھەر قاچان بىراۋغا غەزەپ قىلغاندا ياساۋۇللار
بېشىغا مۇشۇ كىشىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشنى، بۇ
كىشىنىڭ پۇت - قوللىرىنى چاناپ تاشلاشنى ياكى دارغا ئېسىش-
نى، تاپىنىغا دەررە ئۇرۇشنى، زىندانغا تاشلاشنى ياكى ئازگالغا
تاشلاشنى ئەمىر قىلىدۇ. تەن جازاسىنىڭ دەھشىتىدىن خالىي
بولۇش ئۈچۈن كىشىلەر قىلچە دىلغۇل بولماستىن مال - مۈل-
كىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي پۇل خەجلەيدۇ. ياساۋۇللار
بېشىغا ھەر قاچان ناغرا - دۇمباق، تۇغ - ئەلەم ۋە نەغمە كۈي
ھەمراھ بولىدۇ. بەندىلەرگە سىر ئەمەسكى، كىشىلەر ياساۋۇللار
بېشىدىن پادىشاھدىنمۇ بەكرەك قورقىدۇ. ھالبۇكى، زامانىمىزغا
كەلگەندە بۇ مەنسەپ تاشلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭ شان - شەۋكىتى
چاڭغا كۆمۈلۈپ ياتماقتا. شاھ ئوردىسىدا ئاز دېگەندىمۇ ئەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياساۋۇل بولۇشى، بۇلاردىن يىگىرمىسى ئالتۇن نەقىشلىك تەمەتەك[1] تۇتۇشى، يىگىرمىسى كۈمۈش نەقىشلىك تەمتەك تۇتۇشى، ئۇنى يوغان كالتەك تۇتۇشى لازىم. ياساۋۇللار بېشىنىڭ كىيىملىباسلىرى كۆركەم، ھەيۋەتلىك بولۇشى، سۆلىتىنى كۆرگەن كىشىنى تاڭ قالدۇرۇشى لازىم. ياساۋۇللار بېشى مۇشۇنى قىلالىسا جايىدا بولغىنى، قىلالمىسا ئورنىغا باشقا بىرىنى قويماق لازىم.

## خەلىفە مەئمۇن[2] ۋە ئىككى ياساۋۇل بېشى ھەققىدە بايان

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلىفە مەئمۇن ئۆز يارەنلىرىگە شۇنداق دېدى: «ئەمىرىمدىكى ئىككى ياساۋۇل بېشى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە كاللا كېسىش، پۇت ـ قول چاناش، كالتەكلەش، باشقىلارنى زىندانغا تاشلاش دېگەنلەر بىلەن ئالدىراش. ئۇلارنىڭ بىرىنى ھەممىلا ئادەم ماختايدۇ ۋە ئىززەتلەيدۇ، ھەممىلا كىشى ئۆز رازىمەنلىكىنى يوشۇرمايدۇ؛ يەنە بىرىنى بولسا، ھەممىلا كىشى يامان كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ ۋەجى زادى نېمىدىكىن؟ بىرەر زاتنىڭ بۇ تۈگۈچنى يېشىپ كۆرسىتىشىگە موھتاجمەن. نېمىشقا ئوخشاش ۋەزىپىدىكى ئادەمنىڭ ئەل ـ يۇرت ئالدىدىكى باھاسى ئوخشاشمايدۇ؟» خەلىفىنىڭ بۇرادەرلىرىدىن بىرى: «ئالىيلىرى ماڭا ئۈچ كۈن ۋاقىت بەرسىدى جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەن بولاتتىم» دېدى. خەلىفە ئىجازەت قىلدى.

خەلىفىنىڭ بۇرادىرى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك مەرەملىرىدىن بىرىگە: «ساڭا تاپشۇرىدىغان بىر خىز-

---

① ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە.
② ئابباسىيلارنىڭ خەلىفىسى. مىلادىيە 813—833 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

مەت بار. يادىڭدا بولسۇنكى، باغدادتا ياساۋۇللار بېشىدىن ئىككى-
سى بار: بىرى ياشانغان كىشى، يەنە بىرى قىران كىشى. ئەته
تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ياشانغان ياساۋۇل
بېشىنىڭ سارىيىغا بارغىن. سەن ئۇنىڭ تۇرالغۇسىدىن چىقىپ
سارىيىغا بارغاندا نېمە قىلىدىغانلىقى، نېمە دەيدىغانلىقى، كىشى-
لەر هال ئېيتىپ كەلگەندە، مەهبۇسلار كەلگەندە نېمە ۋەقەلەر-
نىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانلىقىنى
كۆزەتكىن. كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭنى زېهنىڭگە چوڭقۇر ئور-
نىتىپ ماڭا مەلۇم قىل. ئۆگۈنلۈككە قىران ياساۋۇل بېشىنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىمۇ شۇنداق كۆزەت ۋە ماڭا مەلۇم قىل» دېدى.
هېلىقى مەهرەم قۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى هېلىقى مەهرەم سەهەر تۇرۇپ ياشانغان ياساۋۇل
بېشىنىڭ هويلىسىغا بېرىپ ئولتۇردى. بىر كەمدە مەهرەملەردىن
بىرى چىقىپ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا شامدىن بىرنى قويدى، ئاندىن
جەينامازدىن بىرنى سېلىپ «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا كىتابلارنى
جەينامازنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىپ قويدى. هېلىقى بوۋاي
چىقىپ بىر نەچچە رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئارقىدىنلا كىشىلەر
كىرىپ كېلىشتى، ئىمامىمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈ-
رۈپ قەددىنى رۇسلاپ نامازغا ئىمامەتچىلىك قىلدى. هېلىقى
بوۋاي «قۇرئان كەرىم» پارىلىرىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ ئايەت-
لەردىن ئوقۇپ قىرائەت قىلدى. نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن
«سۇبهانەللاھ» ، «ئەلهەمدۇلىللاھ» دەپ تەسبىھ ئېيىشقا باشلى-
دى. كىشىلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دېگۈدەك كىرىپ تۈ-
رۈشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېسەنلىك سوراشتى. تاكى كۈن چىققۇچە
كىشىلەر چىقىپ - كىرىپ تۇرۇشتى. بىر كەمدە، ئۇ: «مەه-
بۇس بارمىكەن؟» دەپ سورىۋىدى ئۇلار «شۇنداق تەقسىر» دەپ
جاۋاب بېرىشتى ۋە بىر ياش مەهبۇسنى ئېلىپ كىرىشتى. بۇ
مەهبۇس بىر كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىكەن. ئۇ كىشى:

«بۇنىڭ جايتىنى ئىنكار قىلغۇدەك دەلىل بارمىكەن؟» دەپ سورىغاندا ئەتراپتىكىلەر: «يوق، ئۇنىڭ ئۆزى قىلمىشىغا ئىق-رار» دېيىشتى. ئۇ كىشى: «ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار، مەن بىر كۆرەي!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مەھبۇس يىگىتنى ئېلىپ كىرىشتى.

ياشانغان ياساۋۇل بېشى نەزىرىنى يىگىتنىڭ جىسمىغا ئاغدۇ-رۇپ: «مۇشۇ شۇمۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇلار: «شۇنداق» دېيىش-تى. ئۇ: «بۇ ئىنساندا قەبىھلىكنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇزايىدىن مېھرىبانلىقى ۋە ئىسلامنىڭ نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرى-دۇ. ئۇنىڭ بىر جۈپ قولى بۇنچە ئېغىر جىنايەتنى سادىر قىلا-ماس. پەمىمچە بىراۋ يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن تۆھمەت قىلغاندەك قىلىدۇ. بۇ يىگىت ھەرگىزمۇ ئۇنداق ناشايىن ئىشنى قىلمايدۇ. قاراڭلار، ئۇنىڭ چىرايى گۇناھسىزلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھېلىقى يىگىتمۇ ئاڭلا-دى. شۇ چاغدا توپتىن بىرەيلەن: «ياساۋۇل بېشى، قىلمىشىغا ئۇنىڭ ئۆزى ئىقرار قىلغان» دېدى. ياساۋۇللار بېشى ئۇ ئادەمگە ئاچچىق تىكىلىپ: «زۇۋانىڭنى يىغ! كىم سېنى گەپ قىل دېدى؟ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقمامسەن؟ بىر مۇسۇلماننىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتقىنىڭ نېمىسى؟ بۇ يىگىت تولىمۇ دانا كۆرۈنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىدىغان قىلىقلارنى قىلمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى يىگىتنى سۆزلە-تىپ ئىقرارىنى ئىنكار قىلدۇرۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ يىگىتكە بۇرۇلۇپ: «دەيدىغان گەپلىرىڭ يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. يى-گىت: «بۇ ئىشنى راستىنلا مەن قىلغان، بۇنى ئاللاھ پېشانەمگە پۈتكەنىكەن، پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم تۇتاشتۇر. مېنىڭ ئۇ ئالەمگە بېرىپ ئاللاھنىڭ جازاسىغا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم يوق. شۇڭا ئاللاھنىڭ ماڭا بۇيرۇغان ھۆكۈمىنى مۇشۇ يەردىلا ئىجرا قىلغىن» دېدى. ياساۋۇللار بېشى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمى-

غانغا سىلىپ: «ئۇنىڭ گەپلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمىدىمغۇ؟ ئىقرا-
رىنى بوينىغا ئىلىۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ سورىۋىدى ئەتراپتا تۇرغاز-
لار: «شۇنداق، ئۇ ئىقرار قىلدى» دېيىشتى. ئۇ: «ئەي يىد-
گىت، سېنىڭ چىرايىڭدىن ھېچ بىر ياۋۇزلۇقنىڭ ئىزناسىنى
كۆرمىدىم، بەلكىم سېنىڭ خوجاڭ سېنى بوينۇڭغا ئېلىشقا قىس-
تىغاندۇ، ئېھتىمال ئۇ سېنى خاراب قىلار. چاغلاپ بىر ئىش
قىلغىن» دېدى. يىگىت: «ئەي ياساۋۇل بېشى، مېنى ھېچكىم
مەجبۇرلىغىنى يوق، مەن بىر گۇناھكار. ئاللاھنىڭ ماڭا بولغان
ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلغايسەن» دېدى.

ياساۋۇللار بېشى يىگىتنىڭ ئۆز ئىقرارىدىن يانمايدىغانلىد-
قىنى، شۇنداقلا بۇ يىگىتنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكد-
نى، ئۆز تەكلىپىنىڭمۇ قىلچە ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى چۈشد-
نىپ يىگىتتىن: «ئىشلار راستىنلا سەن ئېيتقاندەكمۇ» دەپ
سورىۋىدى، يىگىت: «شۇنداق» دېدى. ئۇ: «ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ
ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلامدۇق؟» دەپ سورىۋىدى يىگىت: «شۇن-
داق» دېدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە بۇرۇلۇپ: «سىلەر ئىلگىرى
ئاللاھتىن مۇشۇنداق ھېيىقىدىغان، قورقىدىغان دانا يىگىتنى
كۆرگەنمۇ؟ ئەمما مەن كۆرمىگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈپ
تۇرغان تەقۋادارلىق نۇرى ۋە ئىسلام نۇرى بەجايىكى پارلاپ تۇر-
غان قۇياشنىڭ نۇرىدۇر. ئاللاھتىن ھېيىققاچقا ۋە قورققاچقا ئۇ
بوينىغا ئالدى، شۇنداقلا مۇقەررەر ئۆلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.
ئۇ بىر ۋەلىي ۋە شېھىت سۈپىتىدە ئاللاھتىن روبىرو بولۇشنى
لايىق تاپتى. ئۇ مالائىكىلەر ۋە بېھىشكە بىر قەدەملا يىراق تۇرماق-
تا. مەغپىرەت قىلىنغۇچى ۋە جەننەتكە كىرىش بەختىگە مۇيەس-
سەر بولغۇچى زات مۇشۇدۇر» دېدى. ئاندىن يىگىتكە: «بار-
غىن بالام، غۇسلى قىلىپ ئىككى رەكەت قەتلە نامىزى ئوقۇۋال-
غىن ۋە ئاللاھتىن نام - ئەمىلىڭنى ئوڭ تەرەپتىن بېرىشنى
تىلىگىن، توۋا قىلىپ مەغپىرەت قىلىشنى ئۆتۈنگىن. مەن ئاللا-

www.uyghurkitap.com

ھىنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلاي، دېدى. يىگىت غۇسلى قىلىپ قايتىپ كەلدى ۋە جەيناماز سورىدى. ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ توۋا قىلغاندىن كېيىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياساۋۇل بېشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ياساۋۇللار بېشى: «قارىغاندا مانا ئەمدى بۇ يىگىت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولدى. خۇددى شېھىت بولغان ھەمزە ئىبنى ئابدولمۇتتەلىب، ھەسەن ئىبنى ئەلى ۋە ھۇسەيىن ئىبنى ئەلىلەرگە ئوخشاش جەننەتكە كىرىدىغان بولدى» دېدى. ئۇ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى شۇنداق سىلىق چۈشۈردىكى يىگىتنىڭ يۈرەك تارىلىرى لەرزىگە كەلدى. يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چاپسانراق ئۆلتۈرۈشىنى تەقەززالىق ئىچىدە ئۈمىد قىلاتتى. شۇ چاغدا ياساۋۇللار بېشى خادىملارغا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئەدەپ بىلەن سالدۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى ۋە يىگىتنىڭ كۆزىنى ئەتتى. شۇ چاغدىمۇ ياساۋۇللار بېشى خۇددى ھازىرقىدەك ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋەردى. كاللا كېسەر يالتىراپ تۇرغان ئېغىر ۋە يوغان ئايپالتىسىنى كۆتۈرۈپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۈن - تىنسىز يىگىتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە يىگىتكە ھېچ نەرسىنى سەزدۇرمىدى. ياساۋۇللار بېشى يىگىتكە گەپ قىلىۋېتىپ يېنىككىنە كۆز ئىشارىسى قىلغاندىن كېيىن كاللا كېسەر ئەپچىللىك بىلەن پالتىسىنى كۆتۈرۈپ بىر چېپىشتىلا يىگىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياساۋۇللار بېشى جىنايىتى دەلىللەنگەن بىر قانچەيلەننى زىندانغا ئەۋەتتى. ئۇ كۇرسىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن كۆپچىلىكمۇ تارقىلىپ كېتىشتى. ھېلىقى مەھرەم ئۆز خوجىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئەيىنەن يەتكۈزدى.

ئەتىسى ئۇ يەنە سەھەر تۇرۇپ يولۋاس يېشىدىكى ياساۋۇللار بېشىنىڭ سارىيىغا باردى ۋە كۈتۈپ ئولتۇردى. بىر ①

كەمدە ساقچىلار ۋە باشقىلار تۇشمۇ تۇشتىن يىغىلىشىپ ھويلا تىقما - تىقما بولۇپ كەتتى. كۈن كۆتۈرۈلگەندە ھېلىقى ياساۋۇل-لار بېشى ئۆيدىن چىقىپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قوشۇ-مىلىرى تۈرۈلگەن، كىچىدىكى ئەيش - ئىشرەتتىن قاپاقلىرى جامدەك ئىششىغانىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا چاپراس تۇرۇ-شاتتى. بىراۋ ئۇنىڭغا قاراپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېسە ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سۆزنىڭ پۇچۇقمۇ چىق-مايتتى. چىقسىمۇ سالام بەرگۈچىگە خاپىلىقى باردەك ئاھاڭدا چىقاتتى. بىر كەمدە ئۇ ئېلىپ كېلىنگەن مەھبۇسلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتە قىلىۋىدى ئۇلار: «تۇنۇگۈن كېچە بىر يى-گىت كەيپچىلىكتىن خۇدىنى يوقاتقانىكەن، باغلاپ قويدۇق» دې-يىشتى. ئۇ «ئېلىپ كىرگىلار» دېگەندىن كېيىن ئۇلار ھېلىقى يىگىتنى ياساۋۇللار بېشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يىگىتكە چەكچىيىپ تۇرۇپ: «مۇشۇ ئادەم شۇمۇ» دېۋىدى ئۇلار: «شۇن-داق» دېيىشتى. ئۇ «ئۆزۈڭدىن بۇيان سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى قىلىپ يۈرگەنىدىم. بۇ بىر يالقاۋ، پىتنىخور نەرسە، ئۆزى سوقۇشقاق، خۇدادىن قورقمايدۇ، ھە دېسە ئىش تېرىپلا يۈرىدۇ. پۈتۈن باغدادنى ئاختۇرسا بۇنىڭدەك ئىنساندىن ئىككىنچىسى تې-پىلماس. ئۇنىڭغا قامچا زايا كېتىدۇ، چاناش كېرەك. ئۇنىڭ قولىدىن ئۆيىدىكىلەرگە بالا تېپىپ بېرىشتىن باشقا ئىش كەلمەي-دۇ. ھەر كۈنى ئون نەچچە ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىپ كېلىدۇ. ماڭا ئۇنى ئىززەۋاتقىلى خېلى بولغان» دېدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە يىگىت بېشىنىڭ كېسىلىشى-گە تەييار بولۇپ ئۆلگۈردى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ياساۋۇل بېشىنىڭ تىل - ئاھانىتىدىن ئۆلۈم ئەۋزەل ئىدى. شۇ چاغدا ياساۋۇللار بېشى: «ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ بېشى ۋە پۇتىغا دەسسەڭلار ۋە 40 قامچا ئۇرۇڭلار. شۇنداق ئۇرۇڭلاركى، ئۇ لاي چىشلىسۇن» دېدى. ئۇلار ئۇنى قامچىلاپ بولۇپ زىندانغا ئاپىرىۋەتمەكچى بو-

www.uyghurkitap.com

لۇپ تۇرغاندا ئەل ـ جامائەت ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن 50 نەچچىسى بۇ يىگىتنىڭ سەمىمىي، پاك ـ مەرد، مېھماندوست، ئەخلاقلىق، تەقۋادار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، قويۇۋېتىشنى ۋە ئەپۇ سوراشنى تەلەپ قىلىشتى. ياساۋۇللار بېشى بۇ مۆتىۋەر مويسىپىتلارنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي ھېلىقى يىگىتنى زىندانغا ماڭدۇردى. ئاقساقاللار كۆڭلى ئازار يەپ قايتىشتى ۋە ھەممىسى ياساۋۇللار بېشىنى قارغاشتى. ياساۋۇللار بېشى تەكەببۇرلارچە تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى مەھرەم قايتىپ كېلىپ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئۆز خوجىسىغا ئەينەن بايان قىلدى.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ بۇرادىرى مەئمۇننىڭ ئوردىسىغا زىياپەتكە بېرىپ ئىككى ياساۋۇل بېشى ھەققىدىكى ئاڭلىغانلىرىنى خەلىفە مەئمۇنغا بايان قىلدى. خەلىفە چۆچۈپ كېتىپ: «مويسىپىت ياساۋۇل بېشىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلغاي! ھېلىقى ئىتقا لەنەت قىلغاي. بىر گۆدەك بالىنىڭ مەي ئىچىپ كەيپ بولغىنىغىمۇ شۇنچە قاتتىق بولۇپ كېتەمدۇ. ناۋادا بىرەر قاتىلغا ھۆكۈم قىلىش توغرا كەلسە نېمىلەرنى قىلىۋېتەر ـ ھە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ياساۋۇللار بېشىنى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىش، ھېلىقى يىگىتنى زىنداندىن ئازاد قىلىش، مويسىپىت ياساۋۇل بېشىنى ئۆز خىزمىتىدە قالدۇرۇش، ئۇنىڭغا تون تەقدىم قىلىش ۋە ئاقچا ـ خىراجەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىر ياقلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

**ئىزاھات:**

① پارسچىدا du—müy دېيىلىدىغان بولۇپ ئاق ۋە قارا رەڭلىك چاچلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرچىدا 40 ~ 45 ياشلىق كىشىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئادەت تىلىدا «يولۋاس يېشىدىكى كىشى» دېيىلىدۇ.

# قىرىقىنچى باب

## ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىش ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئوڭ-
## شاشنىڭ بايانى

دۆلەت بۇرجى ھەر زامان كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر ياكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، ئاشۇ پەيت يېتىپ كەلگەندە مەملىكەت ساھىبى ئالمىشىش، دۆلەت قۇياشى بىر قەۋمگە نۇر چېچىشتىن يەنە بىر قەۋمگە نۇر چېچىشقا ئۆتۈش، مالىمان ۋە غەۋغادىن مەملىكەت پاراكەندىچىلىككە تو-لۇش، تەرەببال قىلىچلار قىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ قانغا بويىلىش ھادىسىلىرى روي (يۈز) بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق مالىماندا كاتتىلار يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەمبەغەللەر مەملىكەت تىزگى-نىنى قولىغا ئېلىشى، كىمنىڭ كۈچى بولسا خالىغىنىنى قىلى-شى، ئادالەت ساھىبلىرى يۆلەكسىز قېلىپ يامان مىجەزلىك كىشىلەر بېيىپ كېتىشى، ئەمىر بولۇپ كېتىشى، كۆك نامراتلار يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا تۆرىلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ مال - مۈلكى پادىشاھلىق قىلىنىپ پېقىر - نامراتلار قىلچە تارتىنىپ ئولتۇرماستىن پادىشاھ - ۋەزىرلىك ئاتىقىنى تارتىۋېلىشى، تۈركلەر مەملىكەت سەلتەنىتىدىكى ئاتاق-لىق خىزمەتلەرنى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىشى، تۈركلەر ۋە تاجىكلار (پارسلار) ئۆلىما - موللىلار ئىقابىدا ئىقابلىنىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا خانىش يارلىق چۈشۈرىدۇ، شەرىئەت ھاقارەتلىنىدۇ، دېھ-

www.uyghurkitap.com

قانلار تىزگىنسىز قىلىپ ئۆلىمالار تەقىپ قىلىنىدۇ، بارچە ئېھتىياتكارلىق ۋە دۇرۇسلۇق توزۇپ تۈگەيدۇ. بۇنىڭغا ھېچ ئىنسان چارە قىلالماس. ناۋادا بىر تۈركىنىڭ ئون يۇرت ئاقساقىلى بولسا بۇ ئىشلار ئۇنتۇلىدۇ. ناۋادا بىر تاجىك ئون تۈركىنىڭ يۇرت ئاقساقىلى بولسا بۇ ئىشلارغا ئىجازەت قىلىنغۇسى. مەملە-كەتنىڭ بارچە ئىشلىرى نورمال تەرتىپ تەشكىللىدىن مەھرۇم بولغاندا، پادىشاھ لەشكىرىي يۈرۈش، ئۇرۇش ۋە غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن كۆڭۈل ئارامىدىن بىدار بولغاندا بۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغۇدەك چولىسى چىقمايدۇ، ھەتتا بۇنى ئويلىغۇدەك ھالىمۇ بولماسلىقى تەھقىق.

كېيىنچە تەقدىر ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ قاباھەتلىك كۈنلەر تۈگىگەندە تىنچلىق قۇچاق ئاچىدۇ، تەڭداشسىز پەرۋەردىگار پادى-شاھ پۇشتىدىن بىرەيلەننى دانا ۋە ئادالەتلىك پادىشاھ قىلىپ تىكلەيدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى تىزلاندۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىدۇ. تۈرلۈك ئەھۋاللارغا توغرا ھۆكۈم چىقىرى-دۇ، رەئىيەتنىڭ ئىش ـ كۈشلىرى ۋە ئىلگىرىكى زامان خان-پادىشاھلىرىنىڭ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتىكى قانۇن ـ يۇسۇن-لىرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. مۇشۇنداق بىر مەھەل ئۆتكەندە ئۇ مەم-لىكەتنىڭ ئەقەللىي يوسۇن ـ قائىدىلىرىنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرالىشى مۇمكىن. ئۇ ھەر بىر كىشىگە كۆرسەتكەن تۆھپى-سىگە قاراپ مۇۋاپىق مەنسەپ ـ مەرتىۋە بېرىدۇ. لاياقەتلىك كىشىلەرنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويىدۇ. لاياقەتسىز كىشىلەرنى تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە قويۇپ، ئۇلارغا تېگىش-لىك ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. پادىشاھ ئۆزى بەرگەن ھوقۇقتىن خالى-غانچە پايدىلىنىپ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆزدىن نېرى قىلىدۇ. ئۇ ھەر قاچان دىنىنىڭ دوستى ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىجازىتى ۋە ئۆزىنىڭ پەزى-لىتى بىلەن دىنىنى يۆلەيدۇ. ساختا شەرەپ ۋە مۇشرىكلىكتىن

يىراق تۇرىدۇ.

ئەمدى گېپىمىزنى سەل شاخلاتساق كۆپلىگەن ھادىسىلەر روشەنلىشىدۇ. بۇ روشەنلىك بولسا، مالىماندا قالغان ھادىسىلەرگە كۆرسەتمە بولسۇنكى مەلىكۇل جەھان (ئاللاھ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى زىيادە قىلسۇن) بۇلارنى ئەسلىگەندە ئاللاھ خالىسا بۇلارنى بىر - بىرلەپ بىر ياقلىق قىلىدۇ. زامان - زامانلاردىن بۇيان پادىشاھلار رىئايە قىلىپ كەلگەن يوسۇنلارنىڭ بىرى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغداش، ئۇلارغا ئازار يەتكۈزمەسلىك ۋە قاتتىقلىق قىلماسلىقتۇر. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئۇلارغا ئۆز ئورنىغا مۇۋاپىق دەرىجە بېرىلگەندە ئۇلارنىڭ جەمەتى داۋاملىق روناق تاپىدۇ. باشقا بىلىمدارلار، جۇملىدىن ئۆلىمالار، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى، ئادالەت - ھەققانىيەت ساھىبلىرى، شېھىتلار، (ئىسلام) چېگرىلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە تەپسىرچىلەرگىمۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن بىر كىشىلىك نېسىۋە بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ سەلتەنەت زامانىسىدە ھېچكىمنىڭ نېسىۋە - رىزقىنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. ئۇلاردەك قىلغان پادىشاھلار ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەنلەردىن بولىدۇ.

## ھارۇن رەشىد① ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، بىر توپ مەرتىۋىلىك كىشىلەر ھارۇن رەشىدكە بىر پارچە باياناتنامە سۇنۇپ مۇنۇ مەزمۇننى ئىپادە قىلدى: «بىز ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە زامانىنىڭ پەرزەنتى، ئارىمىزدىكى بەزەنلەر ئۆلىما ۋە ئاخۇنلار، بەزەنلەر بەگ - تۆرىلەر، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاتا - بوۋىسى خاندانلىقىمىزغا شانلىق خىزمەت-

① ئاباسىيلارنىڭ 15- خەلىپىسى. مىلادىيە 786 - 809 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لەرنى بەخشەندە قىلغان ئىسىلزادىلەر پۈشتى. بىزمۇ چەكسىز رىيازەتلەرنى چەككەن ساپ ئىمانلىق مۇسۇلمانلاردۇرمىز. بىزنىڭ ھەققىي ـ نېسىۋىمىز مەملىكەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سىزنىڭ مۇبارەك ئالىقىنىڭىزدا بەرقارار تاپقاندۇر. چۈنكى سەن دۇنيانىڭ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ پادىشاھى ۋە سەركىسىسەن. ناۋادا پۇل ـ پۇچەك رەئىيەتكە مەنسۇپ بولسا ئۇنى بىزگە سەرپ ئېتىش جائىز. چۈنكى بىز مۇسۇلمان بولغاچقا ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ھەقلىقمىز. ئەلھال سەن خەزىنىدار بولساڭمۇ، پادىشاھ بولساڭمۇ خەزىنىدىكى بايلىقنىڭ ئۇندىن بىرىلا ساڭا مائاش نامىدا مەنسۇپ. ھالبۇكى، سەن ھەر كۈنى نەچچە مىڭ دىنارنى خىزمىتىڭدىكىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىسەن، بىزگە بولسا بىر پارچە نانمۇ تەگمەيۋاتىدۇ.» ۋەسسالام. ئۇلار خەزىنىدىكى بارچە بايلىق پادىشاھنىڭ بولۇپ قالدى، بىزنىڭ نېسىۋىمىزنى بەرسە بەردى، بەرمىسە قازى كالانغا دەۋاغا بېرىپ خەزىنىنى پادىشاھنىڭ ئالىقىنىدىن ئېلىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ھەمنەپەس بولغان ۋە بەندىلەر ئۈچۈن بايلىق ساقلايدىغان، پۇل-پۇچەك مۇددىئاسىدا بايلىق ساقلاشتىن خالىي بولغان باشقا بىراۋغا تاپشۇرىمىز، دېمەكچى ئىدى.

ھارۇن رەشىد بۇ باياننامىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بىئاراملىق ئىچىدە قوبۇلخانىدىن ئۆز قەسرىگە قايتتى. خانىمى زۇبەيدە ئۇنىڭ پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ: «ئەي مۆئمىنلەرنىڭ سەركىسى، سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. خەلىفە باياننامە ھەققىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ: «ناۋادا ئۇلار ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تەئەددى قىلمىغان بولسا ئۇلارنى قاتتىق جازالىغان بولاردىم» دېدى. زۇبەيدە: «ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا تەگمەڭ. سىز ئاتىڭىزدىن كېيىن خەلىفىلىككە ۋارىسلىق قىلغان بولغاچقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ۋەسلىنى سىزگە تەقدىم قىلغان. يەنە كېلىپ مەرھۇم خەلىفە ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قى-

لىشنى ئۆزىگە قەرز ۋە پەرز دەپ بىلگەن. مۇشۇنداق بولغاچقا مەرد ـ مەردانىلىك ۋە دۇرۇسلۇق ئارقىلىق تۆرىلەر ۋە ھاكىمدىيەتنى يېپتەك تۇتۇپ كەلگەنىدى. شۇبھىسىزكى، خەزىنىدىكى بارلىق پۇل ـ پۇچەك مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇقلۇق خەزىنىدىكى بايلىقتىن ئوبدانلا سەرپ قىپسىز. سىز ئۇلارغا تەئەللۇق بايلىقنى يەڭگىلتەكلىك قىلغانىكەنسىز ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىدىغانغا يولى بار. ئۇلار ئۇستىڭىزدىن شىكايەت قىلسا ھەقىقەت شۇلار تەرەپتە تۇرىدۇ» دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ھارۇن رەشىد ۋە زۇبەيدە مۇنداق بىر چۈش كۆردى: قىيامەتتىكى مەھشەرگاھتا ئۇلار بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ مېڭىلغۇدەك، پەيغەمبىرىمىز (ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت ئاتا قىلغاي) بولسا، ھەدەپ بۇلار ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىۋاتقۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەننەت تەرەپكە قاراپ ماڭغۇدەك، بىر پەرىشتە قولى بىلەن ھارۇن رەشىد ۋە زۇبەيدەنى يېتىلەپ قازىخانىغا ئېلىپ ماڭغاندا باشقا بىر پەرىشتە ھېلىقى پەرىشتىدىن ئۇلارنى نەگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى سورىغۇدەك ۋە ئۆزىنى پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ: «مەنلا بولىدىكەنمەن ئۇنى ئېلىپ مېڭىشىڭغا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئالدىدا تەڭلىكتە قالىمەن. ئۇلار مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ خىزمەت قىلغان مەزگىلدە مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقى ۋە مۈلكىنى ئۆزىنىڭ دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ ھەق- ھوقۇقىنى تارتىۋالغان» دېگۇدەك.

شۇ چاغدا ئۇلار چۈشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ھارۇن رەشىد زۇبەيدەگە: «نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟» دېدى. زۇبەيدە چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى تامام سۆزلەپ بەردى ۋە بەكلا قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھارۇن رەشىد: «مەنمۇ شۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن» دېدى. شۇ كۈنى ئۇلار باياتىنقى ئىشنىڭ قىيامەتتە ئەمەس، چۈشلىرىدە زاھىر بولغىنىغا شۈكۈر ئېيتىشىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ھارۇن رەشىد خەزىنىنى ئاچتۇرۇپ: «مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئوردا خەزىنىسىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىۋالسۇن، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى قاندۇرۇلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن جىققىدە كىشىلەر كېلىپ ئىنئام ۋە مائاشلىرىنى ئېلىشتى. شۇ ھېساپتا 300 تۈمەن دىنارنىڭ سەرپ بولغانلىقى مەلۇم بولدى. كېيىن زۇبەيدە ھارۇن رەشىدكە مۇنداق دېدى: «خەزىنە سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولغىنى بىلەن قىيامەتتە ئۇنىڭغا ھېچقايسىمىز ئىگە بولالمايمىز. سىزنىڭ يېقىنقى چاغلاردىكى مېھرىبانلىقىڭىز ۋەجىدىن زىممىڭىزدىكى مەجبۇرىيەت ئادا بولدى؟ سىز مۇسۇلمانلارغا تەئەللۇق بولغان بارچە بايلىقنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردىڭىز. ئەمدى قىيامەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ئۆز دىنارلىرىمىزنى سەرپ ئەتمەكچىمەن. ھامان بىر كۈنى مۇقەررەر يوسۇندا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغانلىقىم، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمەنىڭ بولسا، تامام پانىي ئالەمدە قالىدىغانلىقى ماڭا ئايان. شۇڭا قول - ئىلكىمدە بارىنى ئاز - تولا سەرپ قىلىپ ئاخىرەت سەپىرىگە تەييارلىنىپ قويمىسام بولمىدى.»

شۇنىڭدىن كېيىن زۇبەيدە ئۆز خەزىنىسىدىن نەچچە يۈز تۈمەن دىنارلىق مەرۋايىت، كۈمۈش ۋە تون - لىباسلارنى ئەپچىقتۇرۇپ: «بارلىق پۇل - پۇچەك خەيرى - ئېھسان ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنسۇن، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ساۋابى قىيامەتكىچە تۈگىمەيدۇ، مېنىڭ نامىمغىمۇ مەڭگۈ دۇئالار قىلىنىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۇفەدىن مەككە ۋە مەدىنىگىچە بولغان مۇساپىنىڭ ھەر بىر مەنزىلىگە بىردىن قۇدۇق كولاتتى. قۇدۇقلارنىڭ ئۈستىنى كەڭرەك قىلىپ تاش، خىش، لاي ۋە ھاك ئارقىلىق يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ياسىدى، ھاجىلارنىڭ سەپەردە سۇسىزلىق ئازابى تارتماسلىقى ئۈچۈن، سۇ كۆلچەكلىرىنى قازدۇردى ۋە ياساتتى. قۇدۇقلار ۋە كۆلچەكلەر قولدىن چىققاندىن كېيىن يەنە

خىلىلا نۇرغۇن پۇلنىڭ ئىشىپ قالغىنى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چەت - چېگرىلارغا قورغان - قەلئە ياساتتى. غازات قىلغۇچى مۇجاھىدلارغا قورال - ياراغ، ئات - ئۇلاغ ئېلىپ بېرىپ، يېتەرلىك يەر، ئېتىز ئېلىپ ھەر بىر قورغاننىڭ پۈتۈن يىللىق ئاشلىق ۋە يەم - بوغۇزىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر قاچان بىر - ئىككى مىڭ چەۋەندازغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك تەمىناتى ۋە ئاتلارنىڭ يەم - بوغۇزىنى تەل قىلدى.

بۇ ئىشلارنى تامام بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندا يەنە نۇرغۇن دىنارنىڭ ئېشىپ قالغىنى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، بۇلۇرۋە شۇنكان چېگرىسىغا مۇستەھكەم سېپىلى بولغان بىر شەھەر بىنا قىلىپ «بەدەخشان» دەپ نام قويدى. مەزكۇر شەھەر زامانىمىزدىمۇ ئاۋات يۇرت بولۇپ تۇرماقتا. راشتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى خۇتلان ۋە پامىر بىلەن راشت چېگرىسىدىكى جايغا ۋاشجىرىد قەلئەسىنى بىنا قىلدى. بۇ قەلئەمۇ ھازىرغىچە ئاۋات بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداقلا ئۇلار ئىسپىجابقا ئوخشاش چېگرا ئۆتەڭلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇ ئۆتەڭلەرمۇ ھازىرغىچە روناق مەنزىرىسىنى يوقاتقىنى يوق. خارەزىمگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان فاراۋا قەلئەسى، دەربەند بىلەن ئىسكەندىرىيە شەھىرىگە بەرپا قىلىنغان مۇھىم قەلئەلەرمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئۇلار ئوخشاشمىغان جايلاردا جەمئىي ئون قەلئە بەرپا قىلغان بولۇپ، ھەر بىر قەلئە بىر شەھەرگە ئوخشايتتى. پۈتكۈل قۇرۇلۇشلار تاماملانغاندىن كېيىنمۇ يەنە نۇرغۇن دىنار ئېشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (زۇبەيدە) بۇ دىنارلارنى مەككە، مەدىنە، ئېرۇسالىم شەھەرلىرىدىكى نامراتلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىشكە ئەمىر قىلدى.

## خەلىفە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب[①]ۋە نامرات مەزلۇم ھەققىدە بايان

زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايەتنى بايان قىلىدۇ:

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلسۇن) شەخسەن مەدىنىدە چارلاشقا چىققاندى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. بىز شەھەردىن چىقىپ ئىتىزلار ئارىسىدىكى بىر تاشلاندۇق ئىمارەت ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدۇق. ئۆمەر ماڭا قاراپ: «ئى سەئىد، قاراپ باقىن، بۇنداق كېچىدە ئوت ياتقان كىم ئىكەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بېرىپ بىر مەزلۇمنىڭ ئىككى بالىنى قۇچاقلاپ ياتقىنىنى، يېنىدىكى بىر قاچىنى ئوتقا قويۇپ قويغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ چاغدا ئۇ مەزلۇمە: «قۇدرىتى چەكسىز ئاللاھ، ئۆمەرگە ئادالەتنى ئايىمىغايسەن، ئۇ بىخارامان يەپ ـ ئىچمەكتە، بىز بولساق ئاچ ـ زېرىندىن قىينالماقتىمىز» دەپ غايىبانە ئىلتىجا قىلدى. ئۆمەرگە بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزگىنىمدە، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ: «ئى سەئىد، كۆردۈڭمۇ،

---

① خۇلەفائۇرراشىدۇن يەنى توغرا يولدىكى تۆت خەلىفىنىڭ ئىككىنچىسى. مىلادىيە 634 — 644ـ يىلىغىچە خەلىفە بولغان. تۇنجى بولۇپ ئەمىرۇلمۇئمىنىن يەنى مۆئمىنلەرنىڭ سەركەردىسى دەپ ئاتالغان ھەم ئادالەتپەرۋەر دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ كىشىنىڭ دەۋردە ساسانىيلار سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ ھازىرقى ئىراق، ئىران (ھەربىي قوماندانى ئالدىن جەننەتكە كىرىشكە بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى سەئدئىبنى ئەبى ۋەققاس. بۇ كىشى پارسلار قوماندانى رۇستەمنى قادىسىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغان كۇفە شەھىرىنى بىنا قىلغان. (جەننەتكە كىرىشكە ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشى: ئەبۇ بەكرى سىددىق (632 ـ يىلىدىن 634 ـ يىلىغىچە خەلىفە بولغان)، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان (644 ـ يىلىدىن 656 ـ يىلىغىچە خەلىفە بولغان)، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب (656ـ يىلىدىن 661ـ يىلىغىچە خەلىفە بولغان)، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، زۇبەير ئىبنى ئەۋام، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئەۋف، سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، سەئىد ئىبنى زەيد، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قاتارلىقلار.) ۋە ئاللاھنىڭ قىلىچى دەپ نام ئالغان خالىد ئىبنى ۋەلىد سۇرىيە، پەلەستىن (ھەربى قوماندانلىرى يەزىد ئىبنى ئەبى سۇفيان، خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەبۇ ئۇ بەيدە ئىبنى جەراھ.)، مىسىر (ھەربى قوماندانى ئەمر ئىبنى ئاس) قاتارلىق جايلارنى فەتھى قىلغان. مەدىنە شەھىرىدە «ھەربى ئىشلار دىۋان مەھكىمىسى» ۋە ھەر قايسى شەھەرلەردە تارماق ئورگانلىرىنى قۇرغان، مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەبۇلۇئلوئ (يەنە بىر نامى پىرۇز) دېگەن پارس يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

بۇ مەزلۇمە رەببىمىزنىڭ ئالدىدا مېنى ئەيىبلەۋېتىپتۇ. سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن بېرىپ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باقاي» دېدى. ئۇ ھېلىقى ئايالغا يېقىن بېرىپ: «بۇ تۈن كېچىدە ئاي دالادا نېمە پىشۇرۇۋاتىسىز؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى مەزلۇم: «مەن بىر نامرات، مەدىنىدە نە ئۆيۈم، نە ئوغلۇم يوق، تولىمۇ ئۇيالدىم. ئىككى بالا ئاچلىقتىن يىغلاپ مېنى كۈتمەكتە. مەندە بولسا ئۇلارغا بەرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق. قوشنىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، مەندە نېمە ئىلاج؟ شۇڭا تۈنۈگۈن مۇشۇ يەرگە كەلدۇق. بالىلار ئاچلىقتىن يىغلىغاندا مەن قاچىنى ئوتقا قويۇپ: ‹ئۇخلاڭلار، ئويغانغىنىڭلاردا غىزا تەييار بولىدۇ› دەپ ئۇلارنى بەزلەپ ئۇخلىتىپ قويۇپ كەلدىم. ئۇلار ئويغىنىپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن يەنە يىغلايدۇ. بۇ چاغدا مەن يەنە بىر توقام باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنى گوللاپ ئۇخلىتىپ قويىمەن. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈندىن بۇيان بىز ئاغزىمىزغا ھېچ نەرسە سالمىدۇق. قازاندا قاينايدىغىنى بولسا، يەنە شۇ خۇدانىڭ سۈيى» دېدى. ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلسۇن) نىڭ ئىچى ئېچىشىپ: «سىزنىڭ ئۆمەرنى قارغىشىڭىز ۋە ئاللاھتىن ئادالەت تەلەپ قىلىشىڭىز ھەقلىقكەن» دېدى. بۇ ئايال خەلىپە ئۆمەرنى تونۇمايتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «مۇشۇ يەردە قىمىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كېلىپ ماڭا: «تېز بول، ئۆيگە قايتايلى» دېدى. ئۆيگە كەلگىنىمىزدە ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، مەن ئىشىك ئالدىدا بىر پەس ساقلاپ تۇردۇم. بىر كەمدە ئۇ ئىككى قاپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «يۈر، باياتىنقى مەزلۇمنىڭ يېنىغا بارايلى» دېدى. مەن: «ئەي، مۆئمىنلەرنىڭ سەركىسى، قايتىدىغان ئىش بولسا قاپلارنى ماڭا بەرگىن، مەن يۈدۈۋالاي» دېدىم. ئۆمەر: «ئەي سەئىد، بۇ قاپلارنى سەن يۈدۈۋالساڭ

ئۆمەرنىڭ گۇناھىنى كىم ئۇستىگە ئالىدۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يۇگۇرۇپ دېگۇدەك ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپلارنى ئالدىغا قويدى: بىرىدە لىققىدە ئۇن بار ئىكەن، يەنە بىرىگە گۇرۇچ، پۇرچاق ۋە گۆش قاچىلانغانىكەن. ئۇ ماڭا قاراپ: «ئەي سەئىد، تاپالىغانلىكى ئوتۇن - چاۋالىرىڭنى يىغىپ كەلگىن» دېدى. مەن بېرىپ ئاز - تولا ئوتۇن تېرىپ كەلدىم. ئۆمەر قاچىغا ئازراق سۇ قۇيۇپ گۇرۇچ ۋە پۇرچاق سالدى ھەمدە قاچىنى ئوتقا قويدى، ئارقىدىن قاچىغا سېمىز گۆشتىن بىر پارچە تاشلىدى. كېيىن ئۇندىن كۆمەچ پىشۇردى. مەن ئېلىپ كەلگەن ئوتۇنلاردا ئۆز قولى بىلەن غىزا راسلاپ كۆمەچ پىشۇردى.

كۆمەچ ۋە غىزا تەييار بولغاندا ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ شورپىنى قاچىغا ئۇسۇپ كۆمەچنى شورپىغا چىلىدى. شورپا سوۋۇغاندا ھېلىقى مەزلۇمغا باللارنى ئويغىتىشقا ئىشارەت قىلدى. باللار ئويغانغاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ غىزانى باللارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ جەينامازنى ئېچىپ ناماز ئوقۇدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ھېلىقى ئايال بىلەن باللارنىڭ تويغۇچە غىزالانغانلىقىنى ۋە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەي مەزلۇم، باللىرىڭىزنى كۆتۈرۈۋېلىڭ، مەن قاچىلارنى كۆتۈرەي، سەئىد قاچا - قۇچىلارنى كۆتۈرۈۋالسۇن، بىز سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يولغا چىقتۇق. ئايال باللارنى يېتىلەپ ئۆيىگە كىرگەندە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قاچىلارنى يەرگە قويۇپ ماڭىدىغان ۋاقتىدا: «ئىنشاپلىقراق بولۇڭ، ئۆمەرنى قارغاۋەرمەڭ، ئۇ ئاللاھنىڭ جازاسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مىڭ كۆزى بولسىمۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەيدۇ. بۇگۈن ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەرنى يەپ تۇرۇڭلار، تۇگىگەندە ماڭا دېسەڭلار يەنە ئەكىلىپ بېرىمەن» دېدى.

# مۇسا ئەلەيھىسسالام[1] ۋە يىتكەن قوي ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامـ
نىڭ پادىچىسى بولۇپ يۈرگەندە ئۇنىڭغا تېخى ۋەھى چۈشمىگەنـ
دى. بىر كۈنى ئۇ قوي بېقىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇتلا بىر ساغلىق قوي
توپتىن يىراقلاپ كېتىپ قالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى پادا
توپىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە تەمشەلگەندە ھېلىقى ساغلىق قوي
چۆللۈككە ئىچكىرىلەپ قېچىپ كەتتى. قوي ھەمراھلىرىنى كۆرـ
مىگەندىن كېيىن ئۈركۈپ قېچىۋەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇـ
نىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ـ ئۈچ فەرسەخ قوغلاپ ماڭغاندىن كېـ
يىن قوينىڭ داۋاملىق قېچىشقا ماجالى قالماي يىقىلىپ چۈشتى.
مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ: «ئەي بىچارە مەخـ
لۇق، قېچىپ نەگىمۇ بارار ئىدىڭ؟ كىمدىن شۇنچە قورقۇپ
كەتتىڭ؟» دېدى. ئۇ قوينىڭ مېڭىشقا ئىلاجى يەتمەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ ئۇنى مۈرىسىگە ئارتىپ ياندۇرۇپ كەلدى. قوي
ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىيغىتىپ تاقلاشقا باشلىـ
دى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويۇۋېتىشكە يۈگۈرۈپلا قوي
توپى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. پەرۋەردىگار (تەڭداشسىزلىق شۇنىڭـ
غىلا خاستۇر) پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ: «كۆردۈڭلارمۇ، بەندەم
يولدىن ئېزىپ قالغان بىر ساغلىق قويغا قانچىلىك مېھرىبانلىق
قىلدى. ئۆز شەۋكىتىمدىن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ دەرىجىسىـ
نى كۆتۈرۈپ مەن بىلەن سۆھبەتلىشىشكە نائىل قىلىمەن، ئۇـ
نىڭغا پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى بېرىمەن، ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ
تىللاردا زىكرى قىلىنغۇسى» دېدى.

---

① مىلادىدىن ئون ئۈچ يىل ئىلگىرى ئىسرائىلدىن چىققان پەيغەمبەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# هاجى مەرۋەزى ۋە قوتۇر ئىت ھەققىدە بايان

مەرۋز شەھىرىدە هاجى مەرۋەزى ئىسىملىك دۆلەتمەن ۋە نامدار بىر زات بولۇپ، ھېسابسىز يېرى ۋە ئېكىنزارلىقى بار ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ زامانلاردا خوراساندا تېخى ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلىگۈدەك باي يوق ئىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد ۋە مەسئۇدقا خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئىلگىرى دىدارلاشقانىدۇق. ئۇ تېخى گۆدەك يىگىت ۋاقىتلىرىدا شۇنچىلىك دەھشەتلىك ۋە قاتتىق قول سوراقچى بولۇپ ۋەھشىيلىك ۋە زەردىلىكتە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالماس ئىدى. مويسىپىتلىككە ئۆتكەندە ئۇنىڭغا ئىنساپ - تەۋپىق چۈشۈپ زالىملىق ۋە زۇلۇمدىن يىراق بولدى. يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش، كۆۋرۈك ۋە ئۆتەڭ ياسىتىش، قۇللارنى ئازاد قىلىش، خاراب بولغان ھەق ئىگىلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنۇش، يېتىملەرنى كىيىندۈرۈش، ھاجىلارغا ۋە مۇجاھىدلارغا پۇل - مال ھەدىيە قىلىش دېگەندەك نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئۆز شەھىرىدە جۈمە جامەسىدىن بىرنى بەرپا قىلدى. نىشاپۇردا يەنە بىر جۈمە جامەسىنى ناھايىتى كاتتا قىلىپ سالدۇردى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئەمىر چاغرى (ئاللاھ ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي) زامانىسىدا ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى. سەپەر قىلىپ باغدادقا يېتىپ كەلگەندە بۇ جايدا بىرەر ئايچە ھايال بولۇپ قالدى. بىر كۈنى بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ كوچىدا ئۇستى - بېشىنى يارا بېسىپ كەتكەن بىر قوتۇر ئىتنى كۆردىكى، قىچىشىشنىڭ ئازابىدىن ئىتنىڭ تۈكلىرى تامام چۈشۈپ تۈگىگەنىدى. ئۇنىڭ تولىمۇ ئىچى سىيرىلىپ: «بۇمۇ (شەرەپلىك ۋە قۇدرەتلىك) ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقىغۇ؟» دېدى. ئۇ چاكىرىنى تېزدىن قونالغۇ قىلغان سارايغا بېرىپ ئىككى مائۇند نان ۋە بىر تال ئارقان ئالغاچ كېلىشكە بۇيرۇدى. چاكار دېيىلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ناننى

ئۇۋتىپ ئۆز قولى بىلەن ئىتقا يىگۈزدى. ئىت تويۇپ كېرىلگەن- دىن كېيىن ئارقانىنى ئىتنىڭ بوينىغا باغلاپ چاكىرىغا تۇتقۇزدى ۋە يېتىلەپ ئۆزلىرى چۈشكۈن قىلغان جايغا ئاپىرىشنى ئېيتتى. ئاندىن بۇرۇلۇپلا بازاردىن قايتتى.

ئۇ ئۆيگە كېلىپلا چاكارلىرىغا ئۈچ مائۇند ياغنى كۆيدۈرگۈز- دى. ئاندىن بىر كالتەكنىڭ ئۇچىغا بىر پارچە يۇڭ رەختنى چىگىپ ئىتنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۆز قولى بىلەن كالتەكنىڭ ئۇچىنى مايغا چىلاپ ئىتنىڭ بەدىنىگە سۈرتتى، شۇ تەرىقىدە ئىتنى تولۇق بىر قېتىم مايلاپ چىقتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ بىر چاكىرىغا: «ھۆرمەتتە سەن مېنىڭ ئالدىمدا ھېچ نەرسە ئەمەس. مېنىڭ باياتىن قىلغانلىرىم ھېچقانچە نومۇسلۇق ئىش ئەمەس، مېنىڭ چاكىرىم بولغاندىكىن سەنمۇ ئۇنداق ئويلىما. ساڭا بۇيە- رۇيمەنكى، تامغا مىختىن بىرنى قېقىپ ئىتنى باغلا. ئاندىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە بىر مائۇند نان بەرگىن، ئۇستەل ئاستىدىكى تىرپا ــ ئۇچەيلەرنى يىگۈزگىن، ئىككى كۈندە بىر قېتىم بۇگۈنكىدەك بىر مايلاپ چىققىن» دېدى. چاكار ھاجى مەرۋەزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قوتۇر ئىتنىڭ قوتۇرلىرى توگەپ يۇڭلىرى ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىدى ۋە سەمرىدى، ئۆزىمۇ بۇ جايغا ئۆگىنىپ قېلىپ ھەيدىسىمۇ كەت- مەيدىغان بولۇۋالدى. ھاجى مەرۋەزى ھەج سەپىرى قىلغاندا سو- دا- تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بولۇپ، سەپەر ئۇستىدە چىقىملىرىمۇ خېلى بار ئىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ساق- سالامەت مەررۇزقا قايتىپ كەلدى ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىرسەيياھ شۇنداق بىر چۈش كۆردى: ھاجى مەرۋەزى بىر بۇراق② ئاتقا مىنىپ تۇرغۇدەك، بىر توپ ياش غۇلاملار ۋە غىلمانلار ئۇنى ئورنۇۋېلىپ تولىمۇ دوستانىلىك بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ جەننەتتىكى بىر چاھار باغدىن

ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇدەك. شۇ چاغدا ھېلىقى سەيياھ ھاجى مەرۋەزنىغا يېقىنلاپ بېرىپ سالام قىپتۇ. ئۇ زات تېزگىنىنى تارتىپ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. سەيياھ: «ئى زاتى مۇبارەك، ئۆتمۈشتە زالىم، قوپال ۋە زۇلۇم قىلغۇچى ئىدىڭ، ئىنساپ تەۋپىق ئاتا قىلىنغاندىن كېيىن زالىملىقتىن قول ئۈزۈپ كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭ. قىلغان ھەممەتلىك ئىشلىرىڭ ھەر قانداق كىشىنىڭكىدىن كۆپ. يەنە تېخى ئىسلامنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلدىڭ. ئېيتقىنا، تەقۋادارلىق نېمە؟ سەن شۇ ئارقىلىق ھازىرقى مەرتىۋىگە يەتكەنمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «ئى سەيياھ، ئاللاھنىڭ مۆجىزىسىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلمايمەن، سەن ئۇنى بىر ساۋاق، دەپ بىلگەيسەن. ئىمانىى ئىبادەتتىن ئايرىما، چوقۇنغانلىرىڭنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەسىر بولما. ياشلىقىمدا قىلغان گۇناھلىرىم ئۇچۇن دوزاختا چۇشۇشۇمدىن قىلچە شۇبھىلەنمەيتتىم. قىلغان تەقۋادارلىقلىرىم ۋە مېھرىبانلىقلىرىم ھېچ نەرسىگە دال بولالمايتتى. ئىبادەتلىرىم ۋە ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشىم جان ھەلقۇمغا كەلگۈچە ئۈزۈلمىدى، مەسچىت، دەڭئۆتەڭ، كۆۋرۈك سالدۇرغىنىم، ھەتتاكى ھەج قىلىپ كەلگىنىم ھېچقانداق قىممەتكە توغرا كەلمەيتتى. شۇنچىلىك ئىزتىراپلىقتا ئىدىمكى، جەننەتكە داخىل بولۇشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئازابلىرىغا تەييارلانغانىدىم. ئۇشتۇمتۇت ‹سەن زېمىندىكى بىر ئىتسەن، سېنى بىر ئىت بىلەن سىلىشتۇرۇپ پۈتكۈل گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدۇق. سەن دوزاختىن ئازاد قىلىنىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلىسەن، چۈنكى سەن كىبىر ـ تەمەننانى تاشلاپ بىر قوتۇر ئىتقا شەپقەت قىلغانىدىڭ، دېگەن بىر نىدا ئاڭلاندى. شۇ چاغدا مېھرىبان پەرىشتىلەرنىڭ نۇر كەبى يېتىپ كېلىپ مېنىڭدىكى پەرىشانلىقنى غايىب قىلغىنى ۋە مېنى جەننەتكە ئېلىپ كىرگىنىنى كۆردۇم. شۇڭا بارلىق ئىبادەتلىرىمدىن، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدسىزلىكتىن مېنى خالاس قىلغىنى

مۇشۇ بولدى.»

پېقىر قۇللىرىڭ ئۇشبۇ ھېكايىنى ئەسلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەلىكۇل جەھان ياخشى ئادەتنىڭ مېھرىبانلىقنىڭ كاتتىسى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن. چۈنكى ئاشۇ زاتلار ساغلىق قويغا ۋە قوتۇر ئىتقا مېھرىبانلىق قىلغاچقا ئىككىلا دۇنيادا مەرتىۋىسى يەنىمۇ بىر بالداق يۇكسەلدى. شۇڭا بىراۋنىڭ مۇشكۇلاتتا قالغان باشقا بىر مۇسۇلمانغا مېھرىبانلىق قىلىش، ياردەم قولىنى سۇنۇش بەدىلىگە رەببىمىزدىن قانداق مۇكاپات ئالىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇملۇق بولۇپ تۇرماقتا. ناۋادا پادىشاھ بولغۇچى پەرۋەردىگاردىن قورقسا ۋە قىيامەتتىن ۋايىم يېسە ھەر بىر ئىش-ھەرىكەتتە ئادىل بولسۇن. ئادىل ئىنسان مېھرىبان ۋە دىيانەتلىك كېلىدۇ. پادىشاھ مۇشۇنداق قىلسا ئۇنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى ۋە نۆكەر - سىپاھلىرىمۇ پادىشاھتىن ئۆلگە ئېلىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئاقىۋەت ئىنسانلار ئازادلىق ۋە پاراغەتكە نائىل بولىدۇ. پادىشاھلارمۇ ئىككىلا دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ.

تەجرىبىلىك ئاقساقاللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلاردا يىغىلىشلىرىدا ئىش بېجىرىشتە قابىل، جەڭ - سوقۇشتا يارامىلىق كىشىلەرگە تېگىشلىك ئورۇن ۋە مەرتىۋە بېرىش لازىم. بۇ ئادەت زامان - زامانلاردىن بۇيان دانا پادىشاھلار داۋام قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان يوسۇندۇر. قايسىلا زامان بولسۇن، مەملىكەتنىڭ سائادىتى ۋە ئاۋاتلىقىغا چېتىشلىق بولغان ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغاندا جۇملىدىن مەنسەپكە قويۇش ۋە قالدۇرۇش، كاتتا ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇش، خارجى ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئايغاق قىلىش، دىنىي ئەھكاملارنى سۈرۈشتە قىلىش قاتارلىقلاردا پادىشاھلار دانا ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن ئوبدان كېڭىشىشى لازىم. يەنە بىر ياقتىن ياۋنىڭ شەپىسى كېلىپ سوقۇشنىڭ ۋەھىمىسى كۈچەيگەندە سوقۇش ئىشلىرىدا غالىب ۋە

قابىل كىشىلەر بىلەن كېڭىشىش لازىم. شۇندا ھەممىلا ئىش ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. سوقۇش باشلىنىپ قالسا پادىشاھ بولغۇچى ياۋغا تەرەببال بولۇشقا سانسىز جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ياۋنى تارمار قىلغان، ياۋ قورغانلىرىنى ئىگىلەپ باھادىرلىق شۆھرىتى كەڭ يېيىلغان كىشىنى ئەۋەتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەۋەنلىك كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن، پىشقان ۋە تەجرىبىلىك بىرەيلەننى ھەمراھلىققا قوشۇپ قويسۇن. ھالبۇكى، (زاماندىمىزدا) شۇنچىۋالا ۋەقەيى ـ ھادىسىلەر روياپقا چىققان بولسىمۇ ئۇلار تەجرىبىسىز ئۆسمۈرلەرنى ئەۋەتىپ كۆپلىگەن خاتالارغا يول قويۇۋاتىدۇ. زېھنىي قۇۋۋەت كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا سەرپ قىلىنغان بولسىدى، خېيىم ـ خەتەر ئاز بولار ئىدى.

## ئاتاق ھەققىدە بايان

ئاتاق ـ نامىلار ساماندەك كۆپىيىپ كەتتى. قانداقلىكى نەرسە بولسۇن كۆپ بولۇپ كەتكەن ھامان كۈرسى چۈشىدۇ. «پادىشاھ» ۋە «خەلىفە» دېگەنلەر كەمدىنكەم قوللىنىلىدىغان ئاتاق نامىلاردۇر. چۈنكى مەملىكەتنىڭ بىر يوسۇنى شۇكى، ئاتاق- نام شۇ كىشىنىڭ ئەمەل ـ دەرىجىسى ۋە مۇھىملىقى بىلەن ئوخشاش ۋە ئۆزئارا مۇناسىپ بولۇش كېرەك. بازار سودىگىرى بىلەن بىر دېھقان ئاقساقاللىق ياكى سەردارلىق دېگەندەك بىرەر ئاتاققا ئۆستۈرۈلسە بۇ ئىككىيلەننىڭ پەرقى قالمايدۇ. نامدارلار ۋە نامسىزلارمۇ ئوخشاشلا پەرقلەنمەيدۇ. مىسالەن ئېيتساق، بىر ئىمام ياكى ئۆلىما، قازى «مۇئىيىنىددىن» (دىنىنىڭ قوللىغۇچىسى) دەپ ئاتالسا، دىندىن خەۋەرسىز، ھەتتا ئېلىپنى يېزىشنىمۇ بىلمەيدىغان بىر بىلىمسىز بۇ ئاتاققا ئوخشاشلا مۇيەسسەر بولسا قازى بىلەن بىلىمسىز ئوتتۇرىسىدا، ئۆلىما بىلەن نادان ـ ئىلىمسىز ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بولسۇن؟ بۇ تولىمۇ نامۇۋاپىقلىقتۇر.

شۇنىڭدەك تۈرك ئەمىرلىرىگە ھەمىشە ھىسامۇددەۋلە (مەمە-لىكەتنىڭ شەمشىرى)، سەيفۇددەۋلە (مەملىكەتنىڭ قىلىچى)، يەمىنۇد دەۋلە (مەملىكەتنىڭ ئوڭ قولى)، شەمسۇددەۋلە (مەمە-لىكەتنىڭ قۇياشى) دېگەندەك ئاتاقلار بېرىلىپ كەلدى. مەملى-كەتتىكى كاتتىلار، ئاقساقاللار ۋە مەمۇرلارغا بولسا، مۇئىنۇل مۇلك (پادىشاھلىقنىڭ ھەمدەمچىسى)، زاھىرۇل مۇلك (پادى-شاھلىقنىڭ ھىماتچىسى) قەۋامۇل مۇلك (پادىشاھنىڭ قوللىغۇ-چىسى)، نىزامۇل مۇلك (پادىشاھلىقنىڭ قانۇنچىسى)، كامالۇل مۇلك (پادىشاھلىقنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى) ئاتاقلىرى بېرىل-دى. ھازىر بولسا، بارچە ھۆكۈم كۆزدىن يىتۈپ تۈركلەر ئۆز نامىغا تاجىكچە ئاتاق قوشۇۋالىدىغان، تاجىكلار بولسا، تۈركچە ئاتاقلارنى مەقبۇل كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقلا بۇنى توغرا تېپىشتى. ھالبۇكى، ئاتاق تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

## سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ۋە ئۇنىڭ ئاتاق نامى ھەققىدە بايان

سۇلتان مەھمۇد سۇلتانلىق قىلغان زاماندا مۆئمىنلەرنىڭ سەركىسى قادىربىللاھ مەرتىۋە تەلەپ قىلغاندا ئۇنىڭغا يەمىنۇد دەۋلە (مەملىكەتنىڭ ئوڭ قولى) دېگەن ئاتاقنى ھەدىيە قىلدى. كېيىنچە ئۇ نىمرۇز ئۆلكىسى ۋە خۇراسان ئۆلكىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھىندىستاننىڭ سانسىزلىغان شەھەر - بەگلىكلىرىنى بېسىۋالدى، سومناتقا بېرىپ مەبۇد ھەيكىلىنى ئېلىپ كەلدى، سەمەرقەند ۋە خارەزىمنى ئىستىلا قىلىپ ئىراقنىڭ قۇھىستان تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. رەي، ئىسپاھان ۋە ھەمەدان شەھەرلى-رىنى قولغا ئېلىپ تەبەرىستاننى قارام قىلدى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ سەر-كىسى ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تېخىمۇ كۆپ ئاتاق ھەدىيە قىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىشنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ تەلىپى مەقبۇل كۆرۈلمىدى.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ماڭدۇرغان
بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىغانىكەن. شۇ ۋاقىتتا سەمەر-
قەند قاغانىنىڭ زاھىر ۋۇددەۋلە (مەملىكەتنىڭ ھىمايىچىسى)،
مۇئىن خەلىفەتۇللاھ (ئاللاھنىڭ خەلىفىسىنىڭ قولىلىغۇچى-
سى)، مەلىكۇل مەشرىق ۋەس سىن (شەرق ۋە يىراق شەرقنىڭ
پادىشاھى) دېگەندەك ئۈچ خىل ئاتاق نامى بار ئىدى. بۇنىڭغا
مەھمۇد تولىمۇ پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەلچى ماڭدۇرۇپ: «دىنسىزلار دىيارىدا شۇنچە
زەپەر قۇچۇپ ھىندىستان، خۇراسان ۋە ئىراقتا ئىسلامنىڭ ھې-
ماتچىسى ئىكەنلىكىمنى تەن ئالغۇزدۇم. ماۋەرائۇننەھرنى ئىستى-
لا قىلىپ ئاللاھنىڭ نامىدا قىلىچ ئويناتماقتىمەن. قاغان ماڭا
قاراشلىق ۋەزىرلەردىن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئۈچ خىل ئاتاق بېرىلىپ-
تۇ، كەمىنە سادىق قۇللىرىغا كۆرسەتكەن خىزمىتىم ۋە بىلدۈر-
گەن ھۆرمىتىمدىن كېيىن ئارانلا بىر ئاتاق ھەدىيە قىلىندى»
دېگەننى يەتكۈزدى.

بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋابتا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «ئا-
تاق دېگەن بىر تۈرلۈك شەرەپ. بىر ئادەمنىڭ ئىززەت غۇرۇرى
شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ نام ـ شەرىپىمۇ جاھان-
غا تارىلىدۇ. يەنە شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىراۋنىڭ (بىرىنچى
ئىسمى) نى ئاتا ـ ئانىسى قويىدۇ، ئۇنىڭ كۇنيە دېگەن ئىسمىنى
ئۆزى تاللىۋالغان، ئاتاق نامىنى بولسا پادىشاھ بەرگەن. بۇ ئۈچ
ئىسىمدىن باشقا ھەر قانداق ئاتاق ئارتۇقچە. ئۇ پەقەتلا كۆلكە-
مازاققا دەستەك بولىدۇ. نادانلار ئۆزىنى مەسخىرىگە قويۇپ ئۆزى-
نىڭ بېشىغا پىت سالىدۇ. بىراۋ تېخى بالا ۋاقتىدا كىشىلەر
ئۇنىڭ بىرىنچى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانا
تولىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئۇلار قويغان
ئىسىم. ئۇ قورامىغا يېتىپ ئۆز ئالدىغا ئىشلارنى بىر ياقلىق

قىلغۇدەك بولغاندا ئۆزىگە ئۆز ئىستىداتىغا مۇناسىپ كەلگۈدەك ئىسىم قويىدۇ. خۇددى تەمسىللەردە ئېيتىلغاندەك «ئاتاق بىلەن مەجبۇرىيەت قېرىنداش». شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى كۆ- نىيە دەپ ئاتايدىغان بولدى ۋە ئۇنى ئەر سۈپىتىدە كۆردى. بۇنىڭ- دىن ئۇ تولىمۇ خۇرسەن بولدى. كېيىنچە ئۇ ئەل - يۇرتقا ئۆزىنىڭ قابىللىقىنى نامايىش قىلغاندا پادىشاھ ئۇنىڭغا مۇناسىپ نام - ئاتاق ھەدىيە قىلدى. بۇنىڭدىكى مۇددىئا ئۇنى قۇرداشلىرى- دىن پەرقلەندۈرۈش ۋە دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر. شۇڭا پادىشاھ ياكى خەلىفە ھەدىيە قىلغان بۇ ئاتاق - نام ئاتا - ئانىسى قويغان ياكى ئۆزى قويۇۋالغان نامدىنمۇ ياخشىراقتۇر. شۇ ۋەجە- دىن ئۇنىڭ ئەمەل - دەرىجىسى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى كۆزلەپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ھەدىيە قىلغان ئاتاق - نامنى قوللانماقتا. مۇشۇ ئۈچ ئاتاقتىن باشقا ھەر قانداق ئاتاق ئوشۇق- تۇر. دەرۋەقە، قاغان — بىر بىلىمسىز كىشى، يەنە كېلىپ بىر تۈرك، ئۇنىڭ ئابرۇيى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ۋە ئىلىم - ئىرپان جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلەپلى- رىگە ماقۇل بولغانىمەن. سىزگە كەلسەك، سىز ئىلىمدە يېتىل- گەن يېقىن كىشىمسىز، مېنىڭ قەلب تۆرىمدە ئورنىڭىز تېخىمۇ يۇكسەكتۇر، مەن سىزگە ئىشىنىمەن. سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز مەندىن تەلەپ قىلغان قەلەم - قەغەز يۈزىدىكى ئازغىنا نەرسىدىن- مۇ قىممەتلىكرەك. ھازىر بولسا، بىلىمسىز نادان بىلەن ئوخ- شاش نەرسىنى قوغلىشىۋېتىپسىز.»

مەھمۇد بۇلاردىن ۋاقىپلىنىپ ئەندىككىنىدىن نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. شۇ ۋاقىتلاردا تۈرك نەسلىدىن بولغان بىر ئايال پات - پات مەھمۇدنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئوقۇمۇش- لۇق بولۇپ سۆزگە چېچەن، نەچچە خىل تىلغا كامىل ئىدى. ھەر قېتىم ئوردىغا كەلگەندە مەھمۇد بىلەن سۆھبەتلەردە بولۇپ چاقچاقلىشاتتى، بەزىدە ئۇنىڭغا پارسچە قىسسە - ھېكايىلەرنى

ئوقۇپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلار دىلكەش سىرداشلار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەھمۇد بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قەلبىگە مەلھەم بولدى. مەھمۇد: «خەلىفەدىن ئاتاق ھەدىيە قىلىشنى شۇنچە ئىلتىجا قىلساممۇ پەرۋايىغا ئالمايۋاتىدۇ، قاغان بولسا مېنىڭ قول ئاستىمدىكى بىر ۋەزىر تۇرۇپ نەچچىلىگەن ئاتاققا مۇشەررەپ بولدى. مېنىڭ بولسا ئاشۇ بىرلا ئاتىقىم بار. مەن بىرەر تام تېشەر ئوغرىنى ئەۋەتىپ ياكى باشقىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خەلىفىنىڭ قاغانغا ھەدىيە قىلغان لەۋھەسىنى قولغا چۈشۈرەيمىكىن دەيمەن. مۇشۇنى قىلالىغان كىشىگە خالىغان نەرسىسىنى ئىنئام قىلىمەن» دېدى. ھېلىقى ئايال: «ئەي پادىشاھىم، ئۇنى مەن قولغا چۈشۈرەلەيمەن، ئەمما ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىنىڭكى، ئۇ نەرسە سېنىڭ بولىدۇ» دېدى. ئۇ: «لەۋزىمدىن يانمايمەن» دېدى. ئايال: «قول ـ ئىلكىمدە ھازىرچە يېتەرلىك دەسمايەم يوق، شۇڭا سېنىڭ ئارزۇيىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە قىسىلىۋاتىمەن. خالىساڭ خەزىنىدىن ئازراق ياردەم قىلىپ تۇرغىن، ئارزۇيىڭغا يەتكۈزەلمىسەم كاللام ئىختىيارىڭدا بولسۇن» دېدى. سۇلتان مەھمۇد: «خالىغىنىڭنى ئالغىن» دېدى ۋە ئۇنىڭغا پۇل ـ پۇچەك، زىبۇ زىننەت، گۆھەر ـ مەرۋايىت، مال ـ ۋاران ۋە ئاشلىق دېگەندەكلەرنى ھەدىيە قىلىپ تەلىپىنى قاندۇردى. بۇ ئايالنىڭ 14 ياشلىق بىر ئوغلى بولۇپ، بىر ئۆلىمانىڭ سارىيىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانىدى. ئۇ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ خەزىنىدىن قەشقەرگە كەلدى. قەشقەردە بىر نەچچە تۈرك قول ۋە دېدەك سېتىۋالدى، يەنە چىن ۋە قىتان ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئىپار، ئەنبەر، مەشۇت ۋە شايى ـ دۇردۇنلارنى ئالدى. كېيىن كارۋانلارغا قوشۇلۇپ ئۆزكەندكە كەلدى، بۇ جايدىن سەمەرقەندكە باردى.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇ قاتۇننىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا بېرىپ سوۋغاتلىققا تولىمۇ سۇمباتلىق بىر دېدەكنى تاللىۋالدى. يەنە چىن

ۋە قىتان ئەللىرىدىن ئالغاچ كەلگەن قىممەت باھالىق ماللاردىنمۇ ئېلىنغۇالدى. قاتۇن بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولۇشقاندا مۇنداق دې-دى: «مۇرەببىيىم بىر تۇججار كىشى بولۇپ، مېنى جاھان كېزىپ سەيياھلىققا ھەمراھ قىلىۋالغانىدى. قىتان سەپىرىنى كۆزلەپ ئۇدۇن (خوتەن) دىيارىغا بارغاندا مۇرەببىيىم ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ئىلاجىسىز قەشقەرگە يېنىپ كەلدىم. قەشقەر قاغانى[1]غا سوۋغات بېرىپ قاتۇنى بىلەن دىدارلاشتىم ۋە ئۇنىڭغا مۇرەببىيىم-نىڭ ئىلگىرى قاغانغا چاكار بولغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇ چاغدا چۆرە بولغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ ھۆرلۈككە چىقىرىشى بىلەن ئۇ-نىڭغا ياتلىق بولۇپ مۇنۇ بالىغا ئانا بولغانلىقىمنى، ئەمدىلىكتە بولسا، مۇرەببىيىمنىڭ ئۇدۇندا جان ئۈزۈپ ئىلگىرى قاغان ھەدىيە قىلغان ئازغىنا مال - مۈلۈكنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيت-تىم. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مېھرىبانلىقى ۋە مۇبارەك ئەزىز قوللى-رى ئارقىلىق كەمىنە چۆرىسى بىلەن يېتىم بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇشنى، ئۆزكەند، سەمەرقەند تەرەپلەرگە ماڭىدىغان ياخشىراق كارۋانلارغا قوشۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۇم. يەنە مۇشۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن جېنىم تېنىمدىلا بولسا ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا دۇئا-تەشەككۇردە بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. قاتۇن تولىمۇ كەڭ قول-لۇق بىلەن ئۆز مېھرىبانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار بىزنى تەقدىر-لەپ بىزگە بىر ياخشى يول بېشىنى قوشۇپ قويدى. يەنە ئۆزكەند قاغانىغا بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ سەمەرقەندكە يەتكۈزۈپ قو-يۇش توغرىسىدا مەكتۇپ يېزىپ بەردى. ئەلھال ھازىرقى پەيتتە مېھرىبانلىقىڭىز ۋە ئىلتىپاتىڭىزدىن ئالدىڭىزدا يۈكۈنۈپ ئولتۇ-رۇپتىمەن. ئىشەنچىم كامىلكى، جاھان مىقياسىدا ئادالەت ۋە باراۋەرلىكتە سەمەرقەندكە تەڭداش بولغۇدەك جاي تېخى ئاپىرىندە بولغىنى يوق. مەرھۇم مۇرەببىيىم سەمەرقەندكە يېتىپ بېرىۋالسىلا

[1] يۈسۈپ قادىرخان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتا سىرتقا سەپەر قىلمايدىغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مۇبارەك نامىڭىز ۋە شەۋكىتىڭىز كەمىنە ئاجىزەلىرىنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. كەمىنىلىرىنىڭ ئۆزىڭىزگە چاكار بولۇش ئىلتىجايىمنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز مۇبارەك قولىڭىز بىلەن بې-شىمنى سىلىغان بولىسىز. شۇنداق بولسا، كەمىنە مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قالىمەن، زىبۇ زىننەتلىرىمىزنى سېتىپ ئۆي ۋە بىزگە تەمىنات بولغۇدەك بىر پارچە يەر ئالىمەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆمۈرلۈك خىزمىتىڭىزدە بولىمەن ۋە بالامنى تەربىيىلەيمەن. ئىلتىپات ـ ئېھسانلىرىڭىزنىڭ شاراپىتىدە ئاللاھ (ئاللاھ شەرەپ-لىكتۇر ۋە قۇدرەتلىكتۇر) ئۇنىڭغا ھىممەت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس».

قاتۇن: «ھېچ بىرسىدىن ۋايىم يېمە. سىلەرگە قولۇمدىن كەلگەنلىكى ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن. سىلەرگە ئۆي ۋە يەر بېرەي، ھەرقاچان يېنىمدىن كەتمەڭلار. مەن سەن توغرۇلۇق قاغانغا ئېيتىپ تەلىپىڭنى ئىجاۋەت قىلاي» دېدى. ئايال قاتۇنغا تازىم بەجا كەلتۈرۈپ: «ھازىردىن ئېتىبارەن مېنىڭ خوجام بولۇپ قالدىڭىز. ناۋادا مېنى قاغان جانابلىرى بىلەن كۆرۈشتۈ-رۈپ قويغان بولسىڭىز قوبۇل شەرىپىگە مۇيەسسەر بولارئىدىم. ئۇ چاغدا تەشەككۈرۈمنى ئېيتىشقا باشقا بىراۋ مەڭگۈ يادىمغا كەلمەس ئىدى» دېدى. قاتۇن: «خالىغان ۋاقتىڭدا قاغاننىڭ يېنىغا باشلاپ باراي» دېدى. ئايال: «كۆپ تەشەككۈر» دەپ خوشلاشتى. ئەتىسى ئۇ قاتۇننىڭ سارىيىغا باردى. قاغان قوبۇلخا-نىدىن ئوردىغا قايتقاندا قاتۇن ھېلىقى ئايالنىڭ ئىشىنى تىلغا ئالدى. قاغان ئۇنى ئېلىپ كىرىشكە ئىجازەت قىلدى. ھېلىقى ئايال تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن قاغانغا تۆرك چاكاردىن بىرنى، چىرايلىق بىر ئارغىماق ۋە تۈرلۈك قىممەتلىك ماللارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ: «كەمىنە ئاجىزەلىرى ئۆز ئەھۋالاتىمنى قا-تۇن ئالىيلىرىغا بايان ئەيلىگەنىدىم. ھاسىل كالام، مۇرەببىم قازا

قىلغاندىن كېيىن (ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى زىيادە بولغاي) ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىتان ئېلىگە ئېلىپ ماڭغان ماللارنى قايتۇرۇپ كەتمەسلىككە ئۈندىدى. ئەمما مەن ماللىرىمنىڭ بىر قىسمىنى قىتانغا ماڭدۇرۇپ، قالغىنىنى ياندۇرۇپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۇدۇن قاغانىغا، بىر قىسمى قەشقەر قاغانىغا كەتتى، بىر قىسمىنى سەپەردە خىراجەت قىلدىم. ئەمدىلىكتە ئالدىمدا كەمىنە قۇللىرى ئۆزىنىڭ يېتىم پەرزەنتى بىلەن ئازغىنا ماللاردىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ھالدا تۇرۇپتىمەن. ئالىيلىرى كەمىنىنىڭ ئۆزلىرىگە قۇل بولۇش تىلىكىمىزنى ئىجاۋەت قىلغان بولسىلا قالغان ئۆمرۈمنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە تەسەررۇپ ئېتىشنى شەرەپ بىلگەن بولاتتىم» دېدى.

قاغان ئۇنىڭ بىلەن مۇلايىم سۆھبەتلەشتى ۋە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايال ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قاتۇننى يوقلاپ ئۇنىڭغا قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ھالقا، يېشىل كەھرىۋا، يېپەك رومال ۋە باشقا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلىپ تۇردى. ئۇ يەنە قاتۇنغا قىزىق چۆچەك ـ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ، قاتۇن تېزلا ئۇنىڭغا ئىجىل بولۇپ قېلىپ ئايرىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ئەمما ئۇ ئايال قاغان ۋە قاتۇننى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان ھەرقانداق باغ ـ ئېتىزلارنى رەت قىلدى. ئادەتتە نەچچە كۈندە بىر قېتىم تۇرالغۇسىدىن چىقىپ ئالغۇدەك باغ ـ ۋارانلارنى كۆرۈپ كېلىمەن، دېگەن باھانە بىلەن ئۈچ ـ تۆت فەرسەخ نېرىدىكى يېزا ـ سەھرالارغا باراتتى. ئۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىگە ياقمايدىغان تەرەپلىرى ھەققىدىكى سەۋەبلەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلەتتى. قاغان ۋە قاتۇن ئۇنىڭ كەلمەي قالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ قاراپ بېقىشقا ئادەم ئەۋەتسە بارغان ئادەم ئۇ ئايالنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈن بۇرۇن باغ ـ ۋاران كۆرگىلى كەتكەنلىكىدىن ۋاقىپلاندۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لاتتى. ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچى بولغانلىقىـ
غا چىنپۇتۇپ خۇشال بولۇشاتتى. ئۇ ئايال سادىقلىق بىلەن ئالتە
ئاي خىزمەت قىلغاندا، قاتۇن: «قاغان ئالىيلىرى ھەر قېتىم
سىنى كۆرگەندە ئۇيلىدىكەن، سەن بىزگە شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى
سوۋغات قىلدىڭ، ئەمما بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىزنى قوبۇل قىلمىـ
دىڭ. ئۇ ھېچقاچان ساڭا ئوخشاش ياخشى ئايالنى كۆرمىگەنلىكىـ
نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. بىز ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەك رازى
بولارسەن؟ ساڭا دېسەم مەن قاغاندىنمۇ بەكرەك ئۇيلىۋاتىمەن»
دېدى. ئايال: «مەن ئۇچۇن دۇنيادىكى ئەڭ زور بەخت ـ سائادەت
خوجامنى ۋە ئۇنىڭ مەھبۇبىنى كۆرۈشتۇر. ئاللاھنىڭ ئىنايىتى
بىلەن ئاش ـ غىزادىن قىسىلىپ قالمىدىم، سىز بىلەن كۈندە
مۇلاقەتتە بولۇپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، قاچانكى ھاجىتىم چۈشسە
تارتىنماي ئېيتىمەن» دېدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئاتلارنى توقۇتۇپ،
پۇتۇن ئالتۇن، مەرۋايىت، گىلەم، بويىلىرىنى سەمەرقەند بىلەن
غەزنىنە ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرىدىغان بىر تۇججارغا يوشۇرۇنچە
بەردى. بەش ئاتنى بەش چەۋەنداز بىلەن بەلخ ۋە تىرمىز يولىدىكى
بەلگىلەنگەن جايلارغا ئۆزى بارغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ مەزلۇم قاتۇن بىلەن
قاغاننىڭ بىللە ئولتۇرغان پەيتىدە ئۇلارنى مەدھىيىلەپ ئۇچۇرىدىـ
غان خېلى جىقلا گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چېھرىدىـ
كى مەمنۇنلۇق تەبەسسۇملىرىغا قاراپ تۇرۇپ: «بىر ئىلتىماسىم
بار ئىدى، ئېيتسام بولارمۇ؟» دېدى. قاتۇن: «بۇ سىنىڭ ئاغـ
زىڭدىن چىققان بىر مۆجىزە بولدىغۇ؟ ھېلىغۇ بىر ئىكەن، يۈز
ئىلتىماسىڭ بولسىمۇ بەجا كەلتۈرىمىز. قېنى ئېيتقىن» دېدى.
ئۇ مەزلۇم: «سىلەردىن يوشۇرمايمەنكى، ئوغلۇم مېنىڭ بۇ دۇنـ
يادىكى بارلىقىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەسلى ۋەسلىمنى ئۇنىڭغا ئاتىـ
ۋەتكەنمەن. ئۇ ھازىر ‹قۇرئان كەرىم› نى تاماملىدى، ئۇ ھازىر
بىر ئۇستازنىڭ ئەرەبىي ۋە پارسىي ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇشىغا موھـ

تاج بولماقتا. ھەر قايسىلىرىنىڭ مېھرى - شەپقىتى بولغانىكەن ئۇنىڭ كەلگۈسى قۇتلۇق بولغۇسى. پەرۋەردىگارىم ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەمرىدىن كېيىن ئۇشبۇ دۇنيادا پادىشاھ ئالىيلىرىغا مۆئمىنلەرنىڭ سەركىسى ھەدىيە قىلغان مەكتۇپتىنمۇ قەدىمىيرەك يازما بولغان ئەمەس. شۇڭا ئويلايمەنكى، ئۇشبۇ مەكتۇپتا ساقلىنىپ قالغان تىل ۋە يارلىق سۆزلىرى شۈبھىسىزكى ئەڭ پاساھەتلىكتۇر. ناۋادا ئالىيلىرى مۇۋاپىق كۆرسە قۇللىرىغا خەلىفىنىڭ لەۋھە مەكتۇپىنى ئىككى - ئۈچ كۈنلۈككە ئارىيەتكە بېرىشكە بولارمىكىن؟ شۇنداق بولغىنىدا ئوغلۇم ئۇستازىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇنى بىرقانچە مەرتىۋە كۆرۈپ شۇنىڭ ئىچىدىن بەش سۆزنى ئۆگىنىۋالسا ئىشلىرى ئوڭ بولاتتى» دېدى. قاغان ۋە قاتۇن: «بۇنى قانداقمۇ ئىلتىماس دېگىلى بولسۇن؟ نېمىشقا بىزدىن بىرەر شەھەر ياكى قەلئە سورىمايسەن؟ سەن بىزدىن بىر نەرسە سوراپ باقمىدىڭ. ئەمدى سورىغان نەرسەڭ بولسا خەزىنىدە توپا بېسىپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن 50 نەچچىسى بار. بىر ۋاراق قەغەزنىڭ نېمە خىسلىتى بولسۇن؟ خالىساڭ قەغەز يۆگەكنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ھەدىيە قىلاي» دېدى. ھېلىقى ئايال: «خەلىفە ھەدىيە قىلغان يارلىق بولسىلا كۇپايە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قاغان بىر قۇلنى ئۇنى خەزىنىگە باشلاپ بېرىش، خالىغان قەغەز يۆگىكىنى بېرىشكە بۇيرىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئايال خەزىنىگە بېرىپ لەۋھەنى قولىغا ئالدى ۋە ئۆيگە ئالغاچ كەلدى. ئەتىسى ئاتلارنى تامام ئىگەرلىتىپ، قېچىرلارغا يۈكلەرنى تۈگەل ئارتىپ سېتىلىدىغان بىر باغ - ۋاراننى كۆرۈپ كېلىشكە بىر ھەپتىلىك سىرتقا چىقىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقاتتى. ئۇ ئاتلىنىپ ئۆزى كۆرمەكچى بولغان باغ - ۋاران تەرەپكە يول ئالدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ قاغاننىڭ ئىجازەتنامىسىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئىجازەتنامىدە ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى سەمەرقەند ۋە بۇخارانىڭ ھەر قانداق

www.uyghurkitap.com

جايىغا بارغاندا باغ ـ ۋاران ياكى ئېتىزلارنى سېتىۋېلىشتا، قونالغۇلارغا چۈشكۈن قىلىشتا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەنىدى. شۇنداقلا باجگىرلار، شەھەر قەلئە بەگلىرى ۋە باشقا مەمۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردەملىرىنى ئايىماسلىقى تەلەپ قىلىنىغانىدى.

بىر كۈنى كېچىسى تۈن يېرىمىدا ئۇ ئايال يېزىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، شەھەردىن ئۈچ فەرسەخ كېلىدىغان جايدىكى يول ئارقىلىق مېڭىپ بەش كۈندىن كېيىن تىرمىزگە كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىجازەتنامە بولغاچقا توختىماي ئات يەڭگۈشلەپ ماڭدى. تاكى ئۇ جەيھۇندىن ئۆتۈپ بەلخكە يەتكەندە قاغان ئاندىن ئۇنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئەمما خەلىفە ھەدىيە قىلغان لەۋھەنىڭ ئىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ھېلىقى ئايال بەلختىن غەزنە شەھىرىگە بېرىپ لەۋھەنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىغا قويدى. مەھمۇد سۆزمەن ئۆلىمادىن بىرنى لەۋھەنى ئېلىپ مۆئمىنلەرنىڭ سەركىسى قادىر بىللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا ماڭدۇردى. يەنە ئەلچىگە قوشۇپ تۇرغۇن سوۋغاتلارنىمۇ بىللە ماڭدۇردى. ئۇنىڭ خەلىفەگە يوللىغان مەكتۇپىدا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «مېنىڭ بىر چاكىرىم سەمەرقەندتە بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر مەسچىت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا بىر ئۆلىمانىڭ مەدرىسىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا ئۇ ئۆلىما بىر توپ بالىلارغا ساۋاق بېرىۋاتقۇدەك، تالىپلارنىڭ قوللىرىدا مۆئمىنلەرنىڭ سەركىسى پۈتكەن مۇقەددەس لەۋھە قىلچە ھۆرمىتى بولمىغان ھالدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرغۇدەك. توپا باسقان لەۋھە ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىپتۇ ۋە ئۇنى خارلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازراق ئۇزۇم ئېلىپ ھېلىقى بالىلارنىڭ قولىدىن كېرەكسىز قەغەزنىڭ باھاسىدا لەۋھەگە تېگىشىۋاپتۇ. ئۇ بۇنى غەزنىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا كۆرسەتتى. ئەمدى-

لىكتە بولسا، مەن ئىززەت - ئېكرام بىلەن ئۇنى مەلىكۇل جەھاننىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىسىكەن دېگەن ئۈمىدتە سۇنۇپ تۇرۇۋېتىمەن. شۇنداقلا تۆۋەنچىلىك بىلەن كەمىنىنىڭ پىداكارلىقىغا ئاتاق ھەدىيە قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمەن. شۇنداق قىلىسىلا مەن ئۇ ئاتاقلارنى كۆز قارچۇقۇمدەك ئاسراپ، بېشىمدىكى تاجىمدىنمۇ ئەزىز بىلگەن، ئۇنى دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك جايىغا قويغان بولاتتىم. ھالبۇكى، جانابلىرى ئۆتمۈشتىكى خىزمەتلىرىم ۋە كەلگۈسىدىكى ئۈمىدىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئاتاق ھەدىيە قىلىشنى رەت قىلىۋاتىدىلا، ئەكسىچە ئۇنى نەدىكى قەدرىنى بىلمەس، خەلىپەدىن ھېيىقماس كىشىلەرگە بېرىۋاتىدىلا. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ ئاتاقلارنىڭ شان - شەرىپىگە ۋە نوپۇزىغا ئېتىبار قىلماي بۇلارنى ھۆرمەتسىزلىك ئىچىدىلا قوبۇل قىلىۋاتىدۇ».

مەزكۇر ئۆلىما مەكتۇپنى ۋە سوۋغىلارنى ئېلىپ باغداد خەلىپىسىگە يەتكۈزۈگەندە خەلىفە قاتتىق ھەيران بولدى ۋە قاغانىنى ئەيىبلەش مەزمۇنىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ يوللاشقا ئەمىر قىلدى. مەھمۇدنىڭ ئەلچىسى خەلىفەنىڭ ھۇزۇرىدا يېرىم يىل تۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ نامىدا ئاتاق تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس سۇنىۋەرگەن بولسىمۇ، بىرەر ئېنىق جاۋاب ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئۇ مۇنداق مەزمۇندىكى بىر ئەرزنامە پۈتتى: «ناۋادا جاھاننىڭ ئەڭ چېتىدە بىر پادىشاھ ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىسلامنىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن قىلىچ ئوينىتسا، دىنسىزلار، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلسا، بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى مەسچىتلەرگە ئۆزگەرتسە، دىنسىزلار دىيارىنى ئىسلامنىڭ مۇقەددەس چارىگاھىغا ئايلاندۇرسا، ناۋادا ئەمىر ۋەل مۇئمىنىدىن تولىمۇ يىراق جايدا بولسا، ئارىلىقنى ئېگىز تاغلار ۋە سۇرلۇك چۆللەر ئايرىپ تۇرغان بولسا، يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەرنى ھەمىشە ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلغىلى

بولمىسا، ئۇنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسلىرىمۇ خەلىپىنىڭ جاۋابىغا نائىل بولالمىسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادىدىن بىرەيلەننى خەلىپە قىلىپ تەيىنلەش ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىغا ئىتائەت قىلىش يوللۇق بولامدۇ، يولسىز بولامدۇ؟» ئۇ بىرەيلەن ئارقىلىق مەكتۇپنى باغداد قازىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزدى. قازى بۇنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن «يوللۇق بولىدۇ» دەپ تەستىق يازدى. ئۇ قازىنىڭ تەستىقىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ۋە ئۆزى يازغان ئىلتىماسنى خەلىپەگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «كەمىنە قۇللىرىنىڭ كۇتۇۋاتقىنىغا بەكمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. مەھمۇد ئەسلى ۋەسلىنى تەسەددۇق قىلىپ تۇرۇپ بىر - ئىككى ئاتاق ئىلتىپات قىلىشنى ئۆتۈنگەنىدى. ھالبۇكى، مەلىكۇل جاھان ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى نەزەرگە ئالماي پالۋانلارنىڭ پالۋىنىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلمەكتە. ناۋادا مەھمۇد باغداد قازىسىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئىش كۆرسە جازاغا تارتىلامدۇ - تارتىلمامدۇ؟».

خەلىپە بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ھەرھال غوجىدارنى ۋەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرھال سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈش، ئىشەنچ تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ ئۇنى غەم - ئەندىشىدىن خالىي قىلىش، ئاندىن ئۇنىڭغا شان - شەرەپ تونى، تۇغ- ئەلەم ۋە خەلىپە تەستىق سالغان ئاتاق بېرىپ ئەلچىنى خاتىرجەم قىلىپ قايتۇرۇش ھەققىدىكى يارلىقنى يەتكۈزۈشكە ماڭدۇردى. سۇلتان مەھمۇد ھەر ھالدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى قوشۇمچە ئاتاق «ئەمىرۇل ئۇمەرا» (مەملىكەتنىڭ ھاۋالە قىلىنغۇچىسى) غا مۇيەسسەر بولدى.

ئۇ زامانلاردا ناۋادا ئەڭ تۆۋەن مەمۇرلار ئىگە بولغان مەرتىۋە يەتتە ياكى ئوندىن ئاز بولسا، ئۇ كىشى تولىمۇ خاپا بولۇپ قالاتتى.

سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى پادىشاھلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇ-

يان ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ شەۋكەتلىك پادىشاھلىرىدىن بولۇپ
كەلگەنىدى. پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان، ئىراق - خارە-
نىدىم، نىمرۇز ۋە غەزنە شۇلارنىڭ تەسەررۇپىدا بولۇپ، ھەر بىر
پادىشاھنىڭ بىردىن ئاتاق نامى بار ئىدى. نۇھ پادىشاھ «شاھىن-
شاھ» دەپ ئاتالغانىدى. نۇھنىڭ ئاتىسى مەنسۇر بولسا، ئەمىن
ھەمىد (ياخشى سەركە)، مەنسۇرنىڭ ئاتىسى نۇھ مەنسۇر بولسا،
ئەمىر ھەمىد (ئالقىش سەركىسى)، نۇھ مەنسۇرنىڭ ئاتىسى
ناسىر بولسا، ئەمىر رەشىد (توغرىغا يېتەكچى سەركە)، ئىسما-
ئىل ئىبنى ئەھمەد بولسا، ئەمىر ئادىل (ئادالەت سەركىسى)،
تارىخنامىلەردە بولسا، ئەمىر مەھدى (سابىق سەركە) ۋە ئەمىر
سەئىد (تەلەي سەركىسى) دەپ ئاتالغانىدى. ئاتاق شۇ زاتقا مۇنا-
سىپ بولۇش كېرەك. قازى، ئاخۇن ۋە ئۆلىمالاردا مەجىددىن
(ئىماننىڭ شەرىپى)، شەرەفۇل ئىسلام (ئىسلامنىڭ شەرى-
پى)، سەيفۇسسۇننە (سۈننەت قىلىچى) زەينۇششەرىئە (شەرى-
ئەتنىڭ شەرىپى)، فەخرۇل ئۇلەما (ئۆلىمانىڭ غۇرۇرى) دېگەن-
دەك ئاتاق كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام، ئىمان،
شەرىئەت، فىقھ دېگەندەك ئىلىملەرگە باغلانغان بولىدۇ. ناۋادا
ئۆلىما بولمىغان بىراۋ بۇ ئاتاقنى ئۆزىگە قويۇۋالسا پادىشاھ ئۇ
ياقتا تۇرسۇن ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغانلىكى ھەر بىر كىشى
ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە جازا
بېرىپ ھەر قانداق كىشىنى ئۆز ئورنىنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلماق
زۆرۈر. شۇنىڭدەك قوشۇن باشلىقلىرىمۇ «دەۋلە» سۆزى ئارقى-
لىق پەرقلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن، سەيفۇددەۋلە (مەملىكەت-
نىڭ قىلىچى)، ھىسامۇد دەۋلە (مەملىكەتنىڭ شەمشىرى)،
زاھىرۇددەۋلە (مەملىكەتنىڭ ھىمايىچىسى)، نۇرۇددەۋلە (مەم-
لىكەتنىڭ نۇرى)، شەمسۇد دەۋلە (مەملىكەتنىڭ قۇياشى)،
ئەل- يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى ۋالىي، باجگىر ۋە باشقا
مەمۇرلارغا «مۇلك» (مەملىكەت) ئاتىقى بېرىلىدۇ. خۇددى شۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭدەك ھەمۇئىنۇل مۇلك (مەملىكەتنىڭ ھەمدەمچىسى) ، نىزا-
مۇل مۇلك (مەملىكەتنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى) ، شەرەفۇل
مۇلك (مەملىكەتنىڭ شەرىپى) ، شەمسۇل مۇلك (مەملىكەتنىڭ
قۇياشى) ئاتاقلىرى مەۋجۇت بولغان. تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ ئۆز-
لىرىگە ئەل- يۇرتنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى بېجىرىدىغان مەمۇر-
ئاقساقاللارغا خاس ئاتاق - ناملارنى قوللىنىشى ھېچقاچان كۆرۈل-
مىگەن يوسۇندۇر. «دىن» ۋە «ئىسلام» دېگەندەك سۆزدىن تۈ-
زۈلگەن ئاتاقلارنى ئۆلىمالار قوللىنىدۇ. «دەۋلە» ئاتالمىسىنى
ئەمىرلەر قوللىنىدۇ، «مۇلك» سۆزىنى ئەل - يۇرتنىڭ ئىش-
كۈشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغۇچى يۇقىرى مەرتىۋىلىك مەمۇرلار
قوللىنىدۇ. بۇلاردىن سىرت، كىمدە - كىم «دىن» ۋە «ئىسلا-
م» سۆزلىرىنى ئۆزىگە ئاتاق قىلىپ قوشۇۋالسا جازالىنىدۇ.
شۇڭا ھەركىمنىڭ ئاگاھ بولمىقى جائىز.

ئاتاقنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى كىشىلەرنىڭ ئاتاق نامىدىن
شۇ كىشىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈندۇر. مىسالەن ئېيتايلى، يۈز ئادەم
توپلانغان سورۇندا ئۇن كىشىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولسا، بى-
راۋ: «مۇھەممەد» دەپ توۋلىغاندا بۇ ئۇن كىشى تەڭلا: «خوش»
دېيىشى مۇمكىن. ھەممىسى خىيالىدا ئۆزىنى چاقىردى دەپ ئوي-
لاپ قېلىشى تەبىئىي. ئەمما بىرى مۇھەممەد «مۇقتاش» (ئالاھى-
دە) ، قالغان مۇھەممەدلەر ئايرىم - ئايرىم مۇتەۋەككۈل (خەلى-
لىل) ، كامىل، كافى (قابىلىيەتلىك) ، رەشىد (توغرا) دەپ
ئاتالسا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاتىقىنى چاقىرسىلا ئۇلار كىمنىڭ
دەۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

باش ۋەزىر، دىۋان بېگى، باش ھېساباتچى، سۇ باشى ۋە
باغداد، خۇراسان، خارەزىم ۋالىيلىرى قاتارلىقلاردىن باشقا مەم-
لىكەتتىكى ھەرقانداق كىشىگە «مۇلك» سۆزى بولمىغان ئاتاقلار-
نىلا بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، كامىل رەشىد (توغرا سەر-
دار) ، كامىل مۇقتاش (ئالاھىدەسەردار) ، كامىل سەدىد (ياخ-

شى سەردار)، ئۇستاد ئەمىن (ئىشەنچلىك پاسىبان)، ئۇستاد قادىر (شەرەپلىك پاسىبان)، ئۇستاد تاجىت (جاسارەتلىك پاسىبان) قاتارلىقلار. شۇڭا بۇنداق يۇقىرى - تۆۋەن، چوڭ - كىچىك، ئەزىز - خار، مەنسەپ - مەرتىۋە ناملىرىنى ئايرىغاندا مەمۇرىيەتنىڭ نوپۇزى ساقلاپ قېلىنىپ روناق تاپىدۇ. مەملىكەت مۇقىم بولۇۋاتقان مەزگىلدە، پادىشاھ ئادالەتلىك ۋە ھوشيار بولۇۋاتقان مەزگىلدە، پادىشاھ سىياسەت ئىشلىرىغا ئىجتىھات باغلاپ ئىلگىرىكى پېشىۋالاردىن ساۋاق ئېلىشنى ئادەت قىلغان مەزگىللەردە، غالىب ۋە بىلىمدار ۋەزىرگە ئىگە بولغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ بارچە ئىشلىرى ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. ئاتاق ھەققىدە ئۇ مۇۋاپىق يوسۇن- قائىدىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆز زېھنى، نوپۇزى ۋە سىياسەت تىغى ئارقىلىق يېڭى يوسۇنلارنى قىرقىپ تاشلىسا بولىدۇ.

## ئىزاھلار:

① مۇئەللىپ قولىغا قەلەم ئالغان ۋاقىتلار ئېھتىمال مىلادىيە 1091/484 - يىلى بولسا كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشىدىن بىر يىل ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى. بۇ پىكىرلەر، ھەتتا ھەر بىر سۆز - جۈملىلەر ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

② بۇ — ئاتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئاتقا مىنىپ مىئراجغا بارغان، دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق بىرىنچى باب

## ئىككى خىزمەتنى بىر كىشىگە بەرمەسلىك، خىزمەتنى خىزمەتسىز كىشىگە بېرىش ۋە ئۇنى پېقىر قويماسلىق، خىزمەتنى ئىمانى دۇرۇس كىشىگە تۇتقۇزۇش، ئېتىقادسىزلارنى ئىشلەتمەسلىك، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بايانى

زامان ـ زامانلاردىن بۇيان دانا ھۆكۈمدارلار ۋە پىكرى روشەن ۋەزىرلەر ھېچقاچان ئىككى خىزمەتنى بىر ئادەمگە يۈكلىگەن ئەمەس، شۇنداقلا بىر خىزمەتنى ئىككى كىشىگە بەرگەنمۇ ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشى تولىمۇ ئۇنۇملۇك ۋە جايىدا بولغان. ئىككى خىزمەتنى بىر ئادەمگە يۈكلىگەندە ھامان بىرى جايىدا بولماي قالىدۇ ۋە كەمتۈك قالىدۇ. چۈنكى ئۇ شۈبھىسىزكى، بۇ خىزمەتلەرنىڭ بىرىگە مۇناسىپ بولۇپ زېھنىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ بىرىگە سەرپ قىلىۋېتىپ يەنە بىرىگە سەل قاراپ قالىدۇ. ناۋادا ئالدىنقى خىزمەتنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىگە دىققىتىنى ئاغدۇرسا ئالدىنقى خىزمەتكە زەرەر يېتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا ئىككى خىزمەتلىك كىشى ھەمىشە ئىككىلا ئىشتا بۇرنىغا يەيدۇ ۋە ئۆز خوجىسىنىڭ نارازىلىق ئەيىبلەشلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئىككى ئادەم بىر خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغاندا بىر ـ

بىرگە ئىتتىرىپ خىزمەت مەگگۇ ئورۇندالمايدۇ. بۇ ماقالە ياخ-
شى ئېيتىلغان: «ئىككى ئايال تۇرغان ئۆي تازىلانماس، ئىككى
خوجا تۇرغان ئۆي روناق تاپماس.» ھەر ئىككىسى كۆڭلىدە:
«ناۋادا بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھېچ ئېۋەنسىز ئىشلەپ
چىقسام شۇبھىسىزكى، خوجىمىز بۇنى بىز ئىككەيلەننىڭ ئورتاق
ئىجتىھاتىدىن، دەپ قارايدۇكى، ھەرگىزمۇ مېنىڭ تىرىشقانلىد-
قىم ۋە سەۋرچانلىقىمدىن بولغان دەپ قارىمايدۇ» دەپ ئويلىشى-
دۇ. يەنە بىرەيلەنمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي
ئىش ئۇستىدە كاشىلا تۇگمەيدۇ. خوجىسى: «بىپەرۋالىق ۋە
ئۇنۇمسىزلىكنىڭ ۋەجى نېمە؟» دەپ سورىغىنىدا ئىككىلىسى
ئۆزلىرىگە پايدىلىق باھانە ئىزلەپ قارشى تەرەپكە ئارتىپ قويىدۇ
ۋە قارشى تەرەپنى ئەيىبلەيدۇ. زادى بۇنىڭ تېگىگە يېتىپ باقاي
دەپ ئەقىل تولپارىڭىزنى كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاپتۇرغىنىڭىزدا
بۇنىڭ ئۇلاردىكى سەۋەنلىك ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە سەۋەنلىك-
نىڭ بىر خىزمەتنى ئىككى ئادەمگە ئۇلەشتۇرۇپ بەرگەنلىكتە
ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. قايسى زامان بولسۇن زوراغا سارىيىنىڭ
بىر مەمۇرغا ئىككى، ئۈچ، بەش ياكى يەتتە تۇرلۇك خىزمەتنى
تاپشۇرۇشى ۋەزىرىنىڭ يارامسىزلىقى ۋە پادىشاھنىڭ بىپەرۋالىقى-
نىڭ ئىپادىسى بولالايدۇ. زامانىمىزدا شۇنداق ناباپ كىشلەر
باركى، ئۇلار ئادەتتە ئونلاپ خىزمەتلەرنى ئۇستىگە ئېلىۋالغان
تۇرۇقلۇق بىرەر خىزمەتكە ئادەم تېپىلماي قالغانلىقىنى كۆرگەن
ھامان شۇ خىزمەتنى قوشۇپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، زۆ-
رۇر تېپىلسا پارا بېرىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىزمەتكە
مۇناسىپمۇ؟ شۇنچىلىك قابىلىيىتى بارمۇ؟ شۇنچە خىزمەتلەرنىڭ
ھۆددىسىدىن تەڭلا چىقالامدۇ؟ دېگەنلەرنى ھېچكىم ئويلاپمۇ قوي-
مايدۇ. قابىلىيەتلىك، ئەستايىدىل ئىش بېجىرىدىغان، ئىشەنچ-
لىك ۋە تەجرىبىلىك خادىملار بولسا، بىر چەتتە تاشلىنىپ قالى-
دۇ، ھېچكىممۇ «نېمە ۋەجىدىن نامسىز، قابىلىيەتسىز، تېگى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەس، ئىلىمسىز بىر مۇرتەد شۇنچە خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىۋالدى؟ شەۋكەتلىك بەگلەر ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر خىزمەت- ۋەزىپىلەردىن چەتلەشتۈرۈۋېتىلدى؟» دەپ ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇ خىل كىشىلەرگە خاندانلىق ئۇلارنى رازى قىلىش ۋە خىزمەت قىلىشتا ئۆزى قەرزدار بولماقتا.

پەۋقۇلئاددە بولغان ھادىسىلەر شۇكى، ئۆتكەن زامانلاردا سەلتەنەت خىزمەتلىرى دىنداش ۋە مەسلەكداش زاتلارغا بېرىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار دىن ۋە نەسەبتە پاك ھېسابلىناتتى. بۇ خىلدىكى كىشىلەر بېرىلگەن خىزمەتنى خالىمىسا ياكى رەت قىلسا مەجبۇرلاپ قوبۇل قىلدۇرۇلاتتى. بۇ تولىمۇ يوللۇق، چۈنكى بۇ خىلدىكى كىشىلەر باج كىرىمنى يەۋالمايدۇ، دېھقانلارغىمۇ مۇشەققەت بولمايدۇ، ۋەزىپە ئارتتۇرغۇچىمۇ ئۆز نام ـ شەرىپىنى بۇلغىۋالمىغان ئەھۋالدا خاتىرجەم ياشايدۇ، پادىشاھ بولغۇچىمۇ تەڭگىل ۋە ئازادە كەيپىياتتىن قانغۇچە بەھرە ئالىدۇ. ئەمدىلىكتە بولسا، بۇنداق شەرەپلەر تاشلىنىپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئاقساقال بولۇشىغا ئىجازەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئاتەشپەرەسلەر، رافىزىيلار، خاۋارىجلار ۋە قەرمەتىيلارغىمۇ ئىجازەت قىلىنىۋاتىدۇ. بىپەرۋالىق ئەۋج ئېلىپ دىنغا بولغان مۇھەببەت يوقىلىۋاتىدۇ. باج كىرىم غەمخورسىز قېلىپ دېھقان تېرىقچىلار مۇشەققەت تارتىۋاتىدۇ. خاندانلىق سەلتەنەتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى. كەمىنە قۇللىرى يامان كۆزلەردىن ۋايىم يېمەكتىمەن. شۇنداقلا ئىشنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن؟ دەپ ئولتۇرۇۋېتىمەن. سۇلتان مەھمۇد، سۇلتان مەسئۇد، توغرول بەگ ۋە ئالىپ ئارسلان زامانلىرىدا ئاتەشپەرەسلەر، ناسارالار ۋە رافىزىيلار ئاشكارا يۈرەلمەيتتى. تۈركلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىنمۇ ھېيىقاتتى. تۈركلەرنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغۇچى بۇ كىشىلەر خاس ئاقساقاللار ۋە خۇراسان مىرزىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوغلىشىدىغىنى شافىئىي-

لار. ئۇلار ئىراق مۇشرىكلىرىنىڭ ياشىشىغىمۇ، مىرزا ياكى
باجگىر بولۇشىغىمۇ ئىجازەت قىلمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا،
تۈركلەر ئۇلارنى خىزمەتكە قويمايدۇ، ئۇلار: «بۇلار دەيلەمىيلەر
خاندانلىقى بىلەن دىنداشلاردۇر، شۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىدۇر.
ئۇلار مۇستەھكەم ئاساس بەرپا قىلىۋالسىلا تۈركلەرنىڭ ئېشىغا
توپا چاچىدۇ، مۇسۇلمانلارغا پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ،
ياۋنىڭ قوينىمىزدىن يىراقراق تۇرغىنى ئەۋزەل» دېيىشىدۇ.
ئاقىۋەت ئۇلار غەم- غۇسسىسىز ياشايدۇ. ھالا بۈگۈنكى كۈندە
ئىش شۇنداق ئېغىرلاشتىكى، بۇ خىل كىشىلەر ئوردا ۋە زوراغا
سارىيىغا لىق تولدى. ھەر بىر تۈركنىڭ ئارقىسىدىن 200 ئادەم
شاپاشلاپ يۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ھەر قانداق خۇراسان
تائىپىسىنى ئوردا خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىدىن چەكلەشتۇر. بىر
كۈنلەر كېلىپ زوراغا سارىيىدا خۇراسان مىرزىلىرى ۋە مەمۇر-
لىرى تۈگىگەندە تۈركلەر بۇ كىشىلەرنىڭ زىيانلىرىنى ۋە كەمى-
نىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىشەر.
ئۆتكەن زامانلاردا بىراۋ تۈركلەرگە خىزمەت قىلىشنى، مە-
مۇر بولۇشنى، سۈپۈرگىچى بولۇشنى، مىراخور بولۇشنى ئۆتۈن-
گەندە كىشىلەر ئۇلارنىڭ قايسى ئۆلكىدىن ياكى شەھەردىن كەل-
گەنلىكىنى، قايسى دىني مەزھەپكە مەنسۇپلۇقىنى سورىشاتتى.
ناۋادا ئۇلار خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىلىرىدىن ياكى سۈننىي
شەھەرلىرىدىن كەلگەن شافىئىيلار بولسا، دەررۇ قوبۇل قىلىنات-
تى. ناۋادا قۇم، كاسان ئەبا ياكى رەي① دىيارىدىن كەلگەن
شىئەلەر بولسا ھەيدىلەتتى ۋە: «كەتكىن، بىز يىلان باقمايمىز،
يىلاننى ئۆلتۈرىمىز» دەيتتى. ئۇلار سوۋغا ـ سالام ئالغاچ كەل-
گەن تەقدىردىمۇ تۈركلەر قوبۇل قىلماتتى ۋە: «ياخشىلىقچە كې-
تىۋالغىن، بۇ نەرسىلىرىڭنى ئۆزۈڭگە سەرپ ئەتكىن» دەيتتى.
ناۋادا سۇلتان توغرول ياكى ئالپ ئارسلان بىرەر تۈركنىڭ ياكى
ئەمىرنىڭ بىرەر رافىزىينى ئۆز قوينىغا ئالغانلىقىنى ئىشتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالسا دەرغەزەپكە كېلەتتى ۋە سەۋەنلىككە قاتتىق تەنبىھ بېرەتتى.

بىر كۈنى شېھىد سۇلتان ئالپ ئارسلانغا ئەردەمنىڭ ئاباجىد-
نى مىرزىلىقتا تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە ئاخبار كېلىپ قالدى.
بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ غەزەپلەندى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئاباجىنىڭ
باتىنىي ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقانىدى. ئۇ قوبۇلدا ئەردەمگە «سەن
مېنىڭ دۈشمىنىممۇ ياكى مەملىكەتنىڭ ئاسىيسىمۇ؟» دەپ سو-
ئال قويدى. ئەردەم ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ: «ئى خوجام، بۇ
سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن سېنىڭ ئەرزىمەس قۇلۇڭمەن، تا
ھازىرغىچە بولغان ساداقىتىمدىن قانداق ئېۋەن كۆردۈڭ؟» دې-
دى. سۇلتان: «ماڭا رەقىب بولمىساڭ نېمە ۋەجىدىن رەقىبىمنى
ئۆز خىزمىتىڭگە مۇۋاپىق كۆردۈڭ؟» دەپ سورىۋىدى ئەردەم:
«كىمنى دەۋاتىسەن؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىدى. سۇلتان: «مۇر-
تەد ئاباجىنى ئۆزۈڭگە مىرزىلىككە تەيىن قىپسەنغۇ؟» دېدى.
ئەردەم: «بۇ دۇنيادا ئۇ ھېچ سەۋەنلىك سادىر قىلمىدىغۇ؟ ئۇنىڭ
جىسمى ئوغىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ مەملىكەتكە نېمە زى-
يىنى تەگسۇن؟» دېدى. سۇلتان: «ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ
ئەمىر قىلىۋىدى ئاباجىنى بىردەمدە ھازىر قىلىشتى. سۇلتان:
«ئەي مۇرتەد، سەن باغداد خەلىپىسىنى تەن ئالمىغۇكمىشسەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى باتىنىي دېيىشىدىغۇ؟» دېدى. ھېلىقى
كىشى: «ئى پاسىبانىم، قۇللىرى باتىنىي ئەمەس، كەمىنە شىئە-
لەرنىڭ رافىزىيلىرىدىن بولىمەن» دېدى. سۇلتان: «ئى نائەھ-
لى، رافىزىيلار قىلغان ياخشى ئىشلار باتىنىيلارنى ياپالارمىدى؟
باتىنىيلار رافىزىيلاردىنمۇ بەتتەردۇر» دېدى. ئۇ دەررىچىلەرگە
بۇ ئادەمنى ئوبدان ساۋاقداپ قويۇشنى تاپشۇردى. ئۇلار ئۇرۇپ
چالا ئۆلۈك بولغۇچە دۇمبالاپ ئوردىدىن سىرتقا ئەپچىقىپ تاشلى-
دى.

كېيىن سۇلتان بەگ ـ تۆرىلەرگە: «بۇ ئاشۇ مۇرتەدنىڭ
ئەمەس، ئەردەمنىڭ سەۋەنلىكى، ئۇنىڭ ئېتىقادسىزلارنى خىز-

مەتكە ئالغانلىقىدىن بولغان سەۋەنلىك. سىلەرنىڭ قايتا ـ قايتا سەمىگىلەرگە سېلىپ تۇردۇم، سىلەر تۈركلەر خۇراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ لەشكەرلىرى بۇ جايلاردا مۇساپىرسىلەر، بۇ مەملىكەت شەمشىرىمىزنىڭ ئۆتكۈر تىغلىرى ئارقىلىق تىزلاندۇرۇلغان. يەنە كېلىپ، بىز پاك مۇسۇلمانلارمىز. ئەمما، دەيلەمىيلەر ۋە ئىرانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېتىقادسىزلار. تۈركلەر بىلەن دەيلەمىيلارنىڭ دۈشمەنلىكى تۈنۈگۈن ـ بۈگۈنكى ئىشلار ئەمەس، بۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان تارىخ. بۈگۈنكى كۈندە (پاك قۇدرەتلىك) پەرۋەردىگارىم تۈركلەرنى سەلتەنەتكە مۇشەررەپ قىلدى. بۇ بىزنىڭ ئىسلامدا بەرقارارلىقىمىز، مۇشرىكلىكتىن قەتئىيلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى. بىز تۈركلەر دەيلەمىيلەرنىڭ دىنسىزلىقى ۋە مۇشرىكلىكىگە ئاداۋەت تۇتىمىز. ئۇلار تاپىنىمىز ئاستىدا يانجىلىپ تۇرغاندا بىزگە ئىتائەت قىلىدۇ. سەللا كۈچلىنىۋالسا تۈركلەرنى نەس باسىدۇ. دىن ۋە سىياسەتتىن مەلۇمكى، ئۇلار تۈركلەرنىڭ ياشىشىنى زىنھار خالىمايدۇ. ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئىشەكتىنمۇ دۆتتۇر» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ 200 دەرھەملىك ئات يايلىنى ئەپچىقتۇرۇپ بىر تالنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە ئەردەمگە ئۈزۈپ بېقىشنى بۇيرىدى. ئەردەم بۇنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن كېيىن بەش تالنى ۋە ئون تالنى تۇتقۇزدى. ئەردەم ھەممىسىنى قىلچە كۈچىمەيلا ئۈزۈپ تاشلىدى. كېيىن سۇلتان بىر غۇلامغا: «ئات يايلىنىڭ ھەممىسىنى بىر باغلام قىلىپ تەييارلىغىن» دېدى. ئاندىن بۇنى ئەرەدەمگە بېرىۋىدى ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۈزەلمىدى. سۇلتان: «مانا بۇ دۈشمەنىنىڭ مىسالى. ئۇلار بىر نەچچىلا بولسا يوقىتىش ئاسان، كۆپىيىپ بىرلىشىۋالسا يوقاتقىلى بولمايدۇ ۋە ئادەمگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇ سېنىڭ ‹ئۇنىڭ جىسمى ئوغىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ مەملىكەتكە نېمە زىيىنى تەگسۇن؟› دېگەن سوئالىڭنىڭ جاۋابى. ناۋادا ئۇلار بىردىن ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىردىن تۈركلەرگە سىڭىپ خىزمەتلەرگە قويۇلسا ۋاقتانى ۋاق كەلگەندە ئىسيان ئىراقتا باشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەيلەمىيلەر بۇ دىيارغا بېسىپ كىرسە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشكارا ياكى يوشۇ-رۇن رەۋىشتە دەيلەمىيلەر بىلەن دوست تارتىشىدۇ ھەمدە تۈرك-لەرنى يەر يۈزىدىن يوقىتىشقا كىرىشىدۇ. سەن بىر تۈرك بولغان-كەنسەن خادىملىرىڭ خوراسانلىقتىن بولسۇن، مەمۇرلىرىڭ، مىرزىلىرىڭ خوراسانلىقتىن بولسۇن. ناۋادا تۈركلەرنىڭ تاۋىقى چېقىلمىسۇن دېسەڭ، بۇنداق ئىشلارغا تۈركلەرنى قوي. سەن پادىشاھنىڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ دۈشمىنى بىلەن ئىتتىپاقلىق ھالىتىدە بولغىنىڭ ئۆزۈڭگە ۋە مەملىكەتكە ئاسىيلىق قىلغىنىڭ بولىدۇ. ئۆز خادىملىرىڭغا خالىغانچە ئاتىدارچىلىق قىلساڭ بولىۋېرىدۇ، ئەمما پادىشاھ بولغۇچى ھوشيارلىقتىن قالغاندىمۇ ئاسىيلارنى مەغپىرەت قىلالمايدۇ. مەن ساڭا ھامىي بولسامىمۇ سەن ماڭا ھامىي ئەمەسسەن. چۈنكى (شەرەپلىك ۋە قادىر) پەرۋەردىگارىم مېنى ساڭا پادىشاھ قىلغانكى سېنى ماڭا پادىشاھ قىلغان ئەمەس. بىلگىنكى، كىمدە - كىم پادىشاھنىڭ دۈشمىنى بىلەن ئۇلپەت بولسا بۇ كىشى پادىشاھنىڭ دۈشمىنى بولىدۇ، يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلارمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ» دېدى.

سۇلتان مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا خوجا ئىمام مۇ-شەتتەب② ۋە لۇكار (مەرۋىگە يېقىن بىر يېزا) قازىسى سورۇندا بار ئىدى. ئۇ ئۇلارغا بۇرۇلۇپ: «مەلىكۇل جاھان پەرۋەردىگار-نىڭ رافىزىيلار، باتىنىيلار، دىنسىزلار ۋە مۇشرىكلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى بايان ئەيلىگەنىدى» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇشەتتەب مۇنداق دېدى: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇن-داق دېگەن: ‹بىر رافىزىينىڭ ئىسلامغا كىرگەنمەن، دېگەنلىكى-نى كۆرگىنىڭدە ئۇنى پارە - پارە قىلىۋەتكىن، چۈنكى ئۇ ئاللاھ توغرىسىدا دەۋا قىلغۇچىدۇر.›

لۇكار قازىسى ئېيتتى: «ئەبۇ ئۇمامەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەنىكەن: ‹زامان ئاخىر يېقىنلاشقاندا رافىزىيلار ئىسىملىك بىر تايىپە بارلىققا كېلىدۇ، ئۇلارنى كۆرگىنىڭلاردا ئۆلتۈرۈڭلار» .

ئۇلاپلا مۇشەتتەب سۆز ئالدى: «سۇفيان ئىبنى ئۇيەيىنە رافىزىيلارنىڭ كۇففارلىقىنى كىتابتىكى مۇنۇ قۇرلار ئارقىلىق مىسالغا ئالدى: ‹ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر كۇپارلارغا قاتتىقتۇر› («قۇرئان كەرىم» 48 ـ سۇرە، 29 ـ ئايەت) ئۇ زات ‹كىمىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىنى مەسخىرە قىلسا شۇنىڭ كۇپپار بولىدىغانلىقىنى، يۇقىرىقى ئايەتكە ئۇدۇل چۈشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ‹قۇدرەتلىك ئاللاھ ماڭا ئۇممەتلەرنى ۋە كاتتىلارنى، نىكاھ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئاتا قىلدى. كىمىكى ئۇلارغا يامان كۆزدە قاراپ زۇلۇم قىلسا ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە پۈتۈن بەندىلەرنىڭ قارغىشى شۇنىڭ بېشىغا تۆكۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ فىدىيەسىنى قوبۇل كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تۆۋىسىنىمۇ مەقبۇل قىلمايدۇ› . پەرۋەردىگار ئەبۇ بەكرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: ‹غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە، دەيىتتى.› («قۇرئان كەرىم» 9 ـ سۇرە، 40 ـ ئايەت) پۈتكۈل ھاياتىمىز پەقەت خىيالىي چۈشتۇر» .

لۇكار قازىسى سۆز ئالدى: پەيغەمبىرىمىز: «ئى ئاللاھ، ئەبۇجەھىل ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئىسلامنى كۈچەيتكەيسەن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئەتىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەسجىدتە ئاشكارا ناماز ئوقۇدى.

مۇشەتتەب سۆز قىلدى: «جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ رىۋا-يەت قىلىشىچە پەيغەمبىرىمىز بىر قېتىملىق جىنازا نامىزىدا مې-يىتقا دۇئا قىلمىدى. ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بىز سېنىڭ مېيىتقا دۇئا قىلمىغانلىقىڭنى زادىلا كۆرمىگەنىدۇق، دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز: ‹بۇ كىشى ئوسمانغا لەنەت ئوقۇغان، شۇڭا ئال-لاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلغاي، دېدى›».

لۇكار قازىسى مۇنداق دېدى: «ئەبۇ دەرداﺋىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبىرىمىز ئەلى رەزىيەھۇللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ‹ساڭا ئاسىيلىق قىلغۇچى دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر›».

مۇشەتتەب دېدى: «ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دې-گەن: ‹قەدرىيلار[1] ۋە رافىـزىيلارنىـڭ ئىسلامـدا نېسىۋىسى يوق›».

لۇكار قازىسى ئېيتتى: «سالھ ئىبنى سەئىد (ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغاي) نىڭرىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبىرى-مىز مۇنداق دېگەن: ‹قەدرىيلار سېھىرگەرلەردۇر، كېسەل بو-لۇپ قالساڭلار ئۇلارغا كۆرۈنمەڭلار، ئۇلار جان ئۈزسە جىنازا نامىزىغا بارماڭلار، بـارچە رافىزىيـلار قەدرىيـلارغا ئوخشاش-تۇر›».

مۇشەتتەب دېدى: «ئۇممۇ سەلمە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەي-دۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدىم، شۇ چاغدا فاتىمە بىلەن ئەلى كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. رەسۇلۇللاھ بې-شىنى كۆتۈرۈپ: ‹ئى ئەلى، مەرھابا، سەن ۋە سېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ جەننەتكە كىرىسىلەر. ئەمما سېنىڭدىن كېيىن بىراۋ سېنى سۆيىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ بىدئەتنى ۋە قۇرئانغا

① ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ تەقدىرىمىز مۇشۇ دەپ تۇرۇۋالغۇچىلار.

ئاسىيلىق قىلىشنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇلار رافىزىيلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنى كۆرگىنىڭدە ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلغىن، چۈنكى ئۇلار مۇشرىكلاردۇر، دېدى. ئەلى: «ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇلارنىڭ بەلگىسى قانداق؟» دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: «ئۇلار جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىدۇ، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇمايدۇ، مېيىتقا دۇئا قىلمايدۇ، ئاتا - بوۋىلىرىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، دېدى».

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ۋە كىتاب بايانلىرى شۇنچىلىك نۇرغۇنكى، ئۇلارنى توپلىسا بىر كىتاب بولىدۇ. پۈتۈن ئىشلاردا رافىزىيلارنىڭ خۇي - پەيلى ئەنە شۇدۇر. باتىنىيلار بولسا رافىزىيلاردىنمۇ بەتتەردۇر. ھەرقاچان - ھەر زامان ئۇلار يوقالغان ئەمەس. زامانىمىزنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۇلارنى يەر يۈزىدىن پاكىز يوقىتىپ، مەملىكەتنى پاكلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان. شۇندىلا ئۇ سەلتەنەتنى مۇستەھكەم يۈرگۈزۈپ، شادىمان ۋە بەخۇدۇك ياشىيالايدۇ. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلار، ناسارالار ۋە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ دىنلىرى چەكلىنىشى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سىياسەت قىلىشى توسۇلۇشى لازىم.

ئەمىر ۋۇل مۇئمىنىن ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت - سائادەت ئاتا قىلسۇن) مەدىنىدىكى بىر مەسچىتتە ئولتۇرغىنىدا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئىسپاھان ھەققىدىكى مەلۇماتنى سۇندى. مەلۇماتنىڭ ئىملاسى شۇنچىلىك پاساھەتلىك ۋە جىلۋىدار ئىدىكى، كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. شۇ ئارىدا بىراۋ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن بۇنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى سورىۋېدى ئۇ: «مېنىڭ مىرزام يازغان» دېدى. ئۇلار: «شۇ كىشىنى ئەپكەلگىن، بىز بىر كۆرەيلى» دېيىشتى. ئۇ: «ئۇ كىشى مەسچىتكە كىرسە بولمايدۇ» دېۋىدى ئەمىر ۋۇل مۇئمىنىن: «جۇنۇپمىكەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «يوقسۇ، ئۇ بىر ناسارا ئىدى» دېدى. ئۆمەر ئەبۇ مۇسانىڭ يوتىسىغا زەرپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرنى ئۇردىكى زەربىدىن ئەبۇ مۇسانىڭ يوتىسى ئۈزۈلۈپ كەتكىلى قىل قالدى. ئاندىن: «رەببىمىزنىڭ پەرمانىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟ ئۇ: ‹ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار› دېمىگەنمىدى؟» («قۇرئان كەرىم» 5 ـ سۈرە، 56 ـ ئايەت) دېدى.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى: «ئۇشبۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە مىرزامنى خىزمەتتىن بوشىتىپ ئىرانغا قايتۇراي» دېدى.

ئۇشبۇ ھادىسە سەۋەبىدىن ھاكىم سانائى تولىمۇ كىنايىلىك قىلىپ ئۇشبۇ رۇبائىينى پۈتكەندى:

ئىللىق چىراي دوستۇڭ بىلەن بولغىن جان دوست،
ئېھتىيات بول ئىللىق چىراي شۇم دۇشمەندىن.
ھەزەر ئەيلە ئۇنتۇما سەن ئىككى ئىنساندىن،
شۇم تەبىئەت دوستۇڭ بىلەن خۇشخۇي دۇشمەندىن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇلتان ئالپ ئارسلان پۈتۈن بىر ئاي ئەردەم ئىسمىلىك ھېلىقى خادىمغا سۆز قىلمىدى، پەقەت قادىلىپ ـ قادىلىپ قاراپ قويدى. ئاخىرى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ سالا قىلىشى بىلەن ئاندىن ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ خۇش مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

ھەر قاچان، ھەر زاماندا بولسۇن ۋەزىپە ـ خىزمەتنى تېگىپەس، نام ـ شەرىپىنىڭ تايىنى يوق، قابىلىيەتسىز كىشىلەرگە بېرىپ بىلىمدان بەگ ـ تۆرە ئەۋلادلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇش، بەش خىزمەتنى بىر ئادەمگە بېرىپ قويۇش، قالغان بىرى بولسا، خىزمەتسىز يۈرۈش قاتارلىقلار ۋەزىر بولغۇچىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ۋە بىلىمسىزلىكىنىڭ بېشارىتى. ۋەزىر ناقا-

بىل ۋە ئىلىمسىز بولسا، مەملىكەتنىڭ زاۋاللىقا يۈزلىنىدىغانلى-
قى، ئەل مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى، شۇ كىشىنىڭ ئەڭ نائەھلى ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ۋەزىرلەر ئون خىزمەتنى بىر ئادەمگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ قالغان توققۇز ئادەمنى بىكار يۈرۈشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتسىز قالغانلار بىر يەرگە توپلىنىدۇ. مانا بۇ داۋالغۇلى بولىدىغان، داۋالغىلىمۇ بولمايدىغان ئاپەت يىلتىزىدۇر.

هازىر شۇنداق بىر زاتنى مۇبارەك ياشىماقتا،③ ئۇ زات كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش باھانىسىدە مەملىكەتنى خاراب قىلماقنى قەستلىمەكتە. ئۇ مەلىكۇل جاھانغا «جاھان تىنجىتىلىپ تىكلىنىپ قارىيالغۇدەك بىرەرى ياكى ياۋ بولغۇدەك بىرەرى قالمىدى، مائاش - تەمىنات رويخىتىدە 40 تۈمەن كىشى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەتتە تۈمەن كىشى بولسىلا پۈتۈن ئىشلارنى ئارتقۇزۇپ كەتكىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق قىسقى-ۋالغاندا بىر يىلدىلا نەچچە يۈز تۈمەن دىنار تېجىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىلدىلا خەزىنىگە دىنارلار پاتماي قالىدۇ» دەپ ۋەز ئېيتماقتا. مەلىكۇل جاھان بۇ خۇسۇستا پىقىر بىلەن سۆھ-بەتتە بولغاندا بۇ سۆزنىڭ كىمنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى بىلدىم. شۈبھىسىزكى، بۇ مەملىكەتنى خاراب قىلىشنى كۆزلەۋاتقان بى-راۋنىڭ دېگىنى ئىدى. مەن جاۋابەن: «ئەمىرىڭ قۇللۇق تەقسىر، 40 تۈمەن كىشىگە مائاش - تەمىنات بەرگىنىڭدە بۇنىڭدىن ئىل-گىڭدە خوراساننىڭ بارلىقىنى، ئىراقتىكى قەشقەر، بالاساغۇن ۋە خارازىمدىكى ماۋەرائۇننەھرنىڭ بارلىقىنى، نىمرۇز، ئىراق ۋە ئىراقۇيىنىڭ بارلىقىنى، پارس، مازاندران ۋە تەبەرىستاننىڭ بار-لىقىنى، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە ۋە ئەررەننىڭ بارلىقىنى، شام-دىن ئانتاكىيە ۋە قۇددۇس شىرىپقىچە بولغان جايلارنىڭ بارلىقى-نى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. مەن سېنىڭ 40 تۈمەن ئەمەس، 70 تۈمەن خىزمەتچىڭ بولسىكەن، دەيمەن. چۈنكى سېنىڭ ئادى-

مىلىك تېخىمۇ كۆپ بولسا غەزنە، سىند ۋە ھىندىستان دىيارى سېرىنىڭ بولىدۇ. پۈتكۈل تۈركىستان، چىن سېرىنىڭ بولىدۇ. يەمەن، ھەبەش، بەربەر (قىزىل دېڭىز) ۋە نۇبىيە سېرىنىڭ بولىدۇ. مەغرىپتە ۋە ئاندالۇستا سېرىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ قايرۇۋانغىچە يېتىدۇ. پۈتكۈل رۇم ئېلى سېرىنىڭ تەسەررۇپىڭغا ئۆتىدۇ. شۇڭا بىر پادىشاھنىڭ قوشۇنى قانچە كۆپ بولسا ئۇنىڭ دۆلىتى شۇنچە زىيادە بولىدۇ، قوشۇنى قانچە ئاز بولسا زېمىنى شۇنچە كىچىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇ قوشۇننى ئازايتسا يېرىمۇ تەڭ ئازىيىدۇ، قوشۇننى كۆپەيتسە يېرىمۇ كۆپىيىدۇ. دانا سۇلايمان 40 تۈمەن ئەمەس، يەتتە تۈمەن كىشىنى ئېلىپ قېلىشنى ئىستىگەن بولسا 33 تۈمەن كىشىنىڭ نام ـ شەرىپى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدۇ، دېگەن گەپ. دەرۋەقە 33 تۈمەن يەتتە تۈمەندىن جىقلا ئارتۇق. يەنە كېلىپ، بۇ 33 تۈمەن كىشى قىلىچ تۇتقان شىرمەتلەر، ئۇلارنىڭ مەملىكەتتىن نېسۋە ئېلىش ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە ئۇلار جەزمەن باشقا جايدىن پاسىبان ئىزلەيدۇ ياكى ئارىسىدىن بىرەيلەننى باش قىلىپ كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاتاقنىڭ چوڭى چىقىشى، نۇرغۇن بايلىق توزۇپ كېتىشى، ئىشلار يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. مەملىكەتنى ئەركەكلەر ئۆرە قىلىپ تۇرىدۇ، ئەركەكلەرنى بولسا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۆرە قىلىدۇ. بىراق پادىشاھقا «ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتىپ ئادەملىرىڭنى تاشلاپ كەت» دېسە بۇ ئادەم شۈبھىسىزكى پادىشاھنىڭ دۈشمىنى، مەملىكەتنى ۋەيران قىلىشنى كۆزلىگەن قارا نىيەتتۇر» دېدىم.

خىزمەتتىن قالدۇرۇش ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ كەملىك قىلىشىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. كىشىلەر مەملىكەت ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە مۇشەققەتلىك خىزمەتلەرنى قىلىپ نام ـ شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن تېگىشلىك مۇكاپات ـ ئىھساننىڭ ئورنىغا تەلەپلەرى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، ھالاكەتكە مەجبۇرلانسا، ئەسلى ـ ۋەسلى تارتىۋېلىنسا توغرا بولمايدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىمۇ

كۆتۈرمەيدۇ. ئۆتمۈشتە ئۇلار خىزمەت ـ ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇپ قابىلىيىتىگە يارىشا تاپاۋەت مەنبەسىگە ئىگە قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۆلەت خەزىنىسىدىن ئاش يەيدىغان ئادەملەر بولۇپ قالغانىدى. تېۋىپ، ئۆلىما، بەگ ـ تۆرىلەر ۋە باھادىرلاردىن تەشكىل تاپقان شۇنداقمۇ بىر گۇرۇھ باركى، ئۇلارنىڭ كىرىمىمۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئېتىبارغا ۋە كاپالەتكە موھتاج كىشىلەردۇر. ئەمما ئۇلارغا ھېچقانداق خىزمەت بېرىلمىسە ئۇلار نە ئېتىبارغا، نە كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. ناۋادا بۇ كىشىلەر تىرىكچىلىكتىن مەھرۇم ھالەتتە قېلىپ مەملىكەت خەزىنىسىدىن دارامەت ئالالمىسا شۇنداق زامان بولىدۇكى پادىشاھنىڭ ۋەكىللىرى (بىلىمسىز ۋە تاش يۈرەك كىشىلەر) بۇ بىچارىلەرنىڭ ھالىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلمايدۇ، ئۇلارغا خىزمەت بېرىلمەيدۇ، تەمىنات ۋە ئاشلىق تارقىتىلمايدۇ. ئۇ چاغدا بۇ گۇرۇھ كىشىلەر مەملىكەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ نارازىلىقتا ئۆتىدۇ. باجگىرلار، مىرزىلار ۋە شاھ غۇلاملىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى بىلگەندە شاھقا مەلۇم قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى خەلقى ئالەمگە يايىدۇ، پىتنە ئېغۋا تارقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىم بىراۋ تەمىن ئەتكەن لازىمەتلىككە، قوشۇنغا ۋە پۇل ـ پۈچەككە مۇيەسسەر بولسا، شۇنى خوجا قىلىپ پادىشاھقا قارشى ئىسيان قوزغايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت پاراكەندىچىلىككە پاتىدۇ، خۇددى فەخرۇددەۋلە زامانىسىدىكىدەك.

## فەخرۇددەۋلە ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، رەي شەھىرىدىكى فەخرۇد دەۋلەنىڭ زامانىسىدا ساھىب ئىسمائىل ئىبنى ئاباد ئۇنىڭغا ۋەزىر ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇزۇرجۇمھۇر ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ تىبرىك تېغىغا ئۆزىگە بىر مەقبەرە ياساتقان بولۇپ، بۇ مەقبەرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھازىرغىچە بار. ھازىر «پەشتاقۇل فەلەكىيات» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، فەخرۇددەۋلە گۇمبىزىنىڭ يۇقىرىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇزۇرجۇمھۇر نۇرغۇن كۈچ ۋە پۇل ـ مال سەرپ قىلىش بەدىلىگە تاغ ئۈستىدىكى ئىككى ئورالىق مۇشۇ مەقبەرىنى بىنا قىلىپ چىققانىدى. شۇ چاغدا رەي شەھىرىدىكى پاششاپ بەھىر ھەسەن مۇنار قۇرۇلۇشى تامام بولغاندا باھانە تېپىپ چىقىپ كۆردى ۋە يىغلىپ ئىبادەت قىلىشنى ئادەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبرە ھۆرمەتتىن قېلىپ تەدرىجىي پەشتاقۇل فەلەكىيات دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

فەخرۇددەۋلە زامانىسىنىڭ ئاخىرلىرى پادىشاھلىقىنىڭ ئەخبارچىلىرى ھەر كۈنى سەھەردە 30 ~ 40 ئادەمنىڭ ئاشۇ پەشتاققا چىقىۋېلىپ كۆن ئولتۇرغۇچە يانمايدىغانلىقىنى، بىراق ئۇلاردىن نېمە ۋەجىدىن ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىسا ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈنلىكىنى ئېيتىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن فەخرۇددەۋلە ئاشۇ كىشىلەرنى لاقا ـ لۇقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلدى. بىر توپ ئوردا خادىملىرى ھېلىقى تاغقا يامىشىپ چىقىپ مۇنارغا چىقىشىنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي يۇقىرىغا قاراپ توۋلىدى. مۇناردىكىلەر پەسكە قاراپ فەخرۇددەۋلەنىڭ غوجىدارىنى ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن خادىملارنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شوتىنى پەسكە قويۇپ ئۇلارنى ئۈستىگە چىقاردى. ئۇلار چىقىپ شەترەنج (شاھمات) تاختىسىنىڭ ئېچىپ قويۇلغانلىقىنى، قەلەم ـ قەغەز ۋە سىياھلارنىڭ تەقلەپ قويۇلغانلىقىنى، داستىخانغا قويۇلغان نان، ئىككى ھېجىر سۈنى ۋە چوڭ سۇ ئىدىشىنى، چېلىشىش سورۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان پالاسنى كۆردى. غوجىدار: «تۆرۈڭلار، فەخرۇددەۋلە سىلەرنى قوبۇل قىلماقچى» دېدى ۋە ئۇلارنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا ساھىب ئىسمائىل ئىبنى ئابادمۇ شۇ يەردە بار ئىدى. فەخرۇددەۋلە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، نېمە ۋەجى-

دىن ھەر كۈنى مۇنارغا بارىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار بىر دەك سەيلە قىلىش ئۈچۈن، دېدى. پادىشاھ: «سەيلە قىلىش دېگەن بىر ـ ئىككى كۈندە ئادەمنى ھارغۇزۇپ قويىدۇ، سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىۋاتقىنىڭلارغا ئۇزاق بوپتۇ. چىن سۆزۈڭلارنى ئېيـ ـتىڭلار» دېدى. ئۇلار: «بۇ ئىشتا ھېچقانداق مەخپىيلىك يوقـ ـتۇر. بىز ئوغرى ـ قاراقچى ياكى خۇنخور قاتىل ئەمەس، ھېچـ ـكىممۇ بىز توغرۇلۇق پادىشاھقا شىكايەت قىلىپ بارغىنى يوق. ئەگەر شاھ ئالىيلىرى بىزنىڭ جېنىمىزغا ۋە مېلىمىزغا كېپىلـ ـلىك قىلسا چىن سۆزنى ئېيتىمىز» دېيىشتى. فەخرۇددەۋلە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچە كىشىلەرنى تونۇيدىغان بولغاچقا ئۇـ ـلارنىڭ جېنىغا ۋە پۇل ـ مېلىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقى توغرىـ ـسىدا قەسەم قىلدى.

ئۇلار قەسەمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېيتتى: «بىز شاھنىڭ سەلتەنىتىدە خىزمىتىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان مىرزىلار ۋە مەـ ـمۇرلار بولىمىز. ئوردا بىزنىڭ تەمىناتىمىزنى توختىتىۋەتتى، ھېچكىممۇ بىزگە نە خىزمەت، نە دىققەت ـ ئىلتىپات قىلمىدى. ئاڭلىساق خوراساندا بىر پادىشاھ بارلىقىقا كەپتۇ، ئىسمىنى مەھـ ـمۇد دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ ئىستىداتلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئىلىم ئىگىلىرىنى توپلاپ جايىدا خىزمەتكە قويىدىكەن. بۇ مەملىكەتتە ئۈمىد قالمىغاچقا دىققىتىمىزنى ئاشۇ مەھمۇدقا تىكمەكتىمىز، شۇڭا ھەر كۈنى ئاشۇ مۇنارغا بېرىپ ئۆز بەختسىزلىكىمىز توغرىـ ـسىدا سۆزلىشىپ ئۆزئارا تەسەللى بېرىشىمىز. يىراقتىن بىراۋـ ـنىڭ قارىسى كۆرۈنسىلا مەھمۇدتىن خەۋەر كەلدىمىكىن، دەپ ئۈمىدلىنىپ قالىمىز. خوراساندىكى بۇرادەرلىرىمىزگە توختاۋـ ـسىز مەكتۇپ يوللاپ ئەھۋالىمىزنى بايان قىلدۇق، خوراسانغا ماڭغان ھەمراھلىرىمىزدىن سالاملار يوللىدۇق. چۈنكى، بىز ئۆيىنىڭ ئەرلىرى، ئەمدىلىكتە نامراتلىشىپ موھتاجلىقتا قالـ ـدۇق. ئىلاجىنىڭ يوقىدىن توغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىمىزنى تەرك

ئېتىپ ياقا يۇرتلارغا خىزمەتكە بېرىشىنىڭ كويىغا چۈشتۇق. ئەمدى بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ساڭا ئاسماندىكى قۇياشتەك ئايدىڭ بولدى، بۇ خوجىمىزنىڭ پەرمانى».

فەخرۇددەۋلە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن ۋەزىر ساھىب ئىسمائىل ئىبنى ئابادقا بۇرۇلۇپ: «ئېيتقىنا، ئەمدى قانداق قىلايلى؟» دەپ سورىدى. ساھىب: «ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىگە ۋەدە بەردىلە. ئۇنى دېمىسەكمۇ ئۇلار ساپلا پىشقان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر مىرزىلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ياخشى بىلىمەن. بۇ مىرزىلارغا خىزمەت بېرەيلى ۋە ئۇلارنى رازى قىلايلى. شۇندا ئىمانىم كامىلكى ئۇلار خۇش خەۋەرلەر ئارقىلىق ئالىيلىرىنى مەمنۇن قىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غوجىدارغا بۇ كىشىلەرنى ساھىبنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. غوجىدار بۇ ئىشلارنى بىجىرىپ بولۇپ فەخرۇددەۋلەنىڭ ئوردىسىغا قايتتى. ئۇلار بولسا، غەم - غۇسسىگە چۆكۈپ ساھىب ۋەزىر قانداق جازا بېرەركىن، دەپ ئىزتىراپ بولۇشتى. ساھىب ۋەزىر ئوردىدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. بىر پەستىن كېيىن بىر چاكار كىرىپ ئۇلارنى تولىمۇ چىرايلىق بېزەلگەن، يەرلەرگە قىممەت باھالىق گىلەملەر سېلىنغان ياسىداق بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە «بەھۇزۇر مەرھەمەت قىلىنشقايلا» دەپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا شەربەت ئېلىپ كىردى. شەربەت ئىچىپ تۇرسا پەتنۇس - لىگەنلەردە غىزا - تائاملارنى ئەكىرگىلى تۇردى. غىزالىنىپ بولۇپ قول يۇغاندىن كېيىن پەتنۇسلاردا شاراب ئېلىپ كىرىشتى. ئۇلار شاراب ئىچىۋاتقاندا غەزەلخانلار ئۆز ھۈنەرلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارغا مۇلازىملىق قىلىۋاتقان ئۈچ چاكاردىن باشقا ھېچكىم ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلمىدى. سىرتتىكىلەرمۇ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلىنىشقا ئامالسىز قالدى. پۈتۈن شەھەردىكى پۇقرالار ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىپ قوللىرى ئىشقا بارمىدى. ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى

ۋە باللىرى يىغا - زارىگە چۈشتى.

شاراب قۇيۇلغان قەدەھ ئۈچ - تۆت قېتىم ئايلانغاندا ساھىب ۋەزىرنىڭ بىر غوجىدارى كىرىپ: «ساھىب غوجام شۇنى سەمىڭلەرگە سالىدۇكى، ئۇ زات ئۆز قەسىرىنىڭ زىندانىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بۈگۈن ۋە بۈگۈن كەچ سىلەر ئۇنىڭغا مېھمانسىلەر. ئۇنىڭ سىلەرگە يامانلىق قىلىش نىيىتى بولغان بولسا سىلەرنى بۇ جايغا باشلاپ كەلمەيتتى» دېدى. ساھىب ۋەزىر ئوردا دىۋانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارغا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال بىر تىككۈچىنى چاقىرىپ كېلىپ 20 كىشىلىك كىمخاپ تون تىكتۈردى. ئاندىن توقۇغلۇق 20 ئات ئەپكەلدى. ئەتىسى كۈن چىققان مەزگىلدە پۈتۈن تەييارلىق پۈتتى. ساھىب: «ئەمدى تاپا - تەنە قىلىپ يۈرمەڭلار، سۇلتان مەھمۇدقا مەكتۇپ يوللاپمۇ يۈرمەڭلار. ئۇشبۇ مەملىكەتنىڭ زاۋاللىقىغىمۇ شېرىك بولماڭلار» دېدى.

ئەتىسى فەخرۇددەۋلە ساھىب ۋەزىرنى قوبۇل قىلغاندا ئۇلارنى قانداق بىر ياقلىق قىلغانلىقىنى سورۇشتۇردى. ساھىب: «ئى پاسىبانىم، مەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ياخشى توقۇلغان ئات، تون - سەرپاي ۋە پۇل - پۈچەك بەردىم. ئاندىن ئوردىدىكى ئىككى خىزمەتنى زىممىسىگە ئېلىۋالغانلارنىڭ بىر خىزمىتىنى خالاس قىلىپ ئاشۇلارغا بىردىن بەردىم. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردا مەمۇرلىرىدىن بولۇپ قالدى» دېدى. فەخرۇددەۋلە تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ: «ناۋادا مۇشۇنداق قىلمىغان بولساڭ خاتالاشاركەنمىز. مۇشۇ ئىشنى ئون يىلنىڭ ئالدىدا قىلغان بولساق ئۇلار ھەرگىزمۇ دۈشمىنىمىزدىن شەپقەت تىلىمىگەن بولاتتى. بۈگۈندىن ئېتىبارەن بىر ئادەم ئىككى خىزمەتنى ئۆتىمىسۇن. بىر ئادەم بىرلا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن. شۇندا ئاقساقاللار ئىشقا قويۇلۇپ ھەرقايسى خىزمەتلەرنىڭ سىر ھەيۋىسىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئىككى - ئۈچ خىزمەتنى بىر

ئادەم ئارتقۇزسا باشقا بالا بولىدىغان گەپكەن. ياتلار ۋە ئەل ـ يۇرت مەملىكىتىمىز تەۋەسىدە قابىللار يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويـ-لاپ قالغۇدەك. يەنە بىزنى نادانلار، دېيىشىمۇ مۇمكىن. دانالارـ-نىڭ «ھەممىلا كەسىپكە ئادەم بار» دېگىنىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ مەملىكەت سەلتەنىتىمىزدە ئالىي، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلەر بار. ھەر بىر خادىم ئۆز قابىلىيىتى، ئىلمى ۋە چىچەنلىكىگە ئاساسەن بىر خىزمەتنى ئىشلىنىشۇن. ناۋادا بىر خىزمەتنى ئىشلە-ۋاتقان بىر زات ئىككىنچى بىر تۈرلۈك خىزمەتنى تەلەپ قىلسا ئېتىبار قىلىنمىسۇن. شۇنداق بولغاندا ناچار ئادەتلەر جايىدىلا قېلىپ ئەل روناق تاپىدۇ» دېدى.

پادىشاھ باجگىر ۋە سۇباشىلىرىغا تايىنىپ تەرتىپنى قوغدىشى زۆرۈر. بارچە باجگىرلار ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ بېشى ۋەزىر-دۇر. ۋەزىر ئايىنىپ ئاسىيلىق، پاسىقلىق ۋە نائىنساپلىق قىلسا باجگىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ، بەلكى ۋەزىردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. باجگىر ئۆز خىزمىتىگە كامىل بولسا، مىرىلىقمۇ، ھېساباتمۇ، سودىمۇ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەنە شۇنداق كىشى دۇنيا-دا تەڭداشسىز كېلىدۇ. ئەكسىچە باجگىر مۇرتەد ياكى مۇشرىك بولسا، مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىپ باج باھانىسىدە ئۇلارنى قىيناپ قويىدۇ. ناۋادا مۇسۇلمانلار ئاشۇنداق يەھۇدىي، ناسارا ۋە ئوتپەرەسلەرنىڭ جەبىر ـ زۇلۇمىغا ئۇچراپ شىكايەت قىلسا، ئۇنداق باجگىرنى دەررۇ خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ زىندانغا تاشلاش كېرەك. بەندىلەر ھەرگىزمۇ ئۇلارغا مادارا قىلمىسۇن. ھېچكىم-مۇ «ئۇ دېگەن جاھاندا تەڭداشسىز مىرزا ياكى ھېساباتچى ياكى باجگىر ئىدى، ئۇ خىزمەتتىن قالدۇرۇلسا پۈتكۈل خىزمەت ئاق-ساپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغۇدەك ئادەم يوق» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمىسۇن. بۇنداق سەپسەتىلەرگە قۇلاق ئۇيۇپتىش نادانلىق، جەزمەن ئۇنداق كىشىنىڭ ئورنىغا يارامىلىق باشقا بى-راۋنى قويۇش لازىم، خۇددى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى

خەتتابنىڭ قىلغىنىدەك.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە يەھۇدىي باجگىر ھەققىدە بايان

ئۇشبۇ ھېكايەت سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس (ئۇكۇفەنىڭ ۋالىيسى ئىدى) زامانىسىدا بارلىققا كەلدى. شۇ چاغدا باغداد، ۋەست، ئەنبەر، بەسرە ۋە يىراق فورگان ئۆلكىلىرىدە بىر يەھۇدىي باجگىر ھۆكۈم سۈرگەنىدى. بۇ ئۆلكىلەردىكى ئاۋام خەلق ئەمىر ۇل مۇئمىنىن ئۆمەرگە ئاشۇ يەھۇدىي باجگىرنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ: «ئۇشبۇ باجگىر باج باھانىسىدە ئۆكتەملىك قىلماقتا، بىزنى ئانىي تېپىپ مەسخىرە قىلماقتا، ئەمدى تاقىتىمىز تاق بولدى. تەلەپىمىز شۇكى، بىز بىلەن دىنداش بولغان بىر مۇسۇلمان باجگىرلىككە تەيىن قىلىنسۇن. ئۇنىڭ جەبىر - زۇلۇمى ھەرقانچە بولسىمۇ قىنىدىن چىقىشقا جۇرئەت قىلالماس. چىققان ھالەتتىمۇ بىر يەھۇدىينىڭ زۇلۇمىنى تارتقىنىمىزدىن ئۆز دىندىشىمىزنىڭ مەسخىرىسىنى ئەلا بىلىمىز» دېيىشتى. خەلىفە ئۆمەر بۇ شىكايەتنامىنى كۆرۈپ: «يەھۇدىيلار ئۇچۇن دۇنيادا تىرىك يۈرۈشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى سۆيۈشىنى كۈتكىلى بولارمىدى؟» دەپ سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسقا ئاشۇ يەھۇدىي باجگىرنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى باشقا بىر مۇسۇلمانغا تۇتقۇزۇش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى.

مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس بىر چاپارمەننى ھېلىقى يەھۇدىي باجگىرنى كۇفەگە ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. شۇنداقلا ئىران تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان باجگىرلارنى يىغىپ كېلىشكە بىر قانچە چاپارمەن ماڭدۇردى. ھېلىقى يەھۇدىي ۋە باشقا باجگىرلار يارلىققا بىنائەن توپلىنىپ چەپراس

بولۇپ تۇرۇشتى. سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس تەپتىش قىلىپ كۆرۈۋىدى ئەرەبلەر ئىچىدىن ئاشۇ باجگىرلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىلىمى بار بىرەرى تېپىلمىدى، مۇسۇلمان پارسلار ئارىسىدىنمۇ ئاشۇ يەھۇدىي بىلەن ئىستىداتتا تەڭلىشەلىگۈدەك ياكى باج، يۇرت ئىشلىرى، قەرز ئىشلىرى قاتارلىق ئىلىملەرنى ئاشۇ يەھۇدىيچىلىك ئارتۇقزغۇدەك بىرەرى چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد نىمە قىلىشنى بىلەلمەي يەھۇدىينى يەنىلا ئەسلى ئورنىدا قالدۇرۇشنى لايىق تاپتى ۋە ئۆمەرگە: «ئەمىرىڭگە بىنائەن يەھۇدىينى ئېلىپ كېلىپ بارلىق پارسى ۋە ئەرەب باجگىرلىرى بىلەن جەم قىلدىم. ھالبۇكى، تەققاسلاپ كۆرسەم ئەرەبلەر ئارد-سىدىن پارسلارغا ئائىت ئەل ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغۇدەك بىرەرى تېپىلمىدى. بارچە پارس باجگىرلىرى ئارىسىدىن باج ئىلمىنى ئاشۇ يەھۇدىيچىلىك بىلىدىغان بىرەرى چىقمىدى. شۇ ۋەجىدىن سودا ئىشلىرى ۋە باج كىرىمىنىڭ ئاقساپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەسلى خىزمىتىدە قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. يارلىقىڭنى كۈتىمەن» دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات يوللىدى.

مەكتۇپ ئۆمەرنىڭ قولىغا تەگكەندە ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ: «مۇنداقمۇ قاملاشمىغان گەپ بولامدۇ؟ بىراۋ قاراپ تۇرۇپ سەل-تەنەتىمگە خىرىس قىلىپ پەرمانىمغا قارشى چىقىپتۇغۇ؟» دېدى. ئۇ دەررۇ قەلەمنى ئېلىپ مەكتۇپنىڭ بېشىغا «ئۇ يەھۇدىي ئۆل-دى» دەپ يازدى. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى «ھەر كىم ئۆلىدۇ، ئۆلۈم خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇشقا سەۋەب بولىدۇ. باجگىر ئۆلۈپ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغانىكەن ئۇنىڭ خىزمىتى تەڭ توختاپ قالسا بولمايدۇ، ئىزىغا باشقا بىراۋنى سەپلەش كېرەك. نىمە ۋەجىدىن شۇنچە ئاجىز ۋە يارىماس بولۇپ قالدىڭ؟ سەن بۇ يەھۇدىينى ئۆلدى دەپ بىلگىن» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆمەرنىڭ مەكتۇپ ئۈستىگە يازغان ئىلاۋىسىگە قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. ھېلىقى

يەھۇدىينى دەرھال خىزمەتتىن قالدۇرۇپ ئورنىغا بىر مۇسۇلمانـ
نى قويدى. بىر يىلدىن كېيىن تەپتىش قىلىپ كۆرسە ھېلىقى
مۇسۇلمان باجگىرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى يەھۇدىي باجگىردىنمۇ
ياخشىراق ئادا قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. سەئىد كېيىن ئەرەب
تۆرىلىرىگە: «ئۆمەر نېمە دېگەن ئۇلۇغ زات! بىز ئۇنىڭغا ئۇزۇنـ
دىن - ئۇزۇن مەكتۇپ بېرىپ يەھۇدىي ۋە ئۆلكىمىزنىڭ باج
ئەھۋالىنى بايان ئەيلىسەك ئۇ ئىككىلا سۆز بىلەن جاۋاب قىلدى.
ئىشنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك ئەمەس، ئۆمەرنىڭ
دېگىنىدەك بولدى. ئۇ بىزنىڭ باش قېتىمچىلىقىمىزنى تۇگەتتى»
دېدى.

ئىككى ئادەم ئىككى ئېغىز سۆز قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى
ئېغىز سۆز ئوخشاشلا شەرەپ قۇچتى. شۇنداقلا ئەرەب ۋە باشقا
مۇسۇلمان خەلقلەر ئارىسىدا قىيامەتلىك ھېكمەتكە ئايلاندى. ئۇـ
نىڭ بىرى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئۆمەرنىڭ «بۇ يەھۇدىي ئۆلدى»
دېگەن سۆزىدۇر. ھەر قاچان بىر باجگىرنى خىزمەتتىن قالدۇـ
رۇش، مىرزىلىقنى كامىل چۈشىنىدىغان مىرزىنى خىزمەتتىن
قالدۇرۇش، بىر قابىل خادىمنى خىزمەتتىن قالدۇرۇش زۆرۈر
بولغاندا، يەنە كېلىپ، بۇ خىزمەتلەرنى ئارتقۇزۇۋاتقانلار نائىنـ
ساپ دىنسىزلار بولغاندا، بەزىلەر ئۇلارنى قولىدىن چىقارغۇسى
كەلمەي: «ئۇ بولمىسا بولمايدۇ، ئۇ پاساھەتلىك قەلەم ئىگىسى
ئىدى، دانا خادىم ئىدى، بۇ خىزمەتنى ھېچبىر زات ئۇنىڭدەك
ئىشلىيەلمەس ئىدى» دېگەندە، ھۆكۈمدارلار دەرھاللا: «بۇ يەھۇـ
دىي ئۆلدى» دەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بارچە دەتالاش مۇشۇ
ئىبارە سەۋەبىدىن توختايدىغان بولدى. يەنە بىرى پەيغەمبىرىمىز
(ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىكنى ئاتا قىلسۇن) پانىي ئالەمدىن
باقىي ئالەمگە يول ئالغاندا ھېچكىممۇ رەسۇلۇللاھنىڭ جان ئۈزـ
گەنلىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ئەبۇ بەكرى سىدىق ئۇنىڭ
ئورنىغا خەلىفە بولغاندىن كېيىن مېھرابقا چىقىپ: «مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام قازا قىلدى» دېدى. ئارقىدىنلا: «ئى مۇسۇلمان-
لار! ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنساڭلار مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام قازا قىلدى، ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
پەرۋەردىگارىغا چوقۇنساڭلار ئۇ زات ھېلىمۇ ھايات، ئەبەدىي ھا-
يات، شۇنداقلا ئەبەدىي ھايات» دېدى. بۇنى مۇسۇلمانلار تولىمۇ
ئالقىشلىدى ۋە تېزلا ئەرەبلەر ئارىسىدا ھېكمەتلىك ئىبارىگە ئاي-
لاندى. ھەر قاچان ئەرەبلەرگە زور مۇسىبەت يەتكەندە ياكى يېقىن-
لىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئىستىگەندە كىشىلەر: «مۇ-
ھەممەد ئەلەيھىسسالام قازا قىلدى» دەيدىغان بولدى. چۈنكى،
ئىنسانلاردىن بىرەرى قازا قىلمايدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ
زات ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

باجگىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتى ۋەزىرگە باغلىنىشلىق
بولىدۇ. ياخشى ۋەزىر شۇنداق بولىدۇكى ئۇ ھەر قاچان پادىشاھ-
نىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرا-
نى بولۇشىغا كۆچ چىقىرىدۇ، ياخشى نامىغا قىيامەتكىچە دۇئا
قىلىنىدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەممىسىلا بىردىن ياخشى ۋەزىرنى
ھەمراھ قىلىشقانىدى. پەيغەمبەرلىرىمىز مانا مۇشۇنىڭ مىسالى-
دۇر: سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئاسىف ئىبنى بەرخىيا، مۇسا
ئەلەيھىسسالامغا ئىنىسى ھارۇن، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا شەمئۇن،
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇ بەكرى سىددىق ھەمدەم بولغان-
دى. ئۇلۇغ پادىشاھلاردىن كەيخۇسراۋغا گەۋدەرىز، مەنۇچىرغا
سام، ئەفراسىيابقا پىرانى ۋىسا، گۇشتەسىپكە جاماشىپ، رۇس-
تەمگە زاۋارا، بەھرام گۆرگە قۇرارۇز، نۇشىرۋانغا بۇزۇرجۇم-
ھۇر، ئابباسىيلارغا بەرمەكىيلەر ئۇرۇقىنىڭ ۋەزىرلىرى، ساما-
نىيلارغا بولامى ۋەزىر بولغانىدى. سۇلتان مەھمۇدقا ئەھمەد ئىب-
نى ھەسەن، فەخرۇددەۋلەگە ساھىب ئىسمائىل ئىبنى ئاباد،
سۇلتان توغرۇرىلغا ئەبۇ ناسىر كۇندۇرى ۋەزىر بولدى. شۇ
ۋەجىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە پادىشاھلارنىڭ تارىخى جاھان

مىقياسىدا شەۋكەتلىك نامىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنداق مى-
ساللار بەكمۇ كۆپ.

ۋەزىر بولغۇچى جەزمەن ئىمانى كامىل، پاك ئېتىقادلىق، تەقۋادار كىشى بولۇشى لازىم. ھەنەفىي ياكى شافىي بولۇشىنىڭ كارى چاغلىق. ئۇ جەزمەن قابىل، يازما - مۇنشى ئىشلىرىغا كامىل، پادىشاھقا سادىق بولۇشى لازىم. ناۋادا ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولسا تېخىمۇ ياخشى. بۇنداق كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ دۇئالار قىلىنىشى زۆرۈر. چۈنكى ئەردەشىر پاپاقان زامانىسىدىن يەزدىگىر زامانىسىغىچە ۋەزىرلىككە ۋەزىرنىڭ پەرزەنتى قويۇلۇپ كەلگەن. خۇددى شاھلىق تەختكە شاھنىڭ شاھزادىسى ۋارىسلىق قىلغاندەك. بۇ يوسۇن ئىسلام كەلگۈچە داۋام ئەتكەن بولۇپ، شاھلىق تەخت ئىران پادىشاھ ئۇرۇقىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە ۋەزىرلىك ئورنىمۇ ۋەزىر ئۇرۇقىدىكىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

## سۇلايمان ئىبنى ئابدۇل مەلىك[1] ۋە بەرمەكى ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلايمان سۆز قىلىۋاتقاندا مەملىكەتنىڭ كاتتا بەگ - تۆرىلىرى ۋە يېقىن - يورۇقلار سو-رۇندا ھازىر ئىدى. شۇ چاغدا خەلىفە مۇنداق مەزمۇندا سۆز قىلىۋاتقانىدى: «زېمىن پادىشاھلىقىم سۇلايمان ئىبنى داۋۇدنىڭ-كىچە چوڭ بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭكىدىن كىچىك ئەمەس. ئۇ شامال، دىۋە - جىنلار، روھ - ئەرۋاھلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مەن بولسام ئۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن؛ مال - دۇنيا، لەشكىرىي لاۋازىم، ئىگىلىگەن زېمىن، پادىشاھلىق نوپۇز دېگەنلەردە بولسا ئۇشبۇ زاماندا ياكى ئۆتمۈش زامانىدا

---

① ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ 78 - خەلىفىسى. مىلادىيە 715ـ717 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان

تەڭدىشىم بولغان ئەمەس. ئالىقىنىمدىكى مۇشۇ مەملىكەتتە ماڭا زۆرۈر، ئەمما قولۇمدا يوق بولۇۋاتقىنى نېمە؟» بەگلەردىن بىرى: «مەملىكەت ئەڭ موھتاج بولىدىغان ۋە پادىشاھلار ئۈچۈن ھەمىشە ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە ئالىيلىرىدا يوق» دېدى. خەلىفە سۇلايمان: «قانداق نەرسە ئۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «ئالىيلىرىغا مۇناسىپ كەلگۈدەك ۋەزىر» دېدى. خەلىفە: «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «ئالىيلىرى خان ئوردىسىدا تۆرەلگەن بىر پادىشاھ بولغاندىكىن ۋەزىر قەسرىدە تۆرەلگەن بىر ۋەزىرلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەنە سائادەتمەن، قابىل ۋە پېشانىسى ئوڭ بولۇش زۆرۈر» دېدى. سۇلايمان: «سەن سۈپەتلىگەن بۇنداق زاتنى جاھاندىن تاپقىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «تاپقىلى بولىدۇ» دېدى. خەلىفە: «قەيەردىن؟» دەپ سورىۋىدى «ئۇ زات بەلختە» دېدى. خەلىفە: «ئۇ كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى بەگ: «بەرمەكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەرداشىر پاپاقان، زامانىسىدىلا ۋەزىر ئىدى، بەلختە يېقىن نەۋباھار زەردۇشت ئىبادەتخانىسى ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ زېمىنى. ئىسلام كەلگەندە بەخت ئىران پادىشاھلىرىدىن يۈز ئۆرىدى. بەرمەكىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بەلختە قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. ۋەزىرلىك ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن ئاتا مىراس داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ۋەزىرلىك رىسالىسىنى يوقاتماي ساقلاپ كەلمەكتە. ئۆسمۈر ۋارىسلار ئىنشا ۋە ئىملا ئۆگىنىشكە باشلىغاندا ئۇلارغا ئاشۇ رىسالىنى ئوقۇتىدۇ ۋە ئۇلارنى چېنىقتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئۆسمۈرلەر ھەر جەھەتتىن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مىجەز ـ خۇيىنى تارتىپ چىقىدۇ. بەرمەكي زامانىمىزدا ئالىيلىرىغا ھەممىدىنمۇ بەك مۇناسىپ ۋەزىردۇر. بۇنىڭدىن بىلىشلىكى، ئەڭ ياخشى نەرسە مۇشۇ شۇ». ئۇمەييە خاندانلىقىدا، مەرۋانلىقلار ئارىسىدا سۇلايماندىنمۇ ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ھۆكۈمدار يوق ئىدى.

خەلىفە سۇلايمان بۇ سۆھبەتتىن كېيىن بەرمەكىنى بەلىخ-
تىن ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆزىگە ۋەزىر قىلىشنى لايىق تاپتى. ئۇ
بەرمەكىنىڭ ھېلىھەممۇ بۇتپەرەسلىكتىن مېھرىنى ئۈزگەن - ئۈز-
مىگەنلىكىدىن دەرگۇمان بولۇپ سۈرۈشتۈرۈۋىدى ئۇنىڭ تەقۋادار
مۇسۇلمان ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن خەلىفە تولىمۇ
خۇرسەن بولدى. ئۇ بەلىخ ۋالىيسىغا مەكتۇپ ماڭدۇرۇپ بەر-
مەكىنى دەمەشىققە يولغا سېلىپ قويۇش، يول تەييارلىقىغا ئون
تۇمەن دىنار ئاجرىتىپ بىر ھەشەمەتلىك كارۋان تەشكىللەپ دەمە-
شىققە يەتكۈزۈشنى ئەمىر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بەرمەكي
ئاستانىگە ئۇزىتىلدى. يول بويىدىكى بارچە شەھەر ھاكىملىرى
ۋە باي - تۆرىلىرى ئىستىقبالغا ئالدىغا چىقىپ ئېھتىرام بىلەن
كۇتۇۋالدى، بەرمەكي دەمەشىققە يېتىپ كەلگەندە خەلىفىدىن باشقا
جىمى ئوردا مەمۇرلىرى ئىستىقبالغا چىقتى ۋە دەبدەبە بىلەن
شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ئەڭ كاتتا سارايلارنىڭ بىرىگە چۈشكۈن
قىلدۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى سۇلايماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كىرىشتى. ئۇ ئوردىغا كىرىش بىلەنلا سۇلايمان ئۇنىڭدىن كۆزىنى
ئۈزمىدى ۋە ئۇنىڭ تەققى - تۇرقى، سالاپىتىدىن مەمنۇن بولدى.
بەرمەكي تەخت ئالدىغا يېقىنلاشقاندا غوجىدار ئۇنى خەلىفىگە يې-
قىن ئەپكەلدى. ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسىتىلگەندىن كېيىن قال-
غانلار چىقىپ كېتىشتى. بەرمەكي ئەمدى ئولتۇرۇشىغا سۇلايمان
ئۇنىڭغا يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا ئىچ - باغرىنى كۆرۈۋالماقچى بولغان-
دەك بىر قارىدى ۋە غەزەپ بىلەن: «كۆزۈمدىن يوقال!» دەپ
توۋلىدى. غوجىدار - غۇلاملار ئالمان - تالمان ئۇنى تۇتقىنىچە
ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېچكىممۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.
ئەتىسى پېشىن نامىزىدىن كېيىن بەگ - تۆرىلەر ۋە خەلىفىنىڭ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى زىياپەتتە ھەمداستىخان بولۇپ قالدى. قە-
دەھ بىر نەچچە رەت ئايلانغاندىن كېيىن داستىخان ئۈستى جانلان-
دى.

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر سۇلايماننىڭ غەزىپىنىڭ يانغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئالىيلىرى شۇنچە ھەشەم بىلەن بەرمەكىينى بەلختىن ئالدۇرۇپ كەلدىلا، ئۇ ئوردىغا كىرگەندە بولسا غەزەپ قىلىپ تۇتقۇن قىلدىلا. بۇنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟ كەمىنە قۇللىرى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇق» دېيىشتى. سۇلايمان: «ناۋادا ئۇ ئېسىلزادىلەر پۈشتىدىن بولمىغان ۋە شۇنچە يىراق جايدىن كەلمىگەن بولسا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتۇم. قارىسام، ئۇ تۈنجى قوبۇلدىلا جانغا زامىن ئوغىنى سوۋغات قىلىپ ئالدىمغا ئەكەپتۇ» دېدى. تۆرىلەردىن بىرى: «بۇنى تەپتىش قىلىپ بېقىشىمىزغا ئىجازەتمىكىن. ئۇنىڭ زادى نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ» دېدى. سۇلايمان ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ داستىخاندىن تۇرۇپ بەرمەكىينىڭ يېنىغا باردى ۋە «خەلىپە سۇلايماننىڭ ئالدىغا ئوغا ئالغاچ بارغانمىدىڭىز؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «شۇنداق، تەقسىر، ئۇ ھېلىھەم يېنىمدا، ئۈزۈكۈمنىڭ كۆزى ئاستىدا. ئاتا- بوۋىلىرىمنىڭمۇ مۇشۇنداق ئۈزۈكلىرى بولغانىكەن، بۇ ماڭا ئاتامدىن قالغان تەۋەررۈك. مەن ياكى ئاتا - بوۋىلىرىم بۇ ئۈزۈك بىلەن بىرەر چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرگەن ئەمەسمىز. ھالبۇكى، ئۇنى يېنىمدا ئېلىپ يۈرۈشۈم پەقەتلا ئېھتىيات ئۈچۈن، ئاتا - بوۋىلىرىم كۆپ قېتىملاپ ئازابقا ۋە خورلۇققا مۇپتىلا بولغان، مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىدىن قول - پۇتلىرى زەنجىرلىنىپ زىندانلارغا تاشلانغان. بۇ قېتىم خەلىپە مېنى قوبۇلغا چىللىغاندا ئۇنىڭ مۇددىئاسىدىن ۋاقىپ بولالمىدىم. مەن ناۋادا خەلىپە مال-بىساتلىرىمنىڭ ئىسىملىكىنى ياكى مەن قاندۇرالمايدىغان باشقا تەلەپلەرنى ئالدىمغا قويسا ۋە ياكى ھەر خىل ئامال - چارىلەر ئارقىلىق مېنى كولدۇرلاتسا سەۋر قىلالمىغان چېغىمدا مۇنۇ ئۈزۈكتىكى كۆزنى ئوغا بىلەن قوشۇپ يۇتۇپلا ئازاب ۋە خورلۇقتىن خالاس بولاي، دەپ ئويلىغانىدىم» دېدى.

بەرمەكىينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ تۆرە تېزدىن

ئوردىغا قايتىپ ئاڭلىغانلىرىنى سۇلايمانغا يىپىدىن - يىڭنىسىغى-
چە سۆزلەپ بەردى. سۇلايمان بەرمەكىنىڭ ئىپتىياتچانلىقى ۋە
ئىراقنى كۆرەرلىكىدىن ھەيرەتتە قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى شۈب-
ھە تارقاپ، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى مەقبۇل كۆردى ۋە پۈتۈن بەگ-
تۆرىلەرنى، سۇ باشلىرىنى ئاتلىرىغا مىنگىنىچە بەرمەكىنىڭ
چۈشكۈنخانىسىغا بېرىپ ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىغا
ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئەتىسى ئۇلار سۇلايماننىڭ دېگىنىدەك
قىلدى. بەرمەكي سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلگەندە سۇلايمان ئۇنىڭغا
قولىنى سوزۇپ مېھرىبانلىق بىلەن تېنچلىق - ئامانلىق سورى-
دى. ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن ۋەزىرلىك تونى-
نى ئۇچىسىغا ياپتى. ئارقىدىنلا سىياھ - قەلەم كەلتۈرۈلۈپ
ھۆججەت - توختاملارغا قوللىرىنى بېسىشتى. كىشىلەر ھېچقا-
چان سۇلايماننىڭ بۇنچىلىك ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلگىنىنى
كۆرمىگەنىدى. سۆھبەتتىن كېيىن ئاش - زىياپەت تارتىلدى.
بۇ كۈنى زىياپەت داستىخىنى سېلىنغان ساراي ئالتۇن، كۈمۈش،
جاۋاھىر ۋە كالاۋۇتۇن يىپلار، زىلچا گىلەملەر بىلەن شۇنچىلىك
جۇلالىق بېزەلگەن ئىدىكى، بۇنداق ھەشەم ئىلگىرى زادىلا كۆرۈ-
لۈپ باقمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشتى، خەلىپى-
نىڭ كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بەرمەكي: «شۇنچە ئادەم-
نىڭ ئارىسىدىن مېنىڭ يېنىمدا ئوغا بارلىقىنى قانداق بىلىۋالدى-
لا؟» دەپ سورىدى. خەلىپە: «يېنىمدا بارلىق بايلىقىم ۋە پادى-
شاھلىقىمدىنمۇ ئەزىز بولغان بىر ئەنگۈشتەر بار. ئۇنى ھېچقاچان
يېنىمدىن ئايرىپ باقمىدىم. بۇ ئەنگۈشتىرىم — بىر جۈپ مەرۋا-
يىت. قارىماققا ھېقىقا ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما ھېقىق ئەمەس.
ئۇ ماڭا پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىدىن قالغان تەۋەررۇك بولۇپ،
ھەر قاچان قولۇمغا چىگىكلىك ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق
كارامىتى باركى، زەھەر ئوغا قەيەردىلا بولسۇن — مەيلى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراۋ يېنىدا ئېلىۋالغان بولسۇن، مەيلى غىزا ـ شارابقا سېلىنۋەت-
كەن بولسۇن، مەرۋايىت ئۇنىڭ پۇرىقى كەلگەن ھامان مىدىراپ
توختىماستىن بىر ـ بىرىگە سوقۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيدە ئوغا
بارلىقى ماڭا مەلۇم بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر كۆرد-
مەن: سەن ئوردىغا كىرىپ تەختىمگە يېقىنلاشقاندا بۇ ئىككى
مەرۋايىت مىدىرلىغىلى تۇردى، ئالدىمغا كەلگىنىڭدە ئۇ تېخىمۇ
قاتتىقراق مىدىرلىغىلى تۇردى. ئولتۇرغىنىڭدىن كېيىن بۇ مەۋا-
يىتلار بىر ـ بىرىگە تىرىسلاپ ئۇرۇلغىلى تۇردى. شۇبھىسىزكى،
سەن يېنىمغا كۆچلۈك ئوغا ئېلىپ كەلگەنسەن. ناۋادا سېنىڭ
ئورنۇڭدا باشقا بىراۋ بولغان بولسا ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيتتىم.
ئۇلار سېنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندە مەرۋايىتلار جىمىقىشقا باش-
لىدى، ئەمما سەن ئوردا قوۋۇقىدىن چىقىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن
ئۇلار ئاندىن مىدىراشتىن توختىدى» دېدى. سۆزلىگەچ ئۇ مەرۋا-
يىتلىرىنى قولىدىن يېشىپ بەرمەكىگە كۆرسەتتى ۋە: «ئۆمرۈڭدە
مۇشۇنداق كارامەتنى كۆرگەنمۇ سەن؟» دەپ سورىدى. سورۇن
ئەھلى مەرۋايىتلارغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇشتى. كېيىن بەر-
مەكي: «ئۆمرۈمدە ئىككى كارامەتنى كۆردۈم: بىرىنى ھازىر
كۆردۈم، يەنە بىرىنى تەبەرىستاندا كۆردۈم» دېدى. سۇلايمان:
«ماڭا ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىن، ئاڭلاپ باققۇم كېلىۋاتى-
دۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بەرمەكي ھېكايىسىنى باشلىدى.

ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بەلخكە يېتىپ بارغاندا كەمىنە قوللى-
رى كۆدە ـ كۆرپىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ يولغا تەييارلاندىم ۋە
ئايىغىمنى ئالىيلىرى تۇرغان جايغا قاراپ قويۇۋەتتىم. تەبەرىس-
تاندا ئاز ـ تولا ماللىرىم بولغاچقا نىشاپۇردىن ئۇ يەرگە باردىم.
تەبەرىستانغا كەلگىنىمدە پادىشاھ ئىستىقبالىغا چىقىپ ئامۇل شە-
ھىرىكى ئوردا چۈشكۈنخانىسىغا باشلاپ كەلدى ۋە شاھانە زىياپەت
بېرىپ كۈتۈۋالدى. پادىشاھ ھەر كۈنى مەن بىلەن ھەمداستىخان
بولۇپ تۇرلۇك جايلارنى ئايلاندۇردى. بىر كۈنى تولىمۇ خۇش

ئاھاڭدا: «دېڭىزدا سەپەر قىلىپ كۆرگەنمىدىڭ؟» دەپ سوراپ
قالدى. مەن: «يوقسۇ» دېسەم، ئۇ: «مېنىڭ مېھمىنىم بولغاندىكىن ئەتە مەن سېنى دېڭىزدا سەپەر قىلدۇراي» دېدى. مەن:
«ئەمرىڭ قوللۇق، تەقسىر»، دېدىم. ئۇ كېمىلەرنى ۋە پالاقچىلارنى تەييارلاش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئەتىسى پادىشاھ
مېنى باشلاپ بىر كېمىگە چىقتى، غەزەلخان سازچىلار ئۆز نەغمىسىنى باشلىدى، پالاقچىلارمۇ كېمىنى ھەيدەشكە كىرىشتى. مۇلازىملار توختىماي قەدەھلىرىمىزگە شاراب قۇيۇپ تۇراتتى. پادىشاھ ماڭا شۇنچىلىك يېقىن ئولتۇراتتىكى ئارىلىقىمىزدا ھېچ
كىشى يوق ئىدى. قارىسام ئۇنىڭ بارمىقىدا بىر ئۈزۈك بار
ئىكەن، ئۈزۈككە تولىمۇ نەپىس، يالتىراپ تۇرىدىغان قىزىل
ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان بولۇپ، بۇنداق چىرايلىق ئۈزۈكنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ جۇلاسىغا مەست بولۇپ كۆزۈمنى
ئالالمايلا قاپتىمەن.

پادىشاھ مېنىڭ ئۈزۈككە قاراپلا قالغانلىقىمنى كۆرۈپ،
بارمىقىدىن ئۈزۈكنى چىقىرىپ تىزىمغا قويدى. مەن ئۇنىڭغا
تازىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۈزۈكنى بىرنى سۆيگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ پادىشاھنىڭ تىزىغا قويۇپ قويدۇم. پادىشاھ ئۈزۈكنى ئېلىپ ماڭا بەرگەچ: «بارمىقىمدىن ئاجرىغان ئۈزۈك باشقىلارغا
قىلىنغان سوۋغىتىم، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولسۇن؟» دېدى. مەن: «بۇنداق ئاجايىپ ئۈزۈك شاھ ئالىيلىرىنىڭ بارمىقىغىلا مۇناسىپ» دېدىم ۋە پادىشاھقا قايتۇرۇپ بەردىم. پادىشاھ بولسا ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۈزۈكنىڭ بۇنچىلىك
نەپىسلىكى ۋە قىممەتلىكلىكىنى نەزەردە تۇرۇپ پادىشاھ بۇنى
كەيپچىلىكتە ماڭا سوۋغا قىلغىنى بىلەن يېشىلگەندە پۇشايمان
قىلىپ چاتاق قىلمىسۇن، دەپ ئويلىدىم ۋە ئۈزۈكنى يەنە پادىشاھنىڭ تىزىغا قويۇپ قويدۇم. پادىشاھ ئۈزۈكنى ئېلىپ دېڭىزغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ھەيرانلىقىمدىن: «ۋاي ئىست! ئا-

لىيلىرىنىڭ ئۇنى بارمىقىغا تاقىماي دېڭىزغا تاشلىۋېتىشىنى بىلـ-
گەن بولسام قوبۇل قىلماسمىدىم. ئۆمرۈمدە مۇنداق گۆھەرنى
كۆرمىگەنمەن» دەۋەتتىم. پادىشاھ: «ئۇنى ساڭا بىر قانچە رەت
سۇندۇم. ئۇزۇكتىن كۆزۈڭنى ئۈزەلمەي قالغاندىلا ئۇنى بارمـ-
قىمدىن چىقىرىپ ساڭا سوۋغا قىلدىم. سەن ئۇنى ياقتۇرمىغانـ-
كەنسەن ساڭا بەرمىدىم، بۇ ئۈزۈكنىڭ سەۋەنلىكى. ئۈزۈكنى
دېڭىزغا تاشلىۋەتكىنىمدىن كېيىن پۇشايمان قىلغانسەن ـ ھە؟
ھالبۇكى، مېنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ ئەپكىلىشكە ئامالىم بار» دې-
دى. ئۇ مەھرەملىرىدىن بىرىگە: «قېيىقتا چىقىپ قىرغاقتا بار-
غىن ۋە تېزدىن ئوردىغا قايتىپ خەزىنە بېگىدىن كۈمۈش بېزەك
قاپچۇقنى سورىغىن: ئاندىن ئۇنى تېز بۇ يەرگە ئەپكەل» دېدى.
مەھرەم مېڭىشىغا پادىشاھ كېمىنى توختىتىپ لەڭگەر تاشلاشقا
بۇيرۇق قىلدى. مەھرەم ئوردا خەزىنىسىدىن ھېلىقى قاپچۇقنى
ئەپكېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويغۇچە بىر شاراب ئىچكەچ كۈت-
تۇق. مەھرەم كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ بېلىدىكى ھەميانىنى
ئېچىپ بىر دانە ئالتۇن ئاچقۇچنى چىقاردى ۋە قاپچۇقنىڭ قۇلۇپـ-
نى ئاچتى. قاپقىنى كۆتۈرۈپ قولىنى تىقىپ بىر تال ئالتۇن
بېلىقنى ئالدى ۋە سۇغا قويۇۋەتتى. ئالتۇن بېلىق سۇغا شۇڭغۇپ
پىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. بىر كەمدە ئۇ سۇ يۈزىگە
چىقتى، قارىساق ئاغزىدا ھېلىقى ئۈزۈك چىشلەكلىك تۇرىدۇ.
پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بىر پالاقچى قېيىق بىلەن بېلىقتا
يېقىنلىشىپ بېلىقنى سۇدىن سۈزۈۋالدى ۋە پادىشاھقا سۇندى.
پادىشاھ بېلىقنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈكنى چىقىرىپ تىزىمغا قويدى.
مەن تازىم بەجا كەلتۈرۈپ ئالدىم ۋە بارمىقىمغا سالدىم. پادىشاھ
بولسا، بېلىقنى قاپچۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ قۇلۇپلىدى ۋە ئاچـ-
قۇچنى ھەميانىغا سالدى.

ئۇ ھېكايىسىنى سۆزلەۋاتقاندا قولىدا ھېلىقى ئۈزۈك بار
ئىدى. ئۇ ئۈزۈكنى بارمىقىدىن چىقىرىپ سۇلايماننىڭ ئالدىغا

قويدى ۋە «ئى پاسىبانىم، مۇشۇ ئۈزۈك شۇ» دېدى. سۇلايمان قولىغا ئېلىپ قارىغاندىن كېيىن بەرمەكىگە قايتۇرۇپ بېرىپ: «بۇنداق پەۋقۇلئاددە زاتنىڭ سوۋغىتىنى يۈتتۈرمە» دېدى.

مۇئەللىپنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى بۇ ھېكايەتنى بايان قىلىش ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، پەۋقۇلئاددە سەۋەب تۈپەيلىدىن بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئۇشبۇ بابقا قەلەم تەۋرىتىشىمدىكى مۇددىئا شۇكى، ئەۋزەل زامان يېتىپ كەلسە پاسىق زامان ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ ئالامەتلىرى مۇنۇلار: ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ بارلىقىقا كېلىپ بارلىق يامانلىقلارنى يوق قىلىشى، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ توغرىلىقى، ۋەزىرى ۋە باشقا خادىملىرىنىڭ پەزىلەتلىك تۈرلەردىن بولۇشى، ھەممىلا خىزمەتنى مۇناسىپ كىشىگە يۈكلىشى، ئىككى خىزمەتنى بىر ئادەمگە ياكى بىر ئادەمگە ئىككى خىزمەت تەقسىم قىلماسلىقى، مۇشرىكلارنىڭ يوقىلىشى، ئىمانىنىڭ نۇرلىنىشى، زوراۋان ھاكىمنىڭ يەنجىلىپ جازاغا تارتىلىشى، نۆكەرلەر ۋە دېھقانلارنىڭ پادىشاھتىن تەپتارتىشى، تەربىيە ئالمىغان ۋە تېگى پەس كىشىلەرنىڭ ئىشقا قويۇلماسلىقى، گۆدەكلەرنىڭ ئەتىۋارلانماسلىقى④، دانا ۋە ئىلىملىك ئەركەكلەردىن تەكلىپ كۈتۈش، قوشۇننىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تەجرىبىلىك مۆتىۋەرگە تاپشۇرۇش، پىشمىغان گۆدەكلەرگە ئىنئام بەرمەسلىك، ئادەم ئىشلەتكەندە پۇلغا ئەمەس، قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلىتىش، دۇنيا مەئىشىتى ئۈچۈن ئاخىرەت ۋە دىنىنى سېتىۋەتمەسلىك، ھەممىلا ئىشتا مۇۋاپىق تەرتىپ بولۇش، ھەر بىر خادىمنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە قاراپ بېكىتىش، ھەممىلا كىشى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا خىزمەتكە مۇيەسسەر بولۇش، پادىشاھ ئۆزىگە قارشى ھەر قانداق ئىشقا تەستىق سالماسلىق، بارچە چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ئادالەتنىڭ سۈلكىتى، ھاكىملىقنىڭ شەمشىرى ۋە ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى ئارقىلىق بىر ياقلىق قىلىش دېگەنلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىزاھلار:

① بۇ جاي ئەسەبىي شىئە مۇرتلىرىنىڭ ماكانى بولۇش بىلەن مەشھۇر بولغانىدى.

② خەلىفە تەرەپدارلىرىنىڭ مۇشەتتەب ئىبنى مۇھەممەد فەرغانى ئىسىملىك بىر قانۇنشۇناسى بار بولۇپ، ئۇ زات نىزامۇل مۇلك بىلەن زامانداش ئىدى.

③ بۇ ئېھتىمال نىزامۇل مۇلكنىڭ رەقىبى تەيھەل مۇلكنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇنى مەلىك شاھنىڭ خانىشى، غەربىي قاراخانىيلار قاغانى ئىبراھىم ئىبنى ناسىرنىڭ ھەمشىرىسى تۇركان قاتۇن قانات ئاستىغا ئالغانىدى.

④ نىزامۇل مۇلكنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى مەلىك شاھنىڭ ئوغلى مەھمۇدنى كۆستىدۇ. تۇركەن قاتۇن مەھمۇدنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى قۇۋۋەتلەپ، نىزامۇل مۇلكنىڭ تەكلىپ-پىكىرلىرىگە قارشى چىققانىدى.

# قىرىق ئىككىنچى باب

## ئايالىلار، ھەرەم قەسرى ۋە قوماندان مەرتىۋىلىرىنىڭ بايانى

پادىشاھنىڭ چۆرىلىرى ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئالمىسۇن. بۇ تولىمۇ زىيانلىق بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە زەرەر يەتكۈزىدۇ. ئايالىلار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەش بولغاچقا ياخشى تەربىيىلىنىشى زۆرۈر. قانچە بىغۇبار بولسا شۇنچە ياخشى. ھالبۇكى، پادىشاھلارنىڭ قاتۇنلىرى سەلتەنەت ھوقۇقلىرىنىڭ قىسمەن مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ قالغاندا ئۆزلىرىنىڭ قىزىققىنى بويىچە، ئۆز جىنسىدىكىلەرنىڭ يەتكۈزگەن پاراڭلىرى بويىچە بۇيرۇقلارنى چۈشۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىپايان دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنى ئەركەكلەردەك تەپسىلىي كۆزىتىپ بولالمايدۇ. ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىكى غوجىدار، چاكار دېگەندەكلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى چۆرىدەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. مادامىكى ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك توغرىلىقنىڭ ئەكسىگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ بالاسى زورۇقمايلا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىكلەر تۇپەيلىدىن پادىشاھ بولغۇچىنىڭ ئىززىتىگە زەرەر يېتىپ رەئىيەت ئازاب چېكىدۇ. مەملىكەت ۋە شەرىئەت مالىمانلىشىدۇ. ئەرلەرنىڭ مال ـ دۇنياسى توزۇپ كېتىدۇ. سەلتەنەت قىينىلىپ قالىدۇ. زامان ـ زامانلاردىن بۇيان قاچانكى پادىشاھلار قاتۇنلىرىنىڭ تىزگىنىدە بولغاندا رەسۋاچىلىق، نىزا، بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان. ئەمدى بۇنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىكرەك بايان قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاياللارغا ئىتائەت قىلىپ بۇرنىغا يىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى
ھارغىچە كۆرگەن ئىنسانلارنىڭ تۇنجىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام
(ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دۇر. ئۇ ھاۋۋانىڭ كۆرسەت-
مىسى بويىچە بۇغداينى يەپ قويۇپ ئاقىۋەت جەننەتتىن ھەيدەل-
دى. تاكى ئاللاھنىڭ رەھمى كېلىپ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل
قىلغۇچە ئىككى يۈز يىل سەرسان بولۇپ يۈردى.

## ساۋدەبا ۋە سىياۋۇش[1] ھەققىدە بايان

كەيكاۋۇسنىڭ خاتۇنى ساۋدەبا ئۆز مۇرەببىيسىنىڭ كۆرۈنمەس
تىزگىنىنى مەھكەم تۇتاتتى. كەيكاۋۇس ساۋچىدىن رۇستەمگە
سىياۋۇشنى قايتۇرۇش خۇسۇسىدا مەكتۇپ يوللىدى. چۈنكى،
ئۇنىڭغا ئوغلى سىياۋۇشنى كۆرمىگىلى بەكلا ئۆزاق بولغانىدى.
سىياۋۇش رۇستەمنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئەمدى-
لىكتە تولىمۇ سۇمباتلىق يىگىت بولۇپ يېتىلگەنىدى. ساۋدەبا
شىرما ئارقىسىدىن سىياۋۇشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار
بولۇپ قالدى ۋە كەيكاۋۇسقا: «سىياۋۇشنى ئاياللار ھۇجرىسىغا
چاقىرتايلى، ئىگىچە ـ سىڭىللىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشسۇن»
دېدى. كەيكاۋۇس سىياۋۇشقا: «ئاياللار ھۇجرىسىغا بارغىن،
ئىگىچە ـ سىڭىللىرىڭ سەن بىلەن دىدارلاشماقچىكەن» دېدى.
سىياۋۇش: «شاھ ئاتامنىڭ بۇيرۇقى بولۇپ قالدى، بولمىسا
ئۇلار ئۆز ئۆيىدە، مەن قوبۇلخانىدا تۇرىۋەرگىنىم ئەۋزەل ئىدى»
دەپ ھۇجرىغا قەدەم باستى. ساۋدەبانىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ھارام
مۇددىئادا ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ قۇچاقلىدى. سىياۋۇش دەرغەزەپ
بولۇپ ئۇنىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ۋە ھۇجرىنى
تاشلاپ ئۆز خانىسىگە كىرىپ كەتتى. ساۋدەبا سىياۋۇشنىڭ بول-

---

[1] مىلادىدىن 600 يىل ئىلگىرىكى ئەھمانىيلەر سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى.

غان ۋەقەنى ئاتىسىغا بايان قىلىشىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دەپ ئويلىندى ۋە دەررۇ كەيكاۋۇسنىڭ يېنىغا كىرىپ: «سىياۋۇش دېگەن نائەھلى ھۇجرىغا كىرىپلا ماڭا تاشلىنىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاران دېگەندە يۇلقۇنۇپ چىقتىم» دېدى. كەيكاۋۇس سىياۋۇشقا لەنەت ئوقۇپ تولىمۇ ئېغىر سۆزلەرنى قىلىپ سالدى. ئاخىرى سىياۋۇشقا پادىشاھنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوتقا كىرىش بۇيرۇلدى. سىياۋۇش: «بۇ دېگەن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى، ئۇ نېمىلا دېسۇن كەمىنە ھەرقاچان تەييارمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتۇن يىغىپ يېرىم فەرسەخ دائىرىدە دۆۋىلىدى ۋە ئوت ياقتى.

ئوت يالقۇنجاپ راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە كەيكاۋۇس دۆڭگە چىقىپ سىياۋۇشقا: «ئوتقا كىرگىن!» دېدى. سىياۋۇش شابراڭ تۇلپارىغا مىنىپ پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى يادلىغانچە ئاتنى ئوتقا چاپتۇردى ۋە غايىب بولدى. بىر ھازا ئۆتكەندە ئوتنىڭ تولىمۇ نېرىسىدا ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىياۋۇش ياكى ئاتنىڭ بىر تال مويىغىمۇ زەرەر يەتمىگەنىدى. بۇنى كۆرگەنلەر ھەيرانۇ ھەس بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كاھىنلار ئوتنىڭ بىر قانچە پارچىسىنى ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئوتلارنىڭ تېخىچە يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ پەتىۋا چۈشۈرۈشتى.

شۇ قېتىمقى ھۆكۈمدىن كېيىن كەيكاۋۇس سىياۋۇشنى بەلىخكە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمما ساۋدەبانىڭ دەستىدىن سىياۋۇش ئاتىسىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان بولغاچقا بەلختە ئىچ سىقىلىشتىن بىر كۈنمۇ خالىي بولالمىدى. ئۇ ئىران تۇپرىقىنى تەرك ئېتىپ ھىندىستان، چىن ياكى ماچىن دىيارىغا كېتىشنى ئارزۇ قىلدى. ئەفراسياب (ئالىپ ئەرتۇڭا) قوشۇندىكى سۇباشى پىرانى ۋىسا سىياۋۇشنىڭ خىيالىنى بايقاپ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەردى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئەفراسىيابنىڭ نامىدىن ئۇنىڭغا ئىززەت بىلدۈرۈپ سىياۋۇشنىڭ ئەفراسىيابقا سادىق بولۇش قەسىمىنى قوبۇل قىلدى. پىرانى ئۇلارنىڭ ئۆي - ۋاقىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئەفراسىيابنىڭ سىياۋۇشنى ئۆزىنىڭ جىمى ئوغۇللىرىدىنمۇ بەكرەك ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى، ناۋادا ئاتىسى كەيكاۋۇس بىلەن يارىشىپ قىلىشنى ۋە ئىرانغا قايتىشنى خالىسا ئەفراسىيابنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن لىللا سۆز قىلىپ كەيكاۋۇس بىلەن سۆھبەت ياسايدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇنى شەرەپ ۋە ئىززەتنى ھەمراھ قىلىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا بىرىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن سىياۋۇش بەلختىن تۈركىستانغا قايتىپ كەلدى. ئەفراسىياب ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ بارچە ئوغۇللاردىنمۇ بەكرەك ئىززەتلىدى. ھالبۇكى، ئەفراسىيابنىڭ قېرىندىشى گەرسىۋاز بۇنىڭغا تولىمۇ ھەسەت قىلاتتى. ئۇ تۆھمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە توزاق قۇرۇپ ئەفراسىيابنى سىياۋۇشقا قارشى مەۋقەگە يۈزلەندۈردى. سىياۋۇش تاكى تۈركىستاندا قەتلى قىلىنغۇچىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەرسىز يۈردى. سىياۋۇشنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە ئىران مۇسىبەتكە چۆمدى. نۆۋكەرلەرنىڭ قەھر - غەزىپى پەلەككە يەتتى. رۇستەم سىستاندىن ئاستانىگە كېلىپ ئىجازەتسىزلا كەيكاۋۇسنىڭ ئاياللىرى تۇرۇۋاتقان ھۇجرىغا كىردى. ئاندىن ساۋدەبانىڭ چېچىدىن تولغاپ قاماللىغانچە تاشقىرىغا سۆرەپ چىقتى ۋە قىلىچ بىلەن چاناپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. ھېچ ئىنسان ئۇنىڭغا «سەن توغرا قىلدىڭ ياكى سەن خاتالىشىۋاتىسەن» دەپ زۇۋان سۈرەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يىگىتلىرى تولۇق قوراللىنىپ سىياۋۇشنىڭ قاتىللىرىدىن قىساس ئېلىشقا تۈركىستان تامان يول ئالدى. جەڭ نۇرغۇن يىللار داۋاملىشىپ ئىككىلا تەرەپتىن مىڭلىغان ئادەملەر جانلىرىدىن جۇدا بولۇشتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ساۋدەبا سەۋەبكار بولۇپ، ئۇ پادىشاھ كەيكاۋۇسنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ كەلگەندى.

تارىخنىڭ يازمىشلىرىغا قارىغاندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن رۇمدىن كېلىشىدە دارانىڭ ئوغلى، پېرسىيە پادشاھى ئۈچىنچى دارا مەغلۇپ قىلىغانىدى. دارانى قېچىپ كېتىۋاتقاندا بىر چاكىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋالدى. شۇ چاغدا دارانىڭ تولىمۇ گۈزەل بىر قىزى بولۇپ، كۆرگەنلىكى كىشىنى مەھلىيە قىلار ئىدى. بۇ قىزنىڭ يەنە بىر ئاچىسى بولۇپ، ئۇمۇ كارامەت ساھىبجامال ئىدى. دارانىڭ ئوردىسىدا يەنە خانىنىڭ باشقا قىزلىرى بولۇپ ھەممىسىلا ساھىبجامالىلاردىن ئىدى. كىشىلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە: «دارانىڭ ھەرىمىگە بارغىن، ئۇ جاي دەل ساڭا مۇناسىپ، ئۇ جايدىكى تولۇن ئايدەك ساھىبجامالىلار، سەرۋى قامەت نازىنىنلارنى نەزىرىڭدىن ئۆتكۈزگىن. ئەڭ كاتتىسى دارانىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ شۇنچىلىك ساھىبجامالكى خانىشلىقىڭغا يارايدۇ» دېيىشتى. ئىسكەندەر: «بىز ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى بويسۇندۇردۇق، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىزنى بويسۇندۇرۇۋالمىسۇن» دېدى. ئۇ ساھىبجامال نازىنىنلارغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. دارانىڭ ئوردىسىغىمۇ بارمىدى.

ھەممىگە مەلۇملۇق يەنە بىر قىسسە خىسراۋ، شېرىن ۋە پەرھاد ھەققىدىكى ھېكايەتتۇر. خىسراۋ شېرىنغا شۇنچىلىك ئاشىق ئىدىكى، ئىختىيار تىزگىنىنى بىلمەيلا شېرىنىنىڭ ئالىقىنىغا قويىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىكى تەلەپنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۇردى. ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، شېرىن شۇنچە شەۋكەتلىك پادشاھنىڭ خانىشى بولۇپ تۇرۇقلۇق پەرھادقا ئاشىق بولۇشقا باشلىدى.

بىراۋ بۇزۇرجۇمھۇردىن سورىدى: «نېمە ۋەجىدىن ساسانىيلار سۇلالىسى سەن ئەقىلدار بولغان مەزگىلدە خاراب بولدى؟ ئەمدىلىكتە جاھاندىن دانالىق، پاساھەت ۋە ئىلىم يوقالدى» ئۇ جاۋاب بەردى: «بۇنىڭغا ئىككى نەرسە سەۋەب بولدى. بىرى، ساسانىيلار پادشاھلىرى مەملىكەت ئىشلىرىنى بىلمىسىز - نادان-

لارغا ھاۋالە قىلدى؛ ئىككىنچىسى، ئۇلار ئىلىم ساھىبلىرىغا دۈشمەنلىك قىلدى، دانالار ۋە زاتى مۇبارەكلەر ئوردىدا خىزمەت قىلالمىدى. كەمىنە ئىلاجسىز ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلدىم».

بۇ پەقەت دانالىق ۋە پاراسەتنىڭ ئەكسى ھەققىدىكى بىر مىسال، خالاس. شۈبھە ھاجەتسىزكى، ھەرقاچان ھەر زامان پادىشاھ بولغۇچى زات ئىشلارنى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرسا بۇنداق پادىشاھ ئۆز جەمەتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مەشھۇر بىر دانىش مۇنداق دېگەن: «ئاياللار بىلەن كېڭەشكىلار، ئەمما ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئەكسىچە قىلىڭلار. مۇشۇ ئەڭ توغرىراقتۇر». ناۋادا مەزلۇملارنىڭ ئەقلى ۋە پاراسىتى كامىل بولسىدى. ئۇ دانىش بۇنداق نەسىھەت قىلمىغان بولاتتى.

ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات شامى ئۆچەي دەپ تۇرغان ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ قاتتىق بىتاپ بولۇپ ئاجىزلاپ كەتتى. نامازغا ئەزان چىقىپ جامائەت نامازنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ ماغدۇرسىزلىقتىن مەسچىتكە چىقىشقا ئاجىز كەلدى. شۇ چاغدا ئائىشە بىلەن ھەفسە ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئولتۇرغانىدى. ئائىشە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، سەن مەسچىتكە چىقالمىغۇدەكسەن. جاماەتكە ئىمامەتچىلىك قىلىشقا كىمنى بۇيرۇيسەن؟» دېدى. ئۇ: «ئەبۇ بەكرنى» دېدى. ئائىشە: «نامازغا كىم ئىمامەتچىلىك قىلىسۇن؟» دەپ يەنە سورىدى. ئۇ: «ئەبۇ بەكىر» دېدى. ئائىشە: «نامازغا ئىمامەتچىلىك قىلىشقا كىمنى بۇيرۇيسەن؟» دەپ قايتا سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئەبۇ بەكرنى» دېدى. بىر پەستىن كېيىن ئائىشە ھەفسەگە شىۋىرلاپ: «مەن ئۈچ قېتىم سورىدىم. ساڭا ئۇدۇللا دەۋېرەي. ئەمىرۇل مۇئمىن ئەبۇ بەكرى تولىمۇ باغرى يۇمشاق كىشى، ئۇ رەسۇلۇللاھنى تولىمۇ سۆيىدۇ. ناۋادا ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالمىسا ئۆزىنىڭ ۋە جامائەتنىڭ نامىزىنى

بۇزۇپ قويىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭدىن كۆپ بەردەم. نامازغا شۇ ئىمامەتچىلىك قىلىسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەفسە بۇنى رەسۇلۇللاھقا ئېيىتتى. رەسۇلۇللاھ «سەن ھېكايە ـ قىسسەلەردە نامى زىكرى قىلىنىدىغان يۇسۇف ۋە كىرسۇفسەن. مەن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە قىلمايمەن، بەلكى توغرىسىنى قىلىمەن. ئەبۇ بەكرىگە يەتكۈزگىن، نامازنى باشلىسۇن» دېدى.

ئۇشبۇ ھەدىستىكى سۆزنىڭ ئورامى« سەن يۇسۇف بىلەن كىرسۇفنىڭ مۇرىتى بولدۇڭ» دېگەنلىك بولاتتى. گەرچە ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا ئالىي نەسەبلىك، بىلىمدان، سادىق ۋە تەقۋادار بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىنى قىلغان. بۇنىڭدىن قالغان ئاياللارنىڭ تەكلىپ ـ پىكرىنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بىلىۋېلىش مۇمكىن.

## يۇسۇف بىلەن كىرسۇف ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە بەنى ئىسرائىل زامانىسىدا مۇنداق بىر يوسۇن بولغانىدى: ئۇنىڭدا بىراۋ 40 يىل ئىچىدە زور گۇناھ سادىر قىلمىغان بولسا، تېگىشلىك رامىزان ۋە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغان بولسا، ھېچكىمگىمۇ زەرەر يەتكۈزمىگەن بولسا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئۈچ خىل تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدۇ، خالىغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ دەپ قارىلاتتى. بەنى ئىسرائىل زامانىسىدا يۇسۇف ئىسىملىك بىر تەقۋادار كىشى ئۆتكەن بولۇپ ئايالىنىڭ ئىسمى كىرسۇف ئىدى. ئۇمۇ مۇرەببىيسىگە ئوخشاشلا سادىق ۋە تەقۋادار ئىدى. يۇسۇف ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ يوسۇنى بويىچە 40 يىلدىن بېرى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھ سادىر قىلمىغاچقا كۆڭلىدە: «پەرۋەردىگاردىن نېمە تىلىسەم بولار؟ (پەرۋەردىگارىم شەرەپلىك ۋە قۇدرەتلىكتۇر) بىرەر بۇرادىرىم نېمە تىلىسەم ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ئەقىل كۆرسەتسە بوپتىكەن»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ بىرەر مۇۋاپىق كىشىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئايالىغا كۆزى چۈشتى ۋە: «بۇ دۇنيادا مېنى ئايالىمدىنمۇ بەكرەك ‹ۋاي› دەيدىغان كىم بار؟ ئۇ دېگەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، پەرزەنتلىرىمنىڭ ئانىسى. مەن دۇرۇس بولسام ئۇمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئۇ جاھاندا مېنىڭ غېمىمنى ھەممىدىنمۇ بەكرەك يەيدۇ. بۇ ئىشتا مۇشۇ خوتۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەيمۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىغا ئۆزىنىڭ 40 يىل ساداقەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ياشىغانلىقىنى، شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ-مۇ ئەرگە كۆيۈنۈشتە ئۆز ئايالىغا باراۋەرلىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ نېمە تەلەپ قىلسا ياخشىراق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. ئايالى: «خەۋىرىڭ بار، بۇ دۇنيادا سېنىڭ تىكەندەك مۇشۇ بىرلا مەھبۇبەڭ بار، مېنىڭ نەزەرىمدە پەقەت سەنلا بار. ئايالالرنىڭ ئەرلەر ئۈچۈن كۆڭۈل ئارامى ۋە ئېكىنزار-لىق بولىدىغانلىقىنى ھەم بىلىسەن، ماڭا باققىنىڭدا يۈرىكىڭ شادلىققا تولىدۇ، مەن بىلەن ئۆتسەڭ بالدەك ھېس - تۇيغۇدا بولىسەن. پەرۋەردىگاردىن ماڭا، سېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىڭغا ھېچبىر ئايال زاتىغا بېرىپ باقمىغان گۈزەل چىراي ئاتا قىلىشى-نى تىلىگىن. شۇنداق بولغاندا ھەرقاچان ئىشىكتىن كىرىپلا ساھىبجامالىلىقىمدىن سۆيۈنۈپ يۈرەكلىرىڭ شادلىققا تولىدۇ، ئۆمرىمىزلا بولسا شادىمان ۋە بەختىيار ياشايمىز» دېدى. ئۇ ئايالىنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ: «ئى پەرۋەردىگارىم، ئايالىم-غا ھېچبىر ئايال زاتىغا بېرىپ باقمىغان گۈزەللىك ئاتا قىلغاي-سەن» دەپ دۇئا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغان-دىن كېيىن بۇنى ئىجابەت قىلدى. ئەتىسى ئۇنىڭ ئايالى ئورنى-دىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى تەڭداشسىز سەرۋى قامەتلىك ساھىبجامالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

يۈسۈپ كىرسۇفىنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلى-كىنى كۆرۈپ هاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى ۋە خۇشاللى-قىدىن سەكرەپ كەتتى. كىرسۇفىنىڭ گۈزەللىكى كۆنسېرى ئې-شىپ بىر شەنبە كۈنى ئۇنىڭ رەڭگى روخسارى شۇ دەرىجىگە يېرىپ يەتتىكى قارىغان ئادەم هوشىدىن كېتىدىغان بولدى. ئۇ-نىڭ ئالدىدا ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار ۋە هۆر - غىلمانلارمۇ يېپ ئېشىپ قالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ساھىبجامالىلىقى جاھانغا پۇر بولۇپ، يىراق - يېقىندىن ئۇنىڭ جامالىنى بىر قېتىم كۆرۈۋې-لىش مۇددىئاسىدا كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. بىر كۈنى كىرسۇف ئەينەكتىن ئۆز جامالىنى تاماشا قىلىۋېتىپ چىراي، چاچ، لەۋ، چىش، كۆز ۋە قاش - كىرپىكلىرىنىڭ گۈزەللىكى-دىن بەكلا سۆيۈندى. قەلبىدە تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق بىخلى-نىپ: «دۇنيادا مەنچىلىك گۈزەلدىن ئىككىنچىسى يوقتۇ. تويى-غۇدەك نانمۇ يېيەلمەيدىغان ئاشۇ يالاڭتۆش بىلەن تىترەپ ياشاپ نېمە خوۋلۇق كۆردۈم. ئەسلىدە مەن ئەڭ شەۋكەتلىك پادىشاھ بولغان پېرسىيە پادىشاھىغا مۇناسىپ ئىدىم، ئۇلار مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى بىلسىدى، ئالتۇن - كۈمۈش بېزەكلەرگە كۆمۈۋېتەتتى» دەپ ئويلىدى. بۇ خىيالنىڭ قارا تۇمانلىرى بار-غانسېرى كىرسۇفىنىڭ يۈرىكىنى قىسىشقا باشلىدى. ئۇ ئەتائەت-تىن چىقىپ، مىجەزى چۇس بولۇپ قالدى ۋە ھەدېسىلا يۈسۈپ بىلەن جاڭجاللاشتى، ئۇنى بەدبەشىرە ئىبارىلەر بىلەن تىللاپ ھەدېسىلا: «سەن مېنىڭ خىلىم ئەمەس، سەن قەلەندەرنىڭ يېگۈ-دەك نېنىڭمۇ يوق تۇرسا» دەپ ئاھانەت قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۈچ - تۆت پەرزەنتى بولۇپ ئايالى باللارغا زادىلا قارىمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئاش - تامىقى، كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان بولۇپ شۇنچىلىك ئايىنىپ كەتتىكى يۈسۈپ نېمە قىلىشىنى زادىلا بىلەلمەي قالدى. ئۇ كۆككە قاراپ: «ئى پەرۋەردىگارىم، بۇ ئايالنى ئېيىقتا ئايلاندۇرۇۋەتكەيسەن»

www.uyghurkitap.com

دەپ ئىلتىجا قىلىۋىدى كىرسۇف بىر ئېيىققا ئايلىنىپ قېلىپ ئەل ـ يۇرت ئۇچۇن بىر ئاپەت بولدى. ھەدېسىلا تاملارغا ۋە ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ توختىماستىن ئۇيان ـ بۇيان ماڭىدىغان، كۇنبويى كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بولۇپ قالدى. يۇسۇف باللارنىڭ ھالىدىن قانداق خەۋەر ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلمەدى، پەرۋەردىگارغا نېمە دەپ دۇئا قىلىشنىمۇ بىلمىدى. ھەدېسەلا نامازنى قازا قىلىدىغان بولۇپ قالدى ۋە قايتىدىن غەم ـ غۇسسىگە پاتتى. شۇنىڭ بىلەن قىلدەك تولغىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆككە قاراپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى پەرۋەردىگارىم، بۇ ئېيىقنى ئەسلىدىكى ئايال قىياپىتىگە قايتۇرغايسەن، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەقىل بەرگىن، باللارنى ئىلگىرىكىدەكلا پەرۋىش قىلسۇن. سېنىڭ پېقىر قۇلۇڭ يۇسۇف پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىبادىتىنى داۋام ئەتتۈرىدۇ. ئۆز ئىلتىپاتىڭنى ئايىمىغايسەن» دېدى. شۇ زامان ھېلىقى ئېيىق ئەسلىدىكى ئايال قىياپىتىگە ياندى ۋە باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى قىلچە ئەسلىيەلمەيتتى، پەقەت بىر چۈش كۆردۇم، دەپلا بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇفنىڭ 40 يىل قىلغان تەقۋادارلىقىنىڭ خاسىيىتى «شامالدىكى كۆلدەك» توزۇپ تۈگەپ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭ ھەممىسىگە بىر ئايالنىڭ ئاچ كۆزلۈكى سەۋەب بولدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ھېكايەت تەمسىلگە ئايلىنىپ كىشىلەرنى ئاياللارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماسلىققا ئۈندەپ كەلمەكتە.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە خەلىفە مەئمۇن مۇنداق دېدى: «ئېھتىمال ھېچقاچان بىرەر پادشاھ ئاياللارنىڭ ئۆزگە مەملىكەت، لەشكەرىي قوشۇن، دۆلەت خەزىنىسى ۋە ئوردا ئىشلىرى توغرىسىدا سۆز قىلىشىغا، شۇنداقلا بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا ياكى بىرەرسىنى قانات ئاستىغا ئېلىشىغا ئىجازەت قىلمىغان بولسا كېرەك.

چۈنكى ئۇلار ئېتىبارغا ئېرىشسە ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پادىشاھلار بىرىنى ئۈستۈرۈپ يەنە بىرىنى جازالىشى، بىرىنى ۋەزىپىگە قويۇپ، يەنە بىرىنى قالدۇرۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئىش-لار كۆپەيسە كىشىلەر ھەرەمخانىغا يۈگۈرۈپ ئاياللارغا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى بايان قىلىدىغان ۋە ئاياللارنىڭ ئىلتىماسى ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىدىغان بولۇۋالىدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ دىققەتكە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىنى، ئىشنى ئالدىدا ئولتۇ-رۇشقا كۆپلىگەن ھاجەتمەنلەرنى كۆرسە نىيىتى بۇزۇلۇپ پاسىق-لىققا يۈزلىنىدۇ. ئۆزۈن ئۆتمەيلا شۇم نىيەتلىك كىشىلەر ۋە مۇشرىكلار ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ. پادىشاھنىڭ سۈر - ھەيۋىتى، ئوردا - سارايىنىڭ سۈلكەت - ھۆرمىتى يوقىلىدۇ. ئەيىبلەش سۆزلىرى ۋە ھاقارەت مەكتۇپلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت مالىمانلىشىپ قوشۇندىكى لەشكەر-لەرنىڭ جاسارىتى سۇنىدۇ. ئۇلارنى تىزگىنلەشكە ۋەزىرنىڭ قۇر-بى يەتمەي قالىدۇ.

ئۇنداقتا پادىشاھلارنىڭ بۇ غەم - ئەندىشىلەردىن خالاس بولۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى نىمە؟ ئۇ مۇقەددەس يوسۇنغا رىئايە قىلىش لازىم. بۇ يوسۇننى ئۇلۇغ ۋە دانا ھۆكۈمدارلار يۈرگۈزۈپ باققان بولۇپ، پەرۋەردىگارىمىز «ئەرلەر - ئاياللار-نىڭ ھامىيلىرى (قوغدىغۇچىسى) دۇر» («قۇرئان كەرىم» 4 - سۈر، 34 - ئايەت) دەپ كۆرسەتكەن. ناۋادا ئاياللاردا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلىگۈدەك ئەقىل بولغان بولسا، پەرۋەردىگارىمىز ئەر-لەرنى ئۇلارغا ھامىي (قوغدىغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىگەن بولاتتى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە قويسا سە-ۋەنلىكنىڭ ھەممىسىگە شۇ جاۋابكار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ خىل ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ۋە بۇ يوسۇننى ئۆزگەرتىشكە يول قويغان بولىدۇ.

خۇددى كەيخۇسراۋ ئېيتقاندەك ئۆينىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى، مەملىكىتىنىڭ خاراب بولماسلىقىنى، ئۆز سەلتەنىتىنىڭ بىراقلا قولدىن كېتىپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئايالىلارنىڭ ئۆزى قول تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا ئىجازەت قىلمىسۇن. مۇشۇ يوسۇنغا رىئايە قىلالىسىلا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى غەم - ئەندىشىگە دۇچار بولمايدۇ.

ئۇشبۇ ماۋزۇ ھەققىدە يۇقىرىدا توختالغانلىرىمىز يېتەرلىك بولدى. ئەسىرىمىز تېخىمۇ كۆپ سەھىپىلەرگە يۈزلەنگۈسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ مەنپەئەتلىك سۆزلەردۇر.

## رەئىيەت[1]ھەققىدە بايان

پادىشاھ ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولىدۇ، پۈتكۈل رەئىيەت ئۇنىڭ بېقىنىغانلىرى بولىدۇ. ئۇلار پادىشاھتىن ئوزۇق ۋە كىيىم، مەنسەپ - دەرىجە دېگەنلەرگە مۇيەسسەر بولىدۇ. پادىشاھ بولغۇچى ئۇلارنى شۇنداق بىر ئورۇنغا قويسۇنكى، ئۇلار ھەرقاچان ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى بىلسۇن. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ رەئىيەت ئىكەنلىكى نېرى كەتمىسۇن. بەلكى تاسىمىۇ بوشىتىلمىسۇن. ئۇ ئۇلارغا مۇكاپات ئالغان ياكى جازالانغان ۋاقىتتا قانداق تۇرۇشنى ئۆگەتسۇن. شۇندا ئۇلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ دەرىجىسىنى بىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ چەكتىن ھالقىپ كېتىشىنى توسۇغىلى بولىدۇ.

بىر كۈنى بۇزۇرجۇمھۇر نۇشىرۋان ئادىلغا شۇنداق دېدى: «مەملىكەت پادىشاھقا تەئەللۇق، پادىشاھ دۆلەتنى رەئىيەتكە ئەمەس، لەشكىرىي قوشۇنغا تاپشۇردى. بۇ قوشۇن پادىشاھنىڭ دۆلىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا قىزىقمايدۇ، رەئىيەتكە خەير - ئېھ-

---

[1] پۇقرا، خەلق

سان قىلمايدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھەميانىنى چىڭداشنىلا بىلە-
دۇ. دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇشى، دېھقانلارنىڭ جەبىر تارتىۋاتقان-
لىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. لەشكەرىي قو-
شۇنىنىڭ سۇر - ھەيۋىتى دۆلەتنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئۇلار
ئەدەپلەش، كىشەنلەش، قاماش، ئىسيان قىلىش، قاقتى - سوق-
تى قىلىش، باج يىغىش دېگەنلەرنى قىلىۋېرىدۇ. شۇنداق بولۇپ
قالغاندا پادىشاھ بىلەن قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق قال-
سۇن؟ چۈنكى، ئۇلار پادىشاھقا تەئەللۇق ئىشلار، قوشۇنىنىڭ بۇ
ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقى ھېچقاچان بولغان ئەمەس.
زامان - زامانلاردىن بۇيان ئالتۇن تاجلار، ئالتۇن ئۈزۈكلەر،
شاھلىق تەخت ۋە تىللالار پادىشاھقىلا تەئەللۇق بولۇپ
كەلگەن» . ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ناۋادا پادىشاھ بولغۇچى بارچە
پادىشاھلاردىن پەزىلەت ۋە شەرەپتە ئۈستۈن تۇرۇشنى ئىستى-
سە ئۆز خىسلىتىنى تاۋلىسۇن» . نۇشىرۋان: «مەن قانداق
قىلسام بولار؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «يامانلىققا
ياتىدىغانلىكى نەرسىنى جىسمىڭدىن يوقات، ياخشى خۇلقۇڭنى
ساقلاپ قال» . نۇشىرۋان يەنە سورىدى: «يامان خۇلق
قايسىلار؟» . ئۇ جاۋاب بەردى: «ئاداۋەت، ھەسەت، تەكەببۇر-
لۇق، غەزەپ، شەھۋەت، ئاچ كۆزلۈك، ئىچى تارلىق، يالغانچى-
لىق، باغرى تاشلىق، ئۆزۈمچىلىك، يەڭگىلتەكلىك، ۋاپاغا جاپا
قىلىش قاتارلىقلاردۇر؛ ياخشى خۇلق بولسا كەمتەر بولۇش،
سېخىيلىق، ئەپۇچانلىق، مەردلىك، راستچىللىق، سەۋرلىك،
مېھرىبانلىق، ئىلىم ئۆگىنىش، دانالىق ۋە ئادالەتتۇر» .

بۇ خۇلقلارنى تاۋلىغۇچى كىشى ئىشلارنىڭ مىزانىنى بىلى-
شى، بېقىنغانلارنى تىزگىنلەش ۋە ئەل ئىشلىرىنىڭ ئارتۇقۇزلۇ-
شىدا ھېچقانداق كۆرسەتمىنى كېرەك قىلماسلىقى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئۇچىنچى باب

## دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان ئېتىقادسىزلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدىكى بايانلار

كەمىنە قۇللىرىنىڭ بىر قانچە باب سەھىپە ئاجرىتىپ تۈرلۈك ئىسيانلار ھەققىدىكى بايانلار ئۈنچىلىرىنى سۆزلەر يىپىغا ئۆتكۈزۈشىدىكى مۇددىئاسى، پۈتكۈل ئىقلىمدىكىلەرگە پېقىرىنىڭ ئۇشبۇ پادىشاھلىقتا رىشتىمىنىڭ نەقەدەر زور باغلانغانلىقىنى، سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىگە سادىق ئىكەنلىكىمنى، بولۇپمۇ مەلىكۇل جەھانغا، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە ۋە ئائىلىسىگە نەقەدەر غەمگۇۋار ئىكەنلىكىمنى (قوغلاندى شەيتان ۋە شۇم نىيەتلەر زامانىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەي) نامايىش قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن ھازىرغىچە تەپرىق قىلغۇچىلار ئۈزۈلگەن ئەمەس. ئۇلار جاھاندىكى مەملىكەتلەردە پادىشاھلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشى ئىسيان قىلىشقان، ئەمما ھېچكىممۇ شىرما (پەردە) ئارقىسىدا توزاق قۇرۇپ مەملىكەتكە ۋە ئىسلامغا زىيان سالغان كىشىلەرنى خەۋپ، ھالاكەت، نائەھلىلىكتە بېسىپ چۈشەلىگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئىسيان ئىغۋالىرىلا كىرىدۇ، كۆزلىرى ئىپلاس شۇملۇقلارنىلا كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن خىيىم ـ خەتەردىن ۋە مەملىكەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازادىن (ئاللاھ مەملىكىتىمىزنى مۇستەھكەم قىلسۇن) ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتسەك بۇ غالچىلار ئۆز قىنىدىن چىقىپ مەملىكەتكە قارشى

مەۋقەدە تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى شىئەلەر دەپ ئاتىشىۋالىدىغان بولۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى رافىزىيلار ۋە خۇرەمىيلار-دۇر. يامان خۇي، ئورا كولاش، يوشۇرۇن قەتلى قىلىش ۋە مۇشرىكلىكتە ئۇلارنىڭ قىلمايدىغىنى يوق. ئۇلار گەپ - سۆزدە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەۋالسىمۇ ئىش يۈزىدە قىلىپ يۈرگەنلىرى مۆمىنلەرنىڭ ئەكسىچە. ئۇلارنىڭ دىلى بىلەن تىلى بىر-دەك ئەمەس. دېگىنى بىلەن قىلغىنى زىت. دىندا ئۇلاردىنمۇ غەلىتىرەك كىشى يوقتۇر. مەلىكۇل جەھاننىڭ مەملىكىتىدە ئۇلاردىنمۇ بەك ئاسىي بەندىلەر قايتا بولماس. ئۇلارغا مۆمىنلەرنىڭ قارغىشلىرى ياغسۇن.

بەزى كىشىلەر ئۇشبۇ ۋاقىتتا خاندانلىقىمىزدا زور نوپۇزغا ساھىب بولۇۋېلىشتى. ئۇلار باشلىرىدىكى شىئەچە دەستارلارنى چۆرۈپ تاشلاپ ئىسمائىلىيلىكلەرگە مۇرىت بولدى ۋە يوشۇرۇن يەڭ سودىسى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە كۇفرىلىق-لىرىنى تەرغىب قىلىشتى. ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە مەلىكۇل جە-ھاننى دەيدەيگە سېلىپ ئاتاباسىيلارنى ھالاك قىلىشقا قىزىقتۇر-دى. ناۋادا ئۇشبۇ قاپقاقنى ئاچساق ئەيىۋھەنناس، بالايىئاپەت، قىيامەت قايىمنىڭ ئۆزىلا بولىدۇ! ئەمما بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەكى، ئاشۇلارنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرى تۈپەيلى كەمىنە قۇللىرىدىن بىزار بولماقتا ۋە ھازىرلىق كۆرۈشتىن بىخۇت بولماقتا. پادىشاھقا رەئىيەت بولغۇچىلار ئەلنىڭ خەزىنە ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ ئىختىيارى-غا تۇتقۇزسا مۇلكۇل مەلىكۇل پۇل - پۇچەككە ھېرىس قىلماقتا. ئۇلار كەمىنە توغرىسىدا ئۆز يېنىنى چىڭدىدى، دەپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ يۈرگەچكە پېقىرنىڭ ئۇگۇت - نەسىھەتلىرى ئېتىبارسىز قالماقتا. ھامان بىر كۈنى مەلىكۇل جەھان ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقىنى ۋە خىيانەتكار تۇزكورلۇقلىرىنى بىلىپ يېتىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا پېقىر پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىپ بولغان بولىمەن. شۇ چاغدا ئۇ غالىب خاندانلىقتا بولغان ساداقىتىمنى بىلىدۇ. چۈنكى كەمىنە ئۇلارنىڭ ھېچبىر سەۋەنلىكىنى كۆزۈم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن قاچۇرمىدىم. ئۇلارنى ئالىقىنىمدا تۇرغاندەك بىلىپ تۇر-
دۇم. سورۇنلاردا ئۇلارغا سۇلايمان جانابلىرىنىڭ دانالىقىنى ناما-
يىش قىلىپ تۇردۇم. ئەمما كەمىنە قۇللىرى ئۇشبۇ سەھىپە
سۆھبەتلىرىنىڭ ئىشەنچكە سازاۋەر بولالمايدىغان بولۇپ قالغىنى-
نى كۆرگەن چاغدا ئۇلارنى قايتا تەكرارلاشنى ئارتۇقچە، دەپ
بىلدىم.

هالبۇكى، كەمىنە پادىشاهلارغا ئۇشبۇ هۆكۈمدارلار دەستۇ-
رىدا باتىنىيلار ئىسيانىنى قانداق جىمىتىش هەققىدە بىر سەهىپە
پۈتتۈم. چۈنكى، هازىرقى ئەهۋالدا بۇ مەسىلە بەكمۇ مۇهىم.
بۇنىڭدا ئىمكانىمىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ قانداق بەندىلەر ئىكەنلى-
كى، ئېتىقاد قىلىدىغىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قەيەر-
دە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى، قانچە قېتىم كۆرۈنۈش قىلغىنىنى،
هەر قېتىمدا ئۇلارنىڭ دەككىسىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بايان
قىلدىم. مۇشۇنداق بولغاندا كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن پادىشاه-
لىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە بىر يادىكار بولۇپ
قالغۇدەك. چۈنكى هازىر بۇ قارغىش تەگكۈرلەر ۋۇجۇدقا كېلىپ
بولدى. هەتتا شام، يەمەن ۋە ئەندەلۇس (ئىسپانىيە - ت)
تۇپرىقىدا قان تۆكۈۋاتىدۇ. مەن پەقەت قەغەز يۈزىدىلا ئۇلارنىڭ
ئەجەم زېمىنىدا نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى بايان ئەيلىدىم.
مەيلى كىم بولسۇن، ئاشۇلارنىڭ بارلىق ئەهۋالاتلىرىنى بىلىپ
بېقىشنى خالىسا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەملىكەتكە ۋە دىنغا قانداق
ئاپەت بولغانلىقىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى ئىستىسە قېتىرقى-
نىپ تارىخ سالنامىلىرىگە نەزەرىنى ئاغدۇرغاي. بولۇپمۇ ئىسپا-
هان تارىخىنىڭ تەپسىلاتىنى كۆرگەي.

ئەمدى، ئالاهەزەل 100 - يىلدا ئۇلارنىڭ ئەجەم تۇپرىقىدا
قىلغان - ئەتكەنلىرى هەققىدىكى بايانىمىزنى باشلايلى. چۈنكى
بۇلار مەلىكۇل جەهان پادىشاهلىقىنىڭ بىر بۆلىكى. شۇ ۋەجىدىن
بۇ هەقتىكى هېكايەت باشتىن - ئاخىرغىچە پاراسەتلىك سۇلايمانغا
سىر ئەمەس ئىدى.

# قىرىق تۆتىنچى باب

## مەزدەك ئىسيانى، ئۇنىڭ ئەقىدىسى، نۇشرىۋان ئادىلنىڭ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنى قانداق تارمار قىلغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ بايانى

دۇنيادا دىنسىزلىقنى تۇنجى بولۇپ تەشۋىق قىلغان كىشى پېرسىيە تۇپرىقىدا ياشىغان كەي قۇباد ئىبنى فىرۇز ۋە نۇشرىۋان ئادىل زامانىسىدا ياشىغان مەجۇسىي (زوروئاستېر دىنى) ئەۋلىياسى مەزدەك بامدادان① ئىدى. ئۇ مەجۇسىي ئەقىدىسىنى چىرىتىش كويىدا بولۇپ مۇرتلارنىڭ ئارىسىغا نىزا ئۇرۇقلىرىنى چاچتى ۋە بەزى يېڭى خىياللارنى تەرغىب قىلدى. ئۇ زاماندا بۇ ئىشلار مۇنۇ تەرىقىدە يۈز بەردى: مەزدەك ئىلمى نۇجۇمغا كامىل زات بولغاچقا يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى بىر قەرنەدە مەلۇم بىر زاتنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بەردى. ئۇ مەجۇسىي، يەھۇدىي، ناسارا ۋە بۇتپەرەستلەر دىنلىرىنىڭ ئىزىغا دەسسىتىدىغان بىر تۈرلۈك يېڭى دىننى تەرغىب قىلىپ، مۆجىزىلەر ۋە كۈچ كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇنى ئىنسانلارغا تاڭدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ دىن قىيامەتكىچە داۋام قىلاركەن. مەزدەك خىيالىي توقۇلما ئارقىلىق ئۆزىنى كەلگۈسى دۇنيادا ۋۇجۇدقا كەلگۈسى ئاشۇ داھىي دەپ ئاتىدى؛ يەنە كىشىلەرنى يېڭى ئىبادەت يوسۇنىغا قانداق قىلسا مايىل قىلغىلى

① 6. ئەسىردە پىرسىيىدە ئۆتكەن بىدئەت مەسلەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقىنى كىچە ـ كۈندۈز خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى. شاھ ئوردىسىدا ئۆزىنىڭ ئالىي ھۆرمەتكە ۋە يۈكسەك مەرتىۋىگە مۇيەسسەر ئىكەنلىكى، ئۆز سۆزىنىڭمۇ بەگ ـ تۆرىلەر ئارىسىدا تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئوردا ئەھلى ھەرقاچان ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك سۆز قىلىدىغانلىقىغا شەك قىلمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئەمما ئۆزىنى ئالدىن بىلگۈچى ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەر دېسە كىشىلەرنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى شەپقەت قىلغان مۇرتلىرىغا بىر لەقمە قېزىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار شەپىسىز بىر لەقمە قېزىپ بىر ئۇچىنى ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىسىدىكى لاۋۇلداپ ئوت كۆيىدىغان جايغا ئۇلىدى ۋە كىچىككىنە بىر ئېغىز ئاچتى. ئاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن مەجۇسىي ئەقىدىسىنى يېڭى-ۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتىلدىم. ئىنسانلار ھازىر ‹ئا-ۋېستا› بىلەن ‹زەند› نى ئۇنتۇپ مەجۇسىينىڭ ياخشى ئەمەللىرى-نى قىلماس بولۇۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا بەنى ئىسرائىل ئاشۇنداق قىلغانىدى. ئۇلار مۇسا پەيغەمبەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قى-لىنغان ‹تەۋرات› قا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ پەيغەمبەردىن بىرنى («تەۋرات»تا سۈپىتى ئېتىراپ قىلىنغان) ئەۋەتىپ قارشى چىققۇچىلارنى بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئارىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ پەيغەمبەر ‹تەۋرات› نىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىدى. ھازىر بولسا، مەن مەجۇسىي ئەقىدىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ئىن-سانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئەۋەتىلدىم». بۇ سۆز-لەر ئايلىنىپ بېرىپ پادىشاھ كەي قۇباد[1]نىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

ئەتىسى كەي قۇباد بەگ ـ تۆرىلەرنى چاقىرتىپ خاتالىقىنى توغرىلاش مەقسىتىدە قوبۇل ئۆتكۈزدى. ئۇ مەزدەكنى چاقىرتىپ

---

① مىلادىيە 487 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ساسانىيلارنىڭ 11 ـ شاھى.

كېلىپ: «سەن پەيغەمبەرمۇ؟» دەپ سورىدى. مەزدەك: «شۇنـ
داق، بەندىلىرىمىز مەجۇسىي ئەقىدىسىنى ۋە ئۇنىڭ نۇرانە سىماـ
سىنى شۇبھىگە ۋە قاراڭغۇ ـ زۇلمەتكە ئەسىر قىلىپ قويغىنى
ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەسلى شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشكە ئەۋەتىلـ
گەنمەن. ئىنسانلار ‹ئاۋېستا› ۋە ‹زەند› نى ئۆز تىلىغا ئاغدۇرـ
غاندا خاتالاشقان. كەمىنە ئاشۇ خاتالارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى
ئۇلارغا كۆرسەتمەكچىمەن» دېدى. كەي قۇباد: «سۆزلىرىڭنىڭ
دەلىلى سۈپىتىدە بىرەر مۆجىزە كۆرستەلەمسەن؟» دەپ سورىدـ
غاندا مەزدەك: «ئوتنى سۆزلىتەلەيمەن، بۇ ئوتنى سەن جەننەت
ۋە قىبلە تەرەپتىكى ئوت، دەپ چۈشەنگىن. تەڭداشسىز قۇدرەتـ
لىك خۇدا ئوتقا مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاشنى
بۇيرۇيدۇ. بۇنى خەلقىئالەمنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ» دېدى. كەي
قۇباد: «ئەي ئەجەم بەگلىرى، كەزدەكنىڭ بۇ گېپىگە نېمە دەيـ
سىلەر؟» دەپ سوئال قويدى. كەي قۇبادنىڭ دىندارلىرى: «ئۇ
بىزنى ئۆز ئېتىقادىمىزدىن ۋە مۇقەددەس دەستۇرىمىزدىن ۋاز
كەچمەسلىككە چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇ مەجۇسىي دىنىغا قارشى ئەمەس.
ئەمەلىيەتتە ‹ئاۋېستا› بىلەن ‹زەند› نىڭ بەزى ئابزاسلىرىدىن
مەنىسى ئوخشاشمايدىغان ئون جاينى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز.
ھالبۇكى بۇ بۆلەكلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ۋە تەرجىمىسى ھەققىدە
كاھىن ـ دىندارلار ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدۇ. ئۇ بەلكىم مۇشۇنـ
داق بۆلەكلەرنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل تەرجىمىسىنى بىلەر. ئۇنىڭ
ئوتنى زۇۋانغا كەلتۈرىمەن دېيىشى بىر مۆجىزە. بۇ ھەقتە پادىـ
شاھ ئالىيلىرى ئەڭ دانادۇر» دېيىشتى. كەي قۇباد مەزدەككە
بۇرۇلۇپ: «ناۋادا سەن ئوتنى سۆزلىتەلىسەڭ سېنىڭ پەيغەمبەر
ئىكەنلىكىڭنى ۋە ئېيتقان ۋەزلىرىڭنى قوبۇل كۆرىمەن» دېدى.
مەزدەك: «پادىشاھ ئالىيلىرى بىر ۋاقىتنى بەلگىلەي، شۇ چاغدا
شاھ ئالىيلىرى ۋە بارچە بەگ ـ كاھىنلار ئوت ئىبادەتخانىسىغا
كېلىپ مېنىڭ تەلىپىمگە بىنائەن شەرەپلىك ۋە تەڭداشسىز خۇداـ

نىڭ ئوتنى سۆزلەتكىنىنى كۆرسۇن. خۇدا مۇۋاپىق كۆرسە پادى-
شاھ بەلگىلىگەن ئاشۇ كۈن، ئاشۇ دەقىقىدە ئوت زۇۋانغا كىرى-
دۇ» دېدى. كەي قۇباد: «ئەمىسە ئەتىلا ئوت ئىبادەتخانىسىغا
بارايلى» دېدى. ئەتىسى مەزدەك مۇرتلىرىدىن بىرنى ھېلىقى
لەخمىگە كىرگۈزۈپ مۇنداق دېدى: «مەن ھەر قېتىم كۆككە
قاراپ گۇرۇلدىگەن ئاۋازدا نىدا قىلغىنىمدا سەن لەقمىدە تۇرۇپ:
‹ئەجەم دىيارىدىكى يورۇقلۇققا بەيئەت قىلغۇچى ئىنسانلار، مەز-
دەكنىڭ سۆزىنى تىڭشاڭلار، شۇندىلا ئىككى ئالەمدە ئوخشاشلا
روناق تاپىسىلەر› دېگىن».

دېيىشكەن ۋاقىتتا كەي قۇباد ۋە بەگ ـ كاھىنلار ئوت
ئىبادەتخانىسىغا يىغىلىشتى. مەزدەك چاقىرىلىپ ئوتنىڭ ئالدىغا
كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئوتقا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپ كارنىيى يىرتىلغۇ-
دەك ئاۋازدا كۆككە قاراپ مەجۇسىيغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇدى ۋە
جىمىپ قالدى. شۇ چاغدا ئوت سىرتىدىن بىز يۇقىرىدا بايان
ئەيلىگەن مەزمۇن ئاڭلاندى. پادىشاھ ۋە بارلىق بەگ ـ كاھىنلار
ھەيرانۇ ھەس بولۇشتى. كەي قۇباد مەزدەككە قول بېرىپ ئوت
ئىبادەتخانىسىدىن ياندى. شۇنىڭدىن تارتىپ كەي قۇباد ھەر كۈنى
مەزدەكنى يېنىغا چاقىرىپ سۆھبەتلەردە بولدى ۋە ئاخىرقى يو-
سۇندا ئۇنىڭغا ئىشەندى. ئۇ مەزدەككە لەئىل ـ ياقۇتتىن كۆزلەر
قويۇلغان ئالتۇن تاج ئىنئام قىلىپ، بۇ تاجنى قوبۇلخانىدىكى
مېھرابقا قويۇپ قويۇشنى ئەمر قىلدى. قوبۇلخانىدا كەي قۇباد
مېھرابقا چىقسا مەزدەك تەختكە چىقىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئورنى
كەي قۇبادنىمۇ يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مەزدەك-
نىڭ دىنىغا كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى خۇشاللىق
بىلەن كىرسە، بەزىلىرى پادىشاھقا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن
كىرگەنىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ۋىلايەتلەردىن
تۇركۇم ـ تۇركۇم كىشىلەر ئاستانىگە كېلىپ ئاشكارا ياكى يوشۇ-
رۇن رەۋىشتە مەزدەكنىڭ دىنىغا كىرىشكە باشلىدى. كۆپ سان-

لىق تۆرىلەر، دېھقانلار ۋە لەشكىرىي خادىملار بۇ دىنغا ئۇنچىۋالا سەكپارە بولۇپ كەتمىدى. ئەمما پادىشاھقا بولغان ھۆرمەت يۈزد-سىدىن ئۇلار ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىز ئىدى. كاھىنلا-ردىن ھېچكىممۇ مەزدەكنىڭ دىنىغا ئەگەشمىدى. ئۇلار: «قېنى ئۇ ‹ئاۋېستا› ۋە ‹زەند› تىن ئۆز دەلىلىنى كۆرسەتسۇن» دېيىش-تى.

مەزدەك پادىشاھنىڭ ئۆزىگە شەكسىز ئەقىدە قىلغانلىقىنى، يىراق - يېقىن جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە مۇرت بولۇۋاتقان-لىقىنى كۆرگەندىن كېيىن مال - دۇنيانىڭ گېپىگە ئۆتۈپ مۇنداق دېدى: «بايلىق جەزمەن كىشىلەر ئارىسىغا تەقسىملىنىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ قۇللىرى ۋە ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى. بەندىلەر ھەرقانداق نەرسىگە موھتاج بولسا ئەل جۇغلانمىسىدىن ئالسۇن، شۇنداق بولغاندا ھېچكىممۇ ئازاب - ئوقۇبەت چەكمەيدۇ. ھەممىلا ئادەم باراۋەر بولىدۇ». ئۇ كەي قۇباد ۋە ئۇنىڭ ھەقەمسايىلىرىنى بۇ پىكىرگە قايىل قىلغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ بايلىقنى تەڭ تەقسىملەشكە قوشۇلۇش-تى. ئاندىن ئۇ كەي قۇبادقا: «سېنىڭ ئاياللىرىڭمۇ بايلىققا ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇلارمۇ رەئىيەتنىڭ ئورتاق مۈلكى، دەپ قارىلىشى كېرەك. بىر ئەركەك بىر ئايال زاتىغا تەشنا بولغاندا ئۇلار بىرگە بولسۇن. دىنىمىزدا رەشىك ۋە ئاداۋەتكە ئورۇن يوق. ھېكچىمنىڭمۇ شادلىق ۋە شەھۋىتى چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا ئۈمىد ۋە قانائەت ئىشىكى ھەممىلا كىشىگە ئوچۇقتۇر» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاياللاردىن بەھرىمەن بولۇش سەۋەبىدىن كىشى-لەر ئۇنىڭ دىنىغا تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن كىرىشكە باشلىدى. نامرات - كەمبەغەللەر تېخىمۇ شۇنداق قىلدى. مەزدەكنىڭ يوسۇ-نى بويىچە ناۋادا بىراۋ 20 كىشىنى ئۆيىگە چاقىرسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا نان، مەي - شاراب، گۆش تىزىپ ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن كۆڭلىنى ئاچاتتى. بارلىق مېھمانلار يەنە بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئايالىدىن بەھرىمەن بولسا بولاتتى. ئۇلارچە بۇنىڭ ھېچ خاتاسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەرلەر ھۇجرىغا كىرىپ ئاياللار بىلەن بىرگە بولغاندا بۆكىنى ئىشىك بېشىغا ئىلىپ قوياتتى. ناۋادا شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر ئەركەك شۇ ھۇجرىنى ئىستىلا ئەتمەكنى ئىستەپ كەلگەن بولسا، ئىشىك بېشىغا ئىلىقلىق تۇرغان بۆكنى كۆرۈپلا ئۆزلۈكىدىن ئارقىغا ياناتتى.

كېيىن نۇشىرىۋان ئادىل[1] كاھىنلارنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنچە كىشى ئەۋەتىپ: «نېمە ۋەجىدىن بۇنچە سۈكۈت قىلىسىلەر؟ نېمە ۋەجىدىن مەزدەك توغرىسىدا ئاتامغا نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىغا چىنپۇتمەسلىكنى ئېيتمايسىلەر؟ ئاتامغا ئۇ قانداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بويىيالىدى؟ بۇ ئىت مۇناپىق قانداقلارچە بەندىلەرنىڭ مال - دۇنياسىنى تۇزۇتۇپ، ئاياللارنىڭ روماللىرىنى يىرتىپ تاشلاپ پۇقرالارنى ھەممىلا نەرسىگە خوجا قىلىپ قويىدى؟ دەپ سوئال قويمايسىلەر؟ ئاندىن ئاتامدىن سەلتەنەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇشۇ ئەخمىقانىلىكلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقىڭلار. سۈكۈتتە تۇرىۋەرسەڭلا مال - مۈلكۈڭلاردىن ۋە ئاياللىرىڭلاردىن جۇدا بولىسىلەر، سەلتەنەتمۇ جەمەتىمىزنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىڭلار. ئاندىن بېرىپ مەزدەك بىلەن مۇنازىرىلىشىڭلار، قېنى ئۇنىڭ قانداق دەلىلى باركىن» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ بەگ - تۆرىلەرگە مەكتۇپ كىرگۈزۈپ: «ئاتامنىڭ كۆزىنى ئەندىشە تۇمانلىرى قاپلىۋالدى، دانالىقى زەخمە يېدى ۋە ياخشى - يامىنىنى ئايرىيالمايدىغان چەككە يەتتى. بۇنىڭ بىر ئىلاجىنى قىلىڭلار. مەزدەكنىڭ گېپىگە كىن-

---

① مىلادىيە 531 - يىلىدىن 579 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ساسانىيلار شاھى.

رىپ ئاتامدەك ئالدانماڭلار. بۇ دېگەن ئالدامچىلىق. كاززاپلىق-
نىڭ ئۆمرى ھېچقانچە ئەمەس، بۇ سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلەرگىمۇ
زىيانلىق» دېدى.

بەگلەر نۇشرىۋاننىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ ۋەھىمىگە پاتتى.
ئۇلارنىڭ بەزىسى مەزدەكنىڭ دىنىغا مايىل بولسىمۇ نۇشرىۋاننىڭ
مەكتۇپىنى كۆرگەندىن كېيىن ھوش - كاللىسىنى يىغىۋېلىشتى
ۋە: «مەزدەكنىڭ باشلىغان ئىشى قاياققا ماڭاركىن دەپ سىناق
نەزەرىمىزدە قاراپ باققانىدۇق. نۇشرىۋاننىڭ ھۆكۈمىنىڭ ئاسا-
سىنى بىلىپ باققۇمىز بار» دېيىشتى. شۇ چاغدا نۇشرىۋان 18
ياشتا ئىدى.

كاھىنلار باش قوشقاندىن كېيىن كەي قۇبادنىڭ ھوزۇرىغا
باردى ۋە: «ئادەم ئاتىدىن زامانىمىزغىچە بولغان ھېچبىر تارىخا-
نامىلەردىن مەزدەك تەرغىب قىلغاندەك ئادالەتسىزلىكنى كۆرگەن
ئەمەسمىز. شام زېمىنىدا ياشاپ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىنمۇ بۇ
توغرىسىدا ئاڭلىغان ئەمەسمىز. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىز ئۇچۇن كۆ-
ڭۈل ئاينىيدىغان ئىش بولدى» دېدى. كەي قۇباد: «بېرىپ
مەزدەككە ئېيتىڭلار، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟» دېدى. ئۇلار مەزدەك-
نىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئېيتقانلىرىڭنىڭ دەلىلى بولسا كۆرسەت-
كىن» دېيىشتى. مەزدەك: «مەجۇسىينىڭ پەرمانى شۇنداق،
شۇڭا ئۇلار ‹ئاۋېستا› ۋە ‹زەند› كە پۇتۇلگەن. ئەمما ئىنسانلار
بۇنى ئۆز تىلىغا ئاغدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلمەيۋاتىدۇ. ناۋادا سۆ-
زۈمدىن شۈبھىلەنسەڭلار بېرىپ ئوتتىن سوراپ كۆرۈڭلار» دې-
دى. ئۇلار يېنىپ ئوت ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ يۇقىرىقى ئېيت-
مىشلىرىنى ئوت ئىلاھىغا بايان ئەيلىۋىدى ئوت ئىچىدىن: «مەز-
دەكنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق، سىلەر يالغانچىلاردىنسىلەر» دې-
گەن نىدا ئاڭلاندى. كاھىنلار رەڭگى - روھىدىن قان دىدارى
قېچىپ قايتىشتى. ئەتىسى ئۇلار نۇشرىۋاننىڭ يېنىغا بېرىپ
بولغان ئىشنى بايان قىلدى. نۇشرىۋان: «مەزدەك ئاتەش دىنىغا

ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭ دىنى ئىككى نەرسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاتەش دىنىغا ئوپمۇ ئوخشاش» دېدى.
بۇ ئىشلارغا ھېچكىممۇ ئېتىبار بەرمىدى. شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەي قۇباد مەزدەك بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ: «كىشىلەر دىنىمىزغا خۇشاللىق بىلەن كىرىۋاتامدۇ؟» دەپ سورىدى. مەزدەك: «نۇشىرۋان ئىجازەت قىلغان بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىرەتتى. ئەپسۇس، ئۇ تولىمۇ جاھىل ئىكەن. دىنىمىزنى زادىلا قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ» دېدى. كەي قۇباد: «سېنىڭچە ئۇ دىنىمىزنى قوبۇل قىلمىدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا مەزدەك: «شۇنداق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كەي قۇباد نۇشىرۋاننى ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلدى. ئۇ كەلگەندە كەي قۇباد: «سەن مەزدەكنىڭ دىنىغا مۇرت بولمىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. نۇشىرۋان: «شۇنداق، ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقىلا خاستۇر» دېدى. كەي قۇباد: «نېمە ۋەجىدىن؟» دەپ سورىۋىدى نۇشىرۋان: «ئۇ بىر كاززاپ» دېدى. كەي قۇباد: «كاززاپ دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ ئوتنى سۆزلەتتى» دېدى. نۇشىرۋان: «تۆت نەرسە ئۆزئارا زىت. بۇلار رەڭسىز سۇ، ئوت، تۇپراق ۋە شامالدۇر. قېنى ئۇ ئوتنى سۆزلەتكەندەك سۇ، تۇپراق ۋە شامالنى سۆزلىتىپ باقسۇن. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا قول بېرىمەن» دېدى. كەي قۇباد: «ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ‹ئاۋېستا› بىلەن ‹زەند›نىڭ ئاغدۇرمىسى» دېدى. نۇشىرۋان: «ئاۋستا بىلەن زەندنى پۈتكەن پەيغەمبەرلەر بايلىق ۋە ئاياللارنىڭ خالىغانچە بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئەمەس. شۇنچە يىللاردىن بۇيانمۇ ھېچبىر ئۆلىما بۇنداق ھۆكۈمنى ئاغزىدىن چىقارغان ئەمەس. دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بايلىق بىلەن ئاياللارنى قوغداش ئۈچۈندۇر. ناۋادا بۇ ئىككىسىگە چەك قويۇلمىسا ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ ھايۋانلار يېمەكلىكتىن ۋە جۈپتىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. ئەقىل ئىگىسى

بولغان ئىنسان ئۇنداق قىلمايدۇ» دېدى. كەي قۇباد: «شۇنداقمۇ دەيلى، نېمە ۋەجىدىن ئاتاڭغا قارشى چىقىسەن؟» دەپ سوئال قويدى. نۇشىرۋان: «مەن ئۇ يوسۇنلارنى سېنىڭدىن ئاڭلىدىم، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار يوسۇن ھېسابلانمايتتى. سېنىڭ ئاتاڭغا قارشى چىققىنىڭنى كۆرگەندىن كېيىن مەنمۇ ئاتامغا قارشى چىقتىم. ناۋادا ئاشۇ دىندىن ۋاز كەچسەڭ يېنىڭغا قايتىپ بارىمەن» دېدى. كەي قۇباد ۋە مەزدەك نۇشىرۋان بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئاخىرقى ھېسابتا ئاز ـ تولا كېلىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا: «مەزدەك دىنىنى خاتا دېسەڭ دەلىلىڭنى كۆرسەت ياكى مەزدەكنى بېسىپ چۈشكۇدەك ۋەزنى بار سۆز قىلالايدىغان بىرەرنى ئېلىپ كەل. ئۇنداق قىلالمىساڭ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا جازا بېرىمىز» دېدى. نۇشىرۋان: «ئەمىسە ماڭا 40 كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭلار. مەن سىلەرگە دەلىلىمنى كۆرسىتىمەن ياكى بىراۋنى باشلاپ كېلىپ مەزدەكنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن» دېدى. ئۇلار ماقۇل بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان قايتىپ چىقتى.

ئاتىسىنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نۇشىرۋان بولغان ئەھۋالنى مەكتۇپقا پۈتۈپ چاپارمەندىن جۇرجان شەھىرىدىكى پارس ئاۋۇلىدىكى مەلۇم دانىشمەنگە ماڭدۇردى ۋە ئۇنىڭ تېزدىن يېتىپ كېلىشىنى ئۆتۈندى.

40 كۈنلۈك سورۇك توشقاندا پادىشاھ قوبۇل چاقىردى. ئۇ مېھرابقا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مەزدەك شاھلىق تەختكە چىقىپ جايلاشتى. كەي قۇباد نۇشىرۋاننى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. مەزدەك قۇبادقا: «ئۇنىڭدىن قانداق دەلىل تاپقانلىقىنى سوراپ كۆرەيلى» دېدى. كەي قۇباد: «قېنى دەلىلىڭنى كۆرسەت!» دېۋىدى نۇشىرۋان: «تەييارلىماقتىمەن» دېدى. مەزدەك: «تەييارلىققا بېرىلگەن سورۇك ۋاقتى ئاللىقاچان توشقان، ئۇنى قايتىق جازالىماي بولمايدۇ» دېدى. كەي قۇباد بولسا،

www.uyghurkitap.com

سۈكۈت قىلىپ زۇۋان سۈرمىدى. مەزدەك ئىككى ياندا تۇرغان
ياساۋۇللارغا نۇشىرىۋاننى ئېلىپ مېڭىشقا كۆز ئىشارىسى قىلدى.
ئۇلار نۇشىرىۋانغا قاراپ ماڭغاندا ئۇ قولىنى ئىشىك كېشىكىنىڭ
بىر بۇرجىكىگە قويۇپ تۇرۇپ: «ئوغلۇڭنى خاراب قىلىشقا نې-
مىشقا شۇنچە ئالدىراپ كەتتىڭ؟ سۈرۈك تېخى تۈشمىغا-
نىدىغۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟» دەپ
سورىۋېدى ئۇ: «مەن 40 كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلغانىدىم.
ئۇنىڭ ئىچىدە بۇگۈنمۇ بار. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلساڭلار
ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا» دېدى. سانغۇنلار ۋە دىندارلار: «ئۇنىڭ
ئېيتقىنى ھەقىقەت، مۆھلەت ۋاقتى 40 كۈن، بىر كۈنمۇ كەم
بولمىسۇن» دەپ تۇۋلاشتى. قۇباد: «بۈگۈنچە ئۇنى قويۇۋېتىڭ-
لار» دېدى. ياساۋۇللار ئۇنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن نۇشىرىۋان
مەزدەكنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى.

كەي قۇباد قوبۇلخانىدىن قايتقاندىن كېيىن كىشىلەرمۇ تار-
قىلىشتى. مەزدەك بىلەن نۇشىرىۋانمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى.
شۇ چاغدا نۇشىرىۋان پارس دىيارىدىن چىللىغان ئۆلىما يۈگۈرۈك
تۆگىدە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ توختىماي نۇشىرىۋان ئادىلنىڭ
ئوردىسىنى سوراشتۇرۇپ تۆگىسىدىن چۈشتى ۋە ئوردىغا قاراپ
ئوقتەك ئېتىلدى. ئۇ چاكارلارغا: «بېرىپ نۇشىرىۋانغا پارستىن
كەلگەن ئۆلىما زىيارەتكە كەلدى، دەپ مەلۇم قىل» دېدى. قۇل
ئۇچقاندەك كىرىپ مەلۇم قىلىۋىدى نۇشىرىۋان يۈگۈرۈپ دېگۈدەك
چىقىپ ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە: «ئەي ئۇستاز، پېقىر ھازىرلا باشقا
بىر دۇنيادىن قايتىپ كەلدىم» دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆلىماغا بولغان
ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۆلىما: «ئالدىراش ھاجەت-
سىز، ئىشلار سەن دېگەندەكلا بولسا سەن توغرا قىپسەن، مەن
سېنىڭ ۋەكىلىڭ بولۇپ مەزدەككە جاۋاب قىلىمەن، كەي قۇبادمۇ
قىلغانلىرىغا پۇشايمان يەيدۇ ۋە توغرا يولغا قايتىدۇ. ئەمما قەدەم
تەشرىپ قىلغانلىقىمنى مەزدەك بىلمەستە كەي قۇبادنىڭ يېنىغا

بىر بىرىپ كېلەيلى» دېدى. نۇشىرۋان: «بۇ ئاسان، بۇگۇن كەچتە يالغۇز مۇلاقەتتە بولسەن» دېدى. ئەسىر ۋاقتى بولغاندا نۇشىرۋان ئاتىسىنىڭ ئوردىسىغا بىرىپ قوبۇلغا ئىجازەت سورىدى. ئاتىسى بىلەن ئايرىم قالغاندا: «پارستىن بىر ئۆلىما كەلدى، ئۇ مەزدەك بىلەن جاۋابلاشماقچى. ئەمما ئۇ پادىشاھ بىلەن ئايرىم دىدار مۇلاقەتتە بولۇپ سۆزلىشىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. قېنى ئۇنىڭ دەلىل ــ ئىسپاتلىرىنى كۆرۈپ باقمامدۇق» دېدى. كەي قۇباد: «ئۇبدان گەپ بولدى، ئۇنى باشلاپ كەل» دېدى.

نۇشىرۋان ئۆز قەسىرىگە قايتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆلىمانى باشلاپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۆلىما پادىشاھقا ئالقىش سۆزلەرنى ياغدۇرۇپ ئاتا ــ بوۋىلىرىغا مەدھىيىلەر ئوقۇدى. ئاندىن پادىشاھقا قاراپ: «مەزدەك مەھكۇملۇققا پاتتى، بۇ خىزمەت ئۇنىڭغا تالىق ئەمەس ئىدى» دېدى. كەي قۇباد: «قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدى. ئۆلىما مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۇنى بەش قولدەك بىلىمەن، ئىلمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىنمۇ خەۋىرىم بار. ئىلمى نۇجۇمدىن ئاز ــ تولا خەۋىرى بولسىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ بۇيرۇقى ھەققىدىكى بايانلىرى خىيالىغا كەلگەنچە توقۇلغان. بېشارەتلەردىن مەلۇمكى، يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار پەيغەمبەر بولىدىغان بىر زاتنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يېڭى بىر كىتاب بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كارامەتلىك مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، كۆكتىكى ئاينىڭ يېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇ پەيغەمبەر كىشىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ نۇرلۇق يولغا باشلايدۇ ۋە بىر تۇرلۇك مۇقەددەس دىننى بەرپا قىلىدۇ. مەجۇسىي دىنى ۋە باشقا بارلىق دىنلارنى يوقىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىدىن خۇش خەۋەر بىرىپ دوزاخقا چۈشۈشىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بايلىقى ۋە ئاياللىرىنى قوغدايدۇ، شەيتاندىن نېرى بولۇپ پەرىشتىلەر بىلەن بىر بولىدۇ. ئوت ئىبادەتخانىلىرى

ۋە بۇتخانىلارنى چېقىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ دىنى پۈتۈن جاھانغا تارقىلىپ تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ھازىر مەزدەك سادادا كىشى-لەرنى كولدۇرلىتىپ ئۆزىنى ئاشۇ پەيغەمبەر مەن، دەۋاپتۇ. ئەمما ئۇ ئەجەملىك. كەلمەكچى بولغان پەيغەمبەر بولسا ئەرەب ئۇرۇقىدىن. ئۇ كىشىلەرنى ئوتقا چوقۇنۇشتىن توسۇپ مەجۇسىي دىنىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەزدەك بولسا، مەجۇسىي ئەقىدىسىنى قوغلىشىپ كىشىلەرنى ئوتقا چوقۇنۇشقا يېتەكلەيدۇ. پەيغەمبەر بولغۇسى ئۇ زات بىر ئەركەكنىڭ يەنە بىر ئەركەكنىڭ ئايالىغا كۆز قىرىنى سېلىشىنى، باشقىلارنىڭ يىڭنە چاغلىق مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشىنى چەكلەپ بىر دىنار چاغلىق نەرسىسىنى-مۇ قاقتى - سوقتى قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىككى قولىنى كېسىشكە ئەمىر بېرىدۇ. مەزدەك بولسا بايلىقنى ۋە ئاياللارنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىشىنى تەرغىب قىلىدۇ. پەيغەمبەرگە پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كېلىدۇ ۋە پەرىشتى-لەرنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن سۆز قىلىدۇ. مەزدەك بولسا، ئوت-نىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن سۆز قىلىدۇ. پەيغەمبەر بىر يېڭى كىتاب ئەپكېلىدۇ. مەزدەك بولسا، «ئاۋېستا» بىلەن «زەند» تىن باشقىنى بىلمەيدۇ. مەزدەكنىڭ دىنىدا ئاساسى كەمچىل. ئەتە مەن ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ خاتالاشقانلىقى-نى دەلىللەيمەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ شاھلىقنى ئالىيلىرىنىڭ قولى-دىن تارتىۋېلىشىنى قەستلەپ بايلىقلىرىنى توزۇتۇۋاتقانلىقىنى، ئالىيلىرىنى قۇللار بىلەن بىر قاتارغا مەھكۇم قىلىپ قويغانلىقى-نى دەلىللەيمەن». ئۇنىڭ سۆزلىرى پادىشاھنى تولىمۇ مەمنۇن قىلدى.

كەي قۇباد ئەتىسى قوبۇلخانىغا كىردى. مەزدەك شاھلىق تەختكە چىقىپ جايلاشتى. نۇشىرۋان مىھرابنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆرە تۇردى. كاھىنلار، ئۆلىمالار ۋە بەگلەرمۇ تېگىشلىك جايدىن

ئورۇن ئېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پارستىن كەلگەن ئۆلىما مەزدەككە قاراپ: «سەن ئاۋۋال سوئال قويامسەن ياكى مەن ئاۋۋال سوئال قويامدىم؟» دەپ سۆز باشلىدى. مەزدەك: «ئاۋۋال مەن سوراي» دېدى. پارسلىق ئۆلىما: «ناۋادا سەن سوئال سورىغۇچى مەن جاۋاب بەرگۈچى بولسام سەن مەيەرگە كېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا تۇر، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا ئولتۇراي» دېدى. مەزدەك بەكلا ئۇيالدى ۋە: «مېنى بۇ يەرگە پادىشاھ ئولتۇرغۇزغان، سەن سورا، مەن جاۋاب بېرەي» دېدى. ئۆلىما: «سەن بايلىقنى ئومۇمنىڭ قىلدىڭ، ئۆتەڭ ـ ساراي سېلىش، يول ـ كۆۋرۈك ياساش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار كەلگۈسىدە بۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «شۇنداق» دېدى. ئۆلىما: «ناۋادا بايلىق باشقا كىشىلەر بىلەن تەڭ بۆلۈشۈۋېلىنسا كىشىلەر ياخشى ئىش قىلغاندا ئۇنىڭ مۇكاپاتى كىمگە بولىدۇ؟» دەپ سوئال قويدى. مەزدەك زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. ئۆلىما گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «سەن ئاياللارنى ئورتاق پايدىلىنىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرۇپسەن، مىسالەن 20 ئەر بىر ئايال بىلەن بىللە بولۇپ بۇ ئايالنى ھامىلىدار قىلىپ قويسا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالا كەلگۈسىدە كىمنىڭ بولىدۇ؟» دېدى. مەزدەك غىققىدە بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆلىما: «سېنىڭ مۇددىئايىڭ نەسەبنى ۋە كىشىلەرنىڭ بايلىقىنى تۈزۈتىۋېتىش. پادىشاھ دېگەن بىزنىڭ ھۆكۈمرانىمىز بولغىنى ئۈچۈن تەختتە ئولتۇردۇ. ئۇ فىروزنىڭ ئوغلى بولغاچقا شاھلىق تەخت ئاتىسىدىن مىراس قالغان. خۇددى فىروزغىمۇ ئاتىسىدىن قالغاندەك. ناۋادا ئوخشاشمىغان ئون ئادەم پادىشاھنىڭ ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلسا، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بېكىتكىلى بولىدۇ؟ بۇ نەسەبنى بۇزغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئىشلار داۋام قىلىۋەرسە شاھ جەمەتى ئۆز نەسەبىنى ساقلاپ قالالمايدىغۇ؟ يۇقىرى ـ تۆۋەن مەنسەپلەر باي ـ كەمبەغەللىككە قاراپ بولىدۇ.

بىر ئادەم تولىمۇ كەمبەغەل بولسا، مۇقەررەر بايلارغا ياللىنىدۇ ۋە قۇل سالاھىيىتىدە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى - تۆۋەننىڭ پەرقى نامايان بولىدۇ. ھەممە بايلىق تەڭ تەقسىملەنسە ئەمەل دەرىجە پەرقى يەر يۈزىدىن يوقىلىدۇ، ئەڭ پەسكەش كىشىلەرمۇ پادىشاھ بىلەن باراۋەر بولالايدۇ. بۇ شاھلىقنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئوخشايدۇ. سەن مۇشۇنداق قىلىپ ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ بايلىقى ۋە سەلتەنىتىنى ئاستا - ئاستا يوقاتماقچىسەن» دېدى. مەزدەك ھېچ نەرسە دېيەلمەي سۈكۈت قىلغىنىچە تۇرىۋەردى. كەي قۇباد: «جاۋاب بەرگىن» دېدى. مەزدەك: «بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇنىڭ بېشىنى چېپىشقا يارلىق چۈشۈرگىن» دېدى. كەي قۇباد: «بىراۋنىڭ كاللىسىنى سەۋەبسىز چېپىشقا بولمايدۇ» دېدى. مەزدەك: «مەن بېرىپ ئوتتىن سوراپ كۆرەي، چۈنكى، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئوت ئارقىلىق كەلگەن ۋەھىيلەردۇر» دېدى. نۇشىرىۋاننىڭ سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا چېتىلىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلار ئۆلۈم دەھشىتىدىن خالاس بولغىنىغا كۆپ خۇرسەن بولۇشتى. مەزدەك كەي قۇبادنىڭ ھېلىقى ئۆلىما بىلەن نۇشىرىۋاننى ئۆلتۈرۈشنى رەت قىلغانلىقىدىن تولىمۇ خاپا بولدى. مەزدەك ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ: «دېھقانلار ئارىسىدا ۋە لەشكەرلىكتە كۆپلىگەن مۇرتلىرىم بار، كەي قۇبادنى تەختتىن بىكار قىلىشقا تەييارلىق كۆرەي، ئاندىن نۇشىرىۋاننى ۋە ئۆكتە قوپقانلارنى تامام قىرىپ تاشلاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتىسى ئوت ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ئوتنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ بېقىشقا كېلىشىپ تارقاشتى.

گۈگۈم پەردىسى چۈشكەندە مەزدەك ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئىككى مۇرىتىنى چاقىرتىپ ئۇلارغا پۇل - پۇچەك ئىنئام قىلدى ۋە ئۇلارغا كەلگۈسىدە سانغۇنلۇق مەنسىپىنى ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئاندىن ئۇلارنى ھېچكىمگە تىنماسلىققا قەسەم قىلدۇرۇپ، ئىككى خەنجەرنى تەڭلىدى ۋە: «ئەتە كەي

قوباد ۋە ئۇنىڭ تۆرىلىرى ئوت ئىبادەتخانىسىغا بارغاندا ئوت كەي قوبادنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلسا خەنجىرىڭلارنى سۇغۇرۇپ ئۇ-نىڭ جىنىنى ئېلىڭلار. دەرۋەقە، ھېچكىم ئوت ئىبادەتخانىسىغا ياراق كۆتۈرۈپ كىرمەيدۇ» دېدى. ئۆلار: «خوپ» دېيىشتى. ئەتىسى بەگلەر، تۆرىلەر، ئۆلىمالار ئىبادەتخانىغا باردى، كەي قوبادمۇ كەلدى. پارس ئۆلىماسى نۇشرىۋانغا: «ياساۋۇللاردىن ئۇنى خەنجەرلىرىنى قوينىغا سېلىپ بارسۇن. مەزدەكنىڭ ئاسىي-لىق قىلىشىدىن ھوشيار بولماق زۆرۈر» دەپ ئەسكەرتكەن بول-غاچقا نۇشرىۋان تولۇق تەييارلىق بىلەن ئىبادەتخانىغا باردى. مەزدەك ئىبادەتخانىغا بىرىنچى ئاۋۋال ھەرقاچان ھېلىقى لەقمە-دىكى مۇرتىغا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قوياتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئۇ پارس ئۆلىماسىغا: «ئوتنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپ باققىن» دېدى. ئۆلىما ئوتقا بىر قانچە سوئاللارنى قويغان بولسىمۇ ئوتتىن زۇۋان چىقمىدى. ئارقىدىن مەزدەك ئوتقا قاراپ: «بىزگە ھۆكۈم چىقارغىن، ھەقلىقىم توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگىن» دېۋىدى ئوت ئىچىدىن: «تۇنۇگۇندىن باشلاپ مەن بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتىم، ئاۋۋال كەي قوبادنىڭ يۈرىكى ۋە جىگىرىنى يەپ ماغدۇرۇمغا كېلىۋالاي، ئاندىن نېمە قىلىشنى ئېيتىپ بېرەي. مەزدەك مەڭگۈلۈك سائادەتكە يېتەكلىگۈچى زات» دېگەن ئاۋاز چىقتى. مەزدەك: «ئوتنى كۈچلەندۈرۈڭلار» دېۋىدى ھېلىقى ئىككەيلەن خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇپ كەي قوبادقا تاشلاندى. ئۆلىما نۇشرىۋانغا قاراپ: «ئۇنى قۇتقۇز» دېدى. نۇشرىۋان ۋە ئۇنىڭ ئون چاكىرى خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇپ بۇ ئىككەيلەننى توسۇۋالدى. مەزدەك بولسا، توختىماستىن: «ئوت نۇرلۇق پەرۋەردىگارىغا پەرمانى بويىچە سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ تۇۋلى-دى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. بىر گۇرۇھ: «كەي قوبادنى ئوتقا تاشلايلى» دەپ چۇقان كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپ: «ھەقىقەتنى كۆرگۈچە ئېھتىياتچان بولايلى»

www.uyghurkitap.com

دېيىشتى. تۈن تەڭگە يېقىن ئۇلار تارقاشتى، كەي قۇباد: «بەلكىم گۇناھلىرىم باردۇر. شۇڭا ئوت ئىلاھى مېنى يېمەكچى بولغان ئوخشايدۇ. پانىي ئالەمدىكى ئوتتا چۇچۇلا بولۇپ كېتىشكە رازىمەنكى كەلگۈسىدىكى ئوتنىڭ ئازابىغا تاقەت قىلغۇچىلىكىم يوق» دېدى.

پارسلىق ئۆلىما كەي قۇباد بىلەن ئىككىنچى قېتىم خاس مۇلاقەتتە بولغىنىدا ئۆتمۇشتىكى ئۆلىمالار ۋە پادىشاھلار ھەققىدە سۆزلىدى. باشقا دىنلاردىن دەلىللەر كەلتۈردى. شۇنداقلا مەزدەكنىڭ پەيغەمبەر ئەمەس، پادىشاھلىقنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مەزدەكنىڭ ئاۋۋال نۇشىرۋاننى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى، بۇ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن كەي قۇبادنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىنى، ئۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئوتنى سۆزلىتىش خىيالىغا كەلگەنلىكىنى، ھېچقاچان زۇۋان سۈرمەيدىغان ئوتنىڭ نېمىشقا سۆزلىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ جەزمەن بۇ كاززاپلىقنى پادىشاھقا ئاشكارا قىلىدىغانلىقىنى، زادى سۆزلىگۈچىنىڭ ئوت ياكى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ پادىشاھنى قايىل قىلىپ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغۇزدى. ئارقىسىدا قوشۇمچە قىلىپ: «نۇشىرۋاننى بالا دەپ كىچىك چاغلىماڭ، ئۇ دېگەن دۇنيانىڭ ئەمرى. ئۇ قايسىلا يولغا ماڭسا ئۇنىڭدىن يىراقلىماڭ، شاھلىق تەختى ئۆز جەمەتىمدىن ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دېسىڭىز تېخىمۇ شۇنداق قىلىڭ، ئۆز سىرلىرىڭىزنى مەزدەككە ئېيتماڭ» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلىما نۇشىرۋانغا: «مەن بىر ئامال قىلىپ مەزدەكنىڭ بىرەر چاكىرىنى ئىندەككە كەلتۈرەي ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوت ھەققىدىكى ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپ كۆرەي. شۇنداق قىلساق ئاتاڭنىڭ كاللىسىدىكى شۈبھە تولۇق تۈگەيدۇ» دېدى. نۇشىرۋان مېڭىپ يۈرۈپ مەزدەكنىڭ بىر يېقىنىنى قولغا كەلتۈردى ۋە خانىسىغا يوشۇرۇن باشلاپ كەلدى.

ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا مىڭ دىنارنى قويۇپ: «سەندىن بەزى ئىشلا-
رنى سوراپ كۆرمەكچىمەن، راستىنى ئېيتساڭ مۇنۇ مىڭ دىنار
سېنىڭ بولىدۇ، سەن مېنىڭ يېقىنىم بولىسەن، مەنسىپىڭمۇ
ئۆستۈرۈلىدۇ. ناۋادا يالغان سۆزلىسەڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كاللا-
ڭدىن جۇدا بولىسەن» دېدى. ئۇ ئادەم قورقىنىدىن: «راست
سۆزلىسەم ۋەدەڭدە تۇرامسەن؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىدى. نۇش-
رىۋان: «شۇنداق، سەن تېخىمۇ كۆپ ئىنئام ئالىسەن» دېدى.
ئۇنىڭ رازى بولغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن نۇشىرۋان: «مەزدەك
قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ ئوتنى سۆزلىتىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى.
ئۇ: «راستىنى دېسەم مېنى ساقلاپ قالالامسەن؟ مەزدەكتىن سىر
تۇتالامسەن؟» دېدى. نۇشىرۋان ئۇنىڭغا خاتىرجەم بولۇشنى ئېيت-
قاندىن كېيىن ئۇ: «ئوت ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدا بىر پارچە
يەر بار، بۇ يەرنى مەزدەك پۇلغا ئالغان ۋە چۆرۈلدۈرۈپ تام
سوقتۇرغان، ئۇ ئاشۇ يەردىن ئوت ئىبادەتخانىسىغا تۇتىشىدىغان
بىر لەقمە قازدۇردى. لەقمىنىڭ ئۇچى ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇتى-
شىدۇ. ئۇنىڭ ئادەملىرى دائىم بۇيرۇققا بىنائەن لەقمىگە كىرىپ
ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇتىشىدىغان لەقمە ئاغزىدا تۇرۇپ مەزدەك-
نىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى تەكرارلايدۇ. بۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممى-
سى ئوتنى سۆز قىلدى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ» دېدى. بۇ سۆزلەر-
نى ئاڭلىغان نۇشىرۋان ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە
ئىشەندى ۋە خۇشال بولۇپ مىڭ دىنارنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى.

شۇ كېچىسى ئۇ بۇ ئادەمنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى.
ئۇ ئادەم بىلگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلدى. كەي قۇباد
مەزدەكنىڭ نەيرەڭۋازلىقىدىن ۋە قاپ يۈرەكلىكىدىن ھەيرانۇ
ھەس بولدى. كاللىسىدىكى شۇبھە تۇمانلىرى تامام تارقىدى.
كەي قۇباد پارسلىق ئۆلىمانى چاقىرتىپ ئاڭلىغانلىرىنى بايان
قىلدى. ئۆلىما: «مەن ئۇنى بىر كارزاپ دېمىگەنمىدىم» دېدى.
كەي قۇباد: «ئەمدى ھەممە ئىش ئايان بولدى، ئۇنى بەربات

قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى نېمە؟» دەپ سورىۋىدى ئۆلىما: «ئۇ ھازىر شاھ ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز. ئىشنىڭ ئەۋزىلى شۇكى، سىز بىر قېتىم مەجلىس ئۆتكۈزۈڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلاي، ئاخىردا يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇۋېلىپ پارسقا قايتىپ كېتەي، ئاندىن سىز نۇشىرەۋان مۇۋاپىق، دەپ قارىغان ئىشنى قىلىڭ ۋە بۇ ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىڭ» دېدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قۇباد بارلىق كاتىپلارنى يىغىپ ئوردىدا مەجلىس ئۆتكۈزدى ۋە پارسلىق ئۆلىما بىلەن مەزدەكنى مۇنازىرىگە سېلىپ قويۇپ مەزدەكنىڭ سۆزلىرىگە ئىنچىكىلەپ قۇلاق سالدى.

ئۆلىما: «مېنى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى ئوتنىڭ سۆز قىلىشى بولدى» دېدى. مەزدەك: «تەڭرىنىڭ مۆجىزىلىرى ئالدىدا ئۇنى مۆجىزە دېگىلى بولمايدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ياغاچ پارچىسى ئىچىدىن يىلان چىقارغىنى ۋە تاشتىن 12 بۇلاق چىقارغىنى يادىڭدىمۇ؟ ئۇ مۇنداق دېگەن: ‹مەن قوشۇن بىلەن فىرئەۋننى سۇغا غەرق قىلىمەن› دېگىنىنى قىلدىغۇ؟ تەڭرى يەنە زېمىننى مۇساغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇڭا مۇسا: ‹ئەي زېمىن، قارۇننى يۇتقىن› دېۋىدى ئۇنى يەر يۇتتى. ئەيسا پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىزنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەندىلەرنىڭ قادىر ـ قابىلىيىتىدىن ھالقىپ كەتسىمۇ تەڭرىنىڭ قۇدرەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. مەن ئۇنىڭ بەندىسى، شۇڭا ماڭا ئوتنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئەگەر سەن مېنىڭ ئېتىقادلىرىم ۋە ئوتنىڭ ئېتىقادلىرى بويىچە قىلساڭ ئىككىلا دۇنيادا نىجادلىق تاپالايسەن، ماڭا ئىتائەت قىلمىساڭ تەڭرىنىڭ غەزىپى سېنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىدۇ» دېدى. پارسلىق ئۆلىما ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «تەڭرىنىڭ ۋە ئوتنىڭ ھىدايىتىگە مۇيەسسەر بولغان كىشىگە نېمىمۇ دەي؟ ئوتمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۆزۈم قىلالمايدىغان بىر ئىشنى قىلالايدىغان زات تۇرغان

يەردە مەن مۇنازىرىگە قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي، مەن كېتەي، ئۆز خىيالىمدىن كەچتىم» دېدى ۋە شۇ زاماتلا پارس يولىغا ئاتلاندى. كەي قۇبادمۇ قوبۇلخانىدىن ئايرىلدى. مەزدەك ئوت ئىبادەتخانى-سىدىكى ھەيتىلىك ئىبادەتكە كەتتى، قالغانلارمۇ تارقاشتى. مەز-دەكنىڭ دىنىغا كىرگەنلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەقىدە باغلاشتى.

شۇ كېچىسى كەي قۇباد نۇشىرۋاننى چاقىرتىپ كېلىپ: «ئۆلىما كەتتى، ئۇ مېنى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرغان، ئەم-دى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. نۇشىرۋان: «ناۋادا بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇشنى ئىختىيار قىلساڭ ئۇنى ھېچكىمگە تىنمايمەن. ئاز - تولا تەييارلىق كۆرۈۋالغاندىن كې-يىن مەزدەكنىڭ ئۆزىنى ۋە دىنىنى يەر يۈزىدىن تۈگەل يوقىتى-مەن» دېدى. كەي قۇباد: «بۇ سىرنى سېنىڭدىن باشقا ھېچ ئىنسانغا تىنمايمەن. بۇ سىر ئىككىمىزنىڭ يۈرىكىدىلا قالسۇن» دېدى. نۇشىرۋان: «يادىڭدا بولسۇنكى، پارس ئۆلىماسى ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئاشكارا تەن ئېلىپ پارسقا كەتتى. مەزدەك ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى بولسا، خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قېلى-ۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ توساپ قالال-مايدىغانلىقى توغرىسىدا جار سېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى پەيتتە مەز-دەكنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىش تولىمۇ ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ مۇرتلىرى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە پىتىراپ كەتسە ئۇلار بارغانلى-كى جايدا بىر ئاماللار بىلەن كىشىلەرنى ئۆز دىنىغا مۇرت قىلى-دۇ. تاغلارنى قورغان قىلىپ بىزگە ۋە سەلتەنىتىمىزگە ئاپەت بولىدۇ. شۇڭا ئىشنى شۇنداق پۈتتۈرەيلىكى، ئۇلارنى بىراقلا قاپقانغا دەسسىتەيلى، قىلىچىمىزنىڭ تىغىدىن بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلمىسۇن» دېدى. كەي قۇباد: «سېنىڭچە ئىشنىڭ ئەۋزىلى قايسى؟» دەپ سورىۋىدى نۇشىرۋان: «مەزدەك ئوت ئىبادەتخانى-سىدىن قايتىپ سەن بىلەن مۇلاقەتتە بولغاندا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ تېخىمۇ زور ھۆرمەت كۆرسەت. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايرىم سۆھبەتتە بولغاندا پارسلىق ئۆلىما يېشىلگىنىگە تەن بېرىپ مۇنازىرىدىن چېكىنگەندىن ئېتىبارەن ئۆز ئىخلاسىڭنىڭ ھەسسى-لەپ ئاشقانلىقىنى، مېنىڭمۇ پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭغا مۇرت بولۇش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتقىن. قېنى ئۇ نېمە دەيدى-كىن» دېدى.

كېيىنكى ھەپتىسى مەزدەك كەي قۇبادنىڭ ھۇزۇرىغا كىر-گەندە كەي قۇباد ئۇنىڭغا كەمتەرلىك بىلەن ئالىي ھۆرمەت كۆر-سەتتى. ئۇ نۇشىرۋاننىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋىدى مەزدەك بۇنىڭ-غا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى ۋە: «خەلقىئالام نۇشىرۋاننىڭ دېگەن ـ ئەتكىنىگە قاراپ ئىش قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ دىنىمىزغا مۇرت بولسا پۈتۈن جاھان دىنىمىزغا ئەگىشىدۇ. مەن ئوتتىن بىزنى ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈنەي، يورۇقلۇق تەڭرىسىگە نۇشىرۋاننىڭ دىلىغا دىنىمىزنى سېلىش توغرىسىدا ئىلتىجا قى-لاي، دېدى. كەي قۇباد: «توغرا دەيسەن، ئۇ مېنىڭ پۇشتۇم بولغاچقا قوشۇندىكىلەر ۋە دېھقانلار ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇ دىنىمىزغا كىرگەندە جاھاندا ھېچكىم بۇ دىننى قوبۇل قىلماسلىققا باھانە تاپالمايدۇ. نۇشىرۋان دىنىمىزغا كىرسىلا يورۇقلۇق تەڭرى-سىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، گۇستەسىب مەجۇسى شەرىپىگە كىشمارغا ئالتۇن راۋاق ياساتقاندەك مەنمۇ سېنىڭ شە-رىپىڭگە دەجلە دەرياسى بويىغا تاش مۇنار سالىمەن. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە قۇياشتىنمۇ يورۇق بولغان ئالتۇن راۋاق بىنا قىلىمەن» دېدى. مەزدەك: «سەن ئوغلۇڭغا نەسىھەت قىل، مەن تەڭرىگە ئىلتىجا قىلاي، ئىشەنچىم كامىلكى، تەڭرى دۇئالىرىمنى ئىجا-بەت قىلىدۇ» دېدى.

گۇگۇم چۈشكەندە، قۇباد نۇشىرۋانغا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. نۇشىرۋان: «بىر ھەپتىدىن كېيىن مەزدەك بىلەن سۆھبەتتە بولغىنىڭدا مۇنداق دېگىن: «تۈنۈگۈن كېچە نۇشىرۋان بىر چۈش كۆرۈپتۇ ۋە بەكلا قورقۇپ كېتىپتۇ.

بۈگۈن قاق سەھەردە يېنىمغا كېلىپ چۈشىدە غايەت زور بىر پارچە ئوتنىڭ ئۆزىگە قاراپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر يانغا داجىغانلىقىنى، شۇ چاغدا تولىمۇ سۈمباتلىق بىر كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئوتنىڭ مۇددىئاسى نېمە ئىكەنلىكىنى سورىسا بۇ ئادەم ئوتنىڭ نۇشىرىۋاندىن بەكمۇ كۆڭلى قالغانلىقى، چۈنكى نۇشىرىۋان ئوتنى كاززاپ دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ چۈشىدىكى ھېلىقى ئەۋلىيا سۈپەت كىشىدىن بۇ ئىشلارنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىسا ئۇ ئادەم بۇ ئىشلاردىن پەرىشتىلەر تولۇق خەۋەردار، دەپتۇ. كېيىن ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ھازىر جىقلا ئىپار، ئەنبەرنى كۆتۈرۈپ ئوت ئىبادەتخانىسىغا تاۋاپقا كەتتى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بېرى ئوتۇن تاشلاپ ئوت ئىلاھىغا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىۋاتىدۇ». مەزدەك بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەكلا خۇرسەن بولدى.

شۇ ئىشلار بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە نۇشىرىۋان ئاتىسى ئارقىلىق مەزدەككە مۇنداق دېدى: «شۇنىسى ئايان بولدىكى، بۇ تولىمۇ توغرا دىن ئىكەن. مەزدەك يورۇقلۇق ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى ئىكەن. مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىمەن، ئەمما كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ دىنىغا قارشى تۇرۇۋاتقان بولغاچقا مۇرت بولۇشتىن قورقۇۋاتىمەن. ئاشۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىسيان قىلىشى ۋە دار سەلتەنىتىنى قىلىچ كۈچى ئارقىلىق تارتىپ كېتىشىگە ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرالمايمىز. شۇڭا قانچىلىك كىشىلەرنىڭ دىنىمىزغا ئەگىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ باققۇم بار. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ۋە كۈچلۈك بولسا بىزنىڭ تەلىيىمىز، ئۇنداق بولمىسا مۇرتلار ۋە مۇخلىسلارنىڭ سانى كۆپىيىپ قۇدرەت تاپقاندا ئاندىن بۇ دىنغا كىرمەكچىمەن. مەن ئۇلارغا قورال - ياراغ ۋە ئاشلىق بىلەن ياردەم قىلماقچىمەن. بىز كۈچ جەھەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك بولغاندا

www.uyghurkitap.com

دىنىمىزنى تەرغىب قىلساق ھەممىلا ئادەم ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ» . نۇشرىۋان ئاتىسىغا مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەزدەك ئۆز مۇخلىسلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتسا ئۇنىڭغا بىر تىزىملىك پۈتۈشىنى بۇيرۇغىن. ئۇنىڭغا بارچە مۇرت ـ مۇخلىسلارنىڭ ئىسمى يېزىلسۇن. بۇنى نۇشرىۋانغا كۆرسىتىپ ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشىمەن، دېگىن. شۇنداق قىلساق مەزدەكنىڭ ئادەملىرى بىزگە تامام مەلۇم بولىدۇ» . كەي قۇباد نۇشرىۋاننىڭ ئېيتقانلىرىنى مەزدەككە بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزدى. دېگەندەك مەزدەك رويخەتتىن بىرنى تۈزۈپ كەي قۇبادقا يەتكۈزۈپ بەردى. قارىسا ئۇنىڭدا شەھەر پۇقرالىرى، دېھقانلار ۋە لەشكەرلەر بولۇپ 12 مىڭ كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىكەن. كەي قۇباد: «بۈگۈن كېچە نۇشرىۋان بىلەن مۇلاقەتتە بولغاندا رويخەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قوياي. ناۋادا ئۇ دىنىمىزغا كىرسە ناغرا چېلىپ بەلگە بېرەي ۋە بىر ئوغلۇمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئەلگە جاكارلاي، سەن ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان نۇشرىۋاننىڭ دىنىمىزغا كىرگىنىنى جەزملەشتۈرگىن» دېدى.

مەزدەك كەتكەندىن كېيىن كېچە قاراڭغۇسىدا نۇشرۋان ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ئاتىسى ئۇنىڭغا رويخەتنى كۆرسىتىپ ئۆزلىرى دېيىشىۋالغان بەلگە ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. نۇشرىۋان: «ياخشى بوپتۇ، ھازىرلا ناغرا چېلىشسۇن، ئەتە مەزدەك بىلەن دىدارلاشقاندا مېنىڭ رويخەتنى كۆرۈپ دىنىمىزغا مەدھىيە ئوقۇغانلىقىمنى، ئەسلىدە بەش مىڭ ئادەم بولسىلا كۇپايە دەپ ئويلىغانلىقىمنى، 12 مىڭ ئادەم بولغانىكەن دۇنيادىكى ھېچقانداق كۈچتىن قورقمايدىغانلىقىمىزغا شۇبھە قىلمىغانلىقىمنى ئېيتقىن. بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلىكى ئىش توغرىسىدا كېڭەش بولسا شاھ ئالىيلىرى، مەزدەك ۋە مەن دەرقەمدە تۇرۇپ بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى» دېدى.

شۇ ،كېچىدىكى دەسلەپكى جېسەكتىن ئۆتكەندە مەزدەك ناغرا

ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىچە: «نۇشىرۋان دىنىمىزغا كىر-
دى!» دەپ تەنتەنە قىلدى. ئەتىسى مەزدەك قوبۇلغا كىرگەندە
كەي قۇباد مېھرابتا ئولتۇرۇپ مەزدەككە نۇشىرۋاننىڭ ئېيتقانلى-
رىنى سۆزلەپ بەردى. مەزدەك بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بول-
دى. قوبۇل تۈگىگەندە، كەي قۇباد ۋە مەزدەك خاس ئولتۇرۇپ
نۇشىرۋاننى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. نۇشىرۋان كېلىپ
مەزدەكنىڭ ئالدىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، قىممەت باھالىق سوۋغات-
لار ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئىنئام تەرىقىسىدە قويدى ھەمدە
ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىغا تۆۋا قىلدى. ئاندىن ئۇلار
كېڭەشكە چۈشتى. ئاخىردا نۇشىرۋان ئاتىسىغا مۇنداق دەپ ئۇلار-
نىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈردى: «سەن جاھاننىڭ خوجىسى،
مەزدەك بولسا، يورۇقلۇق ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى، مەن لەشكەر-
لەرنىڭ ئەمرى بولاي. مەن جاھاندا دىنىمىزغا كىرمىگەن ئىنسان
ۋە ۋىلايەت قالمايدىغان ھالەتنى ۋۇجۇدقا چىقىراي. شۇندا ھەممىلا
ئادەم دىنىمىزغا خۇشاللىق بىلەن كىرىدۇ». كەي قۇباد بىلەن
مەزدەك: «سىنىڭ ئارزۇلىرىڭ بۈيۈكتۇر» دېدى. نۇشىرۋان:
«ئۇنداقتا مەزدەك ئۇستاز ھەرقايسى ۋىلايەت ـ شەھەرلەردىكى
مۇرتلىرىغا ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىنكى پۈستانى
ۋاقىتتا يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوردىغا
يىغىلسۇن. بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئۇلارغا قىلىچ ـ نەيزە ۋە كې-
رەكلىك ئاتلارنى تەييارلايلى. ئەمما نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى-
مىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن. بەلگىلەنگەن كۈندە بىز ئۇلارنى جاي-
لاشتۇرۇپ ئازادە زىياپەتلەرنى بېرىمىز. غىزادىن كېيىن ئۇلار
باشقا بىر بۆلۈمگە يۆتكىلىپ شاراب داستىخىنىغا داخىل بولىدۇ.
داستىخاندىكى ھەربىر كىشى يەتتە قەدەھتىن مۇسەللەس ئىچىدۇ.
ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە تون ھەدىيە قىلىمەن، بىر قېتىمدا
20 ـ 50 ئادەم قوبۇل قىلىنىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە بارچە مۇرتلار
بىر قېتىم قوبۇلغا سازاۋەر بولىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە ھەممە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەن تولۇق جابدۇنىدۇ، جابدۇنمىغانلار بولسا ئامبارنى ئېچىپ ياراغ، دۇبۇلغا - ساۋۇت ئېلىپ چىقسۇن. شۇ كېچىسى دىنە-مىزغا كىرگەنلەرنىڭ ئامان قالىدىغانلىقىنى، بويۇنتاۋلىق قىل-غانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلايمەن» دېدى. كەي قۇباد ۋە مەزدەك: «سۆزۈڭ ئورۇنلۇق، تولۇقلاش ھاجەتسىز» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قوزغىلىشتى. مەزدەك ھەر-قايسى ۋىلايەت - شەھەرلەرگە چاپارمەن ماڭدۇرۇپ مۇرت - مۇخلىسلىرىغا پالانى ۋاقىتتا تولۇق قوراللىنىپ ئوردىغا كېلىشكە ئەمىر قىلدى. ئۇلارغا قىلچە شۇبھىدە بولماسلىقنى، ئىشلارنىڭ ئۆزلىرى كۈتكەن ھالدا ئىكەنلىكىنى، چۈنكى پادىشاھنىڭ ئۇلارغا داھى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

بەلگىلەنگەن كۈندە 12 مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى شاھ ئوردى-سىغا يىغىلدى. ئۇلار ئوردىدا ھېچقاچان كۆرمىگەن كاتتا زىياپەت-نىڭ راسلانغانلىقىنى كۆردى. كەي قۇباد مېھرابتا، مەزدەك شاھلىق تەختتە ئولتۇراتتى، نۇشىرىۋان بولسا، كەمەر تاقاپ سا-ھىبخاندەك بىر چەتتە تۇراتتى. مەزدەكنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغانىدى. نۇشىرىۋان كەلگەنلەرنى مەنسەپ - دەرىجىسى بويىچە تامام كۇرسىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. غىزادىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر بۆلۈمگە يۆتكەلدى ۋە ئۇ جايدىكى كارامەت ھەشەمىدىن ھەيران بولۇشتى. ئۇلار يەنە ئاۋۋالقى تەرتىپى بويىچە داستىخانغا جايلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاپىزلار ناخشىسىنى باشلىدى، ساقىيلار ئايلاندۇرۇپ شاراب قۇيۇشقا باشلىدى. ئىككى ئايلىنىش-تىن كېيىن قوللىرىدا كىمخاپ - دۇردۇنلاردىن قىلىنغان بوپە-لارنى كۆتۈرۈشكىنىچە 200 چە قول ۋە مەھرەملەر كىرىپ تويە-نىڭ يېنىدا قاتار تىزىلدى. شۇ چاغدا نۇشىرىۋان: «تونلارنى باشقا بىر خانىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، بۇ يەر بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتكۇدەك. مېھمانلار 20 - 30 دىن بولۇپ تونلىرىنى ئېلىۋې-لىشسا بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۇ بۆلمە ئارقىلىق چىقىۋگەن

مەيدانىغا بېرىپ ھەممەيلەن تونلىرىنى كىيىپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، تون يېپىش ئاخىرلاشقاندا پادىشاھ ۋە مەزدەك چەۋگەن مەيدانىغا كېلىپ ئۇلارنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇ ئارىلىقتا مەن بېرىپ قورال ئامبىرىنى ئاچتۇرۇپ ياراغلارنى ئېلىپ كېلىمەن» دەپ جاكارلىدى. ئالدىنقى كۈنى نۇشىرۋان يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ئىككى ـ ئۈچ يۈز دېھقاننى ئوردا ـ سارايىنى تازىلاش ۋە چەۋگەن مەيدانىنى تۈزەشتۈرۈش باھانىسىدە كەتمەنلىرى بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ كەلگەنىدى. ئاندىن ئۇلارنى جەۋگەن مەيدانىغا يىغىپ دەرۋازىنى قولۇپلىغان ۋە مۇنداق دېگەنىدى: «بۇگۈن ۋە بۇگۈن كەچتە مۇشۇ مەيدانىغا ئىككى غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا 12 مىڭ ئورەك كولاڭلار. كولىغان توپىنى ئورەكنىڭ يېنىغا دۆۋىلەپ قويۇڭلار». ئۇ قورۇقچىلارنى بۇ ئادەملەرنى تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا چىقارتماي باشقا بىر ھويلىغا نەزەربەند قىلىشنى تاپشۇرغانىدى. زىياپەت بېرىلگەن ئاخشىمى ئۇ 400 چە كىشىنى جابدۇپ ئۇلارنى چەۋگەن مەيدانىغا ۋە مەيدان يېنىدىكى بىر ھويلىغا جايلاشتۇردى ھەمدە مۇنداق كۆرسەتمە بەردى: «ھەر قېتىم 20 ـ 30 ئادەمنى زىياپەت سورۇنىدىن تون ـ سەرپاي خانىسىغا ماڭدۇرغىنىمدا ئۇلارنى مۇشۇ ھويلىغا باشلاڭلار، ئاندىن بۇ ھويلىدىن چەۋگەن مەيدانىغا ئاپىرىڭلار. ئاندىن ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تامام سالدۇرۇۋېلىپ ئاسمان تاپان قىلىپ بېشىنى ئورەككە تىقىڭلار ۋە توپا يۆلەپ بېشىنى كۆمۈڭلار، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تىكلەپ قويۇڭلار ۋە مەزمۇت چىڭداڭلار».

تون تۇشۇغۇچىلار زىياپەت زالىدىن تون يۆتكەش خانىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئىككى يۈز ئاتنى، قالقان ۋە نەيزىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار 20 ـ 30 دىن بولۇپ تون ـ سەرپاي خانىسىغا ماڭدۇرۇلدى. ئۇ جايدا ئۇلارنى ھويلىدىن ئۆتكۈزۈپ

چەۋگەن مەيدانغا باشلاپ كېلىشتى ۋە ئاسمان تاپان قىلىپ باشچىلاپ ئورەككە كۆمىۋەردى. مۇشۇ تەرتىپتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇشىرۋان ۋە ئاتىسى مەزدەككە: «تون كېيدۇرۇش ئاخىرلاشتى، ئۇلار چەۋگەن مەيدانىدا كۆرەككە تەييار تۇرماقتا. سىلەر ھېچقاچان بۇنچە پاساھەتلىك كۆرەكنى كۆرگەن ئەمەس» دېدى. كەي قۇباد بىلەن مەزدەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ چەۋگەن مەيدانغا مېڭىشتى. مەزدەك كېلىپلا بوشلۇقتا سانجاق - سانجاق تۇرغان پۇتلارنى كۆردى. شۇ چاغدا نۇشىرۋان مەزدەككە بۇرۇلۇپ: «ئەمىرنىڭ مۇنۇ قوشۇنى ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق مۇراسىم بارمىدۇ؟ سەن پەقەتلا رەئىيەتنىڭ بايلىقىنى ۋە ئاياللىرىنى بۇلاشقا، جەمەتىمىزدىن شاھلىقنى تارتىۋېلىشقا كەلگەنسەن» دېدى. ئۇلار چەۋگەن مەيدانىنىڭ ئالدىغا ئېگىز قىلىپ توپا دۆۋىلىدى، ئاندىن بىر ئازگال كولىدى. نۇشىرۋاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلار مەزدەكنى تۇتۇپ ئۆرە ھالەتتە ئازگالغا چۈشۈرۈشتى ۋە مەيدىسىگىچە توپا دۆۋىلىدى. ئاندىن چۆرۈلدۇرۇپ كۇل تۆكتى. نۇشىرۋان ئۇنىڭغا: «مۇرتلىرىڭغا قارا، ئۇلارغا كۆز ئۇزمەي قارا» دېدى. ئاندىن ئاتىسىغا: «دانالىقنى يوقاتما! ھازىر سەن ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى بۆلۈمگە كىرىپ ئارام ئېلىش، ئەل - يۇرت ۋە قوشۇن تىنچىغاندا ئاندىن كۆرۈنۈش قىل. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سېنىڭ ئەقىل جەھەتتىكى ئاجىزلىقىڭ جاۋابكار» دېدى. ئاندىن ئاتىسىنى ئۆيگە ئەپكىرىپ قويۇپ ئورەك كولاشقا ئېلىپ كېلىنگەن دېھقانلارنى قويۇۋەتتى. چەۋگەن مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى پۇقرالارغا ۋە نۆۋكەرلەرگە ئېچىلىپ ئۇلارنىڭ كېلىپ كۆرۈشىگە ئىجازەت قىلىنىدى. ئۇلار تاكى مەزدەكنىڭ جېنى چىققۇچە ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى يۇلۇشقا بۇيرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇشىرۋان ئاتىسىنى نەزەربەند قىلىپ بارچە بەگ - تۆرىلەرنى چىللاپ مۇنازىرىسىز ھالدا شاھلىق تەختكە چىقتى ھەمدە ئۆزىنى ئادالەت ۋە مەردانىلىككە بېغىشلىدى. ئۇشبۇ ھېكايەت ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۇچۇن كەڭ تارقالدى.

# قىرىق بەشىنچى باب

## نىشاپۇردا سىنباد مەجۇسىينىڭ باش كۆتۈر- گەنلىكى ۋە ئۇنىڭ رەيدە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىسيان قىلغانلىقىنىڭ بايانى

ئۇشبۇ ۋەقەلەردىن كېيىن مەزدەك پىرقىسىدىن ھېچبىر كىشى جاھاندا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمىدى. شۇ چاغدا مۇنۇ ۋەقەلەر يۈز بەردى.

مەزدەكنىڭ ئايالى خۇرمە بىنت فەدا مادائىندىن ئىككى ئادەم بىلەن رەيگە قېچىپ كەلدى ۋە يېزىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە كىشى- لەرنى ئېرىنىڭ دىنىغا يوشۇرۇنچە دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئاقىۋەت خېلىلا نۇرغۇن ساندىكى مەجۇسىي مۇرتلىرى بۇ دىننى قوبۇل كۆردى. كىشىلەر بولسا، ئۇلارنى خۇرەمىيلار، دەپ ئا- تاشتى. ئەمما ئۇلار ئاشكارا بىر ئىش قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز دىنلىرىدا يوشۇرۇن بولۇپ ئۇنى زورايتىشنىڭ كويىدا يۈر- دى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغاندىن 137 يىل كېيىن، يەنى ئەبۇ جەئفەر ئەل مەنسۇر باغدادتا ئەبۇ مۇسلىم ئەزدۇددەۋلەنى قەتل قىلغاندا نىشاپۇردا مەجۇسىي ئەقىسىدىكى سىنباد ئىسىملىك بىر زات قەلئە بېگى ئىدى. بۇ كىشى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ چاكىرى ۋە كونا بۇرادىرى بولۇپ، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئۆستۈرۈشى بىلەن سۇ باشلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئەبۇ مۇسلىم قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئىسيان قىلىپ بىر بۆلۈك قوشۇن بىلەن نىشاپۇردىن رەيگە كەلدى ھەمدە رەي، تەبەرىستان تەۋەسىدىكى

مەجۇسىي مۇرتلىرىنى قۇتراتتى. ئەينى ۋاقىتتا جۇرجان ۋە ئىراق خەلقىنىڭ يېرىمى رافىزىي ۋە مەزدەك دىنىدا ئىدى. ئالدى بىلەن ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە رەيگە ھاكىملىق قىلىۋاتقان ۋالىي، ھەنەفى مەزھىپىدىكى ئەبۇئۇبەيدىنى ئۆلتۈرۈپ ئەبۇ مۇسلىمنىڭ رەي شەھىرىدە توپلىغان دۇنيالىرىنى قولىغا كىرگۈزگەنلىكتىن ئۇنىڭ مۇرتلىرى ئۆز دىنىنى ئاشكارا تەرغىب قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇ ئۆزىگە ئاز - تولا ماغدۇر يىغىۋالغاندىن كېيىن ئامال قىلىپ مۇسلىمنىڭ ئاقىۋان قېنى ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا نىيەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ مۇرتى دەپ جاكارلاپ ئىراق ۋە خۇراسان خەلقىگە «ئەبۇ مۇسلىم قەتل قىلىنمىدى، ئەكسىچە ئەبۇ جەئفەر ئەل مەنسۇر ئۇنى قەتل قىلىشنى قەستلىگەندە ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى زىكرى قىلغىنىچە بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ مەنسۇرنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ كەتتى. ھازىر ئۇ مىستىن ياسالغان بىر قەلئەدە مەھدى ① ۋە مەزدەك بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇزاققا قالماي بۇ ئۈچەيلەن كۆز ئالدىڭلاردا زاھىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يول باشچىسى ئەبۇ مۇسلىم، مەزدەك ئۇنىڭ ۋەزىرى» دېگەنلەرنى تەبلىغ قىلدى. ئۇ يەنە ئەبۇ مۇسلىمنىڭ يېنىدىن كەلگەن چاپارمەن ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا داۋراڭ سېلىپ يۈردى.

رافىزىيلار مەھدىنىڭ، مەزدەكنىڭ مۇرتلىرى مەزدەكنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۈركۈم - تۈركۈم رافىزىيلار ۋە خۇرەمىيلار رەيگە توپلاندى. سىنباد تەدرىجىي زور كۈچكە ئىگە بولۇپ ئاخىردا ئون تۈمەن ئاتلىق ياكى پىيادە كىشى ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇ مەجۇسىي مۇرتلىرى بىلەن يالغۇز قالغاندا ھەمىشە: «ساسانىيلارنىڭ بىر دەستۇرىدا ئېيتىلىشىچە ئەرەبلەرنىڭ سەلتەنەت قۇياشى ئاخىرلاشتى. كەئبىنى بىتچىت قىلغىنىمدىن كېيىن ئاندىن قايتىمەن. چۈنكى، ئىبە (خاتا ھالدا) قۇياشنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى. بىز مۇشۇ قۇياشنى قەدىمكى

قۇياشقا ئوخشاشلا ئۆزىمىزگە قىبلە قىلىشىمىز كېرەك» دەيتتى.
خۇرەمىيلارغا بولسا مۇنداق دەيتتى: «مەزدەك شىئەلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى شۇكى، شىئەلەر بىردەك ھەمدەملىك ئورناتمىقى زۆرۈر». ئۇ ئاشۇ تەرىقىدە، مەجۇسىي، شىئەلەرگە ۋە خۇرەمىيلارغا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۇرۇپ ئۈچ تەرەپنىڭ ھەممىسىنىلا خۇشال قىلاتتى. بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە مەنسۇرنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ بەزى سانغۇنلىرىنى كاللىسىدىن جۇدا قىلدى. يەتتە يىل ئۆتكەندە مەنسۇر جەۋھەرنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ سىنباد بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى.
جەۋھەر جۇرجان ۋە پارستىن قوشۇن توپلاپ ئىسپاھانغا ماڭدۇردى. ئۇنىڭغا يەنە ئىسپاھانلىقلار، قۇم ئەرەبلىرى ۋە قالاجتىكى ئىجللار ياردەمگە كەلدي. كېيىن ئۇ رەيغا يۆتكىلىپ شۇ جايدا سىنباد بىلەن ئۈچ كۈن قاتتىق قىلىچلاشتى. تۆتىنچى كۈنى سىنباد بىر قېتىملىق جەڭدە جەۋھەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ كاللىسى كېسىۋېلىندى. ئۇنىڭ ھەقەمسايىلىرى پىتىراپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇرەمىيلار دىنى، مەجۇسىي دىنى ۋە شىئەلەر ئۆزئارا ئەبجەش بولۇپ زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلدى. كېيىنچە تەدرىجىي زورىيىپ ئەبۇ مۇسلىم ۋە مەجۇسىي پىرقىسىدىكىلەر ئۆلارنى خۇرەمىيلار، دەپ ئاتىدى. جەۋھەر سىنبادنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن رەيگە كىرىپ مەجۇسىي مۇرتلىرىنى تامام قىرىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆي - ۋاقىنى ئىگىلەپ، خوتۇن - بالىلىرىنى نەزەربەنتكە ئالدى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

## ئىزاھات:

① مەھدى — شىئەلەرنىڭ 12 - ئىمامى. تەخمىنەن مىلادىيە 873 يىلى، ھىجرىيە 260 - يىلى تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ يەر يۈزىدە ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىشىنەتتى.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئالتىنچى باب

## قەرمەتىيلەر[1]نىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ بىدئەت ئەھكاملىرىنىڭ بايانى

قەرمەتىيلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: جەئفەر سادىق (ئاللا ئۇنى سائادەتمەنلەردىن قىلغاي) نىڭ ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتىسىدىن ئاۋۋال ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغانىدى. ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئوغۇل تەۋەررۇك قالدى ۋە ھارۇن رەشىد زامانىسىغىچە ياشىدى. شۇ چاغدا زۇبەير ئىسىملىك بىرى ھارۇن رەشىد جەئفەر خەلىفىلىك تاماسىدا سۈيىقەست تۈزۈۋاتىدۇ، دەپ يوشۇرۇن ئايغاق يەتكۈزدى. ھارۇن رەشىد جەئفەرنى مەدىنە مۇنەۋۋەردىن باغدادقا ئەپكېلىپ نەزەربەندكە ئالدى. جەئفەر نەزەربەندتە قازا قىلىپ قۇرەيشلەر يەرلىكىگە قويۇلدى. مۇھەممەدنىڭ مۇبارەك ئىسىملىك بىر مەھرىمى بولۇپ، خەتتى مۇقارمات نۇسخىسىدا ھۆسنخەت يازىدىغان بولغاچقا «قەرمەت ۋەيىخ» دەپ داڭ چىقارغانىدى. مۇبارەكنىڭ ئەھۋاز شەھىرىدە ئابدۇللا ئىبنى مەئمۇن ئەل قەدداھى ئىسىملىك بىر بۇرادىرى بار ئىدى. بىر كۈنى قەدداھى مۇبارەك بىلەن خاس

① بۇ ئازغۇن سىياسى گورۇھ شىئەلەرنىڭ ئىسمائىلىيەلەر پىرقىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھەمەداندىكى قەرمەت دېگەن يۇرتنى ئۆزىگە لەقەم قىلغان. مىلادىيىنىڭ 871 ـ يىلى ئىراقتا ئاشكارا بولغان. كاتىۋاشلىرى زەكەرەۋەيھ، ئەبۇسەئىد جەننابى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇتاھىر. ئۇلار ئاساسلىقى بەھرەين ۋەيەمەنگە تارقالغان. 930 ـ يىلى مەككە شەھىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ھەجەرۇلئەسۋەدنى بۇلاپ كېتىپ، 22 يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن 970 ـ يىلى فاتىمىيلەر سۇلالىسىدىن دەمەشقنى تارتىۋالغان ھەم مىسىرغا ھۇجۇم قىلغان. 972 ـ يىلى فاتىمىيلەر شاھى مۇئىززلىدىنىللاھ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. 1027 ـ يىلى بەھرەيىندىكى ئۇيۇنىيلەر ھۆكۈمرانى ئۇلار پۇتۇنلەي يوقاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى چەكلىگەن.

سۆھبەتتە ئولتۇرۇپ: «سىنىڭ پاسبانىڭ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل مېنىڭ بۇرادىرىم بولىدۇ. ئۇ تېخى ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان بەزى سىرلارنى ماڭا بايان ئەيلىگەنىدى» دېدى. مۇبارەكنىڭ شەيتىنى غالىب كېلىپ بۇ سىرلاردىن ۋاقىپلىنىش ئىستىكى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا تېگىشلىك كىشىلەردىن باشقا ھېچ ئىنسانغا تىنماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلدۇرۇپ مۇبارەكنى يېنىغا تارتتى. ئاندىن ھېلىقى سىرلارنى سۆزلىدى. سۆز ئارىسىدا ئىماملارغا خاس مۇجمەل ئىبارىلەر، ئۆلىما ـ ئاقىللارنىڭ سۆزلىرى دېگەنلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى. ئاساسلىق قىلىپ پەيغەمبەرلەر، رەسۇلۇللاھ بىلەن پەرىشتىلەر، ئاللاھ بىلەن شاھلىق تەخت قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خوشلىشىپ مۇبارەك كۇفەگە، ئابدۇللا ئىراقتىكى قۇھىستانغا يول ئالدى. ئۇلار ئاشۇ جايلاردىكى شىئەلەرنى ئۆزىگە تارتماقچى ئىدى.

بۇ ۋەقەلەر جەئفەر نەزەربەنتتىكى ۋاقىتتا يۈز بەردى. مۇبارەك يوشۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ كۇفە ئەتراپىدىكى جايلاردا ئۆز ئەھكامىنى تەرغىب قىلدى. ئۇنىڭ تەرغىباتلىرىنى قوبۇل قىلغانلارنى سۇننىيلەر مۇبارەكلەر دەپ ئاتىدى. قالغانلىرى قەرمەتىيلەر دەپ ئاتالدى. بۇ ئارىلىقتا ئابدۇللامۇ ئىراق دىيارىدىكى قۇھىستاندا بۇ دىننى تەرغىب قىلدى. كېلىشتۇرۇپ ئۇ يەنە چىۋەر سېھىرگەر ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا ئۆزىنىڭ «مەقبەرەتۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇنى سېھىرگەرلەرنىڭ پىرلىرى قاتارىغا قويغاندى. كېيىنچە ئۇ خەلەف ئىسىملىك بىرەيلەننى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە: «نەتەنزگە بارغىن. رەي، قۇم، كاسان، ئابادان ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى رافىزىيلاردىن بولۇپ شىئە ئېقىمىدا. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىنىڭ تەبلىغلىرىڭنى مەقبۇل كۆرمىكى مۇقەررەر» دېدى. ئابدۇللا چاتاق چىقىپ قېلىشتىن

ئەنسىرەپ بەسىرگە يول ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن خەلەف رەيگە باردى. پاشاپۇيا (رەيىنىڭ جەنۇبىدىكى كەنت) دىكى كۆلايىن سەھراسىدا ماكانلىشىپ كەشتىچىلىك ھۈنىرى بىلەن يىراق - يېقىنغا مەشھۇر بولدى. ئۇ بۇ جايدا خېلى بىر مەزگىل تۇرۇپمۇ ھېچكىمگە ئۆز سىرىنى بەرمىدى. ئاخىرى تۇرلۇك تاپا - تەنىلەر ئاستىدا ئاندىن ئىلاجىسىز ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇ ئاۋۋال مۇۋاپىق بىر كىشىنى تېپىپ تازا ماختاپ ئۇچۇردى ۋە دىنىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ بۇ دىنىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ جەمەتىگە خاس ئىكەنلىكىنى، جەزمەن سىر ساقلاش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا: «مەھدى ئاشكارا بولغاندا بۇ دىنمۇ ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بۇلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىلىشنىڭ بەكمۇ زۆرۈر. ئۇ زات كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولغاندا نادانلىقىڭدىن ئۆكۈنۈپ قالمايسەن» دېدى. شۇنداق قىلىپ سەھرادىكىلەر بۇ دىننى يوشۇرۇنچە مۇتائىلە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر كۈنى كۆلايىن دورغىسى بىر تاشلاندۇق مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ پاراڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەسچىتكە يېقىن بېرىپ قۇلاق سالدى ۋە خەلىفىنىڭ بىرىگە دىن توغرىسىدا تەبلىغ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال قايتىپ كېلىپ كىشىلەرگە: «ئى قېرىنداشلار، ئۇنىڭ كەشتىلىرىنى يىرتىپ تاشلاڭلار، ئۇنىڭغا يېقىن دارىماڭلار، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا يۇرتىمىزغا ئاشۇ مۇرتەدنىڭ كاساپىتىدىن ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغىدىغاندەك قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ‹بۇ ئايەتتىكى يوشۇرۇن مەنە مېھرىبانلىق› دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم» دېدى. ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن خەلەف كۆلايىندىن رەيگە قېچىپ كېلىپ شۇ يەردە ئۆلدى. ئۇ كۆلايىندا بىر قىسىم ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئوغلى ئەھمەد ئىبنى خەلەف ئىگىلەپ ئاتىسىنىڭ

دىنىنى راۋاج تاپقۇرۇشنىڭ كويىدا يۈردى. رەيدىكىلەرنىڭ ھېچ-قايسىسى كەلگۈسىدە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. كېيىنچە ئەھمەد كۇلايىنلىق غىياس ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ غىياس ۋارىسلىققا تەيىن قىلىندى.

بۇ چاغدا غىياس «قۇرئان كەرىم» دىكى نەزمىلەر پەيغەمبەر-رىمىزنىڭ ھەدىسلىرى، ئەرەب تەمسىللىرى قاتارلىقلاردىن پايدى-لىنىپ ئۆز دىنىنى بېزىدى. ئۇ «كىتابۇل بايان» ناملىق بىر ئەسەر تۈزۈپ دىۋان شەكلىدە «ناماز»، «رامىزان» دېگەنلەرنى ۋە باشقا دىني ئەھكاملارنى شەرھلىدى. كېيىن سۈننەتتە مەھكەم تۇرغۇچى كىشىلەر بىلەن دەتالاش قىلدى. بۇ ئىشلار قۇم، كاسان ۋە ئابا ئەتراپلىرىغا يۇر كەتتى ۋە «كۇلايىندىن كەلگەن غىياس ئىسىملىك بىر دىندار زات كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ جەمەتىگە خاس دىننى تەبلىغ قى-لىۋېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئۇ كىشىلەر غىياسنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ يېڭى دىننى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. كېيىن قازى ئابدۇللا زەفەرانى بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ بۇنىڭ بىدئەتلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ۋە رەيلىقلارنى بۇ دىن-سىزلارنى ھەيدەپ چىقىشقا ئۈندىدى. غىياس خۇراسانغا قېچىپ بېرىپ قۇتۇلدى. مۇرتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى رەي سۈننىيلىرى خەلەفىيلار دەپ ئاتاشتى. قالغىنى باتىنىيلار دەپ ئاتالدى. ھى-جىرىيە 280 ـ يىلى بۇ دىن ھەممىلا جايغا يېيىلدى. شۇ يىلى ساھىب خال ئىسىملىك بىرەيلەن شام دىيارىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ كۆپ ئادەمنى ئەسىر قىلىۋالدى. غىياس رەي تۇپرىقىدىن خۇرا-سانغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن مەرۋى ئەتراپىدا پاناھلىنىپ يۈر-دى ۋە شۇ جاينىڭ ئەمىرى ھۈسەين ئىبنى ئەلىنىڭ ئىمانىنى ئوغرىلاپ ئۇنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزدى. ھۈسەيىننىڭ دارۇس سەل-تەنىتى خوراساندىن ئىبارەت تالىقان، مەيمەنە، پەرياب، جورجان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە گۆرگىچە يېتەتتى. ئۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇقرالىرىمۇ بۇ دىنغا كىردى.

كېيىنچە غىياس مەرۋىدىكى بىرەيلەننى ئۆز ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەپ رەيگە قايتتى ۋە قايتىدىن يوشۇرۇنچە يېڭى دىننى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. كېيىن ئۇ پاشاپۇيابتىن كەلگەن ئەبۇ هاتىم دېگەن كىشىنى ئۆزىگە ئورۇنباسار قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ كىشى ئەرەبىي شېئىرلارغا ۋە قىسسە ـ چۆچەكلەرگە ماهىر ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاشكارا دىن تارقىتىشقا كىرىشتى. خوراساندا ئۇ ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە قايىم (مەهدى) نىڭ دۇنياغا ئاشكارا چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدىلەر بەردى. قەرمەتىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ۋەدىسىگە شۈبهە قىلمىدى. سۈننەتتە مەهكەم تۇرغۇچى كىشىلەر غىياسنىڭ قايتىپ كېلىپ كىشىلەرنى قايتىدىن سابىئىيلارغا مۇرت بولۇشقا چاقىرغانلىقىغا لەنەت ئوقۇشتى. سابىئىيلارمۇ ئۇنى دىنىي ئەهكاملارغا خاملىقى ۋەجىدىن ئەيىبلەشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار غىياسنىڭ تەرغىباتلىرىنى ئىنكار قىلدى. سۈننىيلەرمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولدى. نەگە كەتكەنلىكىنى هېچكىممۇ بىلمىدى.

رەيدىكى سابىئىيلار بىلەن خەلەفنىڭ بىر نەۋرىسى ئەهدىلەشكەندىن كېيىن ئۇلار خەلەفنىڭ نەۋرىسىنى ئۆزلىرىگە باش قىلىشتى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا چوڭ ئوغلى ئەبۇ جەئفەرنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ بېكىتتى. ئەمما جەئفەر غەم ـ غۇسسىدىن باش كۆتۈرەلمىگەچكە ئۇ ئىلاجسىز ئەبۇ هاتىم لايىسنى ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلدى. بۇ هال ئەبۇ جەئفەرنىڭ ئەهۋالى ياخشىلانغۇچە داۋام قىلدى. ئەبۇ هاتىم ئەبۇ جەئفەرنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ ئۆز ئورنىنى مۇستەهكەملىدى ۋە ئاخىردا پاسىبانلىقنى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پاسىبانلىق خەلەف جەمەتىدىن جۇدا بولدى. ئەبۇ هاتىم ئۆز مۇرتلىرىنى تەبەرىستان، گورگان، ئىسپاهان ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ يېڭى دىنغا مۇرت

توپلىدى. رەي ئەمرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ باتىنىي بولدى.

كېيىن دەيلەمىيلار تەبەرىستاندىكى ئەلەۋىيلارغا قارشى ئىسيان باشلىدى. ئىسيانچىلار: «سەن دىنىمىزنى ھەقىقىي دىن دېۋىدىڭ، ھالبۇكى مۇسۇلمانلار تەرەپ - تەرەپتىن بىزگە مەكتۇپلار يوللاپ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىماسلىقىمىزنى، سىلەرنىڭ بىدئەت مۇشرىكلاردىن ئىكەنلىكىڭلارنى ئېيتماقتا. سەن بىزگە پاراسەت ۋە ھېكمەت قەبىلىمىزنى تاشلاپ كەتتى، دېگەنىدىڭ. ئەمما ئىلىم - ھېكمەت جەمەت نەسەبىگە قاراپ كېتىپ قالمايتتى. ئۆگىنىشتىن ئېرىنمىسەڭلار ئىلىم ساڭا ھەمراھ بولىۋېرىدۇ. ئىلىم مىراس قالمايدۇ. خۇدانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دىندا باي - كەمبەغەل دېگەن پەرق بولمايدۇ. شۇڭا بىز يالغانچىلاردىن ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋالدۇق» دېيىشتى. تەبەرىستان ئەمىرى شىئەلەردىن بولۇپ، ئەلەۋىيلارنى ھىمايە قىلاتتى. دەيلەمىيلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «باغدادقا، خۇراسانغا ۋە ماۋەرا ئۇننەھرگە بېرىپ يارلىق - پەرمانلارنى ئېلىپ كەلگىن، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ سەن بىلەن بىرگە بارىدۇ. شۇ جايدىكى كىشىلەر سېنىڭ دىنىڭنىڭ ساپ مۇسۇلمان ئەقىدىسى ئىكەنلىكىنى، قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەرسۇن. شۇنداق قىلالىساڭ ساڭا ۋە دىنىڭغا ئەگىشىمىز، قىلالمىساڭ قىلىچىمىز بويىنۇڭغا تەگلەكلىكتۇر. بىز تاغ ۋە ئورمانلاردا ياشايدىغانلارمىز. ئىسلام ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بەكمۇ ئاز» دېيىشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئەبۇ ھاتىم رەيدىن دەيلەمگە كېلىپ دەيلەمىيلەرنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئەسفەر ئىبنى شىرۇي ۋاردا داۋىندىن ئىدى. ئەبۇ ھاتىم ئۇنى زىيارەت قىلىپ ئەلەۋىيلارغا قارشى ئەھدە تۈزدى. ئەلەۋىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كەمسىندۈرۈپ ئۇلارغا تۆھمەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىق قىلىشىنى قانۇنسىزلىققا چىقىرىشتى. يەنە دەيلەمىي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرگە: «ئۇزاققا قالماي دەيلەم ئاھالىسى ئىچىدىن بىر ئىمام
چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئەھكام ـ تەبلىغلىرىنى ئالدىن ئېيتالايمەن»
دەپ ۋەدە بەردى. دەيلەم ۋە گىلان ئەرلىرى خۇشاللىق بىلەن ئەبۇ
ھاتىمنىڭ تەرغىباتلىرىغا ئەگەشتى ۋە ئۇلار بىلەن سودا ـ سېتىق
قىلىشتى. بۇ ۋاقىت ئەسفەر ئىبنى شىرۇي ۋە مەردەۋىي ئىبنى
زىيار دەۋر سۈرۈۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. بۇ بىچارە دەيلەمىيلەر
ۋە گىلانلىقلار راستىنى ئىزلەپ يالغانغا، ھەقنى ئىزلەپ باتىلغا
مۇپتىلا بولدى. بىر مەھەل ئۇلار ئەبۇ ھاتىم بىلەن باردى ـ
كەلدى قىلىپ يۈردى.

ئۇلار ۋەدە قىلىنغان مەزگىل يېتىپ كەلگەندە ئىمامنىڭ
تېخىچە چۇشمىگەنلىكىدىن ھەيران بولۇشۇپ: «ئۇنىڭ دىنى يال-
غان ئىكەن، بۇ مۇرتەد يالغانچىلاردىن ئوخشايدۇ» دېدى. ئۇلار
ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈپ،
يېڭىۋاشتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەمەتىگە سادىق بولۇشقا باشلىدى
(ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) ئۇلار بۇ يالغاچىنى ئۆلتۈرمەك-
چى بولغاندا ئۇ تۈيۈپ قېلىپ قېچىپ كەتتى ۋە يولدا ئۆلدى.
شۇ سەۋەبتىن سابىئىيلار مالىمانغا پېتىپ قېلىپ نۇرغۇن مۇخ-
لىس ـ مۇرتلار بۇ ئېتىقادتىن ئۆزىنى تارتتى ۋە ئۆكۈنگىنىچە
سۈننەگە قايتىشتى. سابىئىيلار بىر مەھەل مالىماندا قالغان بول-
سىمۇ قايتىدىن يوشۇرۇنچە تەشكىللىنىپ باش كۆتۈرۈشنى قەست-
لىدى. ئاخىردا ئابدۇل مەلىك ۋە ئىسھاقنىڭ قولىدا تىنجىتىل-
دى. ئابدۇللا كىركۈكتا تۇرغان بولسا ئىسھاق رەيدە تۇراتتى.

## باتىنىيلار[1]نىڭ خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە پەيدا بولۇشىنىڭ بايانى

خۇراسان ئەمىرى ناسىر ئىبنى ئەھمەد تۈيۈق يولغا باشلاپ

① يوشۇرۇن دېگەن مەنىدە سۈننى مەزھەبتە بۇ ئاتالغۇ شىئەلەرگە، ئىسمائىلىيەلەرگە قەرمەتىيلەرگە قوللىنىلىدۇ.

كېتىلگەن كىشى ئىدى. ھۇسەين ئىبنى ئەلى (ئۇ غىياسىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن باتىنىيلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى) جان ئۇ-زۇش ئالدىدا خۇراساننىڭ تەقدىر تىزگىنىنى مۇھەممەد نەسەبكە تاپشۇرۇپ ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ بېكىتتى. بۇ زات خۇراسان ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، يېتىلگەن ۋائىز ئىدى. ھۇسەين ئۆز ئارزۇسى بويىچە خوراساندا بىر ۋەكىلنى قالدۇرۇپ، ئۆزى جەي-ھۇندىن ئۆتۈپ بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە باردى ۋە بۇ جايلاردىكى ئاھالىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە دالالەت قىلدى. بولۇپمۇ خۇراسان ئەمىرى ناسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئوردىسىدىكى بەگ ـ تۆرىلەرنى بەكرەك زورلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئورنىنى چىڭىتتى. شۇ-نىڭ بىلەن ھۇسەين قازا قىلغاندا مۇھەممەد نەسەبى ئۇنىڭغا ۋارىس-لىق قىلىپ خوراسانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى دىنىنى ئۆزگەرتىش-كە چاقىردى. نەتىجىدە ئۇلار ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئىتائەت قىلدى. سەۋدە ئوغلى دېيىلىدىغان بىرەيلەن رەيدىكى سۈننىيلەرنىڭ قول-دىن قېچىپ كېلىپ خۇراسان باتىنىيلارنىڭ يولباشچىسى بولغان ھۇسەيىننىڭ يېنىغا كەلدى. مۇھەممەد نەسەبى ئۇنى ئۆزىنىڭ مەرۋىدىكى ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەپ ئۆزى جەيھۇندىن ئۆتۈپ بۇخاراغا باردى. بۇخارادا بۇ مەزھەپنىڭ ھېچقانچە ئابرۇيى يوقلۇ-قىنى كۆرۈپ ئادەملەر توپلاشقان يەرگە بېرىشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇخارادىن چىقىپ نەسەبكە باردى ۋە بۇ جايدا بەكىر نەسەبىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆز دىنىغا كىرگۈزدى. بەكىر خۇرا-سان ئەمىرى بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىت-تا بەكىرمۇ ئەمىرنىڭ خۇسۇسىي مىرزىسى ئەسئەد بىلەن يېقىن بۇرادەرچىلىك قىلىشاتتى. ئۇ دىنىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن با-جىسى، سۇ باشى ئەبۇ مەنسۇر چاغان، ئەمىرنىڭ خاس غوجىدارى ئايتاش قاتارلىقلارمۇ يېڭى دىنغا كىردى.

بۇ چاغدا ئاشۇ كىشىلەر مۇھەممەد نەسەبكە مۇنداق دېيىش-تى: «نەسەبدە تۇرۇۋېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. پايتەخت بۇ-

خاراغا بارغىن. بىز نەسەبنى ساقلاپ تېزلا سېنىڭ ئىشلىرىڭنى يۇكسەك پەللىگە يەتكۈزىمىز. نامدار زاتلارنى دىنىمىزغا كىرگۈ- زىمىز». شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەسەبىدىن بۇخاراغا يول ئالدى. بۇخارادا بەگ - تۆرىلەر سېپىگە قوشۇلۇپ ئۆز دىنىنى تەرغىب- تەشۋىق قىلدى. ئۇ مۇرتلىرىنى تاكى يېڭى دىن ئاشكارا ئورۇنغا ئۆتكۈچە بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلىشقا بۇيرىدى. دەسلەپ ئۇ شىئە ئەقىدىسىنى تارقاتتى، كې- يىن تەدرىجىي سابىئىيلارغا كۆچۈپ بۇخارا بېگى، باجگىر، شە- ھەر كاتتىلىرى ۋە سودىگەرلەرنى بۇ مەزھەپكە كىرگۈزدى. يەنە پادىشاھنىڭ ۋەزىرى، ئىراق ۋالىيسى ھەسەن مەلىك ۋە پادىشاھ- نىڭ خاس غوجىدارى ئەلى زەررە قاتارلىقلارنى بۇ دىنغا كىرگۈز- دى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ يېقىنلىرى ئىدى. مۇخلىس - مۇرتلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن ئۇ پادىشاھنىڭ دىققى- تىنى تارتىشقا كىرىشتى. ئۇ ئوردا ۋەزىرلىرىنى ناسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ قويۇشقا، مەيلى ئۇ كەيىپ بولسۇن ياكى سەگەك بولسۇن بۇنى ئۇزۇپ قوي- ماسلىققا ئۈندىدى. ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ يۇرۇپ ئاخى- رى ناسىرنى «شۇ زات بىلەن بىر دىدارلاشسام» دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مۇھەممەد نەسەبىنى خۇ- راسان ئەمىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇنىڭ مەدھىيىلىرى- نى ئاڭلىغان ئەمىر تولىمۇ سۆيۈنۈپ ئۇنى تولىمۇ دوستانە كۈتۈ- ۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ھەر قېتىمقى كۆرۈشۈشكە دىنىي ئەھكاملىرىدىن بىر بۆلۈك ئالغاچ كېلىپ ئەمىرنىڭ دىققى- تىنى تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا مۇرت بولغان ئاشۇ ئوردا كاتتى- لىرى مۇھەممەدنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر مەدھىيە ئوقۇ- غىنىچە: «سۆزۈڭ بەرھەق» دەپ تۇرۇشاتتى. شۇنداق قىلىپ، ناسىر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىجىل بولۇپ قالدىكى، ئۇ بولمىسا ياشىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئاخىرى ناسىر ئۇنىڭغا مايىل

بولۇپ نەسەبىنىڭ ئورنىنى ۋە تەسىرىنى زورايتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىرلەرنى مەنسەپكە قويالىغۇدەك هالغا يەتتى. پادى-شاهمۇ شۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى.

نەسەبىنىڭ ئىشلىرى روناق تېپىپ ئاشكارا دىن تارقىتىش پەللىسىگە يەتكەندە ئۇنىڭ دىنداش ھەقەمسايىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەي يۇرەكلىك دىن تارقىتىشقا باشلىدى. پادىشاھمۇ سابىئىيلارنى قوللىدى. شۇ چاغدا تۈركلەر ۋە قوشۇندىكى لەشكىرىي خادىملار پادىشاھنىڭ قەرمەتىي مۇرتى بولۇپ قالغىنىغا نارازى بولۇپ يۈردى. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى ئۆلىمالارنى ۋە قازىلارنى توپلاپ قوشۇننىڭ يولباشچىسىغا مۇنداق ھال ئېيتىشتى: «ئىسلامنى قوغدىغۇچى ۋالىيلى، ئىسلام ماۋەرائۇننەھردە زاۋال تېپىۋاتىدۇ، ھارام نىيەت نەسەبى پادىشاھنى ئازدۇرۇپ قارماتىيلارغا مۇرت قىلىۋالدى. ئۇلار ھازىر ئۆز دىنلىرىنى ئاشكارا تارقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئەمدى سۈكۈت قىلىۋېرىشكە تاقىتىمىز تاق بولدى». سۇباشى: «ھەممىڭلارغا تەشەككۇر، شاۋ - شۇۋ قىلماي قايتىڭلار. پەرۋەردىگار بۇنىڭ بىر يولىنى قىلىدۇ» دېدى. ئەتىسى ئۇ ناسىرغا بۇ ئىشلارنى يېتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. قوشۇندىكىلەر بىردەك پادىشاھنىڭ تۇتقان يولىغا نارازى ئىدى. قوشۇندىكى سەرۋاز - خادىملار ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ بۇ ئىشنىڭ يولىنى تېپىش كويىدا بولدى. ئۇلارغا ئايان ئىدىكى، بىر - ئىككى تۈرك قەرمەتىيلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتاتتى. ئاخىردا ئۇلار ساداقەتسىز پادىشاھنى قەتل قىلىپ سۇ باشىنى شاھلىق تەختكە چىقىرىش نىيىتىگە كەلدى ۋە بۇ نىيىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەملەر ئىچىشتى. دىن ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەت كويىدا بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ پىكرىگە سۇ باشى ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە: «ئاۋۋال مۇۋاپىق بىر جايدا بىر بىتىم تۈزۈپ قەسەم ئىچەيلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمدە پادىشاھ بىلمەيدىغان ئەھۋالدا بۇ ئىشنى چىرايلىق پۈتتۈ-
رۈشنىڭ يولىنى كېلىشۋالايلى» دېدى.

قوشۇندا تاران ئۆگە ئىسىملىك بىر ياشانغان سەرۋاز بولۇپ مۇنداق ئەقىل كۆرسەتتى: «ئەڭ ياخشى چارە شۇكى، سەن سۇباشى بولغاندىكىن پادىشاھقا بىزنىڭ سېنىڭ زىياپىتىڭگە داخىل بولۇش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىمىزنى يەتكۈزگىن. دەرۋەقە پادىشاھ رەت قىلمايدۇ. ئۇ ساڭا: ‹ئىمكانىيىتىڭ بولسا ئۇلارنى كۈتۈپ قوي›، دەيدۇ. ئاندىن سەن ئۇنىڭغا يېمەك - ئىچمەكنىڭ يېتىشىدىغانلىقىنى، كۆرپە - گىلەم ۋە باشقا بىساتلارنىڭ، ئالتۇن- كۈمۈش قەدەھلەرنىڭ كەملىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. پادىشاھ جەزمەن: ‹نېمە كەم بولسا خەزىنە - قازناقلىرىمدىن خالىغىنىڭچە ئېلىپ ئىشلەتكىن›، دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەن قوشۇندىكىلەرنى زىياپەتكە چىللاشتىكى مۇددىئايىڭنىڭ ئۇلارنى باشلاپ بالاساغۇنغا بېرىپ جىھاد قىلىش ئىكەنلىكىنى، دىنىسىز تۈركلەرنىڭ بۇ جايىنى ئىگىلەپ ئاۋامنىڭ دەرد - ئەلەمدىن ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىن. ئاندىن زىياپەتنى تەييارلاپ بەلگىلەنگەن كۈندە قوشۇننى چىللا. شاھ خەزىنىسىدىن ۋە قازنىقىدىن تاپقان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە گىلەم - كىمخاپلىرىڭنى ئۆيۈيگە جايلاشتۇرغىن، ئاندىن قالايمىقانچىلىقنى باھانە قىلىپ ئىشىكنى تاقىۋەت. سەرۋاز - سانغۇنلارنى باشقا بىر خانىگە باشلاپ شەربەت بىلەن كۈت، ئەمما ئۇلارغا بۇ ئىشنى تىنما. بىز كۈچ چىقارغۇچى شېرىكلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن سەن تەرەپتە تۇرىمىز. قالغانلار بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىز بىلەن ئوخشاش ئويغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ھەممىمىز قەسەم بېرىپ ئەھدىلىشىمىز ۋە ساڭا پادىشاھقا سادىق بولغاندەك سادىق بولىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا قەسەم بېرىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن بۆلۈمەدىن چىقىپ زىياپەت خانىگە قەدەم تەشرىپ قىلىمىز. غىزادىن كېيىن شاراب خانىسىگە كىرىپ بىرىمىز ئۈچ قەدەھتىن مۇسەل-

لەس ئىچىمىز. ئاندىن بۇ خانىدىكى بارچە ئالتۇن ـ كۈمۈش
بۇيۇملارنى سەرۋاز ـ سانغۇنلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمىز. شۇ
ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆدۆل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا
بېرىپ ئۇنى تۇتىمىز ۋە كاللىسىنى كېسىۋالىمىز: ئۇنىڭ يېقىن-
يورۇقلىرى ۋە دىنداشلىرىنى تامام قىرىپ تاشلايمىز. شاھنىڭ
ئوردا ـ ساراي، خەزىنە ـ ئاتخانىلىرىنى تامام سېرىۋالىمىز.
ئاندىن سېنى شاھلىق تەختىگە چىقىرىپ، قوشۇندىكىلەرنىڭ قى-
لىچىنى قىنىدىن چىقارغانلىقىنى، شەھەر ـ سەھرالارغا بېسىپ
كىرىپ تاپالىغانلىكى قەرمەتىيلەرنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى، ئۇ-
لارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆي ـ ۋاقىنى تالان ـ تاراج
قىلغانلىقىنى ئېيتىمىز». سۇ باشى ئاڭلاپ: «بۇ بولىدىغان
چارىكەن» دېدى.
ئەتىسى ئۇ ناسىرغا: «لەشكەر ـ سەرۋازلار ھەر كۈنى مېنى
زىياپەت بېرىشكە قىستاپ كۆزۈمگە كىرىۋالغىلى تۇردى، بۇنىڭ-
دىن تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەن» دېدى. ناسىر: «ھال ـ
ئەھۋالىڭ يار بەرسە ئۇلارنى مېھمان قىلىپ قوي، بۇ دېگەن
ئادەمگەرچىلىك» دېدى. ئۇ: «كەمىنىلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك-
تىن ئەندىشەم يوق. بىراق گىلەم ـ ۋە باشقا بىساتلار، ئالتۇن-
كۈمۈش جابدۇقلار كەملىك قىلىۋاتىدۇ. قىلغاندىكىن ياخشىراق
قىلساقمىكىن دەيمەن» دېدى. ناسىر: «كەم ـ كۈسىلىرىڭنى
خەزىنەمدىن ۋە شاھانە قازناقلىرىمدىن ئالغىن، تارتىنما» دېدى.
سۇ باشى تازىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ پۈتكۈل
قوشۇنغا بىر كۈننى بەلگىلەپ بېرىپ شۇ ۋاقىتتا ئۆز سارىيىغا
كېلىشكە تەكلىپنامە چىقارتتى. ئاندىن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدى-
كى ۋە قازناقلىرىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش پەتنۇسلار، نەپىس
گىلەم ـ زىلچىلار ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىشلا-
رنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز زامانىسىدە تېخى ھېچكىم كۆرۈپ
باقمىغان ناھايىتى كاتتا زىياپەت تەييارلىدى. ئاندىن بارچە سەر-

ۋاز ـ سانغۇنلار بىلەن دىدارلاشتى. كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئۇلار بارلىق دەرۋازىلارنى تاقاپ تۆرىلەر ۋە سانغۇنلارنى بىر خانىگە باشلاپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار ئۆز ساداقەتمەنلىكى توغرىسىدا قەسەملەر ئىچىشتى.

ئۇلار خاس خانىدىن چىقىپ زىياپەت زالىغا ماڭغاندا ئۇلار-دىن بىرەيلەن تۈڭلۈكتىن يامىشىپ چىقىپ ئۇدۇل نۇھ ئىبنى ناسىرنىڭ ھۇزۇرىغا باردى ۋە بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى يىپە-دىن ـ يىڭنىسىغىچە بايان قىلدى. نۇھ ئىتىنى چاپتۇرغىنىچە ئاتىسىنىڭ ئوردىسىغا بىرىپ ئاتىسىغا: «سەرۋازلىرىنىڭ شۇ تاپتا قەسەم ئىچىشىپ سۇ باشى بىلەن بىللە ساڭا ئورا كولىماقتا. سىنىڭ بۇ يەردە بەخىرامان ئولتۇرغىنىڭ نىمىسى؟ غىزا تارتىل-لىپ بولغاندىن كىيىنلا ئۇلار شاراب خانىسىغا كىرىپ ئۈچ قە-دەھتىن مۇسەللەس ئىچمەكچى، ئاندىن سىنىڭ خەزىنەڭدىن ئې-لىپ چىققان ئالتۇن ـ كۈمۈش بىساتلىرىڭنى بۆلۈشىۋالماقچى. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇدۇل ئوردىغا بىسىپ كىرىپ ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلىماقچى. بۇ زىياپەتتىكى مۇددىئا بىزنى ئۇ دۇنياغا ئۇزۇتىشتۇر» دىدى. ناسىر: «ئەمدى قانداق قىلارمىز؟» دىدى. نۇھ: «ئەمدىكى ئىشنىڭ ئەۋزىلى شۇكى، ئۇلار غىزالىنىپ شا-رابلىرىنى ئىچىپ بولغۇچە يىقىن مەھرەملەردىن ئىككىنى سۇ باشىنىڭ يىنىغا ئەۋەتكىن. ئۇلار پىچىرلاپ: ‹ئۇلۇغ شاھ سى-نىڭ ھىممەت داستىخىنىنى راسلاپ رىيازەت چەككەنلىكىڭدىن ۋاقىپلاندى، ئۇنىڭ لەھەل ـ ياقۇتتىن كۆزلىرى قويۇلغان ۋە جاھاندىكى ھىچبىر پادىشاھتا بولمىغان ئالتۇن پەتنۇسى ئۇشتۇمە-تۇت يادىغا كەلدى. داستىخىنىڭنىڭ گۈلتاجىسى بولغۇسى بۇ پەتنۇس مىڭ تۈمەن دىنارغا يارايدۇ. تېز ئېلىۋالغىن، مىھمانلار شاراب خانىگە كىرگۈچە ساڭا بىرەي› دىسۇن. بايلىققا بولغان ھىرىسمەنلىكتىن ئۇ جەزمەن كىلىدۇ. كەلگەن ھامان بىز ئۇنىڭ كاللىسىنى كىسىۋالايلى. ئاندىن نىمە قىلىش كىرەكلىكىنى ساڭا

ئېيتىپ بېرەي» دېدى.

شۇ زاماتلا شاھ ناسىر ئىككى مەھرىمىنى سۇ باشىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەنلەر تەرلەپ - پىشىپ غىزالىنىۋاتاتتى. سۇ باشى ھەمراھلىرىدىن پادىشاھنىڭ ئۇشتۇمتۇت چاقىرتقانلىقىنىڭ ۋەجى نېمىدۇر دەپ سوراپ ئولتۇرغاندا ھەممىسىلا: «بارغىن، ئۇ پەتنۇس بىزگە تولىمۇ باب كەلگۈدەك» دېيىشتى. سۇ باشى تېزدىن ئوردىغا بارغاندا باشقا بىر ھۇجرىغا چاقىرتىلدى ۋە كۈتۈپ تۇرغان شاھنىڭ جاللاتلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. كېسىۋېلىنغان كاللىنى بىر خالتىغا سېلىشتى. نۇھ ئاتىسىغا قاراپ: «ئېتىڭغا مىنگىن، ماۋۇ خالتىنى ئېلىپ زىياپەت سورۇنىغا بارايلى ۋە پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا تەختتىن چېكىنگەنلىكىڭنى، مېنىڭ ۋارىسىڭ بولىدىغانلىقىمنى جاكارلا. شۇنداق قىلساڭ ئۇلار قانائەت تاپىدۇ، شاھلىقىمۇ جەمەتىمىزدىن كېتىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ داۋاملىق خان بولۇشۇڭغا رازى ئەمەس. بولمىسا كېيىن ئۆزلۈكىڭدىن ھالاك بولۇشۇڭ مۇمكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزدىن زىياپەت سورۇنىغا يېتىپ كەلدى. زىياپەت ئەھلى پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىستىقبالغا چىقتى. ئۇلاردىن ھېچكىممۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەممىسىلا «پادىشاھمۇ زىياپەتكە داخىل بولۇشنى لايىق تېپىپتۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. ناسىر تېگىشلىك ئورۇن ئالغاندىن كېيىن قوراللىق ياساۋۇللار ئارقا تەرىپىدە چەپراس تۇرۇشتى. نۇھ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ: «قېنى بەھۇزۇر غىزالىنىۋېرىڭلار» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن زىياپەت قايتىدىن داۋام قىلدى. بىر كەمدە ناسىر: «سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم. سىلەرنىڭ ماڭا قارشى چىققانلىقىڭلارنى ئاڭلىغىنىمدا سىلەردىن بەكلا كۆڭلۈم قالغانىدى. ئەمدى سىلەرنىڭ مەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈڭلار قالىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزگە ئىشەنچ قىلالمىغۇدەكمىز. ناۋادا مەن ئېزىپ كۇفرىغا مەھكۇم بولغان بولسام، ئۇ مېنىڭ خاتالىقىم بولسۇن. پەرزەنتىمدىن سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ؟» دېدى. ھەممەيلەن باش چايقىغاندىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى: «سىلەر ئەمدى مېنىڭ نۆكەرلىرىم ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار ئەمەس. قىلغىنىم توغرا ياكى خاتا بولسۇن تەقۋادارلىق بىلەن رەببىمنىڭ ئالدىدا توۋا قىلماقچىمەن. سىلەرنى ماڭا قارشى چىقىشقا كۈشتۈرتكەن مۇنۇ كىشى تېگىشلىك نېسۋىسىنى ئالدى». ئۇ شۇنداق دەپلا خالتىدىن سۇ باشىنىڭ كېسىۋېلىنغان بېشىنى ئېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆردىن چۈشۈپ سېلىقلىق جەينامازغا يۈكۈندى. نۇھ تۆرگە ئۆتۈپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. سەرۋاز ـ سانغۇنلار بۇنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن ھەممىسى يەر ئۆپۈپ نۇھقا مەدھىيە ئوقۇدى ۋە بار ئەيىبنى سۇ باشىغا ئارتىشتى. شۇنداقلا: «ھەممىمىز سېنىڭ ئىلكىڭدىكى قۇللارمىز» دېيىشتى. نۇھ: «قۇلاق سېلىڭلار ساذغۇنلار، مەن دېگەن مەن، ناسىر ئەمەس، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. سىلەرنىڭ سەۋەنلىكىڭلارنى ئوڭشىۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. مەنلا بولىدىكەنمەن بارچە ئارزۇلىرىڭلارغا يېتىسىلەر، ئەمرىمگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۆز خىزمىتىڭلارنى ئاقسىتىپ قويماڭلار» دېدى. ھەمدە ئاتىسىنىڭ پۇتىغا كىشەن سالدۇرۇپ قۇھەندىزغا نەزەربەند قىلىپ قويدى. ئاندىن: «قېنى شارابخانىغا چىقايلى» دېدى.

ھەممەيلەن جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇچ قەدەھتىن مۇسەللەس ئىچىشتى. شۇ چاغدا نۇھ: «سىلەر ئۇچ قەدەھ مۇسەللەستىن كېيىن شارابخانىدىكى ھەممە نەرسىنى بۇلۇشۇۋالماقچى بولغانىدىڭلار. مەن بۇنداق قىلىشىڭلارغا قاراپ تۇرالمايمەن. ھازىر سىلەرگە بۇنى سوۋغا سۈپىتىدە بېرەي، ئايرىپ دەرىجەڭلەرگە

قاراپ بۆلۇشۇۋېلىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممىلا نەر-سىنى قاپلارغا سېلىپ پېچەتلىگەندىن كېيىن ئىشەنچلىك ئادەم-لەرنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇشتى. نۇھ: «سۇ باشى بىزگە زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىستىگەن بولسا تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. ئاتام يولدىن چىققان بولسا ئۇمۇ جازاسىنى تارتتى. سىلەرگە كەلسەك، سىلەر زىياپەتتىن چىقىپ بالاساغۇندىكى دىنسىز تۈركلەر بىلەن مۇجادىلە قىلىشماقچى ئىدىڭلار. ئەمما ھازىرقى پەيتتە بىز بوسۇ-غىمىزدىكى دىنسىزلار بىلەن مۇجادىلە قىلىشمىز زۆرۈر. قېنى باھادىرلار، جىھادقا ئاتلىنايلى، ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراساندىكى بارچە دىنسىزلارنى ۋە ئاتامنىڭ دىنداشلىرىنى قىرىپ تاشلايلى. ئۇلارنىڭ ھەممىلا نەرسىسى ۋە بايلىقى سىلەرنىڭ. بۈگۈن بۇ خاندا ئاتامنىڭ ھەممە نەرسىسىنى سىلەرنىڭ تەسەررۇپىڭلارغا تاشلىدىم. ئەتە پادىشاھلىق خەزىنىدىكى ھەممە نەرسىنى تەسەر-رۇپىڭلارغا تاشلايمەن. چۈنكى، باتىنىيلارنىڭ مال - مۈلكى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشقىلا مۇناسىپ. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن دىنسىز تۈركلەرگە نۆۋەت كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئاۋۋال نەسەبى ۋە ئاتامنىڭ يېقىنلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىشىمىز زۆرۈر. ئاندىن پۈتۈن شەھەرنى بۇلاڭلار» دېدى.

ئۇلار بىردەمدىلا مۇھەممەد نەسەبىنى پۈت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كەلدى ۋە كاللىسىنى ئالدى. ھەسەن مەلىك، ئەبۇ مەنسۇر چاغانى ۋە ئەسئەد قاتارلىقلارنىڭ كاللىسىمۇ ئېلىندى. باتىنىيلاردىن بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم ئەمىرلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار شەھەرنى تىنتىپ تاپالىغانلىكى دىنسىزلارنى قىرىپ تاشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار پادىشاھنىڭ ھەيۋىسىگە سۆيۈنۈپ بىدئەتلىكنى ئاشكارا تەبلىغ قىلا-غانلاردىن بولغاچقا ئۇلارنى تونۇۋېلىش قىيىنغا چۈشمىدى. شۇ كۈنى نۇھ ئەمىرلەردىن بىرىنى قوشۇن باشلاپ جەيھۇندىن ئۆتۈپ تېزدىن مەۋرىگە بېرىپ سەۋدە ئوغلىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە ماڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ خۇرا-
سانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە تېپىۋالغانلىكى باتىنىيلارنى جەھەننەمگە
ئۇزاتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقا ئاگاھلاندۇ-
رۇپ بىرەر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بايقالسا ئۆلتۈرگۈ-
چىنى قەتل قىلىدىغانلىقى، ھەرقانداق سەۋەبىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئارا
تۇرالمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ،
يەتتە كۈن ئىچىدە بۇخارا ۋە پۈتكۈل خۇراسان، ماۋەرا ئۇننەھىر
دىياردا بىرەر دىنسىز تىرىك قالمىدى. تىرىك قالغانلىرى بول-
سىمۇ ئاشكارا سىرتلارغا چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزھەپ
خوراساندا يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى.

ئەمدى شاھ ھەققىدىكى ھېكايىمىزنى سۆزلەيمىز. ئابدۇللا
ئىبنى مەئمۇن بەسرەگە بېرىپ بۇ جايدا يوشۇرۇن دىن تارقاتتى.
ئۆزى ئاشۇ شەھەردە ئۆلۈپ پاسىق روھى دوزاخقا يول ئالدى.
ئوغلى ئەھمەد سۇرىيىگە، ئاندىن سۇرىيىدىن مەغرىبكە (شىمالىي
ئافرىقا رايونى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ــ ت) باردى ۋە دىن تارقىتىپ
بېقىپ ئاقتۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن شامغا قايتىپ سودىگەر نىقا-
بىدا سالامى شەھىرىدە ماكانلاشتى. بۇ يەردە ئۇ مۇھەممەد ئىسىم-
لىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئەھمەد جان ئۈزگەندىن كې-
يىن ئۇنىڭ روھىمۇ دوزاخ سەپىرىگە يول ئالدى. ئوغلى تېخى
كىچىك بولغاچقا قېرىنىدىشى سەئى ئىبنى ھۇسەين ئاغىسىغا ۋاكا-
لىتەن مەغرىبكە بېرىپ ئىسمىنى ئابدۇللا ئىبنى ھۇسەينگە يۆتكە-
دى. ئۇنىڭ ئابدۇللا مۇھتەسىب (فاتىمىيلار سۇلالىسى تەرەپدا-
رى) ئىسىملىك بىر بۇرادىرى بولۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى
سۈپىتىدە بەنى ئەغلەب قا بېرىپ ئۇ جايدىكى كىشىلەرنى ئۆز
دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى. بەنى ئەغلەبتىكى كىشىلەرنىڭ
كۆپىنچىسى چۆلدە ياشايدىغانلار بولۇپ، بۇ دىننى قوبۇل قىلىش-
تى. كېيىن ئۇ ئۆزلىرى بىلەن دىنداش بولمىغان ھەر قانداق
كىشىنى چېپىپ تاشلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇلار

شۇنداق قىلغاندىن كېيىن زور تۈركۈمدىكى بەنى ئەغلەپلىقلار بىرلىشىپ شەھەر - ۋىلايەتلەرگە تېگىش قىلدى. ئوت قويۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ شەھەرلەرنى بىر - بىرلەپ قولغا ئالدى ۋە مەغرىپتىكى كۆپ قىسىم جايلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. شۇ چاغدا زەكەرەۋىھ (كىشىلەر ئۇنى ساھىب خال دەپ ئاتايدۇ) شامدىكى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمدارى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تەقۋادار سۈننىي بولۇپ، ئەلى ۋەھسۇدان دەيلەمى ئۇنىڭ قولىدا سانغۇن ئىدى. ئۇ ئەلىنى شام قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئابدۇللا مۇھتەسىبىكە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. نەتىجىدە، ئابدۇللا يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى. شام قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۇرۇپ بەنى ئەغلەبلىقلارنىڭ تاپالىغانلىرىنى تامام قىرىپ تاشلىدى. ئابدۇللا ئىبنى ھۇسەين بەنى ئەغلەب دىيارىدىكى بىر شەھەرگە بېرىپ بېشىغا سەللە يۆگەپ شۇ جايدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ قالدى. ساھىب خال ئۇزلۇكسىز ئاشۇ جايدىكى كىشىلەرگە مەكتۇپ يوللاپ ئابدۇللانى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنداق قىلمىدى. ئابدۇللا بەنى ئەغلەبلىقلارنىڭ ساھىب خالنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر ئارالغا كەتتى ۋە ئۆزىگە بىر كەپە ياسىۋالدى. بەنى ئەغلەبلىقلار پات - پاتلا ئۇنىڭغا لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. ئۇ جان ئۇزگەندە ئوغلى ۋارىس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى يىللارغىچە بۇ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمىدى.

## باتىنىيلارنىڭ ھىرات ۋە گۇر ۋىلايەتلىرىدە پەيدا بولۇشى ھەمدە بەربات بولۇشى ھەققىدە بايان

ھېجرىيىنىڭ 295 - يىلى ھىرات ۋالىيسى مۇھەممەد ئىب-

www.uyghurkitap.com

نى خەرتەمە ساماني ئەمىرلىرىدىن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد
(« ئەمىر ئادىل » دەپ ئاتالغان زات) كە مەلۇمات ماڭدۇرۇپ گۇر
ۋە غارچا تاغ باغرىدا ئەبۇ بىلال ئىسمىلىك بىرسىنىڭ قىرمەتىيلەر
ئەقىدىسىنى تەبلىغ قىلىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەترا-
پىغا توپلىنىپ ئۇنىڭ تۇرار جايىنى دەر - ئادىل دەپ ئاتىۋېلىش-
قانلىقىنى، ھىرات ئەتراپىدىن كەلگەن كۆپلىگەن دېھقانلارنىڭ
ئۇنىڭ سېپىگە قېتىلىپ ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە
قەسەم ئىچكەنلىكىنى، ھازىر مۇرتلارنىڭ بىر تۈمەن كىشىدىن
ئاشقانلىقىنى يەتكۈزدى. مۇھەممەد ئۆز مەلۇماتىدا: «ئەگەر ئا-
لىيلىرى بۇنىڭغا سەل قارىسا ئۇنىڭ مۇرتلىرى تېزلا بىر قاتلىنى-
دۇ. ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە،
بۇ ئەبۇ بىلال ياقۇب ئىبنى لەيسنىڭ يېقىن بۇرادىرى بولۇپ،
ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ كۇفرلىقنى تەرغىب قىلىۋېتىپتۇ»
دېدى. ئەمىر ئىسمائىل بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ: «بىراۋ ئەبۇ
بىلالنىڭ قانلىرىنىڭ ئۆركەشلەۋاتقانلىقىدىن بىشارەت قىپتۇ»
دېدى ۋە غوجىدارى زەكەرىگە: «پاراسەتلىك ۋە جاسارەتلىك 500
مەھرەمنى تاللاپ يېتەرلىك مائاش بەرگىن. ئۇلارغا تىقىش باش
بولسۇن. ئۇ دېگەن تولىمۇ ئۆتكۈر يىگىت، ئۇنىڭغا بىر تۈمەن
دىنار بېرىڭلار، 500 قۇر كىيىم - كېچەك تەييارلاپ ئىشەك-
قېچىرلارغا يۈكلەڭلار. ئەتە ئۇلار جۇي مۇلىياندا كۆرەكتىن ئۆت-
سۇن» دېدى. غوجىدار بۇنى بەجا كەلتۈردى.

ئەتىسى ئىسمائىل ئەبۇ ئەلى ماررۇدىغا مەكتۇپ يوللاپ:
«خادىملىرىڭغا مائاش بەرگىن، ئاندىن ئۇلار شەھەردىن چىق-
سۇن. ئەڭ ياخشىسى مەھرەملىرىم يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى
شەھەردىن چىقسۇن. ئاندىن ئۇلار بىللە ھىراتقا بېرىپ مۇھەممەد
ئىبنى خارتامەنىڭ قوشۇنىغا كىرسۇن» دېدى. مۇھەممەدكە بول-
سا: «قوشۇنۇڭنى تەق قىلىپ تىقىش ۋە ئەبۇ ئەلى ماررۇدى
بارغۇچە كۈتكىن» دېدى. ئۇ تىقىشقا ئۆز بۇرچىنى تولۇق ۋە

ئوڭۇشلۇق ئادا قىلسا مۇھەممەدتىن مەلۇمات كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا بىر ئۆلكىنى تەسەررۇپ قىلىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. مەھرەملىرىگە بولسا، مۇنداق دېدى: «بۇ ئەلى ئىبنى شارۋىنغا ، ئەمىر ئىبنى لەيسكە ياكى مۇھەممەد ئىبنى ھارۇنغا قارشى سوقۇش ئەمەس. ئۇ جەڭلەردە بىز خىل جابدۇنغان زور قوشۇن بىلەن بىللە ئىدۇق. بۇ قېتىم بولسا، سىلەرگە تايىنىمىز. ھىرات ۋادىسىدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ قەرمەتىيلەر ئەقىدىسى تارقىلىۋېتىپتۇ. مۇرتلارنىڭ كۆپ قىسمى پادىچىلار ۋە دېھقانلار ئىكەن. مۇۋەپپەقىيەت قازانساڭلار تارتۇقلىنىسىلەر، دەرىجەڭلار ئۆسىدۇ» . شۇنىڭدىن كېيىن ئىش كۆرگەن مىرىدىن بىرنى تېگىشلىك خىزمەتنى ئارتقۇزۇشقا ماڭدۇردى.

توقىش قاتارلىقلار مەرۋىگە يېتىپ كېلىشىگە ئەبۇ ئەلى لەشكەرلەرنى باشلاپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى توسۇپ نۆكەرلەرنىڭ خەۋەرنى سىرتقا يېيىۋېتىشىدىن ساقلاندى. ئۇلار ھىراتقا يېتىپ كەلگەندە مۇھەممەد ئىبنى خارتامە قوشۇن باشلاپ يوللارنى قامال قىلدى ۋە خەۋەرنىڭ ئەبۇ بىلال تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاغ ئىچىگە كىرىپ ئۈچ كۈن مۇشەققەتلىك مېڭىپ ئاسىيلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان جايغا كەلدى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردى. ئاسىيلار تېخى ھېچ نەرسىنى سەزمەستە ئۇلارنى قورشاۋغا ئېلىۋېلىشتى ۋە تامام قىرىپ تاشلاشتى. ئەبۇ بىلال، ھەمەدان، ئەبۇ زەكەرىيا ۋە باشقا ئوندەك كاتتىۋاش نەزەربەندكە ئېلىندى. 70 كۈن ئىچىدە ئۇلار بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. ئەبۇ بىلال قۇھەندىزگە نەزەربەند قىلىنىپ كېيىنچە شۇ جايدا ئۆلدى. قالغان ئوننەچچەيلەن بۇخارا، سەمەرقەند، فەرغانە، خارەزىم، مەرۋ، نىشاپۇر ۋە باشقا شەھەرلەرگە ئايرىلىپ دارغا ئېسىلدى. شۇنداق قىلىپ گۇر ۋە غارچىستاندىكى توسالغۇلار تۈگەل يوقىتىلدى. شۇ يىلى ئەمىر ئادىل ئىسمائىل ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سى ناسىر ئىبنى ئەھمەد شاھلىق تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ باتىنىيلاردىن بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە بولسا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.①

## باتىنىيلارنىڭ خۇراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھىردە قايتا زاھىر بولۇشىنىڭ بايانى

نۇھ ئاتىسىنى نەزەربەندكە ئالغاندىن كېيىن ئوغا ئىچكۇزۇپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن سەرۋاز ـ نەۋكەرلەر ئاتىسىنىڭ ئىس-كەنجىسىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ نۇھنىڭ پادىشاھلىقى ئۇزاق زامان داۋام قىلدى. ئۇ جان ئۈزگەندىن كېيىن ئوغلى مەنسۇر شاھلىق تەختكە چىقىپ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ئۇ ئەلنى سوراپ 15 يىل بولغاندا دىندارلار يوشۇرۇنچە خۇراسان ۋە بۇخارادا دىن تارقىتىپ كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى ئوغرىلاشقا كىرىش-تى. بۇ دىنغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتىسى ياكى بوۋى-لىرى مۇشۇ دىنغا كىرگەنلىكى ۋەجىدىن نەر جېنىدىن ئايرىلغان-دى. مەنسۇر ئۆز زامانىسىدا «ئەمىر رەشىد» دەپ ئاتالغان بو-لۇپ، ئەبۇ ئەلى بەلامى ئۇنىڭ ۋەزىرى ئىدى. خوراساندىكى قوشۇنلىرىغا ئالىپ تېكىن سۇ باشى بولۇپ، ئۇ كىشى سۇبۇق تېگىنىنىڭ خوجىسى ئىدى. مەنسۇر ئىبنى بايقارا ئۇنىڭ باش غوجدارى ئىدى. ئەبۇ يەھيا ئىبنى ئەسئەد فەرغانە ۋالىيسى ئىدى. سارخان ھۇسەين ئىسپىجابنىڭ ۋالىيسى ئىدى. ئىسمائىل شاش (ھازىرقى تاشكەنت) نىڭ ۋالىيسى ئىدى. ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇرازراق تۇسنىڭ ۋالىيسى ئىدى. ۋەشمېگىر («قابۇسنامە» نىڭ مۇئەللىفى) جۇرجاننىڭ ۋالىيسى ئىدى. پايتەختتە ئولتۇ-

---

① سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى تەخت ساھىبى، ئىسمائىلنىڭ ئىنىسى ناسىر ئىبنى ئەھمەد بىلەن ئىسمائىلنىڭ نەۋرىسى ۋەقەرىسى ناسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

راقلاشقان باشقا ئەمىرلەردىن بابداھ، ناسىر مەلىك، ھەسەن
مەلىك، ئەبۇ سەئىد مەلىك، ھەيدەر چاغانى، ئەبۇ ئاببباس جەررا-
ھى، بەكتۇزۇن، تاقىناق، ئەبۇ ئابدۇللا جەيھانى ۋە جەئفەر
قاتارلىقلار يوشۇرۇن ھالدا باتىنىيلارغا مۇرت بولدى. بۇ كىشى-
لەرنى باتىنىي ئەقىدىسىگە باشلىغانلار ئەبۇل فازىل زەنگۇرز ۋە
يەكچەشمە ئاتىق ئىدى. بۇ مۇخلىسلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوردا ـ
ساراي ۋە زوراغا مەھكىمىسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە
ئالغانلار بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى شۇلارنىڭ قولىدىن چىقاتتى.
ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا ئۆز دىنداشلىرىنى ئوردا خىزمىتىگە كىر-
گۈزۈپ ئۆزئارا ھەمدەملەشتى. بىرەر پېشكەللىككە يولۇقسا ھەم-
مىسى ياردەم قولىنى سۇنۇپ ھىمايە قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ،
ئۇلارنىڭ تەسىرى ۋە مۇرتلىرى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. پۈت-
كۈل خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۇلار يوق جاي يوق
بولۇپ، ئۇلار ھەدىسىلا نىدا قىلىشاتتى (ئۆزئارا دوست تارتىشات-
تى). ئۇلارنىڭ ياردىمىدە باتىنىي ئەقىدىسى ئاشكارا تارقىتىلىپ
چەت مەملىكەتلەرگىچە كېڭەيدى. يىراقتىكىلەرمۇ ئوردا كاتتىلى-
رىنىڭ باتىنىي مۇرىتلىرىدىن بولۇپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈ-
رۈشكە باشلىدى. كېيىنچە ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇراززاق باتىنىي
ئەقىسىدىگە ئەگەشتى. ئوردىدىكى باتىنىي مۇرتلىرى فەرغانە،
خوجەند ۋە كاساندىكى ساپىد جاماغانلار (ئاق يەكتەكلىكلەر ـ ت)
غا مەكتۇپ يوللاپ ئۇلارنى ئىسيانغا كۈشكۈرتتى ۋە مۇنداق دېدى:
«ھەممىمىزنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرى بىردۇر. ئاۋۋال پادى-
شاھنى تۇتايلى، ئاندىن قوشۇن بىلەن بىرلىكتە جەيھۇننىڭ شىما-
لىدىكى ئۆلكىلەرنى تامام ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئۆتكۈزۈۋالايلى.
ئاندىن خوراساننى ئالايلى».
كېيىن باتىنىيلار بىرلىشىپ مەنسۇر ئىبنى بايقارا بىلەن
ھەمدەملىشىپ ئىش باشلىدى ھەمدە پادىشاھنىڭ ئالدىدا ۋەزىر
ئەبۇ ئەلى بالامى ۋە ئەمىر بەكتۇزۇنغا قارا چاپلىدى. بۇ ئىككەي-

لەن تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، قۇل ياساۋۇللار بەكتۇزۇن-نىڭ ئىتائىتىدە ئىدى. مەنسۇر بۇ ئىككەيلەننى قوھەندىزگە نە-زەربەند قىلىپ پۈتلىرىغا كىشەن سېلىش ھەققىدە ئەمىر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوردا ئىشلىرىدا زور مالىمانچىلىق كېلىپ چىقتى. ئالپ تېكىن بەگ - تۆرىلەر ۋە ئوردا كاتتىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى-نىڭ قەرمەتىيلەردىن بولۇپ كەتكىنىنى، پادىشاھقا سادىق بولغان بۇ ئىككى تەقۋادار بەگنىڭ باشقىلارنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ زىن-دانغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ نىشاپۇردىن بۇخاراغا يول ئالدى ۋە پادىشاھقا بۇ ئىشلارنى مەلۇم قىلىشنى لايىق تاپتى. تۇس ئەمىرى ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇراززاق ئاز - تولا جىگەرلىك كىشى بولۇپ، خىل قوشۇنغا باش بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تېزدىن ئالپ تېكىننىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. ئالپ تېكىن يولنى ئۆزگەرتىپ شىر ۋە رىزا يولى بىلەن مېڭىپ جەيھۇن دەرياسى بويىدىكى ئامۇلدا قارارگاھ تىكتى. ئەبۇ مەنسۇر قايتىپ كېلىپ مەنسۇر ئىبنى بايقارا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە مەكتۇپ يوللىدى ۋە ئالپ تېكىننىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىنى تارتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتـ-قانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار كېڭىشىپ پادىشاھقا ئالپ تېكىننىڭ ئىسيان قىلغانلىقىنى شىكايەت قىلىشنى كېلىشتى ۋە پادىشاھقا: «بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئۇنى كۆپ قېتىم ئوردىغا چاقىلغان بولساڭ-مۇ ئۇ زادىلا كەلگىلى ئۇنىمىغانىدى. ئەمدى بولسا، سېنى كۆزدـ-گە ئىلماي ئۇشتۇمتۇتلا جەيھۇننىڭ بويىغا كېلىپ، ئۆز بېشىمچى-لىق بىلەن دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى. پادىشاھ بېك ئارسلان ھەمىدى ۋە ھەسەن مەلىكنى بىر بۆلۈك قوشۇن بىلەن جەيھۇنغا ئەۋەتتى. ئۇلار قارشى قىرغاقتىكى كېمە - قولۋاقلارنى تامام ئېلىپ كەتكەچكە ئالپ تېكىن دەريادىن ئۆتۈشكە ئىلاجسىز قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئالپ تېكىن ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ بىر پارچە مەكتۇپ پۈتتى. مەكتۇپتا «سېنىڭ بەگ-

تۆرىلىرىنىڭ ئوردا قورۇقچىلىرىنىڭ ۋە مەمۇرلىرىنىڭ قەرەمەتىيلەردىن بولۇپ كەتتى. ئۇلۇغلار ۋە ئەزىمەتلەر ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغىلى تۇردى. ئۇلار ھازىر ئىسيان توغرىسىدا كېڭەشمەكتە. سەن بولساڭ ئۇلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئىشىنىپ مەملىكەتتىكى ئەڭ تەقۋادار ۋە ئەڭ سادىق ئىككى كىشىنى زىندانغا تاشلىدىڭ. مەن ئاشۇ ناكەسلەرگە قارشى تەدبىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا كەلدىم. مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەس، قەرەمەتىيلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنسەڭ ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ مەسئۇل بول. مەن سېنىڭ ئەرزىمەس چاكىرىڭمەن. شۇڭا ساڭا بۇلارنى مەلۇم قىلىشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇم دەپ بىلدىم. ئەمدى بەلخكە بارماقچىمەن» دېدى. ئۇ ئوخشاش مەزمۇندا يەنە بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلاپ بۇخارا قازىسى ۋە شەيخۇل ئىسلامغا ماڭدۇردى. بۇ مەكتۇپتا: «قەرەمەتىيلەر بەكلا زورىيىپ كەتتى، ئۇلار شۇنچە دەب - دەبە بىلەن قۇتراۋاتىسىمۇ پادىشاھنىڭ كارى بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ پادىشاھلىقنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ھەققىدە تېگىشلىك نەسىھەت قىلدىم» دېيىلگەنىدى. ئاندىن ئۇ بەلخكە يول ئالدى. مەكتۇپ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قازى ئەبۇ ئەھمەد ۋە بۇخارانىڭ شەيخۇلئىسلامى ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. چۈنكى، قەرەمەتىيلەرنىڭ ئوردىنى ئۆز قوللىرىدا پىرقىرىتىۋاتقانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. ئۇلار: «پادىشاھ بىزنىڭ گېپىمىز بىلەنلا ئۇلارغا قارشى چىقارمۇ؟! ئۇ كاتتىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىردىن ئۆلكە ۋە بىردىن قوشۇن بار. پۇل دېسە پۇلى بار، كۈچ دېسە كۈچى بار. يەنە تېخى ئۇلار مۇشۇ بائىستىن بىزگە رەقىب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېيىشتى.

بىر كۈنى چۈشتىن قايرىلغاندا باش قازى ئەبۇ ئەھمەد ئوردىغا كېلىپ پادىشاھ بىلەن خاس مۇلاقەتتە بولدى ۋە: «دىن پېشىۋالىرى ھەرقاچان باشقىلارغا نەسىھەت ۋە ئىبرەت قىلىشقا تەييار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ. ئاتاڭ نۇھ (ئەمرىگە ئالقىشلار بولسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھەر كۈنى شەيخۇل ئىسلام بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ ھەممىلا ئىشتا ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. ئاقىۋەت توقۇناق تۆگۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر چىرايلىق جۆندەيتتى. ئۆلەما- پېشىۋالار بىلەن كەم مۇلاقەتتە بولغانلىقىڭ ۋەجىدىن ئاتاڭ ئېپىدىل سەرەمجانلاشتۇرالايدىغان ئىشلار سېنىڭ قولۇڭدا توقۇناق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇ شۇنداق دېگەچ ئالپ تېكىننىڭ مەكتۇپىنى پادىشاھقا كۆرسەتتى ۋە شەيخۇل ئىسلامغا يېزىلغان باشقا بىر پارچە مەكتۇپنى ئالدى. شۇنداقلا بۇنىڭ ئۆزىنىڭ خاس پىكرى ئەمەسلىكىنى پادىشاھقا بىلدۈرۈپ قويدى.

ئەتىسى سەھەردە ساپىد جاماغانلارنىڭ فەرغانىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، كۆزىگە چېلىققانلىكى مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي خوراساندىنمۇ قەرمەتىيلەرنىڭ تالىقان ۋادىسىدا سابىئىيلار ئەقىدىسىنى ئاشكارا تەرغىب قىلىپ قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە پاتقانلىقى توغرىسىدا ئاخبارلار كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ۋەزىرلىكنى قازى ئەبۇ ئەھمەدكە ئىلتىپات قىلدى. ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلىپ: «ناۋادا كەمىنىلىرى ۋەزىر بولۇۋالسام شاھ ئالىيلىرىغا دۇرۇس نەسىھەتنى كىم قىلىدۇ؟ بۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلارمۇ مېنىڭ ئىمان ۋە پادىشاھلىق ئۇچۇن تىرىشقانلىقىمنى ۋەزىرلىك تاماسىدا قىلىنغانىكەن، دېيىشمەمدۇ؟» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىپ: «ئەمىسە ۋەزىرلىكنىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق ياخشى بولار؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «سېنىڭ بىر ۋەزىرىڭ بولغانىدى. ئۇ قابىل ۋە يارامىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. يەنە تېخى ئۇ ۋەزىرنىڭ پۇشتى ئىدى» دېدى. پادىشاھ: «ئۇ قەيەردە؟» دەپ سورىۋىدى قازى: «قوھەندىزدە نەزەر بەندتە» دېدى. مەنسۇر ئەبۇ ئەلى بالامى ۋە بەكتۇزۇننى قويۇۋېتىش، ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا زىياپەتكە تەكلىپ

قىلىپ دەبدەبىلىك مۇراسىم ئارقىلىق مەنسەپ دەرىجىسىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئەتىسى پادىشاھ،
ۋەزىر، قازى ۋە بەكتۇزۇن بىرلىكتە خاس مۇلاقەتتە بولۇپ ئەل-
يۇرتتىكى بولۇۋاتقان ھادىسىلەر توغرىسىدا باش قوشۇشتى. ئۇلار
ئاۋۋال فەرغانە ۋە سوغدىيانا ۋىلايەتلىرىدىكى مۇقەننالار (نىقابلىق-
لار - ت) بىلەن تالىقاندىكى قەرمەتىيلەرنى جىمىقتۇرۇش، ئان-
دىن نەزەرىنى ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇررازاققا قارىتىشقا كېلىشتى.
بەگ - تۆرىلەر ۋە كاتىپلارغا تاقابىل تۇرۇش ئاخىرىغا قويۇلدى.
ئەتىسى ئۆلىمالار ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىماملارنىڭ
يوللىغان مەكتۇپلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ۋەزىر سارىيىغا كېلىپ شى-
كايەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھقا قەرمەتىيلەر ئىسيانى توغرىسى-
دىكى ئىشلارنى مەلۇم قىلىشنى ئۆتۈنۈشتى. ئەبۇ ئەلى بالامى
شۇ چاغدا غەرەزلىك ئارقىغا سۆرەپ بېقىۋىدى ئۆلىمالار: «ناۋادا
ئۇ ئۇلار بىلەن بىر قازاندا قاينىمىغان بولسا بۇنچە دېلىغول بولۇپ
يۈرمەيتتى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەلى پادىشاھقا ئوردىدا
مەجلىس ئۆتكۈزۈش، مەجلىسكە قەرمەتىيلەر ۋە ئۆلىمالار ئىككى
تەرەپ بولۇپ ئىشتىراك قىلىش، ئۇلار بۇ ھادىسە توغرىسىدا
مۇنازىرە قىلىشقاندىن كېيىن شەرىئەتكە ئۇيغۇن خۇلاسىگە كې-
لىش ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش توغرىسىدا ئاشكارا تەكلىپ
بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەبۇ ئەلى بالامى شاھ ئوردىسىدا
مەجلىس چاقىرىپ ئوردا شەيخۇل ئىسلامى ئەبۇ ئەھمەد ۋە بارچە
دىنىي پېشىۋالارنى، ئوردا كاتىپلىرىنى چىللىدى. يەنە قەرمەتىي-
لەرنىڭ يولباشچىلىرىمۇ كېلىپ ئىشتىراك قىلدى. ئاقىۋەت
يەكچەشمە ئاتىقتا يۈز قامچا ئۇرۇلۇپ خارەزىمگە يوللاندى ۋە شۇ
جايدا نەزەربەندتە تۇرۇپ ئۆلدى. ئەبۇل فازىل رەنگۇرزگىمۇ يۈز
قامچا ئۇرۇلۇپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئامۇلغا مەڭگۈلۈك
سۈرگۈن قىلىندى. بەكتۇزۇن پارس ۋە جۇرجان ۋىلايەتلىرىنىڭ
ۋەكىلى بولغان ئەبۇل قاسىم باشلىغان قوشۇن بىلەن بىللە تالى-

قانغا ئەۋەتىلدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن باشقا ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ قەرمەتىي مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى تەن ئالغان كاتتا تۆرىلەردىن 400 كىشىنى ئەسىر قىلدى. 60 مىڭ دىنار جەرىمانە قويۇپ ئوردا خەزىنىسىگە 10 تۈمەن دەرخەم ئالغاچ كەلدى. كېيىن پادىشاھ جەمەتىدىكى ئەمىرلەردىن يەنە بىرى پارس ۋە جۇرجانغا جىھادقا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەرمەتىيلەر ئاستانە-گە ئېلىپ كېلىنىپ بەزىلىرى دارغا ئېسىلدى، يەنە بەزىلىرى ئۆمۈرلۈك ھەپسىگە ئېلىندى.

تالىقاندىكى ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن مەنسۇر ئىسھاق بەل-خى ۋە بېك ئارسلاننى فەرغانىگە ئەۋەتىپ ئۆلىما ئەبۇ مۇھەممەدنى ئاسىي قوشۇنلارغا دىن تەربىيىسىنى يوقتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلار-غا قوشۇپ قويىدى. تالىقاندىكى نۇسرەتتىن كېيىن بۇلار قوشۇن باشلاپ فەرغانىگە كەلدى ۋە باشقا ئاسىيلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ بەزىسىگە جەرىمانە قويىدى. ئۆزلە-رىنىڭ نادانلىقىغا ئۆكۈنگەنلەر ئىسلامنىڭ توغرا يولىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. شۇنداق قىلىپ، قوشۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ بۇخارا-غا قايتتى. بىراۋ ئەبۇ مۇھەممەدتىن: «بۇ مۇقەننالار قايسى دىندا ئىدى؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «ئۇ شۇنداق بىر دىن ئىدىكى، ئۇلار بىر - بىرىدىن پىنھان جايلىرىنى يوشۇرمايتتى، ئۇلاردىكى ئەر-ئاياللار يېقىنچىلىقىغا چەك قويۇلمايتتى، مەي - شاراب ئىچىشنى ھالال دەيتتى، بەدەندىكى كىرلارنى ئېرىغدىمايتتى، ئىگىچە - سىڭىللىرى ۋە قىزلىرى بىلەن خالىغانچە يېقىنچىلىق قىلىشات-تى، ئىبادەتنى، رامزاننى، سەدىقە - پىترىنى، ھەجنى ۋە جى-ھادنى رەت قىلاتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئەمىر ئادىل مەنسۇر ۋەزى-رى، قازى ۋە بەكتۇزۇننى چاقىرىپ خاس سۆھبەتتە بولدى ۋە قەرمەتىيلەر ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان ئوردا مەنسەپدارلىرىنى ۋە بەگ - تۆرىلەرنى قانداق يوقىتىش، ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇراززاق-

نى قانداق غۇلىتىش، خۇراسان، ئىراق ۋە ماۋرا ئۇننەھردىكى قەرمەتىيلەرنى قانداق قىلىپ تۈگەل يوقىتىش دېگەنلەرنى كېڭەش قىلدى. ئاخىرى تۇس ئەمىرى ئەبۇ مەنسۇر ئالىپ تېكىننىڭ خوراساندىن غەزنەگە كېتىپ قېلىشى بىلەن خوراساندا ئەڭ كۈچلۈك كىشى بولۇپ قالغاچقا ئاۋۋال ئاستانىدىكى قەرمەتىيلەرنى سېرىپ تاشلاش، ئاندىن ئەبۇ مەنسۇر ۋە باشقا جايلارنى بىر ياقلىق قىلىش پىكرى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناسىر ۋۇددەۋلە (دۆلەتكە ياردەم بەرگۈچى) ئەبۇل ھەسەن سىمىيۇرنى خۇراساننىڭ باش سۇ باشى قىلىپ تەيىنلەپ ئۇنى پۈتكۈل خۇراسان قوشۇنىنى باشلاپ ئاستانىگە كېلىشكە بۇيرىدى. بۇ قوشۇن ئاستانىگە كەلسە ئۇلار بۇ قوشۇننىڭ ياردىمىدە قەرمەتىيلەر ئەقىدىسىگە مۇرت بولۇپ كەتكەن بارچە ئوردا كاتتىلىرىنى بىراق ئەسىر ئېلىپ مال - مۈلكىنى پادىشاھلىق قىلىش، ئاندىن ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش مۇددىئاسىدا بولدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەبۇل ھەسەن سىمىيۇرنى خۇراسان قوشۇنىنى باشلاپ ئەبۇ مەنسۇرنى تۇتۇشقا ئەۋەتىشمۇ قارارلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەشمېگىر قاتارلىق چېگرا ئەمىرلىرىگە مەكتۇپ يوللىنىپ بارچە قوشۇننى توپلاپ تۇسنى قورشاش، ئەبۇ مەنسۇرنى تىرىك تۇتۇپ ئۇچرانقانلىكى قەرمەتىيلەرنى تۈگەل قىرىپ تاشلاش بۇيرۇلدى.

ئەبۇ مەنسۇر بۇ چاغدا بىتاب بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قوشۇنلارنىڭ تۇسنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ جۇرجان تەرەپكە قاچقاندا ۋەشمېگىر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ناشتا ۋاقتىدىن ئەسىر ۋاقتىغىچە قاتتىق جەڭ بولدى. ئەبۇ مەنسۇر كېسەل دەستىدىن قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان بولغاچقا ئاتتىن چۈشۈپ بىر مەھرەمنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپلا تىنىقتىن قالدى. قوشۇنى پىتىراپ ۋەشمېگىر ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋالدى. قالغانلار قاچقان ياۋنى ئىز بېسىپ قوغلاپ شام ۋاقتىغىچە قىرىپ - چېپىشنى توختاتمىدى. ئۇلار ئەبۇ مەنسۇر-

نىڭ جىمى تەئەللۇقاتلىرىنى ئوغۇشلۇق قولغا چۈشۈردى. ۋەشمىگىر ئەبۇ مەنسۇرنىڭ كاللىسىنى ۋە بايلىقلىرىنى، 180 نەپەر ئەسىرنى بۇخارادىكى ئەمىر ئادىلغا يەتكۈزۈدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھەسەن بىر ياقتىن، ۋەشمىگىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قابۇس يەنە بىر ياقتىن بۇ ئۆلكە، ۋىلايەتنى كېزىپ چىقىپ تۇتۇۋالغانلىكى قەرمەتىي مۇرتلىرىنى تۇگەل قىرىپ تاشلىدى. ئەڭ ئاخىردا پۈتۈن خۇراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھردە بىرەرمۇ باتىنىي مۇرتى قالمىدى. باتۇنىي ئەقىدىسى ئۇزۇل - كېسىل خاراب بولدى

## مۇھەممەد بەرقەئى ئەلەۋىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى ۋە زەڭگىلەر قوشۇنىنىڭ خۇزىستان، بەسرەدىكى باتىنىيلارنى قوللىغانلىقى ھەققىدە بايان

ھىجرىيىنىڭ 255 - يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئالەۋىي ئەھۋازدا ئىسيان قوزغىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ ئەقىدە تارقىتىپ خۇرزىتاندىكى زەڭگىلەر ۋە بەسرە خەلقىنىڭ ئىمانىنى قىرقىپ يۈرگەنىدى. ئۇ ئەھدە قىلىنغان پەيتتە ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققاندا بارچە زەڭگىلەر ئۇنىڭ سىپىگە قوشۇلدى. دەسلەپ ئۇ ئەھۋازنى پەتھى قىلدى، ئارقىدىنلا بەسرە ۋە پۈتكۈل خوراسانىنى ئىگىلىدى. زەڭگىلەر ئۆز خوجىلىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ مال - بايلىقىنى، خوتۇنلىرىنى ۋە ئۆيلەرنى تارتىۋېلىشتى. ئۇلار يەنە خەلىفە مۇئتەمىدنىڭ قوشۇننى بىر نەچچە رەت قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇ 14 يىل تۆت ئاي ئالتە كۈن بەسرە ۋە خۇزىستاندا پادىشاھلارغا ئوخشاش ھۆكۈمدارلىق قىلدى. 270 - يىلى (ھىجرىيە) سەفەر ئېيىنىڭ ئاخىرى ئۇ باغدادقا ئېلىپ كېلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. ئۇنىڭ دىنى ھەممىلا جەھەتتىن مەزدەك دىنى، ئەبۇ زەكەرىيا ئەقىدىسى، خۇرەمىيلار ئەقىدىسى، قەرمەتىي ئەقىدىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىدى.

ئەقدىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىدى.

## ئەبۇ سەئىد جەننابى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ تاھىرنىڭ بەھرەين بىلەن ئەھسا[①]دىكى ئىسيانى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەككە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدە بايان

كېيىن خەلىفە مۇقتەدىرنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، ئەبۇ سەئىد جەننابى بەھرەين ۋەئەھسادا ئىسيان قىلدى. ئۇ بۇ جايلاردىكى كىشىلەرنى سەبئىيلار ئەقىدىسى (باتىنىيلار ئەقىدىسى)گە چاقىرىپ يولدىن ئازدۇردى. ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ۋە يېزا - قىشلاقلارنى تالان - تاراج قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈردى. ئۇ يەنە بايلىقنى ئومۇمنىڭ قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە بىر مەھەل يولغا قويغانمۇ بولدى. كېيىن بىر قۇل ئۇنى قەتل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بەھرەين ۋە ئەھسانىڭ قۇللىرىغا ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئەبۇ سەئىدنىڭ ئەبۇ تاھىر ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا چىقتى ۋە بىر مەزگىل تولىمۇ كامىل پەزىلەتتە ياشىدى. ئۇ سەبئىيلار توغرىسىدا ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، خادىملىرىغا «بالاغەتۇس سەبئىيە» ناملىق ئەسەرنى تاپتۇرۇپ كېلىپ بىر مەزگىل مۇتائىلە قىلغاندىن كېيىن مۇرتلىققا قول بەردى. ئۇ بەھرەين ۋە ئەھسادىكى بارلىق يىگىتلەر ۋە قىلىچۋاز - نەيزىۋازلارنى ئۆز سېپىگە چاقىرىپ: «كېلىڭلار، مەن سىلەرنى ئىشقا قوياي» دېدى. ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاشقاندا ئۇ زور تۈركۈم ئادەملەرنى توپلاپ ئۇلارنى مەككە شەھىرىگە ئېلىپ ماڭدى. ھەج مەزگىلىدە جاھاننىڭ ھەر

① ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كۇۋەيت، قاتار ئارىلىقىدىكى بىر رايونى.

www.uyghurkitap.com

جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار مەككىگە جەم بولغاندا ئادەملىرىگە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تامام قىرىۋېتىش، بولۇپمۇ مەككىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنى يوقىتىش توغرىسىدا ئەمر قىلدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇتلا ھۇجۇم باشلاپ قىرغىننى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ كەئبىگە قېچىپ كىرىپ قۇرئان ساقلىنىدىغان ساندۇقلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىشقانلىقىنى (ئۇ چاغلاردا قەدىمىي كىتابلار ساندۇقتا ساقلىناتتى) كۆرگەن مەككىلىكلەر ۋە ماغدۇرى بارلىكى ھاجىلار قولىغا تاياق - توقماق ئېلىپ ئۇر - چاپقا قارشى ئاتلاندى.

ئەبۇ تاھىر ئۆزىنىڭ بىر ئەلچىسىنى كىرگۈزۈپ: «بىز ھەج قىلغىلى كېلىۋىدۇق. ئۇرۇشۇشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدۇق. ئەمما سىلەر ھېچ سەۋەبسىزلا بىزنىڭ بىر ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئېھرامىمىزنى بۇزۇۋەتتىڭلار ۋە بىزنى قولىمىزغا قىلىچ ئېلىشقا مەجبۇر قىلدىڭلار. ناۋادا مەككىلىكلەرنىڭ قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ ھەجگە كەلگەن ھاجىلارنى قىرغىن قىلغانلىقى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەر تارىلىپ كەتسە شۇبھىسىزكى، ھېچكىممۇ ھەجگە كەلمەيدۇ. ھەج يولى ئېتىلىپ يامان ئاتاققا قالغىنىڭلار قالغان. ھەجىمىزنى بۇزغانكەنسىلەر ئىشىمىزنى داۋام قىلىشىمىزغا ئىجازەت قىلىڭلار» دېگۈزدى. مەككىلىكلەر ئېھتىمال راستتىنلا بىرەيلەن ئۇلار بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ قىلىچىنى سۇغۇرغىنىچە ئۇلارنىڭ بىرەر ئادىمىنى قەبزى روھ قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشتى. ئۇلار ئىككىلا تەرەپ قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ مەڭگۈ ئەھدىدىن يانماسلىق، قايتا قىلىچلاشماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلىشتى. مەككىلىكلەر ھاجىلارنىڭ كەئبىنى خاتىرجەم زىيارەت قىلىپ ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن قايتىشتى ۋە قۇرئان ساندۇقلىرىنى جايىغا قويۇشتى.

ئەبۇ تاھىر قوراللانغان كىشىلەرنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكى-

نى قولىغا ئېلىپ بەيتۇللاھتىكى كىشىلەرنى تامام قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇق بەردى. قىرىلغانلار قىرىلىپ قاچقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى قۇدۇقلارغا يوشۇرۇشتى، بەزىلەر تاغ ئۈستىگە قېچىپ چىقىۋالدى. ھۇجۇم قىلغۇچىلار ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئۆز ئورنىدىن يۆتكەپ كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە ئالتۇندىن ياسالغان نوكەشلەرنى قومۇرۇپ: «پەرۋەردىگارىڭلار جەننەتكە كەتكەندە ئۆز ئۆيىنى قارانچۇقسىز قالدۇرۇپتۇ. شۇنداق بولغاندىكىن ئۇنىڭ ئۆيى بۇلىنىشى ۋە بۇزۇپ تاشلىنىشى كېرەك» دېيىشتى. ئۇلار كەئبىنىڭ ئۆگزىسىنى قومۇرۇپ ۋەيران قىلىۋېتىشتى ۋە مەسخىرە يۈزىسىدىن كالامى شېرىپنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېيىشتى: «بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ» («قۇرئان» 3 ـ سۈرە، 97 ـ ئايەت)، «بۇ ئۆيگە كىرگەنكەنسىلەر، نېمە ۋەجىدىن قىلىچىمىزنىڭ ئۆتكۈر تىغىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىڭلار؟» ئۇلار ئاشۇنداق كۇفرانە سۆزلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن مەككە ئاياللىرىنى ۋە باللىرىنى تۇتۇپ كېتىشتى. شۇ ۋاقىتتا ئەسىر ئېلىنغان ئىككى تۇمەن ئەرلەردىن ئۆزىنى قۇدۇقلارغا يوشۇرغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى تامام قىرىپ تاشلاندى. ئۇلار ئۆلۈكلەرنى قۇدۇققا تاشلاپ قۇدۇقلارغا يوشۇرۇنۇۋالغانلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇلار يۈز مىڭ تۆگىدە سانساناقسىز ئالتۇن، دىنار، رەختلەر، قېچىر، خۇشپۇراق ئىپار، ئەنبەر ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدى. ئەبۇ تاھىر ئەھساگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى جايلاردىكى دىندارلارغا سوۋغات سۈپىتىدە ھەدىيە قىلدى. ئىسلام سەھىپىسىدە يۈز بەرگەن بۇ مىسلىسىز پاجىئە ھىجرىيىنىڭ 317 ـ يىلى خەلىفە مۇقتەدىر زامانىسىدە بولغانىدى.

ئەبۇ تاھىر مەغرىبتىكى يەھۇدىي يىگىت ئەبۇ سەئىدكە ئازتولا سوۋغات ماڭدۇردى. ئابدۇللا ئىبنى مەئمۇن قەدداھنىڭ ئەھمەد ئىسىملىك ئوغلى مۇشۇ يەھۇدىي يىگىتنىڭ ئانىسىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمرىگە ئالغان ۋە ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشقانىدى. ئۇ بۇ ئوغۇلغا ئىلىم ئۆگىتىپ قىممەت باھا بويۇملارنى بېرىپ تۇردى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەۋلادى قىلىۋالدى. دىنىي ئەقىدە جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئەبۇ سەئىد كۆن پېتىشقا يول ئالغاندا سىجىلماس شەھرىدە تۇرۇپ قالدى. بۇ جايدا ئۇنىڭ ئىشلىرى روناق تېپىپ قىلىچىنى كىشىلەرنىڭ بوغۇزىغا تەڭلەپ يۈرۈپ ئۆز دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى. ئۆزىنى مەھدى دەپ ئاتاپ ئەلى جەمەتىنىڭ ئەۋلادى دەۋالدى. ئۇ باجنى ئېغىرلىتىپ مەي ئىچىشى- نى ھالال دەپ پەتىۋا چىقاردى. ئۆمەييەلەر ۋە ئابباسىيلارغا قارغىش ياغدۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى. ناۋادا ئۇنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەن قىلمىشلىرى ۋە باشقا شۇملۇقلىرى- نى تولۇق بايان قىلىمىز دېسەك سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنداقلا ئۇشبۇ ئەسىرىمىزگە سىغمايدۇ. تارىخنامىلەرگە قارىغاندا، ھازىر مىسىر دىيارىدا تەخت ساھىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار (فاتىمىيلار سۇلالىسىنى دېمەكچى ــ ت) شۇلارنىڭ ئەۋلادىدۇر.

ئەبۇ تاھىر سەئىد ئەھساگە قايتقاندا تاپالىغانلىكى «قۇرئان كەرىم»، فىقھ كىتابلىرى قاتارلىقلارنى يىغىپ كېلىپ خارابى- لىككە تاشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئۈچ خىل كىشىلەر ئىنسانلار- غا زەرەر يەتكۈزىدۇ. ئۇلار پادىچىلار، تېۋىپلار ۋە تۆگە قوغلىغان- لار (مۇسا، ئەيسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار كۆزدە تۇتۇل- دۇ.) تۆگە قوغلىغانلار ئالدىنقى ئىككى خىلدىكىدىنمۇ بەتتەر- رەكتۇر. چۈنكى، ئۇلار ــ پادىچىلار ۋە تېۋىپلار ئالدامچى ــ كاززاپلار خالاس». ئۇ ئەرلەر ئىگىچە ــ سىڭىللىرى بىلەن زىنا قىلسا بولىدۇ، دەپ پەتىۋا چىقاردى ۋە تەرغىب قىلدى. ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئىككى پارچە قىلىپ چېقىپ تەرەت ئازگىلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويدى، تەرەت قىلغۇسى كەلگەندە ئاشۇ ئىككى پارچە تاشقا دەسسەپ زوڭزايغىنىچە تەرەت قىلدى. كىشىلەرنى پەيغەم- بەرلەرگە قارغىش ــ لەنەت ياغدۇرۇشقا قۇتراتتى. بىر قىسىم

مەغرىبلىكلەر ۋە كوْنپېتىشتىكى ئىلىمسىز كىشىلەر بولسا، بوْنى ئوڭايلا يوْقتوْروْۋالاتتى. ئەبوْ تاھىر ئىككىنچى قېتىم ھەج يولىغا هوْجوْم قىلىپ پىتنە ئىغۋا تارقاتتى ۋە نوْرغوْن ئادەمنى ئۆلتوْر-دى. ئەمما خوْراسان ۋە ئىراق موْسوْلمانلىرى قوْروْقلوْق يولىدىن باشقا دېڭىز ئارقىلىقموْ سەپەر قىلغاندا بوْ قاراقچىلار قورقوْشتى ۋە هەجەروْل ئەسۋەدنى ئەسلى ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى. بىر كوْنى كىشىلەر كوْفەدىكى جامە مەسچىتىدە هەجەروْل ئەسۋەدنىڭ توْر-غانلىقىنى كۆروْپ هەيرەتتە بولوْشتى. ئۇلار ئوْنى توْموْر بىلەن قاپلاپ مەككىگە ئېلىپ باردى ۋە ئۆز ئورنىغا قويدى. كېيىن ئەبوْ تاھىر ئىسپاهاندىن زەجرە ئىسىملىك مەجوْسىي موْرتىنى ئېلىپ ئەهساگە كەلدى ۋە ئوْنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. بوْ مەجوْسىي ئۆزىنىڭ 700 دەك ئادىمىنى ئۆلتوْرگەندىن كېيىن ئەبوْ تاھىر ۋە ئوْنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتوْرمەكچى بولغاندا پاش بولوْپ قېلىپ ئەبوْ تاھىرنىڭ قولىدا جان بەردى. بوْنىڭ بىلەن ئوْنىڭ هەيۋىسى تېخىموْ ئاشتى. ئەمما بوْ ئىت مەلئوْنىنىڭ ئىسلام دىيارد-دىكى گوْناهلىرى ۋە زوْلوْملىرىنى بايان قىلىساق بوْ كىتابقا سىغ-مايدوْ. بوْ پاراكەندىچىلىك ئەمىردىل زامانىسىغىچە داۋام قىلدى. رادىل سەلتەنەتتىكى ۋاقىتتا دەيلەمىيلەر هوقوْقنى قولغا ئېلىۋال-دى.

بوْنى موْنچە ئېزىپ چوْشەندوْروْشىمىزدىكى سەۋەب شوْكى، مەلىكوْل جاهان باتىنىيلار دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ گېپىگە ۋە قەسەملىرىگە نېمە ۋەجىدىن ئىشىنىشكە بول-مايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداق يامانلىقلارنى ۋە گوْناهلارنى قىلىپ موْسوْلمانلارغا هەمدە ئىسلام مەملىكەتلىرىگە قارشى چىق-قانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پوْرسەت بولسىلا موْشوْنداق قىلىدىغانلىقد-نى، ئۇلارنىڭ نەقەدەر بەدخوْي ۋە ئىسلامغا دوْشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسوْن.

شوْ ۋاقىتتا موْقەننا خوراسانىي ماۋەرائوْننەهردىمو زاهىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغانىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇرت بولغان كىشىلەر ياشىغان ۋىلايەتلەر-
دە شەرىئەتنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇردى. دەسلەپتە ئۇمۇ ئەبۇ
سەئىد جەننابى، ئەبۇ سەئىد مەغرىبى، مۇھەممەد بەرقەئى ئەلەۋى
ۋە باشقا دىندارلارغا ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇقەد-
دىنا ماۋەرائۇننەھردە سېھىرگەرلەرچە كارامەت كۆرسىتىپ ئايغا
ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى تاغ ئۈستىدە زاھىر قىلدى. بۇ ئەھۋال
خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئۆلكىدىكى كىشىلەرنى
باشلاپ ئىسلامنىڭ باغرىدىن ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىدىن چەت-
لەشتى. ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن ئۇ
ئۆزىدە پەرۋەردىگارغا خاس قۇدرەت بارلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيت-
تى. كېيىن گۇناھقا پاتقان قانلىق قىسسە يۈز بەردى. چەت
ئۆلكىلەردىن كەلگەن قوشۇن ئۇنى قوللاپ ھەمدەملەشتى. بىر
قانچە يىلغىچە مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. بۇنىڭ
پۈتكۈل تەپسىلاتىنى بايان قىلسام بۇ كىتابىمىزدىن ئىككى ھەسسە
كەلگۈدەك يەنە بىر كىتاب بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئائىت بۇ خىل
ھېكايىلەر كەمىنە تىلغا ئالغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەر قاندىقى
ھەققىدىكى ھېكايىدىنمۇ ئۇزۇنراقتۇر. بۇ قىسسە - ھېكايىلەرنى
خەتى مۇقارمات شەكلىدە يېزىپ چىقسا قېلىن بىر پارچە كىتاب
بولىدۇ.

باتىنىيلەر مەيلى قەيەردە زاھىر بولسۇن، ئۇلار ھامان بىرەر
ئىسىم ياكى لەقەم بىلەن تونۇلىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەت - ئۆلكى-
لەردە ئۇلارنىڭ ناملىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئەمما
ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتى بىر. ھەلەب ۋە مىسىر زېمىنىدا ئۇلار
ئىسمائىلىيلەر دېيىلىدۇ؛ قۇم، كاشان، تەبەرىستان ۋە سەبزە-
ۋاردا سەبئىيلار دېيىلىدۇ؛ باغداد، ماۋەرائۇننەھر ۋە غەزنەۋىي-
لەردە قەرمەتىيلەر دېيىلىدۇ؛ كۇفەدە مۇبارەكىيلەر دېيىلىدۇ؛
بەسرىدە رەۋەندىيلەر ۋە بەرقەئىيلەر دېيىلىدۇ؛ رەيدە خەلەفىيلەر
دېيىلىدۇ؛ جۇرجاندا مۇخەممەرىيلەر (قىزىل يەكتەكلىكلەر) دې-

يىلىدۇ؛ كۇنپېتىشتا سەئىدىيلەر دېيىلىدۇ؛ لاسە ۋە بەھرەيندە ساپىد جاماغانىيلەر (ئاق يەكتەكلىكلەر) دېيىلىدۇ. ئىسپاھاندا باتىنىيلار دېيىلىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە بولسا، دىنىي تەبلىغچى-لەر ياكى باشقا شەكىللەردىكى ناملارنى قويۇۋالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ پۇتكۇل مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئىسلامنى تاشلاپ ئىنسان-لارنى ھالاكەتكە باشلاشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىرىق يەتتىنچى باب

## خۇرەمىي مەسلىكىنىڭ ئىسپاھاندا باش كۆتۈرۈشى ھەققىدە بايان

ئەمدى پېقىر خۇرەمىيلار ھەققىدىكى بابتا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بەزى مەزمۇنلارنى تولۇقلاشنى لايىق تاپتى. مەلىكۇل جەھان (ئاللاھ ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى زىيادە قىلغاي) ئۇنىڭدىن مەدەت تاپسا ئەجەپ ئەمەس. خۇرەمىيلار قاچانلا باش كۆتۈرمىسۇن باتىنىيلار ھەر قاچان ئۇلار بىلەن ئوخشاش مۇددىئادا بولۇپ ئۇلارنى قوللاپ كەلدى؛ باتىنىيلار قاچانلا باش كۆتۈرمىسۇ خۇرەمىيلار ئۇلار بىلەن ھەمدەملىشىپ ئادەم ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ كەلدى. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ يىلتىزى بىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ پاك ئىمانىنى ئوغرىلاشتىن ئۆزگە ھېچبىر مۇددىئاسى يوق ئىدى.

مەھدى زامانىسىدە، ھىجرىيە 162 ـ يىلى جۇرجاندىكى باتىنىيلار [ئۇلار «سۇرخى ئەلەم» (قىزىل بايراقلىقلار) ياكى «مۇخەممەررىيلەر» (قىزىل يەكتەكلىكلەر) دەپ ئاتالغانىدى] نىڭ كۆچى زورىيىپ، خۇرەمىيلار ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇلار: «ئەبۇ مۇسلىم تىرىك[1] ھايات، پادىشاھلىقنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرەيلى» دېيىشتى. ئۇلار ئەبۇ مۇغىرەنىڭ ئوغلى (ئەبۇ مۇسلىمنىڭ نەۋرىسى) نى ئۆزلىرىگە داھى قىلىپ

---

① مىلادىيە 755 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

رەيگە قوشۇن تارتتى. ئۇلار ھارام قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ھالال دەپ پەتىۋا چىقاردى. ئاياللىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتى. كېيىن مەھدى چەت ئۆلكىلەردىكى ۋالىيلارغا مەكتۇپ يوللاپ ئۇلارغا قوشۇنلىرىنى باشلاپ تەبەرىستان ۋالىيسى ئۆمەر ئىبنى ئەلانىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە ئاسىيلارغا يۈرۈش قىلىشنى تاپىلىدى. ئۇلار ئاسىيلارغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھارۇن رەشىد خوراساندا تۇرغاندا خۇرەمىيلار ئىسپاھاندا ئىسيان قىلدى. ئۇلار ئاساسەن پارىدان، كەربالا، باباق ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەنلەر ئىدى. يەنە رەي، ھەمەدان، داستابا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بىر تۈركۈم مۇرتلارمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئون تۈمەندىن ئېشىپ كەتتى. ھارۇن رەشىد ئابدۇللا ئىبنى مەلىكنى ئىككى تۈمەن قوشۇننى باشلاپ خوراساندىن ئاتلىنىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قېچىشىپ ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشتى. ئابدۇللا ھارۇن رەشىدكە مەكتۇپ يوللاپ: «ئەبۇدەۋلە بىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ» دېدى. ھارۇن رەشىد جاۋاب بېرىپ: «ئۇنىڭ يارلىقىغا ئىتائەت قىلغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى قوشۇن بىرلەشتى. قەرمەتىيلەر يەنە بىر قېتىم باتىنىيلارنىڭ ياردىمى بىلەن قاتتىق بۇلاڭ- تالاڭ يۈرگۈزدى. ئەبۇدەۋلە ئەجلى ۋە ئابدۇللا ئىبنى مەلىك ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ سانسىزلىغان كىشىلەرنى قىرىپ تاشلىدى.

## بابەكىيلەر[1] نىڭ ئەزەربەيجاندىكى ئىسيانى ھەققىدە بايان

شۇنىڭدىن توققۇز يىل ئۆتكەندە بابەكىيلەر ئەزەربەيجاندا

① بابەك ــ بىدئەت خۇرەمىيلەر كۆز قارىشىنى تارقاتقۇچى. ئازەربەيجاندا ئابباسىيلەر خەلىپىسى مەئمۇنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئابباسىيلەر خەلىپىسى مۇئتەسىمنىڭ ھەربىي قوماندانى ئافشىن مەغلۇب قىلغان، سامەررادا دارغا ئېسىلغان.

ئىسيان كۆتۈردى. باتىنىيلار ئىسيانغا ئىشتىراك قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەۋەتىلگەن قوشۇننىڭ ئىسيانچىلارنى قوغلاپ قىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ھىجرىيە ھېساباتىدا 212 يىل بولغاندا، خەلىپە مەئمۇن زامانىسىدا، خۇرەمىيلار ئىسپاھان، پۇدا (ئىسپاھان يېنىدا) كەربالا ۋە كاراج قاتارلىق شەھەرلەردە ئىسيان قىلدى. باتىنىيلار ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ خالىغانچە زورلۇق قىلدى. كېيىن ئەزەربەيجانغا بېرىپ بابەكىيلارغا بېقىندى. خەلىپە مەئمۇن مۇھەممەد ئىبنى ھۇمەيدنى بابەكىيلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇرەمىيلارنى چېكىندۇردى. خەلىپە مەئمۇن ئۇنىڭغا ئاۋۋال زۇھەيىر ئىبنى ئەلى ئىبە سەداقاغا روبىرو بولۇش توغرىسىدا پەرمان ماڭدۇردى. بۇ چاغدا ئۇ ئىسيان قىلىپ ئىراقتىكى قۇھىستاندا ھەممىلا جايدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ كارۋان يوللىرىدا قاراقچىلىق قىلىۋاتقانىدى. ھۇمەيد ئۇچقاندەك يول بېسىپ خەلىپە مەئمۇندىن ھېچقانداق تەمىنات سورىمايلا بار لازىمەتلىكلىرى بىلەن ئۆزىنى جابدۇدى. ئاندىن ھۇجۇم قىلىپ زوھەيىرنى تىرىك تۇتۇپ ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تىرىپىرەن قىلدۇەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەئمۇن ئۇنىڭغا قازۋىن (كاسپى)، ماراغا ۋە ئەزەربەيجاننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى بەردى. كېيىن ئۇ بابەكىيلەر بىلەن سوقۇشۇپ ئالتە ئايغىچە توختىماي جەڭ قىلدى. ئاخىرى ھۇمەيد يېڭىلىپ قېلىپ جەڭدە ئۆلدى. بابەكىيلار تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئىسپاھانلىق قاچقۇن خۇرەمىيلارنى ئىسپاھانغا قايتۇردى. ھۇمەيدنىڭ ئۆلۈمىگە خەلىپە مەئمۇن تولىمۇ بىئارام بولدى ۋە بابەكىيلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللا ئىبنى تاھىرنى خۇراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ پۇتكۇل قۇھىستان ئۆلكىسى ۋە ئازەربەيجاننىڭ ئۆز قولىدىكى قىسمىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا ئەزەربەيجانغا يۈرۈپ كەتتى. بابەكىيلار تەڭ كېلەلمەي قورغانىغا قېچىپ كىرد-

ۋالدى. خۇرەمىيلار پۈتۈنلەي پىتىراپ كەتتى.

ھىجرەتكە 218 يىل بولغاندا پارس، ئىسپاھان، قۇھىستان ئۆلكىسى ۋە ئەزەربەيجاندىكى قەرمەتىيلەر خەلىفە مەئمۇننىڭ رۇمغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىسيان قىلدى. ئۇلار بەباكىيلار باشچىلىقىدا ھەر قايسى ۋىلايەت ـ شەھەرلەردىكى باجگىرلەرنى، مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى، باللىرىنى ئايرىپ قۇلنىڭ ئورنىدا سېتىشتى. پارستا مۇسۇلمانلار توپلىنىپ ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى. بەزىسىنى ئەسىرگە ئالدى. ئەمما ئىسپاھاندا قەرمەتىيلەر ئەلى ئىبنى مەزدەكى ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ يېتەكچىلىكىدە دار ۋە پارىداندا شېرىكلەشتى. ئەلى ئىبنى مەزدەكى قوۋۇق سىرتىدا ئىككى تۈمەن ئادەم توپلاپ قېرىندىشى بىلەن بىرگە كاراجغا ئاتلاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئەبۇددەۋلە كاراجدا يوق بولۇپ، ئىنىسى ماقىل شەھەردە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىلكىدە ئارانلا بەش يۈز نۆكەر بولغاچقا، تەڭ تۇرالماي باغدادقا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئەلى ئىبنى مەزدەكى كاراجنى ئىگىلەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە مۇسۇلمانلارغا قەتلىئام يۈرگۈزدى. ئىجلىستىكى ئاياللار ۋە باللارنى تامام ئېلىپ كەتتى. ئاندىن ئەزەربەيجانغا بېرىپ بابەكىيلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. خۇرەمىيلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ بەش مىڭدىن، بىر تۈمەندىن، ئىككى تۈمەندىن بولۇپ بابەكىيلار سېپىگە قوشۇلدى ۋە كۇھىستان بىلەن ئەزەربەيجان ئارىلىقىدىكى شەھىرىستاننى پاناھ جاي قىلدى.

كېيىن مۇئتەسىم ئىسھاقنى تۆت تۈمەن چەۋەندازنى باشلاپ ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا ئەۋەتتى. ئىسھاق ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ ئۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا ئىسھاقنىڭ قوشۇنى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغىنىچە خۇرەمىيلارغا تاشلاندى. ئۆلگەن ۋە زەخىم يېگەنلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ كۆر-

سە، ئەل بولغانلاردىن سىرت ئون تۇمەن ئادەمنىڭ قىرىپ تاشلاندىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىسپاھانغا يۈرۈپ كەتكەن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئەلى ئىبنى مەزدەكى قېرىندىشى باشچىلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئادەم سانى بىر تۇمەنچە كېلەتتى. ئۇلار ئىسپاھان بېگىنىڭ سارىيىنى ئىگىلەپ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئەسىر ئالدى. ئىسپاھان ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئىسا شەھەردە يوق ئىدى. قازى چاغان بەكىرە ۋە بەزى بەگ ـ تۆرىلەر پۇقرالارنى باشلاپ سىرتقا جەڭ قىلغىلى چىقتى. ئۇلار ئۈچ تەرەپتىن يۈرۈپ ئىستىلاچىلارنى مەغلۇپ قىلدى. بارلىق ئاياللار ۋە بالىلارنى ئەسىر ئالدى ۋە شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ قۇل قىلدى. ياش ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ جەسەتلىرىنى ئازگاللارغا تاشلىدى.

شۇنىڭدىن ئالتە يىل ئۆتكەندە مۇئتەسىم يەنە بىر قېتىم خۇرەمىيلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ۋە ئافشىنغا بابەكىيلارغا قارشى سوقۇش قىلىشنى ئەمىر قىلدى. ئافشىن قوشۇنىنى باشلاپ يولغا چىققاندا جاي ـ جايلاردىن كەلگەن خۇرەمىيلار ۋە باتىنىيلار بابەكىيلارغا ھەمدەمگە كەلدى. ئىككى يىل ئىچىدە ئۇلار ئافشىن قوشۇنى بىلەن كۆپ قېتىم دەھشەتلىك جەڭلەرنى قىلىشتى. ئىككىلا تەرەپتىن چىقىم ئېغىر بولدى. ئاخىرى ئافشىن بىر پەنت ئىشلىتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ نۆكەرلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئۇلارغا كېچىسى ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىنى بۇزۇپ تاشلاشقا بۇيرۇدى ۋە ئون فەرسەخ كېلىدىغان جايغىچە چېكىندۈردى. ئاندىن ئافشىن بابەكىيلارغا ئەلچىدىن بىرنى ئەۋەتىپ: «دانىشمەن كىشىدىن بىرنى ئەۋەتكىن، مەن ھەر ئىككىمىزگە پايدىلىق بولغان بىر سۆزنى قىلماقچىمەن» دېدى. بابەكىيلار شۇنداق بىر كىشىنى ئەۋەتكەندە، ئافشىن: «بىرىپ خوجاڭغا ئېيت، ھەممىلا ئىشنىڭ بىر پېشمى بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن قايتا ئۆسۈپ چىقمايدۇ. ئادەملىرىمنىڭ تولىسى كاللىسىدىن جۇدا بولدى،

ھېسابتا ئوندىن بىرىمۇ قالمىدى. ئىشەنچىم كامىلكى، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارمۇ بىزدىن پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭا يارىشىپ قالايلى. شۇ چاغدا سىلەر ئۆزۈڭلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ئۆلكىنىڭ ھەق- دار ھۆكۈمرانلىرىدىن بولۇپ قالىسىلەر. مەن قايتىپ ئەمرۇل مۇئمىنىندىن ئۆلكە مۆھۈرىنى سىلەرگە ئېلىپ بېرىمەن. بۇنىڭغا كۆنمىسەڭلار يەنە بىر قېتىم سوقۇشۇپ كىمنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆرەيلى» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەلچى بۇ يەرنى كۆزىتىپ ئافشىننىڭ ئەھۋالىنىڭ خارابلىقىنى، قې- چىشقا ئارانلا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئەلچى قايتىپ كۆرگەنلىرىنى ۋە ياۋ قوشۇنىنىڭ ھېچقانچە قالمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر قەپەس ئېلىشىشقا كېلىشتى. ئافشىن تارقاقلاشتۇ- رۇۋېتىلگەن قوشۇندىكىلەرگە بىر چاپارمەن ماڭدۇرۇپ: «جەڭ بولىدىغان كۈننىڭ ھارپا ئاخشىمى جەڭگاھتىن بىرەر فەرسەخ كېلىدىغان جايغا پىستىرما بولۇپ يوشۇرۇنۇڭلار. بىز قېچىپ قارارگاھتىن ئۇزاقلاشقاندا بىر بۆلەك ياۋ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىدۇ، يەنە بىر بۆلەك ياۋ ئالدىراپ - تېنەپ قارارگاھىمىزنى بۇلاشقا كېلىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر تاغدىن ئوقتەك چۈشۈپ يولنى توراڭلار. ئۇلار قايتىشقا ئامالسىز قالغاندا مەن ئارقامغا قايتى- مەن» دېدى.

جەڭ بولىدىغان كۈنى بابەكىيلار يۈز مىڭدىن كۆپ چەۋەنداز بىلەن چىقىپ سەپراس بولدى. ياۋ قارارگاھىنى كۆزىتىشتىن مەلۇم بولغان ئاخبارغا قارىغاندا ئافشىننىڭ قوشۇنىدىن ۋايىم يېيىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق ئىدى، جەڭ دۇمبىقى ياڭراپ جەڭ باشلانغاندا ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. نۇرغۇن باشلار دومىلا- پ چۈشتى. چۈش بولاي دەپ قالغاندا ئافشىن قارارگاھتىن بىر فەرسەخ نېرىغا چېكىندى. ئەلەمدارغا توختاپ تۇغنى لەپىلدىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پۈتۈن قوشۇننى توختاتتى. بابە-

كىيلارنىڭ چەۋەندازلىرى قارارگاھنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئالدىرىماي پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئافشىننىڭ ئارقىسىدىن قوغ-لاپ ماڭدى، پىيادىلەر قارارگاھنى بۇلاشقا قالدۇرۇلدى. شۇ چاغدا تاغنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىككى تۈمەن چەۋەن-داز ئوڭ ـ سول تەرەپتىن چىقىپ يولنى كېسىپ تاشلىدى ۋە ياۋغا ھۇجۇم باشلىدى. ئافشىن ئىككى تۈمەن ئاتلىقنى باشلاپ ئارقىغا قايتتى. بابەكىيلار ئوتتۇرىدا قېلىپ ھەرقانچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ ئاخىرى بابەك ئەسىرگە چۈشتى. قىرغىن ئەسىر ۋاقتىغىچە داۋام قىلىپ، سەككىز تۈمەندىن كۆپرەك خۇرەمىيلار قىرىپ تاشلاندى. ئافشىن ئىككى تۈمەن چەۋەندازنى بابەكىينىڭ قورغانى تۈۋىدە قالدۇرۇپ ئۆزى بابەك ۋە باشقا ئەسىرلەرنى باغدادقا ھەيدەپ ماڭدى. بابەكنى باغدادتا سازايى قىلىپ ھەيۋە-سىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

خەلىفە مۇئتەسىم نەزەرىنى بابەكىينىڭ جىسمىغا ئاغدۇ-رۇپ: «ئى مەلئۇن ئىت! نېمە ۋەجىدىن ئىسيانىنى تەرغىب قىلىسەن؟ نېمە ۋەجىدىن مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى كې-سىسەن؟» دەپ سورىغاندا ئۇ جاۋاب بەرمىدى. مۇئتەسىم ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى چاناپ تاشلاشقا ئەمىر قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىر قولىنى كېسىپ تاشلىشىغا ئۇ يەنە بىر قولىنى ئېقىۋاتقان قانغا تۇتۇپ قولىغا ئاققان قاننى يۈزىگە سوۋىدى. مۇئتەسىم: «ئى مەلئۇن ئىت، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سورىسا بابەك: «بۇنىڭدا بىر ھېكمەت يوشۇرۇنغاندۇر» دېدى. «نېمە ھېك-مەت؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ: «مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىمنى چاناپ تاشلاشماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئادەمدە قان بولغاندىلا رەڭگىرويى قى-زىل تۇرىدۇ، قان ئېقىپ تۈگىگەندە بەدەن سارغىيىپ كېتىدۇ، پۇت ـ قول كېسىلگەندە بەدەندىكى قان بەدەندە تۇرۇشتىن مەھ-رۇم بولۇپ ئېقىپ تۈگەيدۇ. بەدىنىمدىكى قان ئېقىپ تۈگىگەندە كىشىلەرنىڭ مېنى قورقىنىدىن چىرايى سارغىيىپ كېتىپتۇ،

دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاننى ئالدىنئالا يۇزۇمگە سۇرۇۋالدىم»
دېدى. ئارقىدىن مۇئتەسىم بىر بۇقىنى تۇلۇمچىلاپ سويدۇرۇپ
بابەكنى ئىچىگە سالدى، كالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بابەكنىڭ
قۇلىقىغا قوشۇپ چىگىلدى. ئاندىن تېرىنى ھەم تىكىپ تاشلاپ
نەم ھالەتتىلا ئاپتاپقا تاشلاپ قۇرۇتۇلدى. بابەك مۇشۇ تەرىقىدە
تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئۆلدى.

نۇرغۇن سەھىپە سەرپ ئېتىپ بابەكنىڭ ئىسيان باشلىغىنىدىن ئەسىر ئېلىنغىچە بولغان سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلدۇق. بابەكنىڭ جاللاتلىرىدىن بىرى ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن بىرەيلەن ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى سورىغاندا ئۇ: «بابەك پىرىمىنىڭ بىر نەچچە جاللىتى بار، جەڭدە قالغان جاللاتلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەن ئۆزۈم 33 مىڭ مۇسۇلماننىڭ بېشىنى كەستىم» دېگەن ئىكەن.

مۇئتەسىم قولغا كەلتۈرگەن ئۈچ نۇسرەت ئىسلامنىڭ بەرقارار تېپىشىدا زور تۆھپە ياراتتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى رۇمنى پەتھى قىلىش؛ ئىككىنچىسى بابەكىيلارنى قىرىپ تاشلاش؛ ئۈچىنچىسى تەبەرىستاندىكى زەردۇشت (مەجۇسىي) مازيار ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر قانداق بىرى يوق بولغان بولسا، ئىسلام ئۈچۈن بىر زور ئاپەت بولغان بولاتتى.

## خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ ئۈچ قېتىملىق نۇسرىتى ھەققىدە بايان

بىر كۈنى خەلىفە مۇئتەسىم بىر زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى، قازى يەھيا ئىبنى ئەقتەم ھەزرەتلىرىمۇ شۇ داستىخانغا داخىل بولدى. مۇئتەسىم داستىخاندىن تۇرۇپ بىر ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى، كېيىن يېنىپ چىقىپ بىرئاز شاراب ئىچتى، ئاندىن يەنە قوزغىلىپ باشقا بىر ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى، كېيىن يېنىپ

چىقىپ ئۇچىنچى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. بىر كەمدە بۇ ھۇجىرىدىنمۇ چىقىپ ھاماملغا كىرىپ كەتتى ۋە غۇسلى قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يېنىپ چىقىپ جەينامازنى ئەپكەلدۈردى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ داستىخانغا قايتىپ كەلدى. ئۇ قازىسىغا قاراپ: «نېمە ۋەجىدىن مۇنۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇغانلىقىمنى بىلەمدىلا؟» دەپ سورىۋىدى قازى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: «ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ بۇگۈن ماڭا ئاتا قىلغان سائادىتىگە تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن ئوقۇلغان ناماز» دېدى. يەھيا: «ئى ئەمىر ۋەل مۇئمىنىن، قايسى سائادەت توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدىسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئۇشبۇ پەيتتە مەن ئۈچ قىزنى نىكاھىمغا ئالدىم. ئۇلار مېنىڭ ئۆچ رەقىبىم بولغان رۇم پادىشاھىنىڭ، بابەكىنىڭ ۋە زەردۇشت مازيارنىڭ قىزلىرى» دېدى.

خەلىفە ۋاسىق زامانىسىدا خۇرەمىيلار يەنە بىر قېتىم ئىسياھاندا ئىسيان كۆتۈرۈپ نۇرغۇن شۇملۇقلارنى قىلدى. ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى 300 يىل داۋام قىلدى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىملىق ئىسياندا كاراج شەھىرىنى بۇلاپ، ئاز ـ تولا ئادەم ئۆلتۈردى، كېيىن قايتىدىن جەمقتۇرۇلدى. يارىزاد شاھ ئىسيان قىلىپ ئىسپاھان رايونىغا قېچىپ كەتكەندە خۇرەمىيلەر ۋە باتونىيلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. ئۇلار كارۋان يوللىرى ۋە يېزاقىشلاقلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن مەشغۇل بولدى. چوڭ ـ كىچىك، ھەتتا نارەسىدە باللارنىمۇ ئايىماي ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل گۇناھكارانە قىلمىشى 30 نەچچە يىل داۋام قىلدى. خەلىفىنىڭ قوشۇنى ئۇلار ئىشغال قىلىپ تۇرغان قورغاننى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئالالمىدى. ئاخىردا تىرىك تۇتۇلۇپ كاللىسى ئىسپاھاندا سازايى قىلىندى. ئۇلار بۇ نۇسرەت خەۋىرىنى ئىسلام دىيارىغا تولۇق يەتكۈزۈشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلساق ئەسىرىمىز ئۇنىڭغا سەھىپە بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ۋەقەلەرنىڭ مىڭدىن بىرىنىلا بايان ئەيلىدۇق. ئاشۇ ئىسيانلار،

باتىنىيلار ۋە خۇرەمىيلارنىڭ جىنايەتلىرىنى بىلىشكە قىزىققۇچىلار نەزەرىنى «تارىخى تەبەرى»، «تارىخى ئىسپاھان»، «تارىخى خەلىفەئى بەنى ئاباس» قا ئاغدۇرغاي.

ئەينى زاماندا خۇرەمىيلەر ئىسلامدا بەلگىلەنگەن نامازغا تۇرۇش، ھەج قىلىش، روزا تۇتۇش، پەرۋەردىگارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش، بەدەننى پاك تۇتۇش، مەينى مەنئى قىلىش ۋە رىيازەت چېكىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇلار مەجلىس ئۆتكۈزگەندە ياكى بىر يەرگە جەم بولغاندا ئاۋۋال ئەبۇ مۇسلىم ساھىبۇد دەۋلەگە ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى قەستلىگەن قاتىلغا قارغىش ياغدۇراتتى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئوغلى مەھدى ئىبنى فىرۇزغا ئالقىشلار ياغدۇراتتى. روشەنكى، مەزدەكىيلەر، خۇرەمىيلەر ۋە باتىنىيلارنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرغۇن مۇددىئاسى ئىسلامنى ئاغدۇرۇش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىرىق سەككىزىنچى باب

## بايلىق، ئۇنى ساقلاش ۋە ئىدارە قىلىشنىڭ بايانى

پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسى ئىككى بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ بىرى كىرىم خەزىنىسى، يەنە بىرى چىقىم خەزىنىسى بولسۇن. يىغىلغان باج كىرىمى ھەمىشە كىرىم خەزىنىسىگە چۈشىدۇ، ئازلا بىر قىسمى چىقىم خەزىنىسىگە چۈشىدۇ. كىرىم خەزىنىسىگە ئادەتتە تەگمىگەن تۈزۈك. كىشىلەر كىرىم خەزىنىسىدىن بىرەر نەرسە ئالغاندا قەرز شەكلىدە ئېلىشى ۋە كېيىن ئەسلى مىقدارىدا قايتۇرۇشى زۆرۈر. بۇنداق تەدبىرنى قوللانمىغاندا مەملىكەتنىڭ بارچە كىرىمى تۈزۈپ كېتىدۇ. پەۋقۇلئاددە ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ئالدىراپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىشلار ئاقساپ قالىدۇ. ئىزچىل تەدبىر شۇكى، ھەرقانداق پۇل، باج كىرىمى خەزىنىگە تاشلىنىدىشى، باشقىغا ئايرىۋاشلانماسلىقى لازىم. شۇندىلا چىقىم قەرەلى بولغان ئىنئام، مائاش ۋە سوۋغات خىراجەتلىرى قەرز قالمايدۇ، دۆلەت خەزىنىسىمۇ ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ.

پېقىرنىڭ ئاڭلىشىچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەمرى ئالتۇن تاش خارەزىمنىڭ شاھلىقىغا تەيىنلىنىپ خارەزىمگە ئەۋەتىلگەنىدى. ئەينى زاماندا خارەزىمنىڭ باج كىرىمى ئالتە تۇمەن دىنار بولۇپ، ئالتۇن تاشنىڭ خادىملىرىغا كېرەكلىك مائاش چىقىمى بۇ كىرىمنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ئالتۇن تاش خارەزىمگە كېلىپ بىر يىل بولغاندا سۇلتاننىڭ بىر خادىمى باج

پۇلىنى ئېلىپ كېلىشكە خارەزىمگە ئەۋەتىلدى. ئالتۇن تاش ئۆزد-
ىنىڭ بىر خادىمىنى يوشۇرۇنچە غەزنە شەھىرىگە ئەۋەتىپ خارەزىم-
ىنىڭ باج كىرىمى بولغان ئالتە تۈمەن دىنارنى ئۆزىگە قالدۇرۇش،
بۇنى زوراغا مەھكىمىسى ئۆزىگە ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولغان
مائاش چىقىمىغا ئۇرۇۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەينى ۋاقىتتى-
كى ۋەزىر ئەھمەد ئىبنى ھەسەن بۇ مەكتۇپنى كۆرۈپ دەرھال
مۇنداق جاۋاب مەكتۇپ يوللىدى: «مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبان
ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئالتۇن تاش ھەرگىزمۇ
سۇلتان مەھمۇد ئەمەس. يىغىۋالغان باج كىرىمىڭنى تېگىشلىك
باھالاشتىن ئۆتكۈزۈپ سۇلتانىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرغىن ۋە بىر
پارچە ھۆججەت ئالغىن. ئاندىن خادىملىرىڭنىڭ مائاش چىقىمى
ھەققىدە ئىلتىماس سۇنساڭ بۇست ۋە سىستان ئەمىرلىرىدىن
ئېلىۋالغىلى بولىدىغان پۇل ھۆججىتىگە ئېرىشىسەن. ئاندىن پۇل-
نى ئالغىن ۋە خارەزىمگە قايتقىن. شۇندا خوجا بىلەن چاكارنىڭ،
سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئالتۇن تاشنىڭ پەرقى مەۋجۇتلۇقىنى يو-
قاتمايدۇ. چۈنكى، پادىشاھنىڭ رولى ۋە قوشۇنىنىڭ مەسئۇلىيىتى
پەرقلىنىدۇ. خارەزىم شاھ يارىماس گەپلەرنى قىلمىسۇن. ئۇنىڭ
بۇنداق تەلەپ قويۇشى سۇلتانغا مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە قارىغاند-
ىلىقى ياكى بولمىسا ۋەزىر ئەھمەد ئىبنى ھەسەننى كالۋا ۋە نادان
چاغلىغانلىق، خالاس. بىز خارەزىم شاھتىن كەلگەن ئادالەتلىك
ىنداغا ياكى ساغلام پىكىرگە تەشنا ئەمەس، بۇنى ئاڭلىغانلىكى
كىشى ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى تۇتماي تۇرالمايدۇ. ئۇ سەۋەنلىكنى
بوينىغا ئالسۇن. قۇلنىڭ خوجىسى بىلەن ھوقۇقتىن تەڭ بەھرى-
مەن بولۇشنى ئىستىشى بەسى خەتەردۇر».

ئۇ سانغۇنلاردىن بىرىنى ئون ياساۋۇلنى ئېلىپ ئۇشبۇ مەك-
تۇپنى تېزدىن خارەزىمگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن
ئالتە تۈمەن دىنار سۇلتان مەھمۇدنىڭ خەزىنىسىگە يەتكۈزۈلۈپ
ئايرىۋاشلاندى. ئاندىن غەزنىدىكى زوراغا ھەكىمىدىن بۇست

بىلەن سىستان شەھىرىدە بەش ھەسسە مىقداردىكى ئانار، تېرە، پاختىا قاتارلىق نەرسىلەرگە ئايرىۋاشلىغىلى بولىدىغان پۇل ھۆججىتىگە ئېرىشتى. ئادەملىرى يۇقىرىقى ئىككى شەھەرگە بېرىپ ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن ماللارنى ئېلىپ ساتقاندىن كېيىن ئالتە تۈمەن دىنارنى ئېلىپ بۇستتىن خارەزمىگە قايتتى.

مۇشۇنداق قىلغاندا پادىشاھنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، دۆلەت مەنپەئىتى قوغدالسا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنىڭ راۋاج تېپىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىھايا ۋە ئاچ كۆز قۇللارنىڭ سۇلتانغا مەنسۇپ باج كىرىمى ۋە رەئىيەتنىڭ بايلىقىغا سوزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

# قىرىق توققۇزىنچى باب
# دەۋاگەرلەرنى بىر ياقلىق قىلىش، ئەرزگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋە ئۇنى ئىجراغا قويۇشنىڭ بايانى

ھەر دائىم توپ - توپ دەۋاگەرلەر قازىخانىغا كېلىپ، ئارزۇ- ئىستەكلىرى جاۋابقا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىنمۇ كەتمەي تۇرۇۋالىدۇ. ياقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەر ياكى يات ئەللەر ئەلچىلىرى بۇ خىل قىقاس - چۇقان ۋە غەۋغالارنى كۆرسە مۇقەررەركى، بۇ قازىخانىدا ئادالەت مەۋجۇت ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشىدۇ. بۇنداق دەۋاگەرلەرگە ئىشىكنى تاقىۋېتىش لازىم. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق تەلىپى بولسا ئاۋۋال ئەرزىنى قەغەزگە پۈتۈپ، تۇرار جايىنى ئەسكەرتىپ قويسۇن. ئاندىن بەش ئادەم قازىخانىغا كېلىپ ئەرز - دادىنى ئېيتسۇن. ئاندىن تېگىشلىك جاۋابقا ۋە ھۆكۈمگە قارىسۇن. ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن دەرھال قايتسۇن. شۇنداق قىلغاندا ئۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ زۇرۇر بولمىغان غەۋغالارنى كۆتۈرۈپ بىسەرەمجانلىق چىقىرىشىغا زۆرۈرىيەت قالمايدۇ.

ئېيتىلىشىچە، يەزدىگىرد شەھرىيار بىر چاپارمەننى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئۆمەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ: «پۈتكۈل جاھاندا بىزنىڭ قازىخانىمىزدەك ئالدىراش بىرى يوق، بىزنىڭكىدىن باي دۆلەت خەزىنىسى يوق، بىزنىڭكىدىن قۇدرەتلىك قوشۇن يوق، بىزدەك بايلىققا تىنىغان مەملىكەت يوق» دېگەندە، ئۆمەر جاۋابەن: «بەرھەق، سىلەرنىڭ قازىخاناڭلار شۇنچىلىك قىزىپ كېتىدۇ-

www.uyghurkitap.com

كى، ھەممىسلا شىكايەتچىلەر؛ دۆلەت خەزىنەڭلار شۇنچىلىك بايكى، ھەممىسلا ھارام بايلىقلار؛ قوشۇنۇڭلار شۇنچىلىك زور-كى، سانغۇنلار، بويۇنتاۋلار، تەقدىر - قىسمىتىڭلار پۈتۈپ قال-غاندا بايلىقنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بارچە ئالەمەتلەردىن ئاش-كارا بولماقتىكى، تەقدىر - قىسمىتىڭلار پۈتۈپ مەملىكىتىڭلار زاۋال تاپتى» دېگەنىكەن. ھەقىقەت دەرۋەقە شۇنداق ئىدى.

ھەممىلا كىشى ئادىل بولۇش، نامۇۋاپىق ۋە مۇمكىن بولماي-دىغان نىشانلارنى قوغلاشماسلىق ئۈچۈن مەلىكۇل جاھاننىڭ شەخسەن ئەلگە ئۈلگە بولغىنىدىنمۇ ياخشىراق ئىش يوقتۇر. سۇلتان مەھمۇد ئەنە شۇنداق ئىدى.

## مەسئۇد ئىبنى مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ قەرزى ھەققىدە بايان

ئېيتىلىشىچە، بىراۋ مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مەھمۇد-نىڭ ئوغلى مەسئۇد ئۈستىدىن ئادالەتكە مۇراجىئەت قىلدى: «پې-قىر بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇشبۇ شەھەردە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدىم ۋە يۇرتۇمغا قايتىشقا نىيەت قىلدىم. ئەمما ئەزىز پەرزەن-تىڭ ئالتە تۈمەن دىنارلىق مېلىمنى ئېلىۋېلىپ پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتالماۋاتىمەن. پەرزەنتىڭ مەسئۇد بىلەن بىللە قازىنىڭ ئالدىغا بارساق دېگەن ئۈمىدتە مەن». سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مەھمۇد تولىمۇ خاپا بو-لۇپ دەرھال ئوغلى مەسئۇدقا مەكتۇپ يوللىدى: «قەرز قىلغان پۇلنى سودىگەرگە بېرىۋەت ياكى ئادالەتلىك قازىنىڭ ئالدىغا بار. ئۇ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بىر ياقلىق قىلىپ قويىدۇ». سودىگەر قازىخانىغا ماڭغاندا بىر چاپارمەن مەسئۇدقا مەكتۇپنى تېزلا يەتكۈزى. مەسئۇد نېمە قىلىشنى بىلەلمەي غوجىدارىدىن: «قاراپ باققىن، خەزىنىدە يەنە قانچىلىك پۇل باركىن» دەپ

ئەۋەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ: «ئىككى تۇمەن دىنار باركەن» دېدى. ئۇ غوجىدارغا «مۇشۇ پۇلنى ھازىرچە ئاشۇ سودىگەرگە بەرگىن، كەم قالغىنىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىۋالسۇن» دې-دى. ئاندىن ئاتىسىنىڭ چاپارمىنىگە: «بېرىپ سۇلتانغا ئېيت-قىن، ئىككى تۇمەن دىنارنى نەق بەردىم، قالغىنىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن بەرمەكچىمەن. شۇ چاغدا دوبۇلغا، ساۋۇتلىرىمنى كىيىپ سۇلتاننىڭ پەرمانىغا قارايمەن» دېدى. چاپارمەن يېنىپ بېرىپلا سۇلتاننىڭ يەنە بىر پارچە مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدا: «ئادالەت سوتىغا بارغىن ياكى سودىگەرنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتكىن. بولمىسا پۇلنى تۆلىگىنىڭدە ئاندىن سەن بىلەن دىدارلىشىمەن» دېگەن مەزمۇنلار بار ئىدى. مەسئۇد قايتا بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، تەرەپ - تەرەپتىن قەرز ئالدى ۋە ناماز ئەسىر ۋاقتىدا ئالتە تۇمەن دىنارنى سودىگەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ ۋەقە يىراق - يىراق مەملىكەتلەرگە يېتىپ چىن، قىتان، مىسىر ۋە ئەدەن سودىگەرلىرىنى غەزنە شەھىرىگە جەلپ قىلدى، جاھا-نىنىڭ سەر خىل ماللىرى بۇ جايغا ئاقتى.

ھالبۇكى، زامانىمىزنىڭ پادىشاھلىرى ئەڭ سادىق قۇللىرى ۋە مەرۋ، بەلخ ۋالىيلىرىنى سوتقا بۇيرۇسا ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ، پادىشاھنىڭ سۆزىنى نەزەر - ئېتىبارىغا ئالمايدۇ.

ھىمس ۋالىيسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزگە مەكتۇپ يول-لاپ: «ھىمسىنىڭ سېپىلى گۆمۈرۈلۈۋاتىدۇ، ياساتمىساق بولمى-غۇدەك. سېنىڭچە قانداق قىلايلى؟» دېگەندە ئۆمەر جاۋابەن: «ھىمسنى ئادالەت سېپىلى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىڭلار، كىشىلەر يوللاردىكى قورقۇنچنى ۋە زورلۇقنى تازىلىۋەتسۇن؛ خىش، لاي، تاش ۋە ھاكنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى.

پەرۋەردىگارىمىز داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئى داۋۇد، مەن سېنى زېمىنىنىڭ خوجىسى قىلدىم، سەن كىشى-لەرگە ئادىل ھۆكۈم چىقارغىن». يەنە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ

بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ياردەم) بېرىشكە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟» («قۇرئان كەرىم» 39 ـ سۈرە 35 ـ ئايەت)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «پەرۋەردىگارىمىز بىر ۋالىينى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران قىلدى. چۈنكى ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا بىراۋنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ۋە بارچە مۇسۇلمانلارغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىدىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ».

بۇ دۇنيا پادىشاھلارنىڭ ھېسابات رويخېتىدۇر. ئەگەر ئۇلار دانا پاسىبان بولسا، كىشىلەرنىڭ دۇئاسىغا ۋە ياد ئېتىشىگە مۇشەررەپ بولىدۇ. ئەگەر زالىملاردىن بولسا، قارغىشقا ئۇچراپ ياد ئېتىلىشتىن قالىدۇ. شۇڭا شائىر ئۇنسۇرى مۇنداق يازىدۇ: «خۇدانى ياد ئەتسەڭ نامىڭ چىقار، ئادالەت كەمەرىنى تاقىساڭ يۈزۈڭ بولار، نامىڭ چىققاندا پاك ۋە مۇستەھكەم بولسۇن، مەشھۇر بولغىنىڭدا نامىڭ ياخشى بولسۇن».

# ئەللىكىنچى باب

## بارچە ئۆلكىلەرنىڭ باج ھېساباتىنى ساقلاش ۋە ئۇنى بىر ياقلىق قىلىشنىڭ بايانى

بارچە ئۆلكىلەرنىڭ باج كىرىم ھېساباتى ھەر قاچان ياخشى ساقلىنىشى لازىم. ئۇنىڭدىن كىرىم - چىقىمنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ چىقىمنى ئۇنۇملۇك نازارەت قىلغىلى بولىدۇ. قىسقارتىش زۆرۈر بولغان ھەر قانداق چىقىمنى دەرھال قىرقىپ تاشلاش كېرەك. ئەگەر بەزىلەر كىرىم ۋە كىرىمنى كۆپەيتىش توغرىسىدا سۆزلىسە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچىلار جەزمەن چىقىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئورۇنلۇق بولسا ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىش لازىم. شۇڭا ئىسراپخورلۇق كۆرۈلسە مۇشۇ ئۇسۇلدا تەھقىقلەشكە بولىدۇ. ئىشنىڭ ھەقىقىتى پىنھان قالمايدۇ.

دۆلەتنىڭ كىرىم - چىقىم ئىشلىرى ۋە باشقا خىزمەتلىرىدە پادىشاھ جەزمەن ئادىل بولۇشى، قەدىمكى دانا پادىشاھلار بەلگىلەنگەن ئەقىدە - يوسۇنلارغا رىئايە قىلىشى زۆرۈر. ئۇ يامان قانۇنلىرىنى تۈرغۈزمىسۇن، كۇفرىلىققا ھەمدەم بولمىسۇن. پادىشاھقا تۇرلۇك ئەھۋالاتلارنى تەھقىقلەش، باجگىرلارنى بىر ياقلىق قىلىش، كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى ئىگىلەش، باج كىرىمگە غەمخورلۇق قىلىش، مەملىكەتنى مۇستەھكەملەپ ياتلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسى ۋە ئاشلىق خەزىنىسى بەرپا قىلىش مەجبۇرىيەتلىرى يۈكلەنگەندۇر. ئۇ مەشھۇر بېخىللاردىن بولۇپ قالمىسۇن، بولمىسا كىشىلەر ئۇنى مال - دۇنيا ساقلاشقا

قويۇلغان قارانچۇق قۇل دەپ ھاقارەتلىشى مۇمكىن. زىيادە سى-
خىي بولۇپمۇ كەتمىسۇن، بولمىسا بەتخەج بايۇەتچە دەپ ئاتىلىپ
قېلىشى مۇمكىن. مەرھەمەت داستىخانىنى ئاچقاندا مەرھەمەت
قىلىنغۇچى ھەر بىر خادىمنىڭ دەرىجىسىگە قاراش ئەڭ مۇھىم.
ناۋادا بىراۋغا ئون دىنار مەرھەمەت قىلىش مۇۋاپىق بولسا ئۇنىڭغا
يۈز دىنار بېرىشكە بولمايدۇ. يۈز دىنار مەرھەمەت قىلىنغۇچىغى-
مۇ مىڭ دىنار بېرىشكە بولمايدۇ. بولمىسا بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ
كۆڭلىگە شىكەستە يېتىپ، كىشىلەردە پادىشاھ ئۆز خادىملىرى
توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەن دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ.
ۋەزىرلەرنىڭ خىزمىتى ۋە تۆھپىسىگە قارىتا ۋاپاغا جاپا بولۇپ
قالىدۇ، ھەممەيلەن رەنج ـ خاپىلىق ئىچىدە قېلىپ ئىشلاردا
يۈرۈشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ.

بۇلاردىن سىرت پادىشاھ شۇنداق ئۇرۇشلارنى قىلسۇنكى ياۋ
بىلەن بولغان بۇ جەڭدە سولھىگە ئىمكان قالدۇرۇلسۇن؛ پادىشاھ
يەنە شۇنداق سولھىلەرنى ئىمزالىسۇنكى، بۇ سولھىلەردە جەڭگە
ئىمكان قالدۇرۇلسۇن؛ رەقىبلىرىگە قارىتا ئۇ شۇنداق كېلىشىم-
لەرنى ئىمزالىسۇنكى، بۇنى كېيىن يىرتىۋەتكىلى بولىدىغان بول-
سۇن؛ يەنە شۇنداق كېلىشىملەرنى ئىمزالىسۇنكى، ئۇنى يىرتى-
ۋەتكەندىن كېيىن قايتا ئىمزالىغىلى بولسۇن. ئۇ مەي ـ شاراب
ئىچمىسۇن، تولىمۇ ھەييار ياكى زىيادە سۇرلۇك بولۇپ كەتمە-
سۇن. ئەگەر ئۇ تاسادىپىي يوسۇندا ئىچكۈلۈك بىلەن مەشغۇل
بولۇپ قالسا سەدىقە ـ پىتىر، تەھەججۇد، رامىزان ۋە باشقا
خەير ـ ئېھسان قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق گۇنا-
ھىغا تەۋبە قىلسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئىككى دۇنيالىقى ئۈچۈن پايدى-
لىق. ھەر بىر ئىشلىگەن خىزمىتىدە بۇنىڭ بىر ئۇلۇشى پەرۋەر-
دىگارىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن. شۇنداق
قىلسا پېشكەللىك ئۇنىڭغا يېقىن يولىمىغاي. ھەقىقەتنىڭ ئىتائى-
تىگە ئۆتكەندە، دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغاندا ھارماي تى-

ـرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم. شۇنداق قىلسا قادىر ئاللاھ ئۇنىڭـغا ھەممىلا ئىشتا ئۇتۇق ئاتا قىلىدۇ. ئىككىلا دۇنيادا ئۆزىنىڭ مۇراد باغچىسىدىن خۇشبۇي گۈللەرنى ئۈزۈپ ئارزۇ - ئارمانلىـرىغا بەرقارار يېتىدۇ.

## خاتىمە

قادىر ئاللاھنىڭ ياردىمىدە ۋە ئۇنىڭ ئاتا قىلغان شاپائەتـئىلتىپاتىدا ئۇنىڭ ئاجىز ۋە ئەرزىمەس، گۇناھلارغا پاتقان كەمىنە قۇلى ھىجرىيىنىڭ 673 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسى ئۇشبۇ رىسالىنى ئاخىرقى قۇرىغا يەتكۈزۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم. گۇناھلاردىن پاكلىنىپ رەھىملىك ئاللاھنىڭ مەغپىرىـتىگە مۇشەررەپ بولۇشنى تىلەيمەن. ھۇسەين ئىبنى زەكەرىيا ئىبنى ھاجى ھۇسەيىننى ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي. ئۇنىڭ ئانىسىنى ۋە بارلىق سادىق كىشىلەرنى تاكى قىيامەتكىچە مەغپىرەت قىلـغاي. ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە سائادەت ئاتا قىلغاي، ئاللاھ ئۇلارغا شاپائەت قىلغاي. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ئەجرىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بەرگەي، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك سائادەتنى نېسىپ قىلغاي. بارلىق ھەمدۇ - سانا ئاللاھقىلا خاستۇر.

02 . 06 . 2006

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەرمۇنشىنىڭ ئىزاھى

دەسلەپ نىزامۇل مۇلك ئۆشبۇ ئەسەرنى دەمال 39 باب قىلىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنى سۇلتان مەلىك شاھقا ئارماغان قىلغانىدى. كېيىن مەملىكەت سەلتەنىتىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن قاتتىق ئىزتىراپ بولۇپ ئەسلى رىسالىنى قايتا يازدى ۋە 11 بابنى قوشتى. شۇنداقلا ھەر بىر بابتا بۇنى ئامايان قىلىپ ماڭدى. ئوردا خىزمىتىدىن قول ئۈزۈش ئالدىدا بۇ رىسالىنى كەمىنىگە ئامانەت قويدى. كېيىنچە باغداد سەپىرىدە مەنزىلگە يەتمەي تۇرۇپلا قەستكە دۇچار بولدى. شۇ زاماندا باتىنىيلار ئىسيان قىلىۋاتقان بولغاچقا رەئىيەت پاراكەندىچىلىككە مۇپتىلا بولدى. شۇ ۋەجىدىن ئۆشبۇ رىسالىنى جاھان ئەھلىگە ئاشكارا قىلىش زىنھار مۇمكىن بولماي قالدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ۋە ئادالەت «مەلىكۇل جاھان» نىڭ (قادىر ئاللاھ ئۆشبۇ خانىدانلىقنى قىيامەتكىچە بەرقارار قىلغاي) ئۇزاق ھۆكۈمرانلىقىدا قۇدرەت تاپتى.

ناۋادا ئوقۇرمەنلەر ئالاقىدار ماتېرىيال مەنبەلىرىنى تېزدىن قاراپ چىقىشقا مۇھتاج بولسا «نەسىھەتۇل مۇلۇك» («ھۆكۈمدارلارغا تەكلىپ») ۋە «قابۇسنامە» گە نەزەر تاشلىغاي.

«سىياسەتنامە» ئاتلىق ئۆشبۇ ئەسەرنى ئەسلى تۈسلۈق، پاراسەتلىك، ئادىل، نىزامۇل مۇلك قەغەز بېتىگە پۈتۈپ چىقتى.

## قوشۇمچە I مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەب جەدۋىلى



www.uyghurkitap.com

## قوشۇمچە II ئەلەۋىيلەر نەسەب جەدۋىلى



## قوشۇمچە Ⅱ : مەشھۇر ئىسلام سۇلالىلىرى يىلنامىسى

**1. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى (1).** بۇ سۇلالىنى ئۇمەييە جەمەتىدىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان (سەخر ئىبنى ھەرب ئىبنى ئۇمەييە) دەمەشقتە قۇرغان. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئەرەب يېرىم ئارىلى، سۇرىيە، پەلەستىن، ئىراق، ئىران، ئاف- غانىستان، شىمالىي ھىندىستان، ماۋەرائۇننەھر، بۇخارا، سە- مەرقەند، فەرغانە، غەربىي شىمالى ئافرىقا، ئەندەلۇس (ئىسپاند- يە، پورتۇگالىيە)، ئىتالىيىنىڭ سىلسىيە ئارىلى قاتارلىق جايلار- غىچە بولغان. ئۇلارنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇپ تاشلى- غان. ئۇلار دەمەشقتىن ئىسپانىيىگە يۆتكىلىپ شۇ يەردە ئۇمە- ۋىيلەر سۇلالىسىنى قۇرغان.

### شام (سۇرىيە) دىكى ئۇمەۋىيلەر يىلنامىسى

1. مۇئاۋىيە ( I ) ئىبنى ئەبى سۇفيان 661 — 680
2. يەزىد ( I ) ئىبنى مۇئاۋىيە 680 — 683
3. مۇئاۋىيە ( Ⅱ ) ئىبنى يەزىد 683 — 684
4. مەرۋان ( I ) ئىبنى ھەكەم 684 — 685
5. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان 685 — 705
6. ۋەلىد ( I ) ئىبنى ئابدۇلمەلىك 705 — 717
7. سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك 715 — 717
8. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان717 — 720
9. يەزىد ( Ⅱ ) ئىبنى ئابدۇلمەلىك 720 — 724
10. ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك 724 — 743
11. ۋەلىد ( Ⅲ ) ئىبنى يەزىد 743 — 744
12. يەزىد ( Ⅲ ) ئىبنى ۋەلىد 744

13. ئىبراھىم 744

14. مەرۋان ( II ) 744 — 750

**2. ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى ( II ).** ئالتىنچى خەلىفە ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك 705 ـ 715 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ماۋەرا ئۇننەھر، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە فەرغانە قاتارلىق جايلارنى، مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى سىندنى، مۇسا ئىبنى نۇسەير بۇلغارىيىنىڭ بىر قىسمىنى، مۇسا ئىبنى نۇسەيرنىڭ قول ئاستىدىكى تارىق ئىبنى زىياد مىلادىنىڭ 711 ـ يىلى ئەندەلۇس (ئىسپانىيە ۋەپورتىگالىيە) نى پەتھى قىلغان. 750 ـ يىلى ئاببباسىيلار خەلىفىلىكى قۇرۇلۇپ ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندا ئۇمەۋىيلەر جەمەتىدىن ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ھىشام قېچىپ قۇتۇلۇپ مىلادىيە 756 ـ يىلى ئىسپانىيىدىكى قوللىغۇچىلىرى بىلەن ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنى شۇ يەردە قۇرغان. تەسىر دائىرىسى ھازىرقى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىدىكى تاقىم ئارالار ۋە ئىتالىيىنىڭ سىلىسىيە ئارىلى قاتارلىق جايلارغىچە بولغان.

## ئەندەلۇس (ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە) دىكى ئۇمەۋىيلەر يىلنامىسى

1. ئابدۇرەھمان ( I ) (داخىل) 756 — 788
2. ھىشام ( I ) 788 — 796
3. ھەكەم ( I ) 796 — 822
4. ئابدۇرەھمان ( II ) 822 — 852
5. مۇھەممەد ( I ) 852 — 886
6. مۇنزەر 886 — 888
7. ئابدۇللاھ 888 — 912

8 . ئابدۇرەھمان ( Ⅲ ) 912—961
9 . ھەكەم ( Ⅱ ) 961—976
10 . ھىشام ( Ⅱ ) 976—1009
11 . مۇھەممەد ( Ⅱ ) 1009—1010
12 . سۇلايمان 1009—1013
13 . ئابدۇرەھمان ( Ⅳ ) 1018
14 . ئابدۇرەھمان ( Ⅴ ) 1023—1024
15 . مۇھەممەد ( Ⅲ ) 1023—1025
16 . ھىشام ( Ⅲ ) 1029—1031

مىلادىيە 1031 ـ يىلى تائىفىيلەر (1031 — 1091) خانلىقى ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. تائىفىيلەر مىلادىيە 1091 ـ يىلىغىچە 11 بەگلىككە بۆلۈنۈپ دەۋر سۈرگەن. ئۇلاردىن كېيىن شىمالدىكى ئىچىدىن چىققان مۇۋەھھىدىيلەر (1121 ـ 1269) خانلىقى 1269ـ يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن. ئۇلارنى مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ قۇرغان ئەھمەرىيلەر (بەنۇ نەسر) سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئەھمەرىيلەر (1235 ـ 1492) سۇلالىسى 1492 ـ يىلغا كەلگەندە باشقا ياۋروپا ئەللىرىدىن مائارىپتا ئارقىدا قالغانلىقى، ئاسىيا ـ ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم كەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ياۋروپا خىرىستىئانلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا ئاغدۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئىسپانىيە ۋە پورتىگالىيەلەردىن كۆچۈپ كەتكەن. كۆچۈپ كېتەلمىگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خىرىستىئان بولۇپ كەتكەن.

**3 . ئابباسىيلار سۇلالىسى.** بۇ ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان سۇلالە. مەنسۇر (سەففاھ) تۇنجى خەلىفە بولۇپ باغدادنى پايتەخت قىلغان. مىلادىيە 836ـ يىلىدىن 892 ـ يىلىغىچە 8 ـ خەلىفە مۇئتەسىم بىللاھ سامەرراغ

نى پايتەخت قىلغان. 15ـ خەلىپە مۇئتەمىد ئەلەللاھ باغدادنى يەنە پايتەخت قىلغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشـ لاپ خەلىپىلىكنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ ئۆششاق دۆلەتلەر مەيدانـ غا كەلگەن. ئۇلار: ئەھمەد ئىبنى تولۇن قۇرغان مىسىر، سۇرىـ يەلەردىكى تولۇنىي دۆلىتى (868ـ905)؛ مۇھەممەد ئىبنى تۇغۇچ قۇرغان مىسىر، سۇرىيەلەردىكى ئىخشىدىيلار دۆلىتى (935 ـ 969)؛ سالاھىددىن ئەييۇبىي يوقاتقان فاتىمىيلار سۇلاـ لىسى؛ ھەمدان ئىبنى ھەمدۇن ھەلەبتە قۇرغان ھەمدانىيلار دۆـ لىتى (929 ـ 1003) قاتارلىقلار. مىلادىنىڭ 945 ـ يىلى بۇۋەيھىيلار سۇلالىسى باغدادقا بېسىپ كىرگەن. خەلىپە ئۇلارغا قارام بولۇپ قالغان. 1055 ـ يىلى توغرول بەگ باغدادقا كىرىپ بۇۋەيھىيلار سۇلالىسىنى يوقاتقان. 1258 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى، ئىراندىكى موڭغۇل ئىلخانىي دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھىلاكو باغدادقا بېسىپ كىرىپ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مۇستەئسىم بىللاھنى ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاباسىيلار خەلىپىلىكى يوقالغان.

## ئابباسىيلار يىلنامىسى

1. ئابدۇللاھ (سەففاھ) 750 — 754
2. مەنسۇر (ئەبۇجەئفەر) 754 — 775
3. مەھدى (مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر) 775 — 785
4. ھادى (مۇسا ئىبنى مەھدى) 785 — 786
5. ھارۇن رەشىد 786 — 809
6. ئەمىن (ئىبنى رەشىد) 809 — 813
7. مەئمۇن (ئابدۇللاھ ئىبنى ھارۇن رەشىد) 813 — 833
8. مۇئتەسىم بىللاھ (مۇھەممەد ئىبنى ھارۇن رەشىد) 833 — 842

9. ۋاسىق بىللاھ (ھارۇن ئىبنى مۇئتەسىم) 842—847

10. مۇتەۋەككىل ئەلەللاھ (جەئفەر ئىبنى مۇئتەسىم) 847—861

11. مۇنتەسىر بىللاھ (مۇھەممەد ئىبنى مۇتەۋەككىل) 861—862

12. مۇستەئىن بىللاھ (ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇستەئسىم) 862—866

13. مۇئتەززى بىللاھ (مۇھەممەد ئىبنى مۇتەۋەككىل) 866—869

14. مۇھتەدى بىللاھ (مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىق) 869—870

15. مۇئتەمىد ئەلەللاھ (ئەھمەد ئىبنى مۇتەۋەككىل) 870—892

16. مۇئتەزىد بىللاھ (ئەھمەد ئىبنى تەۋفىق) 892—902

17. مۇكتەفى بىللاھ (ئەلى ئىبنى مۇئتەزىد) 902—908

18. مۇقتەدىر بىللاھ (جەئفەر ئىبنى مۇئتەزىد) 908—932

19. قاھىر بىللاھ (ئىبنى مۇئتەزىد) 932—934

20. رازى بىللاھ (مۇھەممەد ئىبنى مۇقتەدىر) 934—940

21. مۇتتەقي لىللاھ (ئىبراھىم ئىبنى مۇقتەدىر) 940—944

22. مۇستەكفى بىللاھ (ئابدۇللاھ ئىبنى مۇكتەفى) 944—945

23. مۇتىيئ لىللاھ (فەزىل ئىبنى مۇقتەدىر) 946—974

24. تائىئ لىللاھ (ئابدۇلكەرىم ئىبنى مۇتىئ) 974—991

25. قادىر بىللاھ 991—1031

26. قائىم بىئەمرىللاھ (ئابدۇللاھ ئىبنى قادىر بىللاھ) 1031—1075

27. مۇقتەدى بىئەمرىللاھ (ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد) 1075—1094

28. مۇستەزھىر بىللاھ (ئەھمەد ئىبنى مۇقتەدىر) 1094—1118

29. مۇستەرشىد بىللاھ (فەزىل ئىبنى مۇستەزھىر) 1118—1135

30. راشىد بىللاھ (مەنسۇر ئىبنى مۇستەرشىد) 1135—1136

31. مۇقتەفى لىئەمرىللاھ (مۇھەممەد ئىبنى مۇستەزھىر) 1136—1160

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

32. مۇستەنجىد بىللاھ (يۇسۇپ ئىبنى مۇقتەفى) 1160—1170
33. مۇستەزىيئ بىللاھ (ھەسەن ئىبنى مۇستەنجىد) 1170—1180
34. ناسىر لىدىنىللاھ (ئەھمەد ئىبنى مۇستەزىيئ) 1180—1225
35. زاھىر بىئەمرىللاھ (ئىبنى ناسىر) 1225—1226
36. مۇستەنسىر بىللاھ (مەنسۇر ئىبنى زاھىر) 1226—1242
37. مۇستەئسىم بىللاھ (ئابدۇللاھ ئىبنى مۇستەنسىر) 1242—1258

**4. تاھىرىيلار سۇلالىسى.** بۇ خەلىفە مەئمۇننىڭ ھەربى قوماندانى تاھىر ئىبنى ھۇسەيىن خۇراساندا قۇرغان سۇلالە. تاھىر باغدادقا بېسىپ كىرىپ خەلىفە ئەمىننى تەختتىن چۈشۈ- رۈپ ئورنىغا مەئمۇننى چىقارغان. خاۋارىجلار قوزغىلىڭىنى باس- تۇرغان. بۇ سۇلالىنى سەففارىيلار سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلى- غان.

## تاھىرىيلار يىلنامىسى

1. تاھىر ئىبنى ھۇسەيىن 820—822
2. تەلھەئىبنى تاھىر 822—828
3. ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر 830—844
4. تاھىر ئىبنى ئابدۇللاھ 844—852
5. مۇھەممەد ئىبنى تاھىر 862—872

**5. سامانىيلار سۇلالىسى.** بۇ ئىرانلىقلار خۇراسان، ماۋەرائۇننەھردە قۇرغان سۇلالە. بۇ سۇلالە سەمەرقەند، فەرغانە، شاش (تاشكەند) ۋەھىراتلارنى باشقۇرغان.

## سامانىيلار يىلنامىسى

1. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد 874 — 907
2. ئەھمەدئىبنى ئىسمائىل 907 — 914
3. ناسىر ( II ) ئىبنى ئەھمەد 914 — 943
4. نۇھ ( I ) ئىبنى ناسىر 943 — 954
5. ئابدۇلمەلىك ( I ) 954 — 961
6. ناسىر ( III ) 961 — 961
7. مەنسۇر ( I ) ئىبنى نۇھ 961 — 976
8. نۇھ ( II ) ئىبنى مەنسۇر 976 — 997
9. مەنسۇر ( II ) ئىبنى نۇھ 997 — 999

**6. فاتىمىيلار سۇلالىسى.** بۇ شىئەلەر سۇلالىسىنىڭ نامى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نامىدىن كەلگەن. ئۇنى ئۇبەيدۇللاھ مەھدى تۇنىستا قۇرغان. مۇئىززى دەۋرىدە (969 - يىلى) مىسىر ئىشغال قىلىنغان ھەم قاھىرە شەھىرىنى بىنا قىلغان. كېيىن ئۇنى پايتەخت قىلغان. سۇلالە كۆچەيگەن چاغدا سۈرىيە، لىۋان ۋە پەلەستىن قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغان سالاھىددىن ئەييۇبىي بۇ سۇلالىنى مۇنقەرز قىلىپ ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان.

## فاتىمىيلار يىلنامىسى

1. ئۇبەيدۇللاھ مەھدى 909 — 934
2. قائىم بىئەمرىللاھ 934 — 946
3. مەنسۇر 946 — 953
4. مۇئىززى لىدىنىللاھ 953 — 975
5. ئەزىز بىللاھ 975 — 996

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

6. ھاكىم بىئەمرىللاھ 996—1021
7. زاھىر 1021—1036
8. مۇستەنسىر بىللاھ 1036—1094
9. مۇستەئلى بىللاھ 1094—1101
10. ئامىربىئەھكامىللاھ 1101—1130
11. ھافىزلىدىينىللاھ 1130—1149
12. زافىر بىئەمرىللاھ 1149—1154
13. فائىز بىنەسرىللاھ 1154—1160
14. ئازىد لىدىينىللاھ 1160—1171

**7. غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى.** بۇ تۈركلەر شەرقىي ئىران، ئافغانىستان ۋە پەنجاپ قاتارلىق جايلاردا قۇرغان سۇلتانلىق. ئۇنى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋالىيلىرىدىن بىرى بولغان ئالىپ تېكىن بىلەن كۈيئوغلى سۇبۇق تېكىن قۇرغان. پايتەختى غەزنە شەھىرى بولغان. ئۇلارنى ئافغانىستاندىكى غۇرىيلار (1148_1215) سۇلتانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

## غەزنەۋىيلەر يىلنامىسى

1. ئالىپ تېكىن 961—963
2. ئىبراھىم 963—966
3. بىلگە تېكىن 966—972
4. پىرى تېكىن 1072—1078
5. سۇبۇق تېكىن (ئەبۇمەنسۇر) 978—997
6. ئىسمائىل 997—998
7. مەھمۇد (غەزنەۋى) 998—1030
8. مۇھەممەد 1030 ۋە 1040
9. مەسئۇد (I) 1030—1040
10. مەۋدۇد 1041—1048

11. مەسئۇد ( II ) 1048 — 1049
12. ئەلى 1049 — 1051
13. ئابدۇرەشىد 1051 — 1052
14. فەررۇخ زادە 1052 — 1059
15. ئىبراھىم 1059 — 1099
16. مەسئۇد ( III ) 1099 — 1115
17. شىر زاد 1115 — 1116
18. مەلىك ئارسلان 1116 — 1118
19. بەھرام شاھ 1118 — 1152
20. خىسراۋ شاھ 1152 — 1160
21. خىسراۋ مەلىك 1160 — 1187

**8. سەلجۇقىيلار سۇلالىسى:** بۇ تۈركمەنلەر قۇرغان سۇلالە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوۋىسى سەلجۇق. بۇ سۇلالە بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ هازىرقى ئىران، كىچىك ئاسىيا (تۈركىيە)، ئىراق ۋە سۈرىيە قاتارلىق جايلاردا 11 ـ 13 ـ ئەسىرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن. سەلجۇقىيلار ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە زور تەھدىت سېلىپ تۈرغان بۇۋەيھىيلارنى يوقاتقان. (بۇۋەيھىيلار خانلىقى پارسلارنىڭ ئەبۇ شۇجائ بۇۋەيھ ۋە ئۇنىڭ ئىمادۇددەۋلە، رۇكنۇددەۋلە ۋە مۇئىززۇد دەۋلە قاتارلىق ئۈچ ئەۋلادلىرىنىڭ باشچىلىقىدا قۇرغان سۇلالە بولۇپ، بۇ سۇلالە ئىسپاھان، شىراز، كىرمان ۋە باغداد قاتارلىق جايلاردا ھىجرىيە 320 ـ 447 ـ يىللار، مىلادىيە 932 ـ 1055 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ سۇلالىنى توغرول بەگ ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.) سەلجۇقىيلارنى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يوقاتقان. كېيىن ئاتابەگلەر سۇلالىسى سەلجۇقىيلار زېمىنىنى ئىگىلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەلجۇقىيلار يىلنامىسى

## پىرسىيەدىكى سەلجۇقىيلار

1. توغرۇل بەگ ئىبنى مىكائىل ئىبنى سەلجۇق 1037ـ1063
2. ئالپ ئارسلان 1063 — 1072
3. مەلىكشاھ ( I ) ئىبنى ئالپ ئارسلان 1072 — 1092
3. مەھمۇد ئىبنى مەلىكشاھ 1092 — 1094
4. بەرۇكيارۇق ئىبنى مەلىكشاھ 1094 — 1105
5. مۇھەممەد ئىبنى مەلىكشاھ 1105 — 1118
6. ئەھمەد سەنجەر ئىبنى مەلىكشاھ 1096 — 1157

## ئىراقتىكى سەلجۇقىيلار

1. مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد 1118 — 1131
2. داۋۇد ئىبنى مەھمۇد 1131
3. توغرۇل ( I ) ئىبنى مۇھەممەد 1132
4. مەسئۇد ئىبنى مۇھەممەد 1133 — 1152
5. مەلىكشاھ ( II ) ئىبنى مەھمۇد 1152
6. مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد 1153 — 1159
7. سۇلايمان شاھ ئىبنى مۇھەممەد 1159 — 1161
8. ئارسلان شاھ ئىبنى توغرول 1161 — 1177
9. توغرول ( II ) ئىبنى ئارسلان شاھ 1177 — 1194

## رۇم (تۈركىيە) دىكى سەلجۇقىيلار

1. ئارسلان ئىبنى سەلجۇق XI ئەسىر

2. قۇتۇلمىش ئىبنى ئارسلان 1077 — 1186
3. سۇلايمان ئىبنى قۇتۇلمىش (ئاناتۇلىيە) 1074 — 1086
4. قىلىچ ئارسلان ( I ) 1092 — 1107
5. مەلىكشاھ ( I ) ئىبنى قىلىچ ئارسلان 1107 — 1156
6. مەسئۇد ( I ) ئىبنى قىلىچ ئارسلان 1116 — 1156
7. قىلىچ ئارسلان ( II ) 1156 — 1188
8. مەلىكشاھ ( II ) 1188 — 1192
9. كەيخىسراۋ ( I ) 1192 — 1200
10. سۇلايمان ( II ) ئىبنى قىلىچ ئارسلان 1200—1203
11. قىلىچ ئارسلان ( III ) ئىبنى سۇلايمان شاھ 1203 — 1204
12. كەيخىسراۋ ( I ) (ئىككىنچى قېتىم) 1204—1210
13. كەيكاۋۇس ( I ) ئىبنى كەيخىسراۋ ( I ) 1210 — 1219
14. كەيقۇباد ( I ) ئىبنى كەيخىسراۋ ( I ) 1219—1236
15. كەيخىسراۋ ( II ) ئىبنى كەيقۇباد ( I ) 1236—1245
16. كەيكاۋۇس ( II ) ئىبنى كەيخىسراۋ ( II ) 1245 — 1257
17. قىلىچ ئارسلان ( IV ) ئىبنى كەيخىسراۋ ( II ) 127—1267
18. كەيخىسراۋ ( III ) ئىبنى قىلىچ ئارسلان 1267—1283
19. مەسئۇد ( II ) ئىبنى كەيكاۋۇس ( II ) 1283—1296
20. كەيقۇباد ( III ) 1296 — 1300

## سۇرىيەدىكى سەلجۇقىلار

1. تۇتۇش ئىبنى ئالپ ئارسلان 1094
2. دۇقاق ئىبنى تۇتۇش (دەمەشق) 1095 — 1103
3. رىزۋان ئىبنى تۇتۇش (ھەلەب) 1095 — 1114
4. سۇلتان شاھ ئىبنى رىزۋان (ھەلەب) 1114 — 1117

**9. ئارتۇقىلار سۇلالىسى.** بۇ تۈركمەنلەر 12 ـ 13

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسىرلەردە دىيار بەكر (تۈركىيە) دە قۇرغان سۇلالە. ئۇلارنىڭ بوۋىسى ئارتۇق ئىبنى ئاكسىب. ئارتۇق سەلجۇقىيلار شاھلىرىدىن مەلىكشاھ (1) ، تۇتۇش ئىبنى ئالپ ئارسلانلارنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان. تۇتۇش ئۇنىڭغا پەلەستىننى بۆلۈپ بەرگەن. ئارتۇقنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرى سوقمان، ئىل غازى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. سوقمان ئەۋلادلىرى كەيفا قەلئەسى (تۈركىيەنىڭ جەنۇبىي) دە، ئاندىن مارەدىن (تۈركىيىنىڭ غەربى) دە، ئاندىن مەييا فارىقىن (تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) دا، ئاندىن ھەلەب (سۈرىيىنىڭ شىمالى) قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

# ئارتۇقىيلار يىلنامىسى

## كەيفا قەلئەسىدىكى ئارتۇقىيلار

1. سوقمان ( I ) 1101—1104
2. ئىبراھىم 1104—1108
3. داۋۇد 1108—1148
4. قارا ئارسلان 1148—1174
5. مۇھەممەد 1174—1185
6. سوقمان ( II ) 1185—1200
7. مەھمۇد 1200—1222

## مارەدىندىكى ئارتۇقىيلار

1. ئىل غازى 1108—1122
2. تىمۇرتاش 1122—1152
3. ئالبى 1152—1176

4 . ئىل غازى ( Ⅱ ) 1176 — 1184
5 . يۇلۇق ئارسلان1184 — 1200
6 . ئارتۇق ئارسلان 1200 — 1239

### ھەلەبتىكى ئارتۇقىيلار

1 . سۇلايمان 1121 — 122
2 . بەلەك 1123 — 1124

**10 . ئاتابەگلەر سۇلالىسى.** ئاتا بەگ دېگەن تۈركچە لەقەم بولۇپ، سەلجۇقىيلار بەزى ۋەزىر، قوماندانلىرىنى بۇ نام بىلەن ئاتىغان. ئاتا بەگلەر 12 ـ ئەسىردە ئەزەربەيجان، ئىران، ئىراق ۋە سۇرىيەلەردە بىر قانچە دۆلەتلەرنى قۇرغان.

## ئاتابەگلەر يىلنامىسى

### ئەزەربەيجاندىكى ئاتا بەگلەر

1 . شەمسىددىن ئىلدىكىز 1136 — 1172
2 . مۇھەممەد جاھان پاھلىۋان 1172 — 1186
3 . مۇزەپپەرۇددىن قىزىل ئارسلان 1186 — 1191
4 . نۇسرەتۇددىن ئەبۇبەكرى 1191 — 1210
5 . مۇزەپپەرۇددىن ئۆز بېك پەھلىۋان 1210 — 1225

### ئەربىل (شىمالىي ئىراق) دىكى ئاتا بەگلەر

1 . زەينۇددىن ئەلى كۆجەك 1144 — 1168
2 . زەينۇددىن يۇسۇف 1168 — 1190

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3 . مۇزەپپەرۇددىن كۆكبۆرە 1190 — 1233

## جەزىرە (شىمالىي ئىراق)تىكى ئاتا بەگلەر

1 . مۇئىززۇددىن سەنجەر شاھ 1180 — 1208
2 . مۇئىززۇددىن مەھمۇد ئىبنى سەنجەر 1208 — 1241
3 . مەسئۇد ئىبنى مەھمۇد 1241 — 1250

## دەمەشقتىكى ئاتا بەگلەر

1 . تۇغتېكىن 1104 — 1128
2 . بۆرە ئىبنى تۇغتېكىن 1128 — 1132
3 . ئىسمائىل ئىبنى تۇغتېكىن 1132 — 1135
4 . مەھمۇد ئىبنى تۇغتېكىن 1135 — 1139
5 . جامالىدىن / مۇھەممەد ئىبنى تۇغتېكىن 1139 — 1140
6 . مۇجىيرىددىن ئاباق 1140 — 1154

## سەنجەر (غەربىي شىمالىي ئىراق)تىكى ئاتا بەگلەر

1 . ئىمادۇددىن زەڭگى 1171 — 1197
2 . قۇتبىددىن زەڭگى 1197 — 1219
3 . ئىمادۇددىن شاھىنشاھ 1219
4 . جالالىدىن مەھمۇد 1219 — 1220

## ئىراندىكى ئاتا بەگلەر

1 . سۇنقۇر ئىبنى مەۋدۇد 1148 — 1160
2 . زەڭگى ئىبنى مەۋدۇد 1160 — 1174

3. تەكلە ئىبنى زەڭگى 1174 — 1194
4. توغرۇل ئىبنى سۇنقۇر 1194 — 1203
5. سەئدۇددىن ( I ) ئىبنى زەڭگى 1203 — 1231
6. ئەبۇ بەكرى قۇتلۇغ خان 1231 — 1260
7. سەئدۇددىن ( II ) 1260
8. مۇھەممەد ئىبنى سەئدۇددىن ( II ) 1260 — 1262
9. مۇھەممەد شاھ ئىبنى سالغار 1262 — 1263
10. سەلجۇق ئىبنى سالغار 1263 — 1264
11. ئابىش خاتۇن 1264 — 1287

## مۇسۇل (ئىراق) دىكى ئاتا بەگلەر

1. ئىمادۇددىن زەڭگى 1127 — 1146
2. سەيفۇددىن غازى ( I ) 1146 — 1149
3. قۇتبۇددىن مەۋدۇدى 1149 — 1169
4. سەيفۇددىن غازى ( II ) 1169 — 1180
5. ئىززۇددىن مەسئۇد ( I ) 1180 — 1193
6. نۇرىددىن ئارسلان شاھ ( I ) 1193 — 1210
7. ئىززۇددىن مەسئۇد ( II ) 1210 — 1218
8. نۇرىددىن ئارسلان شاھ ( II ) 1218 — 1219
9. ناسىرۇددىن مەھمۇد 1219 — 1233
10. بەدرۇددىن لۇئلۇئ 1233 — 1259

**11. ئەببۇبىيلار سۇلالىسى.** بۇ سۇلالىنى سالاھىددىن ئەييۇبىي قۇرغان. ئەسلى ئىسمى يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب كۇردىي. ئىراقنىڭ تىكرىتتا تۇغۇلۇپ دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئىسلام خاقانى. ئۇ دادىسى ۋە تاغىسى شىركۇ بىلەن نۇرىدىن زەڭگىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلە-گەن مىسىردا فاتىمىيلار شاھى ئازىدىنىڭ ۋەزىرى بولغان. كې-

يىن فاتىمىيلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. 1171 ـ يىلى ئاببا سىيلار خەلىپىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. سۈرىيە، مۇسۇل قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. 1187 ـ يىلى ھىتتىن دېگەن جايدا ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ قۇددۇسنىڭ قورچاق خرىستىئان ھۆكۈمرانىنى ئەسىر ئالغان، بەيتۇلمۇقەددەسنى فەتھى قىلىپ ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنى سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان، ئۇلارنىڭ باشلىقىنى قويۇپ بەرگەن.

## ئەييۇبىيلار يىلنامىسى

### مىسىردىكى ئەييۇبىيلار

1. ناسىر سالاھىددىن / يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب 1174
2. ئەزىز / ئوسمان ئىبنى سالاھىددىن 1193
3. مەنسۇر / مۇھەممەد ئىبنى ئوسمان 1198
4. ئادىل ( I ) / ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب 1199
5. كامىل ( I ) / مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد 1218
6. ئادىل ( II ) / مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد 1238
7. سالىھ نەجمۇددىن / ئەييۇب ئىبنى مۇھەممەد 1240
8. مۇئەززىم / تۇران شاھ ئىبنى نەجمۇددىن 1249

### دەمەشقتىكى ئەييۇبىيلار

1. ئەفزەل نۇرىددىن / ئەلى ئىبنى سالاھىددىن 1193
2. ئادىل ( I )/ ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب 1196 (مىسىر سۈرىيە)
3. مۇئەززەم / ئىيسا ئىبنى ئەھمەد 1218
4. ناسىر / داۋۇد ئىبنى ئىيسا 1227
5. ئەشرەپ / مۇسا ئىبنى ئەھمەد 1229

6. سالىھ / ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد (بىرىنچى قېتىم) 1237
(ئىككىنچى قېتىم) 1239—1245
7. كامىل (I)/مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد 1238 (مىسىر، سۈرىيەدە)
8. ئادىل (II) مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد 1238 (مىسىر، سۈرىيە)
9. سالىھ نەجمۇددىن / ئەييۇب ئىبنى مۇھەممەد (بىرىنچى قېتىم) 1239 (ئىككىنچى قېتىم) 1245—1249
10. سالىھ / ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد (ئىككىنچى قېتىم) 1239

11. سالىھ نەجمۇددىن / ئەييۇب ئىبنى مۇھەممەد (ئىككىنچى قېتىم) 1245 (مىسىر، سۈرىيە)
12. مۇئەززىم / تۇران شاھ ئىبنى نەجمۇددىن 1249 — 1250 (مىسىر، سۈرىيە)

## ھەلەبتىكى ئەييۇبىيلار

1. ئادىل (I) ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب 1183 (كېيىن، مىسىر، سۈرىيەدە)
2. زاھىر/غازى (I) ئىبنى سالاھىددىن 1186
3. ئەزىز/مۇھەممەد ئىبنى غازى 1216
4. ناسىر/يۈسۈف ئىبنى مۇھەممەد 1236—1260

## ھىماتتىكى ئەييۇبىيلار

1. تەقىيۇددىن / ئۆمەر ئىبنى تۇران شاھ ئىبنى ئەييۇب 1178
2. مەنسۇر (I)/ ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر 1191
3. ناسىر/قىلىچ ئارسلان ئىبنى سۇلايمان 1220
4. مۇزەپپەر (I)/ مۇھەممە ئىبنى سۇلايمان 1229

تۇغۇق كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5. مەنسۇر ( Ⅱ )/مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد 1244
6. مۇزەپپەر ( Ⅱ )/ مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد 1284

## ھىمستىكى ئەييۇبىيلار

1. مەنسۇر/شىركۇھ ئىبنى شازى (ۋاپات بولغان ۋاقتى) 1169
2. قاھىر/مۇھەممەد ئىبنى شىركۇھ 1178
3. مۇجاھىد /شىر كۇھ ( Ⅱ ) ئىبنى مۇھەممەد 1186
4. مەنسۇر/ ئىبراھىم ئىبنى شىر كۇھ ( Ⅱ ) 1240
5. ئەشرەف/مۇسا ئىبنى ئىبراھىم 1246—1263

## مەييافارىقىن دىكى ئەييۇبىيلار

1. ناسىر/سالاھىددىن ئىبنى ئەييۇب 1185
2. ئادىل ( Ⅰ )/ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب 1194
3. ئەۋھەد/نەجمۇددىن ئىبنى سەيفۇددىن 1199
4. ئەشرەف/مۇسا ئىبنى سەيفۇددىن 1210 (كېيىن سۇرىيەدە)
5. مۇزەپپەر/شىھابۇددىن غازى ئىبنى يۇسۇفۇددىن 1221
6. كامىل / ناسىرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى شىھابۇددىن 1284_1244

**12. مەملۇكىيلار سۇلالىسى.** بۇ مىسىردا قۇرۇلغان ئىككى سۇلالىنىڭ نامى. بۇ سۇلالىنى قۇرغۇچىلار ئەسلىدە ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، تۈرك، چېركەس ۋە موڭغۇل قۇللىرىدىن تەركىب تاپقان. نىل دەرياسى بويىدا سۇلالە قۇرغانلار ئۆزلىرىنى «بەھرىيلەر» دەپ ئاتاشقان. قاھىرەدىكى بۇرج قەلئەسىدە سۇلالە قۇرغانلار ئۆزلىرىنى «بۇرجىيلار» دەپ ئاتاشقان. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى مىسىردىن ھالقىپ

سۈرىيە، كىچىك ئاسىيانىڭ بىر قىسمىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلار ئەھلى سەلىب ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئوسمانىيلارنىڭ توققۇزىنچى سۇلتانى سەلىم (سەلتەنەت دەۋرى 1512 ـ يىلدىن 1520 ـ يىلغىچە) 1516 ـ يىلى مەرەج دابىق ۋەقەسىدە مەملۇكىيلارنى يوقاتقان ھەم سۈرىيە ۋە مىسىرلارنى پەتھى قىلغان.

## مەملۇكىيلار يىلنامىسى
## بەھرىيلار

1. شەجەرەتۇددۇررى (سۇلتانە) 1250
2. ئايبەك (ئەلمۇئىززۇ ئىززۇددىن) 1250
3. ئەلى ئىبنى ئايبەك (مەنسۇر نۇرىددىن) 1257
4. قۇتۇز (مۇزەپپەر سەيفۇددىن) 1259
5. بەيبۇرۇس ( I ) بەندەقدارى (زاھىررۇكنىددىن) 1260
6. بەركەت خان (سائىد ناسىرىددىن) 1277
7. سەلامىش (ئادىل بەدرۇددىن) 1279
8. قالاۋۇن (مەنسۇر سەيفۇددىن) 1279
9. خەلىل (ئەشرەف سالاھىددىن) 1290
10. مۇھەممەد ئىبنى قالاۋۇن (ناسىر) 1—1293—1294

2—1298—1308

3—1309—1341

11. كەتۇبغا (ئادىل زەينۇددىن) 1294
12. لاچىن (مەنسۇر ھىسامۇددىن) 1296

(مۇھەممەد ئىبنى قالاۋۇن) (ناسىر) (ئىككىنچى قېتىم) 1298

13. بەيبۇرۇس ( II ) جاشنىگىر (مۇزەپپەر رۇكنىددىن) 1308

مۇھەممەد ئىبنى قالاۋۇن (ناسىر) (ئىككىنچى قېتىم) 1298

14. ئەبۇبەكر ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (مەنسۇر سەيفۇددىن) 1341

15. كۆجەك ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (ئەشرەف ئەلا ئۇددىن) 1341
16. ئەھمەد ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (ناسىر شىھابۇددىن) 1342
17. ئىسمائىل ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (سالىھ ئىمادۇددىن) 1342
18. شەئبان ( I ) ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (كامىل سەيفۇددىن) 1345
19. ھاجى ( I ) ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (مۇزەپپەر زەيـ
نۇددىن) 1346
20. ھەسەن ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (ناسىر)
1—1347—1351
2—1354—1361
21. سالىھ ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (سالىھ سالاھىددىن) 1351
ھەسەن ئىبنى ناسىر مۇھەممەد (ناسىر) ئىككى قېتىم 1354
22. مۇھەممەد ئىبنى ھاجى (مەنسۇر سالاھىددىن) 1361
23. شەئبان ( II ) (ئەشرەف ناسىردىن) 1363
24. ئەلى ئىبنى شەئبان (مەنسۇر ئەلا ئۇددىن) 1376
25. ھاجى ( II ) (سالىھ سالىھدىن) 1381ـ1382

## بۇرجىيلەر ياكى چىركەسلەر

26. بەرقۇق (زاھىرسەيفۇددىن) 1382
27. فەرەج ئىبنى بەرقۇق (ناسىر) 1ـ1398ـ1405
2ـ1405ـ1412
28. ئابدۇلئەزىز ئىبنى بەرقۇق (مەنسۇر) 1405
فەرەج ئىبنى بەرقۇق (ناسىر) ئىككىنچى قېتىم 1405
29. شەيخ مەھمۇدى (مۇئەييىد ئەبۇننەسىر) 1412
30. ئەھمەد ئىبنى شەيخ (مۇزەپپەر) 1421
31. تاتار (زاھىر) 1421
32. مۇھەممەد ئىبنى تاتار (سالىھ) 1421
33. بارىسباي (ئەشرەف سەيفۇددىن) 1422

34 . يۈسۈپ ئىبنى بارسباي ( ئەزىزجامالىددىن ) 1438
35 . چاقماق ( زاھىر سەيفۇددىن ) 1438
36 . ئوسمان ئىبنى چاقماق ( مەنسۇر فەخرۇددىن ) 1453
37 . ئىنال ئەلائي ( ئەشرەف سەيفۇددىن ) 1453
38 . ئەھمەد ئىبنى ئىنال ( مۇئەييىد شىھابۇددىن ) 1460
39 . خۇشقەدەم ( زاھىر سەيفۇددىن ) 1460
40 . يىلباي مۇئەييىدى ( زاھىر سەيفۇددىن ) 1467
41 . تۆمۈر بۇغا ( زاھىر ) 1468
42 . قايىتباي ( ئەشرەف سەيفۇددىن ) 1468
43 . مۇھەممەد ئىبنى قايىتباي ( ناسىر )
1—1496—1497
2—1497—1498
44 . قانسۇ ( زاھىر ) 1497
مۇھەممەد ئىبنى قايىتباي ( ناسىر ) ئىككىنچى قېتىم 1497
45 . قانسۇ ئەشرەف ( زاھىر ) 1498
46 . جانبۇلات، جىنبۇلات ( ئەشرەف ) 1500
47 . تۇمەن باي ( I ) ( ئادىل ) 1501
48 . تۇمەن باي ( II ) ( ئەشرەف ) 1516

**13 . ئوسمانىيلار سۇلتانلىقى.** بۇ 1281- يىلى ئوسمان ( I ) باشچىلىقىدا قۇرۇلغان سۇلتانلىق تۈزۈمىدىكى سۇلالە. سەلجۇقىيلار سۇلالىسى ئاناتولىيە ئىگىلىكىدىن يوقالغاندىن كېيىن ئۇ يەرلەرنىمۇ ئىلكىگە ئالغان. 1453 - يىلى مۇھەممەد فاتىھ قۇستەنتىنىيە ( ئىستانبول ) نى فەتھى قىلىپ ئۇنى پايتەخت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسى ئاغدۇرۇلغان. ھەمدە ھازىرقى ۋېنگىرىيە، گىرىزىيە، بۇلغارىيە، رومىنىيە، ئالبانىيە، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى تاقىم ئاراللار، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، پولشانىڭ بىر قىسمى، بىلروسىيە، ئوكرائىنا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوسوۋو، ئاۋستىرىيىنىڭ بىر قىسمى، سىپروس، سىربىيە، قاراتاغ، مولداۋىيە، قىرىم، ئىراننىڭ بىر قىسمى، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەن، ئومان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىفىلىكى، بەھرەين، قاتار، كۇۋەيت، ئىراق، مىسىر، تونىس، ئالجىرىيە، لىۋىيە، ماراكەش، سۇدان قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىغا كېڭەيگەن زور ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۈچى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان. چار روسىيەنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بالقاندا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى كۈچەيگەن. ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەلى (1769ـ849) مىسىرنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرغان. 1830 ـ يىلى گىرىتسىيە مۇستەقىل بولغان. ئارقىدىنلا ئوسمانىيلار قىرىم ئۇرۇشىدا چار روسىيەدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن رومىنىيە ۋەسربىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغان. 1923 ـ يىلى مۇستاپا كامال تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېلان قىلىپ ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.

## ئوسمانىيلار يىلنامىسى

1. ئوسمان ( I ) 1281—1324
2. ئورخان 1324—1360
3. مۇراد ( I ) 1359—1389
4. بايەزىد يىلدىرىم (سائىقە) 1389—1402
5. مۇھەممەد ( I ) 1403—1413—1421
6. مۇراد ( II ) 1421—1444— ۋە 1446—1451
7. مۇھەممەد ( II ) (فاتىھ) 1446— ۋە 1451—1481
8. بايەزىد ( II ) 1481—1512
9. سەلىم ( I ) 1512—1520

10. سۇلايمان ( I ) قانۇنى 1520—1566
11. سەلىم ( II ) 1566—1574
12. مۇراد ( III ) 1574—1595
13. مۇھەممەد ( III ) 1595—1603
14. ئەھمەد ( I ) 1603—1617
15. مۇستەفا ( I ) 1617—1618 ۋە 1622—1623
16. ئوسمان ( II ) 1618—1622
17. مۇراد ( IV ) 1623—1640
18. ئىبراھىم ( I ) 1640—1648
19. مۇھەممەد ( IV ) 1648—1687
20. سۇلايمان ( II ) 1687—1691
21. ئەھمەد ( II ) 1691—1695
22. مۇستەفا ( II ) 1695—1703
23. ئەھمەد ( III ) 1703—1730
24. مەھمۇد ( I ) 1730—1754
25. ئوسمان ( III ) 1754—1757
26. مۇستەفا ( III ) 1757—1774
27. ئابدۇلھەمىد ( I ) 1774—1789
28. سەلىم ( III ) 1789—1807
29. مۇستەفا ( IV ) 1807—1808
30. مەھمۇد ( II ) 1808—1839
31. ئابدۇلمەجىد ( I ) 1839—1861
32. ئابدۇلئەزىز 1861—1876
33. مۇراد ( V ) 1876
34. ئابدۇلھەمىد ( II ) 1876—1909
35. مۇھەممەد ( V ) رىشاد 1909—1918
36. مۇھەممەد ( VI ) 1918—1922
37. ئابدۇلمەجىد ( II ) 1922—1924

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى «تەڭرىقۇت» كىتابخانىسىنىڭ كىتابلىرى

1. ئەرەب يېزىقىنى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى ـ تەجۋىد (ئۇنىئالغۇ لېنتىلىق).
2. ئەرەب تىلى دەرسلىكى (دروس اللغة العربية لغير الناطقين بها ئۈچ قىسىم)
3. قىسقىچە ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى (صرف، معزى، عوامل، حركات، شرح متن الاجرومى، ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە گرامماتىكا ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى).
4. ئەرەب تىلى گرامماتىكا يېتەكچىسى (كافيه، هداية النحو).
5. ئەدەب ئاچقۇچى (مفتاح الادب: ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى تۈزگەن).

يۇقىرىدىكى كىتابلارنى بېسىپ تارقىتىش هوقۇقى بىزدە، ئوغرىلىقچە بېسىپ ساتقۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈش- تۈرۈلىدۇ.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 13999249197
(1991)—2877704

E—mail: TengRikut @ Buyuk tuRan. com

مەسئۇل مۇھەررىرى: قادىر قاۋۇز
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى: ئەكبەر سالىھ

# مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى

(سىياسەتنامە)

ئاپتورى: نىزامۇل مۇلك
تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان تۇران
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلىدۇ
فورماتى: 1168 ×850 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى: 14 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7—228—07973—6/K.370.6
باھاسى: 22.00 يۈەن